


قەييۇم تۇردى

# كۈرەشچان يىللار

1 - قىسىم

قەييۇم تۇردى

# كۇرەشچان يىللار

(رومان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
1979 - يىل. ئۈرۈمچى

مەسئۇل تەھرىرى: ئەخەت ھاشىم

# كۈرەشچان يىللار
(رومان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتاپخانىسى تارقىتىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
1979 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
1981 - يىل 2 - ئاي 3 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M10098·305
باھاسى: 0·81 يۈەن

# بىرىنچى قىسىم

# تاڭ ئالدىدا

هۆرمەتلىك كىتاپخان!

«كۆرەشچان يىللار» — ئۈچ قىسىملىق رومان. قولىڭىزدىكى بۇ كىتاپ — «تاڭ ئالدىدا» — روماننىڭ بىرىنچى قىسمى.

1949 - يىل 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىكى ئەنجىن گۈلدۈرماممىسى پۈتۈن مەملىكەتتىمىزگە ئوخشاش، يەكەن دەرياسى ۋادىسىدىمۇ زىل-زىلە پەيدا قىلىپ، جاپاكەش، ئەمگەكچان، باتۇر زەرەپشان ئوغۇل-قىزلىرىغا ئازاتلىق نۇرىنى يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە يېڭى ئۈمىت چىرىغىنى ياقتى...... 1955 - يىلىنىڭ 5 - ئايلىرىغا كەلگەندە، بۇ ۋادىدا باشلانغۇچ كوپېراتىسىيىلىشىش ئومۇملىشىپ، سوتسىيالىزىم بايرىقى ئېگىز كۆتىرىلدى...... ھەقىقەتەن كۆرەشچان يىللار بولدى......

مەن بۇ روماندا ئاشۇ تارىخىي دەۋرلەرنى چۆرىدەپ، زەرەپشان ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ ئازاتلىقنىڭ ھارپىسىدا ئازاتلىق نۇرىغا بولغان تەشنالىقى، سېغىنىشى ۋە ئىنتىلىشلىرىنى ھەمدە ئەنجىننىڭ ئازات قىلىنغانلىقىدىن ئىلھاملىنىپ، ئازاتلىق كۈنلىرىنى كۈتۈۋېلىش يولىدا ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۆرەشلىرىنى؛ ئازاتلىقتىن كېيىن بولسا، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىپ، قەد كۆتىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەقدىرى — ھاياتىدا تارىخىي خاراكتېرلىق زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى نىيەت قىلدىم. لېكىن، مېنىڭ سەۋىيەم، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى ئىقتىدارىم تولىمۇ يېتەرسىز بولغانلىقتىن، روماندا خاتالىق ۋە نۇرغۇن كەمچىلىكلەر بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ھۆرمەتلىك كىتاپخانلارنىڭ تەنقىت ۋە پىكىر بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىت قىلىمەن.

— ئاپتور

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باپ

1 . قانلىق دەريا ............................................ 1

2 . ئېلىمشانىڭ راۋابى................................................ 7

3 . قۇتلۇق خەۋەر................................................ 17

ئىككىنچى باپ

1 . «ياڭاق پوشتى ماكان» ۋە ئىلمۇ ـ ھىكمەت ........................ 30

2 . بىر تۇخۇمدىن ئۈچ چايان................................................ 37

3 . مەخپى خەت ................................................ 46

ئۈچىنچى باپ

1 . "ساۋاپلىق كىشەن"................................................ 59

2 . ئالماس................................................ 66

3 . يېڭى مەكتەپ ................................................ 72

تۆتىنچى باپ

1 . يېزا يولى ................................................ 86

2 . تونۇشۇش................................................ 95

3 . ئېلىغۇل ................................................ 108

بەشىنچى باپ

1 . ئېلىمشانىڭ قوشاقلىرى................................................ 126

2 . بايىز خالۋاپ................................................ 139

3 . خەيىرلىك كېچە................................................ 150

ئالتىنچى باپ

1 . قوسىغىغا جىن كىردى................................................ 166

2 . بەگ كېڭشىنىڭ سىرى ........................ 173
3 . نارازى ۋە رازى............................ 188

يەتتىنچى باپ
1 . قەسەم ..................................... 203
2 . "ئېلىش" بېشىدا ............................ 221
3 . ئاسىنىڭ ھىكايىسى ........................... 234

سەككىزىنچى باپ
1 . گىلاسلىق باغدىكى زىياپەت.................... 251
2 . تونۇش بولمىغان تونۇش ئادەم.................. 267
3 . قېرىنداشلار ................................ 282

توققۇزىنچى باپ
1 . دار ئالدىدا.................................. 294
2 . ھەر ئىشنىڭ يولى بار ........................ 310
3 . چىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا...................... 316
4 . ۋەھىملىك يالقۇن ............................ 326

ئونىنچى باپ
1 . غەنىمەت ئۇلجا ............................. 340
2 . ئەجەل ھودۇقۇشىدا........................... 351
3 . "ھىكمەتلىك ئۈزۈك" ......................... 364

ئون بىرىنچى باپ
1 . لەيلىگۈل ۋە ئانار گۈل........................ 376
2 . تاغ ناخشىسى ............................... 383
3 . قانلىق قىساس ............................... 397
4 . ئالماسنىڭ قىلىچى ........................... 407

ئون ئىككىنچى باپ
1 . سىرلىق خەت ................................ 418
2 . كوك مۇز ـ ئاق قار........................... 434
3 . "پارتىيىنى تېپىڭلار......" ..................... 450

بىرىنچى باپ

## 1. قانلىق دەريا

كوئېنلۇن....

كوئېنلۇننىڭ ئاسمانغا تاقاشقان ھەرە چىشلىق ئېگىز چوققىلىرى يىل بويى ئاپپاق قېلىن قار بىلەن قاپلىنىپ، ئۇز ئېتىكىگە سالقىن نەزەر تاشلىغان ھالدا ھەيۋەتلىك قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ.

قار بورانلىرى قۇترىغان قىش كۈنلىرىدە بىپايان كوئېنلۇن تىزمىلىرى خۇددى ئۇستىگە ئاق داكىدىن يوپۇق يېپىپ قويغان ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق ئەجدىھادەك دولقۇنلانغان ھالدا مەشھۇر مۇزتاققا، پامىر تىزمىلىرىغا تۇتىشىپ، ئاقۇش تۇمان ئىچىدە غىل - پال كۆزگە تاشلىنىدۇ؛ بولۇتسىز ياز كۈنلىرى، بولۇپمۇ چاقماقلىق يامغۇردىن كېيىن بۇ مويسىپىت ئانا تاغ بىردىن تۇسىنى ئوزگەرتىپ، ئالماستەك يالتىراپ، گويا سىغدىلىپ بىر يەرگە يىغىلىۋاتقاندەك، ئاسمانغا قاراپ بوي تارتىپ سوزۇلۇۋاتقاندەك، تولىمۇ سەلتەنەتلىك بولۇپ كوزگە چۈشىدۇ.

كوئېنلۇن ئېتىكىدە يەكەن دەرياسى دولقۇنلىنىپ ئاقىدۇ. بىپايان قار - مۇزلۇق چوققىلاردىن باشلانغان بۇ ئەزىم دەريا پاقىراپ تۇرغان كۈمۈش لېنتىدەك ياپ - يېشىل بوس-

قانلىق يەكەن ۋادىسىنى، مۇنبەت دولان تۈزلەڭلىكىنى ۋە مەشھۇر تەكلىماكان قىرغاقلىرىدىكى سانسىز قۇم بارخانلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، تارىم دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.

يەكەن دەرياسىنىڭ باش تەرىپى زەرەپشان دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. زەرەپشان — زەر-ئالتۇن ئاقىدىغان دەريا دىگەنلىكتۇر.

— ئەي زەرەپشان، زەرەپشان! سېنى نىمىشقىمۇ زەر-ئالتۇن ئاقىدىغان دەريا دىيىشكەن؟! سەندە ئېقىۋاتقىنى قان-يېرىڭ، يۈرەكنىڭ زەرداپ سۈيى ئەمەسمۇ!......سېنىڭ سۇلىرىڭ مەزلۇملارنىڭ قانلىق يېشى، سېنىڭ شاۋقۇنلىرىڭ مەسۇم گۆدەك، يېتىم-يېسىرلارنىڭ ئاھۇ-پەريادى، بىگۇنا قۇربانلىرىڭنىڭ غەزەپ-ساداسى؛ سەن ئېچىرقاپ كەتكەن يىرتقۇچ يولۋاس، قەھرىتان سوغاقتىكى چىلبۆرىگە ئوخشايسەن. سېنىڭ ئۇركەش-دولقۇنلىرىڭ مېنىڭ كوكسۇمدىن ئېتىلىپ چىققان لەنەت خەنجەرلىرىگە ئوخشىسىمۇ، لېكىن سەن بەرىبىر سۇ سۈرەتلىك ئەجدىھاسەن. يالماپ يۇتۇۋېتىش، چايناپ پۇركۇۋېتىش — سېنىڭ - سۇ سۈرەتلىك ئەجدىھانىڭ قىساسلىق تارىخى......ئېيت، شۇنداق ئەمەسمۇ، ئېيت، ئەي قانلىق دەريا؟!......

ئاپپاق چاچلىق ئانا سوزلىمەكتە ئىدى.

ئانىنىڭ ئىسمى سارىخان. سارىخان ئانا قىرغاقتا تۇرۇپ، دەرياغا تىكىلىپ، ئۇنىڭدىن نىمىنىدۇ ئاقتۇرۇۋاتقاندەك زادى كوزىنى ئۈزمەيتتى.

دەريا بولسا كور يەتمەيدىغان كەڭلىككە يېيىلىپ، گاھ

تۇرۇلۇپ ئۇركەشلەپ، گاھ ئۇركەش دوڭلىرى ئەتراپقا تاراپ قىرغاق چېقىپ، دولقۇنلىنىپ ئاقماقتا؛ دەريانىڭ يۈزى خۇد- دى چوڭ-چوڭ نەپەس ئېلىۋاتقان ئادەمنىڭ كوكرىكىدەك بىر كوتىرىلىپ، بىر پەسلەيتتى. دولقۇن كوتىرىلگەندە پۈتۈن دەريا قاتمۇ-قات ئۇركەش دوڭلىرى ھاسىل قىلىپ شىددەت بىلەن ۋاشلداپ قاينايتتى، دولقۇن تارىغاندا بولسا، چايقى- لىپ تۇرغان قىزغۇچ لاي سۇ خۇددى ئىككى بىسلىق خەن- جەردەك ئىككى قىرغاققا تاراسلاپ ئۇرۇلۇپ، دەستىلەنگەن ئاق چېچەكتەك بۇژغۇنلىنىپ ۋەھىمىلىك شاقىرايتتى......

سارىخان ئانىنىڭ كوزلىرىدە ئەلەملىك نەپرەت ئوتلىرى قايناپ تۇراتتى، ئۇ يەنە قايتا-قايتا:

— ئېيت، ئەي قانلىق دەريا، ئېيت! — دەپ تەكرار- لايتتى......

سارىخان ئانا ۋاقىتسىز قېرىغان، دەرت-ئەلەم تاغلىرى يەلكىسىدىن بېسىپ موكچەيگەن، لېكىن تۇرمۇش-ھايات ئېغىرچىلىقلىرىنى كوتىرىپ پىشقان ئايال ئىدى.

شۇ تاپتا، ئۇنىڭ ئاق چاچلىق بېشىغا سېلىنغان سىپتە چوتا رومال سوڭەكلىرى چوخچىيىپ چىققان ئاجىز مورىسىگە سېرىلىپ چۈشكەن بولۇپ، غەزەپنى ئوزىگە كۈچ قىلغان دەرمانسىز قوللىرى چىڭ تۈگۈلگەن ئىدى. دەرتلىك ئىككى كوزىدىن تىنىمسىز ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئەلەم ياشلىرى قورۇق چۈشكەن سولغۇن يۈزلىرىدە ئېرىقچە بولۇپ ئېقىپ، كوپ يېرىگە ياماق چۈشكەن نىمكەش، لېكىن پاكىز ماتا كوينە- گىنىڭ ئېتىكىدىن سىرغىپ، يالىڭاياق پۇتىنىڭ ئۇچىدىن

تامچىپ، تۇلۇق ئېقىۋاتقان ئەزىم دەريادىكى لاي سۇ بىلەن قوشۇلۇپ كېتەتتى......

ئانا دەريادىن كوزىنى ئېلىپ، بېشىنى كوتىرىپ يىراق-لارغا نەزەر تاشلىدى، زەرەپشاننى ئۇز ئىسكەنجىسىگە ئېلىپ مەغرۇر باش كوتىرىپ تۇرغان كوئېنلۇننىڭ قارلىق چوققىلى-رىغا، دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقىدىكى ياپ-يېشىل چىمەنلىككە، چىمەنلىككە تۇتىشىپ قوغوشۇندەك ئۇيۇپ ياتقان كۇل رەڭ تىزما تاغلارغا ۋە يېشىل چىمەنلىك باغرىدىن دەريا بويىدىكى قېرى ياڭاق دەرىخى ئالدىغا سوزۇلۇپ چۇشكەن كاداڭ هارۋا يولىغا بىر خىل ئەجەپلىنىش بىلەن سەپ سالدى.

ئانا هەيران بولدى. ئۇ كۇتۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ قارى-سىمۇ كورۇنمىدى، هەتتا، نىمە ئۇچۇندۇ قېرى ياڭاق دەرى-خىنىڭ يېنىغا باغلاپ قويۇلغان كېمىلەرمۇ بۇگۇن يوق......

شۇنىڭدىن كېيىن ئانا يەنە ئىختىيارسىز چايقىلىپ-تەۋرەپ تۇرغان دەرياغا قارىدى. دەريادا بىردىن چوڭ شاۋ-قۇن-سۇرەن بىلەن دولقۇن كوتىرىلدى. ۋەھىمىلىك شاۋ-شۇ ئەتراپنى قاپلىدى، سېھىرلىك دەريا ئانا قەلبىنى يەنە ئۇزىگە بەنت قىلىۋالدى. شاقىراپ-بۇژغۇنلىنىپ كەينىگە كوتىرىلگەن نەچچە غۇلاچ ئېگىزلىكتىكى بىر سۇرلۇك دولقۇن ئانىنىڭ كوز ئال-دىدا گويا ئەپسانىلەردىكى يەتتە باشلىق ئەجدىهادەك پۇشقۇرۇپ باش كوتەردى، قىرغاقا قاراپ ئۇزىنى ئۇرغان ئۇركەش خەنجەرلىرى زەهەرلىك تىللىرىنى چىقىرىپ ئېتىلغان ئىلان تۇركۇملىرىدەك، ئانىغا قاراپ زەرپ بىلەن يامراپ كېلىشكە باشلىدى.

ئانا غەزەپلىك ۋە يېشى قۇرۇغان كۆزلىرىنى چوك ئاچتى، ئىلان تۈركۈملىرى بىردىن ئەجدىھا شەكلىنى ئېلىپ، سوزۇلۇپ ئىغاڭلاشقا باشلىدى.

— كەل يەر يۇتقۇر، كەل يالماۋۇز...... — پىچىرلىدى ئانا مۇشتۇملىرىنى چىك تۈگۈپ.

سۇ سۈرەتلىك ئەجدىھا بولسا، ئۇشتۇمتۇت بىر تولغىنىپ بۇ يۇرتنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانى — بېشىغا قاما تۇماق، ئۇستىگە قارا مووۇتتىن تون كىيگەن، مايلاشقان يۈز گۆشلىرى ساڭگىلاپ، كۆزلىرىدىن ئوغا-زەھەر چېچىلىپ تۇرغان مەخسۇت بەگنىڭ قىياپىتىنى ئالدى-دە، ئۇ ئۆز ئەتراپىغا كۆمۈش ساپلىق خەنجەرلەرنى ئاسقان، بىنىدىن قان تېمىپ تۇرغان ئايپالتا ۋە ئۈچ تىللىق سىم قامچىلارنى كۆتەرگەن بەگ-دوغىلارنى؛ ئاق سەللىلىك، ئۇزۇن پەرىجىلىك قازى-قۇززات، تورە ئىشان، مۇپتى-ئەلەملەرنى توپلاپ، ۋەھىملىك چىقىراپ ھۆكىرەشكە باشلىدى......

ئانا تېز-تېز نەپەس ئالاتتى، تېنى شۈركىنىپ كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى، سۈگەكلىرىگە چاپلىشىپ تۇرغان كۆك تومۇرلىرىدىكى قان ئۇرغۇپ-ئۇرغۇپ سوقۇپ كەتتى.

ئۇ، سېھىرلەنگەن ئادەمدەك دەريادىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. ئانىنىڭ كۆز ئالدىدا قانلىق دەريانىڭ ھەممىگە مەلۇم كېيىنكى قۇربانلىرى — دەرتلىك ھىجرانغا پايلىماي ئىسيان كۆتەرگەنلىكى سەۋەپلىك مەخسۇت بەگ تەرىپىدىن بويىنغا تاش ئېسىپ دەرياغا چۆكتۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەن دەرتمەن قىرىنداشلار؛ بىر ئۆمۈر مەخسۇت بەگ ئۈچۈن چەش قۇمنى قىل پالاستىن

ئوتكۈزۈپ كىيەك ئالتۇن سۈزگەن ۋە خوجايىنىنىڭ ئىشتىھاسىنى قاندۇرالماي پۈتۈن ئائىلىسى بويىچە دەرياغا غەرق قىلىۋېتىلگەن چىرايى سېرىق، مۈكچەيگەن ئالتۇن سۈزگۈچىلەر ۋە ئاخىرىدا مەخسۇت بەگنىڭ مۇددىئاسى، يۇرت قازىسىنىڭ پەتىۋاسى بويىچە "سۇ قاچۇرۇش" ۋاستىسى قىلىنىپ، سۇغا تىرىك بېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن سارىخان ئانىنىڭ دادىسى تۇرسۇن ئاخۇن...... قەددىنى دەس كۆتىرىپ دەريادا پەيدا بولدى......

پەيدا بولدى ـ دە، شاۋقۇن سېلىپ پۇشقۇرۇپ تۇرغان سۇ سۇ-رەتلىك ئەجدىھانىڭ بېشىغا قەھرى بىلەن بىر دەسسەپ، قايناپ ـ ۋاشىلداپ تۇرغان سۇغا پاتۇرۇۋەتتى...... شۇنىڭ بىلەن تەڭ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ قىرغاقتا ـ ئانىغا قاراپ ھوكۇرەپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقان مەخسۇت بەگمۇ كۆزدىن غايىپ بولدى......

سارىخان ئانا چۈش كۆرۈپ ئويغانغاندەك، ئۇز خىيا-لىدىن مەمنۇن بولۇپ كۆزلىرىنى ئېچىپ "يالت" قىلىپ دەرياغا قارىدى.

بۇ چاغدا، دەريادا چوڭ دولقۇن تارىلىپ پەسەيگەن بولۇپ، پەقەت پۈتۈن دەريانى قاپلىغان قاتمۇ ـ قات ئۇششاق ئوركەش تامىلىرى قىزغۇچ ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى چېچىپ، يېنىك دولقۇنلىنىپ، تىنىمسىز ھالدا قىرغاقلارغا ئۆزىنى ئۇراتتى.

ئانا قەلبىدىكى دولقۇنمۇ بېسىلىپ پەسكويغا چۈشكەن-دەك بولدى. ئۇ، قەددىنى تۈزەپ، بېشىنى ئىگىز كۆتىرىپ، مۇرىسىگە سېرىلىپ چۈشكەن روماللىنى بېشىغا سېلىپ تۇرۇپ،

يەلە دەريانىڭ لېرىقى قىرغىغىنى كوزلىرى بىلەن ئاقتۇرۇشقا باشلىدى.

ئانا كىمنىدۇ كۈتمەكتە......

ئۇنىڭ كوزلىرى بىتاقەتلىك بىلەن ياناماقتا......

ئۇ، ئىككى قولىنى كوكرىگىگە قويۇپ ئىلتىجا بىلەن:

— ئاھ، باللىرىم، سىلەر ھازىر نەدە؟ — دەپ خىتاپ قىلدى دەرياغا قاراپ.

دەل شۇ پەيتتە، ئانىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن مەھەللىگە تۇتاشقان تاشلىق ساي ئىچىدىن مۇڭلۇق راۋاپ ئاۋازى ۋە پىغانلىق ناخشا ساداسى ئاڭلاندى.

ئانا ئىشتىك بۇرىلىپ كەينىگە قارىدى......

## 2. ئېلىشانىڭ راۋابى

سارىخان ئانا ئارقىسىغا بۇرۇلدى-دە، گىرىمسەن كوتىرد-لىپ تۇرغان ساي ئىچىدىن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ كېلىۋاتقان، چاچلىرى ئوسۇپ قۇلاق، گەدەنلىرىنى بېسىپ كەتكەن، ئاپپاق ساقىلى مەيدىسىنى يېپىپ تۇرغان دەرۋىش سىياقىدىكى ناتونۇش بىر ئادەمگە كوزى چۈشتى.

ناتونۇش ئادەم مۇڭزار، پىغان قايىنىغان ئاۋازدا ناخشا ئېيتىپ كېلەتتى:

ئىرغاي بىلەن ئېلىپ بولماس سايىنىڭ تېشىنى،
دەرت كەلگەندە سىگىرىپ بولماس كوزنىڭ يېشىنى.
قارچۇغامنى قوشلىمىغان تاغلار قالمىدى،

ھىجران ئوتىدا مەن كەزمىگەن باغلار قالمىدى.
ئاھ ئۇرۇپ، پەريات چېكىپ يىللار ئورۇلدى،
يۈرەكتىكى زەرداپ سۇلار قانغا ئورۇلدى.
......
......
......

ئانا ئوز يۈرىگىنىڭ بېغىشىنى تىترەتكەن بۇ سادانى ئاڭلاپ، ئۇنى تونۇغاندەك قىلدى. لېكىن، دەماللىقا ئېسىگە ئالالمىدى.

ناتونۇش ئادەمنىڭ قولىدا چىرايلىق نەقىشلەنگەن بەش تارلىق قەدىمىي راۋاپ؛ قولاق، گەدەنلىرىنى بېسىپ كەتكەن پاخماق چېچى، ئۇستىدە دوخاۋا تاشلىق كونا سەرپۇش تۇماق، سول مۈرىسىدە غېرىبچە تاشلانغان ئوڭگەن قىزىل چەكمەن يەكتەك، ئۇستىدە بېلى يېشىل بەلۋاقتا باغلانغان ئىمكەش ئۇزۇن كوينەك ۋە تىزىغا ياماق چۈشكەن ماتا ئىشتان بولۇپ، يالاڭئاياق پۇتلىرى ساينىڭ قىرلىق تاشلىرى كېسىپ تىلەۋەتكەنلىكتىنمۇ ياكى چول - جەزىرىلەرنى كېزىپ ئۇزۇن يول يۈرگەنلىكتىنمۇ تىلىم - تىلىم يېرىلىپ، قان چىقىپ قاداقلىشىپ كەتكەن ئىدى.

ناتونۇش ئادەم يولنى تەسلىكتە ئېلىغا قىلىپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئانىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، بىر خىل غەزەپلىك ھىسسىيات بىلەن ناخشىنىڭ ئاخىرقى ئىككى مىسراسىنى قايتا تەكرارلىدى:

ئېخ، بەگلەر بولىما مەغرۇر،
قارا تۈننىڭ چېكى بار.

شۇ تۇنلەر تۇگەپ بىر كۈن،
تاڭمۇ ئېتىپ كۈن چىقار......

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، ناخشىنى ئۈزۈپ، ئېغىر بىر ئۇھ ـ نارتىۋالدى ـ دە، زەخمەكنى خەرەكنىڭ كەينىگە قىستۇرۇپ، بىر ئاز تېڭىرقىغاندەك كوزلىرىنى يۇمۇپ، دەريانىڭ ھىلىدىن ـ ھىلىغا كۆچىيىپ تۇرغان شاۋ ـ شۇلىرىغا قۇلاق سېلىپ نوختىدى.

سارىخان ئانا ئۇنىڭغا سەپسېلىپ، بىردىن يۈرىكى "جىغ" قىلىپ سىقىراپ كەتتى:

— ئېلىشا...... ئاھ خۇدايىم، سەن بىزنىڭ ئېلىشا ئە ـ مەسمۇ؟ — ئانىنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

ئېلىشا ئۇزىنىڭ ئالدىدا نەپىسى ئىسسىق ئايال كىشىنىڭ بارلىغىنى سەزدى، ئۇ ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ كىرپىكلىرى تۇتى ـ شىپ كەتكەن، غۇۋا كورىدىغان، ياشلىنىپ تۇرغان ئاجىز كوزلىرىنىڭ ئۈستىدىن قولى بىلەن بېسىپ ـ بېسىپ قويۇپ، ئانىغا يېقىن كېلىپ قارىدى ۋە بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ:

— كورەلمىدىم، قۇرۇپ كەتكەن، گوھىرى ئېقىپ تۈگە ـ گەن، ئېنىق كورەلمىدىم، سىلى كىم بولىلا؟ — دەپ ئۇھ تارتتى.

— مەن سارىخان، ئېلىشا. توختاخان ئاكاڭنىڭ سارىخان......

ئېلىشا سەل ـ پەل ئويلىنىپ قالدى:

— ئەجەپ ئىش، — دېدى ئېلىشا كوزلىرىنى يوغان ئې-چىپ، — مەن سىڭلىم نەگە كېتىپ قالدىم ......

— ئوز يېزىڭغا، ئېلىشا، ياڭاقلىق يېزىسىغا ......، — دېدى ئانا، — سەن توختاخۇن ئاكاڭنى ئەسكە ئالالمىدىڭمۇ؟ ھېچ-قىسى يوق، سەن تۇتقۇن قىلىنغان چاغدا، قولۇڭدىكى راۋاپنى توختاخۇن ئاكاڭنىڭ سوغا قىلىپ بەرگىنى يادىڭدىمۇ؟ ......

ئېلىشا بىردىن ھاياجانلىنىپ كەتتى، ئانىسىنىڭ بىلىكىنى ئىككى قوللاپ تۇتتى:

— ۋاي خۇدايىم، تەقدىر مېنى پىقىرىتىپ يەنە مەشەگە تاشلاپتۇ-دە، شۇكرى، — ئېلىشا يېشىل بەلۋېغىنىڭ ئۇچى بىلەن كوز ياشلىرىنى سۇرتتى، — توختىكام ھاياتمۇ، خۇداغا شۇكرى. ئالماس ئۇكام قانداق، چوڭ بولدىمۇ؟......

— ئۇنتۇماپسەن، ئېلىشا، — دېدى ئانا، — ھەممەيلەن تىنچ. ئالماس چوڭ بولدى، تامدەك بىجىرىم يىگىت بولدى ......

ئېلىشا بېشى بىلەن ماقۇللاپ، گەپ قىلمىدى.

ئانا ئۇنىڭ كالپۇكلىرىنىڭ گەز باغلاپ قۇرۇپ كەت-كەنلىكىنى كوردى:

— ئېلىشا، سەن سۇ ئىچكىن ......

— ماقۇل، مەن سۇ ئىچەي، قېنىپ بىر سۇ ئىچەۋا-لاي ......

ئانا ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ، دەريانىڭ ئەپلىك يېرى-گە ئېپكېلىپ ئولتۇرغۇزدى. ئېلىشا راۋابنى ئانىغا تۇتقۇزۇپ، ئوزى يېڭىنى جەينىگىچە تۇرۇۋېتىپ، قولى، يۇز-كوزىنى يۇيۇپ بولۇپ، ئوچۇملاپ سۇ ئىچىشكە باشلىدى ......

ئېلىشا مەخسۇت بەگنىڭ ئاتا مىراس يىلقىچىسى بولۇپ، زىرەك، ئويچان، ۋىجدانلىق يىگىت ئىدى. بۇنىڭدىن ئون بەش يىلچە ئىلگىرى ئېلىشا ئۆزى بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان، پۈتۈن گۈزەللىكىنى ئەسكى كىيىم يوشۇرۇپ تۇرغان بىر دىدەك قىزغا مۇھەببەت ئىزھار قىلدى. ئېلىشانىڭ قىز توغرىسىدىكى چىرايلىق قوشاقلىرى، ئاھاڭغا سېلىنغان ناخشىلىرى پۈتكۈل زەرەپشان بويلىرىغا تارىلىپ كەتتى. بىر كۈنى كېچىسى مەخسۇت بەگ شەھەردىن ئاتلىق قايتىپ چىقىۋېتىپ، ئېلىشانىڭ گۈزەل قىز توغرىسىدىكى رىۋايەتلىك ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ قالدى. ئەتىسى ئۇ قامچىلاپ "تۇۋا قىلدۇرۇش" سورىقى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ئېلىشا بىلەن قىزنى ئۆز ئالدىغا چاقىرتتى ۋە شۇ يەردە يېتىلىپ قالغان گۈزەل قىزنى كۆرۈپ، مەخسۇت بەگنىڭ كۆزىدە شەھۋەتپەرەسلىك ئوتلىرى يېنىپ كەتتى. مەخسۇت بەگ ئېلىشانى قىرىق دەرە ئۇرغۇزۇپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، قىزنى يۇيۇندۇرۇپ - كىيىندۈرۈشنى بۇيرۇدى......

ئېلىشا ئۆز مەھبۇبىنىڭ بورە قولىدا چەيلىنىپ غازاڭ بولۇشىغا تاقەت قىلالمايتتى، شۇڭا، مەخسۇت بەگ گۈزەل قىزنى ئۆز ھوجرىسىغا چېچىدىن سورەپ ئەكىرىشتىن ئىلگىرى، ئۇ ئۆز دوستلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن قىزنى ئېلىپ قاچتى. لېكىن، ئۇلار قېچىپ قۇتۇلالمىدى. تۇتقۇن قىلىنغان ئېلىشا بىلەن قىز- نىڭ باش ئېگىشىدىن ئۈمىت كۈتۈلمىدى، يۇرت قازىسى، "ئىسلام شېرىپنىڭ قائىدىلىرى"نى بۇزغانلىقى ئۈچۈن، يىگىت بىلەن قىزنىڭ بويىنىغا تاش ئېسىپ، دەرياغا تاشلاشنى ھۆكۈم قىلدى. ھۆكۈم دەرھال ئىجرا قىلىندى. ئەمما، بويىنىغا تاش

ئېسىپ چوكتۇرۇلگەن ئېلىشا تەلىيى ئوڭ كېلىپ، دەريانىڭ ئايىغىدىن ساق قۇتۇلۇپ چىقتى ۋە بىر ھەپتىگىچە قىزىلنىڭ تۇلۇقىنى ئىزلەپ دەريا بويىدا سەرسان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ باشپانا بولارمىكىن دېگەن ئوي بىلەن ناھىيە، ۋىلايەت ئامباللىرىنىڭ يېنىغا ئەرز بىلەن باردى. ئەپسۇسكى، ناھىيە-ۋىلايەت ھۆكۈمدارلىرى ئېلىشانى "بەگنىڭ شەنىگە داغ تەككۈزگەن، قىزىلنىڭ تۇلۇمىگە سەۋەبكار قاتىل" ھېساپلاپ ئۇن يىل قاراڭغۇ ئۆيدە يېتىشقا ھۆكۈم قىلدى، ئېلىشا مانا شۇ قاراڭغۇ زىندانىدا كۆزىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى يوقاتقان ئىدى.

شۇندىن بۇيان ئېلىشا بۇ يەرگە بىر قېتىملا كەلدى ۋە يۇرتتا تۇرالماي كېتىپ قالدى. ئانا، كىشىلەردىن: ئېلىشا توختاخۇن تەقدىم قىلغان راۋاپنى چېلىپ، جاھان كېزىپ، ناخشا-قوشاقچى بولۇپ كېتىپتۇ، دېگەننى ئاڭلىغان ئىدى......

— يىللار ئۆتۈۋاتىدۇ، قىش بىلەن ياز ماڭا ئېنىق، كۈندۈز بىلەن كېچە ماڭا پەرقسىز، — دەيدى ئېلىشا سۆزىدىن قېنىپ ئېچكەندىن كېيىن، — مەن كەزمىگەن چۆل-جەزىرە، يۇرت-مەھەللە قالمىغاندۇ، تولىمىدىم. دۇنيادا دىلكەش ئادەم-لەر ئاز ئەمەس، قولىمنى سۇنۇشتى، بىر پارچە ناننى ئاياش-مىدى. شۇنداق بولسىمۇ، قېقىلىپ-سوقۇلۇپ يەنە كەلدىم. مەن ئەرز قىلىپ، ھال-ئېيتىپ بارمىغان ھاكىم-دوتەيمۇ، مۇپتىخانا-قازىخانىلارمۇ قالمىدى. ھەممىسى مەيدەمدىن ئىت-تەردى: ماڭ كەت، تەقدىرىڭ شۇنداق، پېشانەڭدىن كۆر، — دېدى. پۇلى بارنىڭ گېپى ئۆتۈك، پۇلى يوقنىڭ گېپى تۈك،

دىگەن شۇ ئىكەن. مەن ھەممىنى ئويلىدىم، مەخسۇت بەگنىڭ ئىككى كوزىنى سۇغۇرۇۋېلىپ پوخادىن چىقىمەن، مەن بۇ ئوچۇمنى ئالماي قويمايمەن......

ئېلىشا ئەلەم ۋە غەزەپتىن تولغىنىپ تۇرۇپ، ئوز دەردىنى توكتى.

... ...

ئانا ئۇنى يولەپ قىرغاقتا ئېلىپ چىقىپ ئولتۇرغۇزۇپ، مەخسۇت بەگنىڭ ھەددىدىن ئاشقان كېيىنكى بېشەملىكلىرى توغرىسىدا سوزلەپ بەردى......

ئېلىشا ئوز دوستى راۋاپنى يەنە قولىغا ئالدى:

دۇنياغا كېلىپ رەنجى بالانى كورۇپ ئوتتۇم،
ئول رەنجى بالا دەشتىدىن ئورگىلىپ ئوتتۇم.
باقسام بۇ جاھاندا ھەممىگە دەردۇ - ئەلەم بار،
ھەر ئادىمىنىڭ كوڭلىدە بىر زەررە غەم بار.
غەمسىز كىشىنى تاپسا بولۇرمۇ كىشى ئىزلەپ،
بۇ تەڭگى دىلىم ئېيتىدۇ: غەمسىز كىشى كىم بار؟......
... ...
... ...

ئېلىشا ئوز مۇقامىنىڭ ئەۋجىنى تەكرارلىغاندىن كېيىن، بىردىن پەدە يوتكەپ، مۇڭزارنى غەزەپ ساداسىغا ئالماشتۇردى:

ئەجەپ بىر زامان بولدى،
ئاللانىڭ كوزى يوقمۇ؟
يۈرەكلەر لەختە قان بولدى،
بىزگە شۇنچە يول يوقمۇ؟

ئاھ، ئۆزارمەن، ئېغ پەلەك،
ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى.
كوز يېشىم دەريا بولۇپ،
بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.
... ...
... ...

ئانا ئېلىشانىڭ ناخشىسىغا مەھلىيا بولۇپ، كوزلىرىدىن تارام-تارام ياشلىرىنى توكۇپ ئولتۇراتتى. بىردىن ئارقا تەرەپتىن:

— سارىخان ئانا، تېخىچە ئالمىسىنىڭ يولىغا قاراۋاتامىلا؟ — دىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئانا ئىشتىك بۇرۇلۇپ، دەريانىڭ ئاياق تەرىپىدىكى ئارال بويىغا قارىدى. ئارالنىڭ قىرغىقىدا سۇ قېقىپ چىقارغان چەش قۇمنى قول پالاستىن ئۇتكۇزۇپ، بىرنەچچە كىشى مۇكچىيىپ كىپەك ئالتۇن سۈزۈش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ قىپ-يالىڭاچ بەدەنلىرى ئاپتاپتا كويۇپ، خۇددى مىستەك پاقىراپ كوزگە تاشلىناتتى.

ئانا ئالدىغا كېلىپ قالغان، قىرغاقتىن كوتىرىلىپ چەقىۋاتقان ئالتۇن سۈزگۈچى بايىز خالۋاپىنىڭ قىزى لەيلىگۈلنى كوردى. بوستان چاچ، قارا كوز كەلگەن بۇ قىزنىڭ ئۇستىدە رەڭلىك چىت كويىنەك بولۇپ، تولۇپ تۇرغان بەستىدە بىر ئۆزگىچىلىك بار ئىدى.

— كەل قىزىم، سەن بۇ يەرگە قاچان كەلدىڭ؟ — ئانا ئۇنى يېنىغا تارتتى.

— دادامغا چۈشلۈك ئېلىپ كەلگەن، — دېدى قىز ۋە "بۇ كىم ئۆزى؟" دېگەندەك ئانىغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ، ئادەت بويىچە ئىككى قولىنى كوكرىكىگە ئېلىپ، بېشىنى ئېگىپ ئېلىشاغا سالام بەردى.

— تونۇپ قوي قىزىم، — دېدى ئانا ئېلىشانى كورسى-تىپ، — سەن ئاڭلىغانىمىدىڭ، ئېلىشا دېگەن مۇشۇ. ئۇنىڭ ناخشا - كۈيلىرى پۈتكۈل زەرەپشانغا تارىلىپ كەتكەن......

قىز خوشاللىق بىلەن ئېلىشانىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئەسلىدىم، ئەسلىدىم، — دېدى قىز، — ئېلىشا تاغامنى كورمىگەن بولساممۇ، لېكىن ئۇنىڭ يۈزلىگەن - مىڭلىغان قوشاقلىرى ماڭا ياد:

... ...

... ...

مەخسۇت بەگدە شەپقەت يوق،
بىزلەر تولا دەرت چەكتۇق.
بېشىمىزدىن كەتمىدى،
قامچا بىلەن كۆلپەت - دوق.

ئالۋاڭ قويدى ئالامەت،
چېكتۇردۇق نادامەت.
كىچىككىنە ياڭاقلىق*،
بىزگە بولدى قىيامەت.

... ...

... ...

* ياڭاقلىق — يېزا ئىسمى.

قىز قايناپ چىققان بۇلاقتەك ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە كۇپلىت قوشاقنى ئېيتىپ:

ــ ئېلىشا تاغا، بۇ سىزنىڭ قوشاقلىرىڭ، بىز ئۇنى ئۇنتۇمىدۇق، ــ دىدى.

ئېلىشا بېشى بىلەن ماقۇللاپ، قولىغا راۋاپنى ئالدى:

قوشاق دىگەن يۈرەك سوزى،
دەرتمەنلەرنىڭ ئوتكۇر كوزى.
مەخسۇت بەگ دىگەن زالىم،
ئىلان ـ چايانىنىڭ دەل ئوزى......
...         ...
...         ...

شۇ چاغدا دەريادا شاقىراپ يەنە دولقۇن كوتىرىلدى. ئانا بىلەن لەيلىگۇل ئىشتىك دەرياغا قارىدى. ۋاشىلداپ ـ قايناپ تۇرغان دەريا ئىچىدە مەردانە غۇلاچ تاشلاپ ئۇزۇپ كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ قارىسى كورۇندى.

دەريادا ئۇزۇپ كېلىۋاتقان كىشى ئىككى ئىدى. ئۇلار گاھ دولقۇن بىلەن ئېلىشىپ بىردىن غايىپ بولۇپ؛ گاھ دولقۇن ئۇستىدە پەرۋاز قىلىپ، شىددەت بىلەن قىرغاققا يېقىنلاشماقتا ئىدى.

ــ ئېلىشا، لەيلىگۇل! ئالماس...... ئالماس كەلدى!......

ئانا شۇ گەپنى ئېيتىپ، روملىنى ئىگىگىدىن ئوتكۇزۇپ، تارتىپ تاڭدى ـ دە، دەرياغا قاراپ يۇگۇردى......

## 3. قۇتلۇق خەۋەر

سارىخان ئانا ئوغلى ئالماسنىڭ ناھايىتى ئەقىللىق، ۋىجدانلىق بىر كىشى بىلەن دوست-يارەن ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇكەملەردە ئانا زەرەپشان بويىدا ئۇنىڭدىن بەلەن كىشى بار دېسە، ئەلۋەتتە ئىشەنمەيتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە سارىخان ئانا مەخسۇت بەگ ھەم ئۇنىڭ ھەمتاۋاقلىرىنىڭ ئۇنى: "پالاندى ئەپەندى،" "ئىمانسىز جەدىت"، "ئىش بۇزار ئەمىر-مەرۇپچى"، "قىزىلۋاش ئىسيانچى" دەپ ئاتاپ، "قۇلاق" بېكىتىپ قاتتىق تەھقىپ ئاستىدا تۇتىدىغانلىغىنىمۇ بىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئانىنىڭ پەرۋايى پەلەك. ئۇنىڭ قەلبى مۇنداق سادا قىلىدۇ: ساڭا كوز ئالايتقانىنىڭ ئۇزىنى يەر يۇتسۇن. سەن بىزنىڭ كوڭلىمىزدىكى ئادەمسەن، دىلكەش، مۇڭى بىر غەمگۇزار. سېنىڭ بۇ يەرگە مۇساپىر ئەپەندى بولۇپ كەلگىنىڭگە ئۇچ-تۇت يىل بولدى. مەن سېنىڭ بىر قېتىممۇ چىشىڭنىڭ ئېقىنى چىقىرىپ كۇلگىنىڭنى بىلمەيمەن. سەن نىمىشقا كۇلمەيسەن، ئېچىلمايسەن؟ بىز چۇشىنىمىز، بۇ ماكاندا سەن رازى بولغۇدەك نىمە بولسۇن؟ ھەممە يەر قان-زەرداپ، ھەممە يەر ئاھ-پەريات بىلەن تولغان تۇرسا!......

تۇنۇگۇن كەچقۇرۇن، ئانا ئۇز ئوغلى ئالماسنىڭ ئويىگە نىمە ئۇچۇندۇ بىر ئاز ھاياجانلانغان، ئىمىگىدۇ بىتاقەت بولغان ھالدا سەل كۇلۇمسىرەپ كىرگىنىنى كوردى.

ئانا، كوپ يىللاردىن بۇيان ئالماسنىڭ كۇلگىنىنى كورگەن ئەمەس. شۇڭا بىرئاز تېڭىرقىغان ھالدا:

— ئوغلۇم، سەن......— دەپ ئالماسقا قارىدى.

— ئانا، ئاسىم ئەپەندىم تىرىك ئىكەن، دوزاقتىن قۇ-تۇلۇپتۇ!......

— يا پەرۋەردىگار، ھەممە بولسا، بۇرنىنىڭ ئېزىغى-دىن قۇتۇلغان ئىكەن، — ئانا ئىككى قولىنى جۈپلەپ دۇئا قىلدى، — مەن قارا ئۆيگە سولانغانلار تىرىك قۇتۇلمايدۇ، ئۇل-تۇرۇشۇۋېتىدۇ، دەپ ئاڭلىغان ئىدىم. خۇداغا شۈكۈر، كۆنىنىڭ سېرىغىنى كورۇش نېسىپ بولغان ئىكەن. ھازىر ئاسىم ئەپەندىم نەدە ئوغلۇم؟

— بايا ئاڭلىدىم، تۈنۈگۈندىن بۇيان ئېرىقى قىرغاقتا تۇرۇپ قاپتۇ، مەشەدىن باشقا جايغا كېتىشكە يول يوق ئىكەن. ھوكۈمەت رۇخسەت قىلماپتۇ......

ئانا بۇ بۇيرۇقتىن ئوز كوڭلىدە رازى بولدى:

— شۇنداق بولماي، بەلەن بوپتۇ، مەشەگە كەلمەي، نەگە باراتتى، — شۇنىڭدىن كېيىن ئانا ئويلىنىپ قالدى، — بۇ نەچچە كۈندىن بېرى دەريادا تاشقىن كوتىرىلدى، كىمە ماڭمىدى. يەنە خېلى كۈنلەرگىچە شۇنداق بولىدۇ. ئاسىم ئەپەندى ئېرىقى قىرغاقتا تۇرۇپ قالارمۇ؟......

— خاتىرجەم بولغىن، ئانا، — دېدى ئالماس، — ئەتە سەھەر ئوزەم ئېلىپ كېلىمەن، قەتتى......

ئانا گەپ قىلمىدى.

بۇنىڭدىن ئالتە ئايچە ئىلگىرى قار شۇرغانلىرى ئۇش-قىتىپ تۇرغان بىر كېچىدە ئاسىم ئۇشتۇمتۇت يېزا مەكتىۋى-دىن غايىپ بولۇپ كەتتى. ئەتىسى كىشىلەر: ئاسىم ئەپەندى-

مى ساقچى ئىدارىسىنىڭ چوماقچىلار ئەترىدى تۇتۇپ كېتىپتۇ

تۇ كويىتىن بىرى ئىلىدا چىقىدىغان قانداقتۇ بىر گېزىتنى

مەخپى كورۇپ تۇرغان ئىكەن، — دېيىشتى. شۇ ۋەقەدىن كېيىن

ئالماس كوپ قېتىم ئاسىمنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئېلىش ئۇچۇن

ساقچى ئىدارىسى ۋە ئۇنىڭ تۇرمىسى ئەتراپىنى چوگىلىگەن

بولسىمۇ، لېكىن بىرەر خەۋەرگە ئىگە بولالمىغان ئىدى. ئانا

شۇلارنى ئەسلەپ:

— بار ئوغلۇم، ئېپكەل، — دېدى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئالماس دەريا بويىغا كەتتى.

ئانا قوزا چۇشكىچە ئوز ئىشى بىلەن بولدى. لېكىن،

ۋاقىت ئوزارغانسېرى خاتىرجەم بولالمىدى ۋە ئوزىمۇ دەريا

بويىغا قاراپ يۇگۇردى......

بايا ئانا ئېلىشا ۋە لەيلىگۇلنى قالدۇرۇپ، دەريا تەرەپ-

كە يۇگۇرگەندە ئەنە شۇ ئىككى كىشىنى كۇتكەن ئىدى......

سارىخان ئانا چايقىلىپ تۇرغان سۇ ئىچىدە ئالماس

بىلەن ئاسىمنى كوزلىرىدىن خوشاللىق - دىدار كورۇشۇش ياش-

لىرىنى توكۇپ كۇتۇۋالدى:

— يولۇڭغا قاراپ كوزىمىز تېشىلگەن ئىدى، — دېدى

ئانا ئاسىمغا مېھرىۋانلىق بىلەن تىكىلىپ، — خۇدا ئامان

قىلسۇن، يامان كوزدىن ساقلىسۇن......

ئاسىم بېشىنى ئېگىپ رەخمەت ئېيتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئالماس ئاسىم بىلەن مەيدىلىرىگە

قاتتىق تارتىپ تېگىلگان تولۇملارنى يېشىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن

كىيىم - كېچەكلەرنى ئېلىپ كىيىشكە باشلىدى.

ساربخان ئانا قىرغاققا قايتتى ۋە بىر چەتتە، كىيىنىۋاتقان يىگىتلەرگە دىلى سۆيۈنۈپ قاراپ-قاراپ قويىۋاتتى.

ئالماس — قارا قاش، چوڭ قارا كۆز، قوشۇمىلىرى ھەمىشە مۆشتەك چىڭ تۈگۈلۈپ تۇرىدىغان، ئورۇق بولسىمۇ قامەتلىك، ئون توققۇز-يىگىرمە ياشلاردىكى بىجىرىم يىگىت بولۇپ، ئاسىمدىن پەقەت بەش-ئالتە ياشلا كىچىك ئىدى.

ئاسىم بولسا، تۈزۈلۈش جەھەتتە ئالماستىن بىر ئاز پەرق قىلاتتى. ئۇ، ئوتتۇرا بوي، قوشۇما قاش، بۇغداي ئۆڭلۈك، كۆچلۈك-ساغلام كىشى بولۇپ، ئۆتكۈر قوي كۆزلىرى ھەممىشە نىمىدىندۇ نارازى بولغاندەك غەزەپلىك يېنىپ تۇراتتى.

قارىماققا، ئۇلاردىكى چوڭراق پەرق كىيىمدە: ئاسىم ئاددى تىرىكىدىن تىكىلگەن پۆشقىغى قايرىلغان شىم، ئۈچ يادچۇقلۇق تىك ياقا تۈجۈركا، پۇتىغا كالا تېرىسىدىن تىكىلگەن سەندەل * ۋە بېشىغا چىمەن دوپپا كىيىپ، پاكىز، رەتلىك كىيىنىپ يۈرىدىغان يېزا مۇئەللىمى. ئالماس بولسا، بېشىغا بادام دوپپا، ئۈچىسىغا ياماق چۈشكەن ئاق كۆينەك، ئاق ئىشتان كىيىپ، بېلىنى مەللە پوتىدا تارتىپ باغلاپ، پىچاق قىسىپ يۈرىدىغان يېزا يىگىتى، يەنە كېلىپ مالاي يىگىت.

ئۇلار كىيىنىپ بولغاندىن كېيىن، قىرغاققا قاراپ يول ئالدى، ئاسىم كېتىۋېتىپ:

— ئالماس، سەن بايىقى ئەمەلدارنىڭ رەڭگى-رويىغا سەپسالدىڭمۇ؟ — دېدى.

---

* سەندەل — كونىگىرلىك سالقىن ئاياق كىيىم.

— سەپسالمايچۇ، — ئالماس مۇشتۇملىرىنى چىڭ تۈگۈپ، غەزەپلەنگەن ھالدا ئېيتتى، — تازىمۇ مۇتھەم نېمىكەن!...... مۇشت بىلەن چىشلىرىنى ئېزىپ، مىگىسىنىڭ قېتىغىنى چىقىرىۋېتىش كېرەك ئىدى. سىز يېڭىمنى تارتىپ ئالدىمنى بىكا توستىڭىز، كېمىچىلەرگە شۇنداقمۇ زورلۇق قىلغان بارمۇ؟...... قاراپ تۇرۇپ تۇل خوتۇننىڭ چاپىنىنى* تارتىۋال، خەقنىڭ ئۆيىگە ئۆسۈپ كىرىپ كىگىز-كۆرپىسىنى يۇلۇپ كەل، چاپىنىڭ توت پۇتىغا ئۇششۇقلۇق قىلىپ تۇلۇم تاڭغۇز...... نېمە دېگەن زوتالىق، ئانىڭنى...... يەنە تېخى پۇتۇمغا بىر تېمىم سۇ تەككۈزسەڭ جاجاڭ بىر پاي ئوق! دەپ ھوكىرەيدا...... كوردىڭىزمۇ، تازا كېلىشتۈرۈپ ئەدىۋىنى بېرىدىغان پۇرسەتنى قولدىن چىقىرىۋەتتۇق......

ئاسىم ئويلانغان ھالدا ئالماسقا قارىدى:

— پۇرسەت تېخى كېلىدۇ، — دىدى ئۇ، — ئۇنى قاسىم جىڭسا دەيدۇ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ قىلىچ چىشلەپ يۈرىدىغان تايغىنى، قاسىم جىڭسا زەرەپشان بويلىرىنى پۇراپ چىقسىلا، بىر پىشكەلچىلىك بولاتتى. بۇ قېتىم ئۇ نىمىنى پۇراپ چىقتىكىن؟ دىققەت قىلىش كېرەك...... ۋاقتى كەلگەندە قىلچە رەھىم قىلماي ھساپ ئالىمىز......

— ئەمدى ھساپنى قەرز قىلمايمەن، قەتئى! — دىدى ئالماس قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — سىز ئېيتتىڭىزغۇ، "ئازاتلىق ئارمىيە بوسۇغىمىزغا كېلىپ قالدى، مېنى تۈرمىدىن بوشىتىشمۇ بىكار

* چاپى — كارۋات.

ئەمەس" دەپ، راستىنى ئېيتسام، بۇ خەۋەرلەر مېنىڭ پۇت-قولۇمدىكى ئىشكەلنىڭ يېرىمىنى چېقىپ تاشلىغاندەك بولدى. يۈرىكىم ئىچىمگە پاتمايدۇ، بىز زادى نېمە قىلىمىز؟ مەن ئەمدى تاقەت قىلالمايمەن قەتئى!......

ئالماس بۈگۈن ئاسىمدىن قۇتلۇق يېڭى خەۋەرلەرنى ئاڭلىدى. بۇ خەۋەرلەر گويا چاڭقىغان گۈلزارلىق باققا باشلاپ كېلىنگەن شىپالىق سۇدەك، ئالماسنىڭ قەلبىنى ياپرىتىپ دولقۇنلىتاتتى. ئۇز رەقىپلىرىدىن ھازىرلا ئۆچ-ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن ئالدىرىتاتتى:

— مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، ئېلىشىمىز! — دېدى ئالماس زەردە بىلەن، — يا ئۆلۈم، يا كورۇم، باشقا كەلگەننى كورىمىز!.....

ئاسىم دوستلارچە يېقىنلىق ۋە سالماقلىق بىلەن:

— شۇنداق، لېكىن، باشقا كەلگەننى كورىمىز ئەمەس، بەلكى، پاراسەت بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئازاتلىق كۈنلىرىنى كۈتۈۋالىمىز، — دېدى.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە سوزلىشىپ قىرغاققا كوتىرىلىپ چىقتى.

سارىخان ئانا، ئېلىشا ۋە لەيلىگۈل ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— مەن ئاڭلىدىم، بايىلا ئاڭلىدىم، — دېدى ئېلىشا رازىمەنلىك بىلەن ئاسىمنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، — سەن ئىنىم، ئوقۇمۇشلۇق، دەرت تارتقان يىگىت ئىكەنسەن، قىڭغىر ئىش قىرىق يىلدىن كېيىن مەلۇم، بىلىملىكنىڭ باھاسى يوق،

بىلمىسىزنىڭ ساپاسى، بىز قارا تۆرۈك ئادەم بولساقمۇ، تۇرمە تۇغرىسىدا خەۋىرىمىز بار:

زالىملارنىڭ تۇرمىسى،
ئىلان - چايان ئۇۋىسى،
كىرگەن ئادەم چىقمايدۇ،
ئۇلۇپ كېتەر تولىسى.
دوزاق دىگەن تۇرمىنىڭ —
غۇۋا چۈشكەن سايىسى.

......

......

ئېلىشا بىرنەچچە كۆپلىت تۇرمە قوشىغى ئېيتقاندىن كېيىن:

— ئەللىك يىلدا تەخت يېڭىلىنار، يۈز يىلدا قازان، دىيىشىدۇ، ئەل قوزغالسا تەخت قوزغىلىپتۇ، دىيىلگەن كۆنلەرمۇ كېلەر تېخى، — دىدى.

ئېلىشانىڭ مەنىلىك سوز ۋە تەمسىللىرى ئاسىمنى خوشال قىلدى، ئۇئېلىشانىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ نىمىندۇ دىمەكچى بولۇۋىدى، لېكىن ئالماس خوشاللىق بىلەن:

— ئاسىم ئەپەندىم قۇتلۇق خەۋەر ئېلىپ كەلدى، بىز پات - ئارىدا ئازات بولىمىز، ئازاتلىق ئارمىيە بوسۇغىمىزدا، — دىدى.

ئانا بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئىشتىك بېشىنى كوتىرىپ ئاسىمنىڭ كوزىگە قارىدى:

— ئوغلۇم، ئالماسنىڭ ئېيتقىنى دۇرۇسمۇ؟......

— شۇنداق، سارىخان ئانا، ئالماس توغرا ئېيتتى، — ئاسىم خۇشاللىق نەزىرى بىلەن كۇئېنلۇن چوققىلىرىغا، دولقۇنلىنىپ تۇرغان زەرەپشانغا قارىدى، ئاندىن ئۆزىگە تەقەززا بولۇپ تۇرغان ئانا، ئېلشا، لەيلىگۈللەرگە قاراپ قەلبى ئۇركەشلىگەن هالدا مۇنداق دېدى، — خۇشال بولايلى، ئالماس توغرا ئېيتتى. بۇلۇت سۈرۈلۈپ تاڭ سۈزۈلمەكتە، ئۇپۇقنى يېرىپ، قۇياش چىقىدىغان چاغلار ئاز قالدى. مەن تۈرمە ئەمەلدارلىرىنىڭ پېيى سىقراپ قالغىنىنى كۆردۈم، شەهەردە خۇپىيانە بولسىمۇ نۇرغۇن يېڭى خەۋەرلەر تارقالغان. ئاز كۈندە بىز ئازاتلىق كۈنلىرىنى كۆرىمىز، ئازاتلىق ئارمىيىنى كۆرىمىز، تاڭ يورۇۋاتىدۇ......

سارىخان ئانا ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك، هاياجان بىلەن ئۆز ئۆزىگە شىۋىرلىدى:

— ئازاتلىق-ھە؟ ئازاتلىق ئارمىيە-ھە؟ تاڭ يورۇۋاتىدۇ-ھە؟......

ئېلشانىڭ كۆزلىرىدە خۇشاللىق ياشلىرى ئەگىدى. ئالماس بىلەن لەيلىگۈلنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى ۋە بۇ مۇھەببەتلىك كۆزلەردە ئۈمىد-تەقەززالىق ئوتلىرى ئۇچقۇنلىغاندەك بولدى.

دەل شۇ پەيتتە، تەۋرەپ تۇرغان دەريا ئۈستىدە ئۈزۈپ كېلىۋاتقان كارۋات كۆرۈندى.

ھەممەيلەن "يالت" قىلىپ دەرياغا قارىدى.

كارۋات ئۈزۈپ كەلمەكتە، كارۋاتقا كىگىز-كۆرپىلەر

سىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە بېشىغا كەڭ، ئىگىز ۋە ئۇچلۇق يالتىراق چېكىلىكى بار شەپكە، ئۈستىگە قارا كوك جىڭسا كىيىمى كىيگەن. مەيدىلىرىگە ئۇچادەي تاقىغان قاسىم جىڭسا قولىدا تاپانچا تۇتقان ھالدا تاماكا تارتىپ ئەنسىز ئولتۇراتتى.

توت پۇتىغا تولۇم باغلانغان، توت نەپەر سۇچى ئىشتىرىپ كېلىۋاتقان كارۋات ئاستا - ئاستا قىرغاققا يېقىنلاشتى. سۇچىلار سۇ تېيىز يەرگە كەلگەندە كارۋاتنى كوتىرىپ قىرغاقنىڭ لىۋىگە ئېلىپ كەلدى، كارۋاتنى كوتىرىپ قىرغاق ئۈستىگە ئېپچىقىش تەس بولغانلىقتىن، ئېقىپ تۇرغان سۇ ئۈستىگە دەسسىتىشتى.

قاسىم جىڭسا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھە، قايسىڭ ھاپاش قىلىسەن؟ — دېدى سۇچىلارغا قاراپ ۋە جاۋاپ كۈتمەيلا ئوتتۇرا ياشلىق بىر سۇچىنىڭ مۈرىسىدىن ۋەپاللىق بىلەن قاماللاپ تارتتى، — سەن كوتىرە، ئاۋايلا، پۇتۇمغا سۇ چاچرىمىسۇن......

سۇچى ئۇنى ھاپاش قىلىپ كوتىرىۋاتقاندا، ئاسىم، ئالماسلار قاسىم جىڭساغا سەپسالدى. قاسىم جىڭسا كۆپتەك سېمىز، پاكا - دوغىلاق، چىچەك يۈزلۈك، قارچۇغىنىڭ تۈمشۇغىدەك ئۇزۇن ئەگمە بۇرۇن ئادەم بولۇپ، قىسىق، يۇمۇلاق كوزلىرى يىرتقۇچ بورىنىڭ كوزلىرىدەك پاقىراپ تۇراتتى.

سۇچى ئۇنى دۈمبىسىدە ھاپاش قىلىپ، كوتىرىپ كېلىپ قاشقا دەسسىتىۋاتقاندا، قاسىم جىڭسا ئۇزىنىڭ كېلەڭسىز بەدىنىنى تەڭشىيەلمەي ئالدىغا دۈگجۈپ بىر پۇتى بىلەن سۇغا كىرىپ كەتتى.

سۇچى چوچۇپ ئۇنى دەرھال يولىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن قاسىم جىڭسا بويۇن تومۇرلىرىنى كوپتۇرۇپ، بوغۇلغان ھالدا ۋاقىرىدى ۋە ئۇنىڭ تەستىگىگە قولىنىڭ كەينى بىلەن "چاك" قىلىپ بىرنى سالدى ـ دە، قولىغىدىن تارتىپ پۇتىنىڭ ئاستىغا دوم چۇشۇردى. ھەممە ئەسەبىلەشكەن ھالدا سۇچىنى سۇ ئىچىدە دومىلىتىپ دەسسەپ ـ چەيلەپ، ئوگدىسىغا ياتقۇزۇپ، كارنىيىغا دەسسەپ تۇرۇۋالدى.


سۇچىنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئولتۇرۇۋېتىش قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىغىدىكى ئىش بولۇپ قالدى.

ئالماسنىڭ كوزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى ۋە ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ، قاسىم جىڭسانىڭ مەيدىسىدىن ئىشتىرىۋەتتى. ئاسىم ۋە يەنە بىرنەچچە سۇچى تۇنجۇقۇشقا تاس قالغان سۇچىنى قۇتقۇزۇپ قىرغاققا يولەپ ئېلىپ چىقتى.

قوشۇمىسىنى تۇگۇپ، كوزلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ ئوزىگە قادىلىپ تۇرغان ئالماسنىڭ جاسارەتلىك قىياپىتىنى كورگەن قاسىم جىڭسا ھاڭ ـ تاڭ قېلىپ چوچۇپ كەتتى......

قاسىم جىڭسا زەرەپشان بويىنى تىنىتىپ، زورلۇق ـ زومبىلىق قىلىپ يۇرگەن يىگىرمە يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى بويان، ئۇنىڭ مەيدىسىدىن ئىشتىرىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھېچكىم ئۇنىڭغا بىرەر ـ يېرىم ئېغىز سوز قايتۇرۇشقا جۇرئەت قىلغان ئەمەس.

ئۇ ئىترەپ، بۇرۇن توشۇكلىرىنى كېرىپ "شارت" قىلىپ بېلىدىن تاپانچىسىنى تارتىپ ئالدى ـ دە، ئالماسقا تەڭلەپ، تەپكىنى باستى...... لېكىن، ئاسىم چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ تاپانچا تۇتقان قولىغا، يۇقۇرىغا قارىتىپ"تارس" قىلىپ ئۇرۇۋەتتى.



چاڭىلدىغان ئۇق ئاۋازى ئاسماندا سادا قىلدى.

ئاسىم ئۇنىڭ تاپانچا تۇتقان قولىنى ئامبۇردەك قىسىپ تۇرۇپ، زەردە بىلەن:

— قاسىم بەگ، سۆچى سىزنى سۇدىن ئوتكۈزۈپ قويدى. يەنە قانداق قىلاي دەيسىز؟ — دىدى.

قاسىم جىڭسا ھولۇقۇپ - تەمتىرىگەن ھالدا قىسىق كوز - لىرىنى چەكچەيتتى ۋە ئۆزىگە قادىلىپ تۇرغان سارىخان ئانا، ئالماس، ئىبلىشا، لەيلىگۇل ۋە بىرنەچچە سۆچىنى كورۇپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، باسماققا چۈشكەن تۇلۇم چاشقاندەك بىر تولغىنىۋالدى - دە، ئېغىر پۇشۇلداپ، ئاسىمدىن قولىنى تارتىۋالدى.

— ھىم، تېخى كورىسەن! — قاسىم جىڭسا ئالماسقا قاراپ بىر گولەيدى - دە، ئۇدۇل ياڭاقلىق يېزىسىغا قاراپ ئالدىراپ كېتىپ قالدى......

ئالماس غەزەپ بىلەن ئوخچۇپ ئالدىغا ئېتىلغان ئىدى. لېكىن، ئاسىم ئۇنى كەينىدىن قۇچاغلاپ تۇتۇۋالدى:

— ئالدىرىما، تېخى پەيت كېلىدۇ!......

ئاسىم، ئالماسلار، چوچۇپ - ھودۇقۇپ كەينىگە قاراپ - قاراپ قويۇپ، ئالدىراپ كېتىۋاتقان قاسىم جىڭساغا ئۇن - تىن - سىز قاراپ تۇرۇشتى.

قاسىم جىڭسا تاشلىق ساي ئىچىدىن چىقىپ مەھەللە ئىچىگە بۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدە كاداڭ ياڭاق، ئېگىز چىنار دەرەخلىرى بىلەن ئورالغان ياڭاقلىق يېزىسى يېيىلغان. يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەد كوتىرىپ تۇرغان، ئاق

گەج بىلەن نەقىشلەپ ياسالغان ھەشەمەتلىك مەدرىس ۋە چوڭ مەسچىت بولۇپ، ئۇنىڭ كوككە تاقاشقان پەشتاقلىرى، كونگىرىلىك مۇنارىلىرى، ئۇغاقسىمان ئاي بەلگىسى قوندۇرۇل-غان كوك گۇمبەزلىرى كۆن نۇرىدا "يالت - يۇلت" قىلىپ كوزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

ئاسىم ئېغىر بىر نەپەس ئېلىپ، ياڭاقلىق يېزىسىغا، كىشىدە ئېغىر تەسىرات قالدۇرۇپ كەلگەن سىرلىق يېشىل-كوك گۇمبەزلەرگە سوغاق بىر نەزەر تاشلىدى - دە، ئالماسنىڭ قولىنى تۇتتى:

— ئالماس جۇر ئۇكا، ئانا، لەيلىگۇل جۇرۇڭلار، بىز ماڭىلى. قاسىم جىڭسانىڭ بۇ ئاي، بۇ كۆنلەردە كەينىگە ئادەم سالماي يالغۇز بۇ يەرگە چىقىشى بىكار ئەمەس. بىز ئۇنىڭ نىمە قىلىشىغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. بىز قۇتلۇق يېڭى خەۋەرلەرنى بۇگۈن كېچىلا ئويىمۇ - ئوي يۇرۇپ قېرىنداشلارغا يەتكۈزەيلى......

## ئىككىنچى باپ

### 1. «ياغاق پوشتى ماكان» ۋە ئىلمۇ-ھىكمەت

بىز زەرەپشان بويلىرىنىڭ ئىمتىيازلىق بېگى — مەخسۇت بەگ ئۇستىدە گەپ ئېچىشتىن ئىلگىرى، ياغاقلىق يېزىسى ۋە مەخسۇت بەگنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئۇستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتسەك يامان بولماس.

مەخسۇت بەگنىڭ بوۋىسى سۇلايمان توپبېشىنىڭ دەۋرىدىن خېلى ئىلگىرىلا كىشىلەر بۇ يەرنى «ياغاقلىق يېزىسى»، يېزىنىڭ مەركىزى — گۈزەل، بوستانلىق ئارال بويىنى «ياغاق پوشتى ماكان» دەپ ئاتىشاتتى. «ياغاق پوشتى ماكان» دىگەن نامنىڭ مەنىسى: ياغاق تۈنجى قېتىم مۇشۇ يەردە ئاپىرىدە بولۇپ ئالەمگە تارالغان، دەپ يېشىشەتتى.

دىمىسىمۇ، ياغاق «ياغاق پوشتى ماكان» نىلا ئەمەس بەلكى ياغاقلىق يېزىسىنى مەركەز قىلغان پۈتۈن زەرەپشان ۋادىسىنىڭ ھەممە يېرىنى يۈز يىللىق، ئىككى يۈز يىللىق، ئۈچ يۈز يىللىق، ھەتتا توت يۈز يىللىق كاداڭ، قامەتلىك، قەدىمي ياغاق دەرەخلىرى قاپلىغان بولۇپ، بۇ يەردىن چىققان توكمە يامغۇردەك مول-بەرىكەتلىك، مېغىزى ئاق مايدەك تەملىك، پوستى تۇخۇمنىڭ شاكىلىدەك نېپىز سۇتلۇك

قەغەز ياڭاقلار مەملىكەتنىڭ ئىچى-تېشىغا ئاللىقاچان مەشھۇر ئىدى.

لېكىن، كېيىنكى ئەللىك يىل مابەينىدە، مەخسۇت بەگنىڭ ھوكۇمرانلىقى تىكلەنگەندىن كېيىن، يېزىنىڭ بارلىق تېرىلغۇ يەر ۋە سۇ ھوقۇقىنىڭ مەخسۇت بەگنىڭ قولىغا توپلىنىشىغا ئەگىشىپ، «ياڭاقلىق يېزىسى» دىگەن تەبىي نام ئۇن-تىنسىزلا «بەگلىك يېزىسى» دىگەن يېڭى نامغا، ئارال بويىدىكى ھاۋالىق گۈزەل «ياڭاق پۈشتى ماكان» دىگەن نام ھېچبىر دەخلى-تەرۇزسىزلا «بەگ مەھەللىسى» گە ئۆزگەردى.

«بەگ مەھەللىسى» دە مەخسۇت بەگ ۋە ئۇنىڭ مەرتىۋىلىك باي جەمەتلىرى، شەرىئەت قانۇنلىرىنى ھە دىگەندىلا مەخسۇت بەگنىڭ رايىغا قاراپ ئۆزگەرتىشكە ماھىر قازى-مۇپتىلار، مەرتىۋىلىك ئاخۇن، دامولىلار ساپ ھاۋالىق، گۈزەل مەنزىرىلىك چوڭ باغلارنى، پىشايۋانلىق ئايۋان-سارايلارنى، گۈلزارلىق شىپاڭلارنى ئىگەللەپ، توققۇزى تەل، غەمسىز ياشايتتى. مەخسۇت بەگنىڭ زەرەپشانىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى بىرنەچچە ناھىيىگە تارالغان ئون نەچچە ئورۇندىكى قوراجايلىرى، يىگىرمە نەچچە مىڭ مو تېرىلغۇ يېرى، ئوتتۇز نەچچە قوتان ئات، كالا، قوي پادىلىرىنىڭ كىرىم-چىقىم ھىساۋىمۇ «بەگ مەھەللىسى» دە بىر تەرەپ قىلىناتتى.

بۇ يەردە يەنە، نام-ئاتىغى يىراقلارغا كەتكەن چوڭ "خۇدالىق مەدرىس" جايلاشقان بولۇپ، مەدرىس گويا مەخسۇت بەگ بىناسىنىڭ پولات تۈۋرۈگىدەك ئۇنىڭ سەلتەنىتىنى ئاشۇرۇپ، سۈرلۈك ھالدا كوزگە چۈشەتتى.

«بەگ مەھەللىسى» دە يەنە، مەخسۇت بەككە تۇرلۇك يوللار بىلەن باغلانغان "قۇل" - چاكارلار، ئات باقارلار، مەپە-كەشلەر، باغۋەنلەر، گۈل ئۇستۇرگۇچىلەر، دىدەك قىزلار ۋە ئاشپەزلەر ھەم ئۇلارنىڭ بەگ ھساۋىغا ھەقسىز، تىنىمسىز ئىشلەشتىن باشقا ئەرك - ھوقۇقى بولمىغان بالا - چاقىلىرىمۇ تۇرۇشاتتى.

«بەگ مەھەللىسى» («ياڭاق پۇشتى ماكان»)نىڭ سىرتى دەريا ياقىلاپ سوزۇلغان ياڭاقلىق يېزىسى («بەگلىك يېزىسى») بولۇپ، بۇ يەردە ئاساسەن، مەخسۇت بەككە ئىجارىكەش، ئو-تاقچى، ئالۋاڭ - سېلىق قەرزدارى، ئۇسۇم قەرزىنى تولەپ قاي-ئۇرغۇچى، ۋاكالىتەن تېرىپ - يىققۇچى، خالىس نازارەتچى دىگەن نامىلار بىلەن باغلانغان ئىككى يېرىم مىڭ ئويلۇك نامرات دىخان قېرى ياڭاق، چىنار دەرەخلىرىگە يولەپ سېلىنغان ھوتمۇ-توشۇك، پاكار، كومۇلاچ تاملىق غېرىۋانە ئويلەردە پانالىنىپ جان ساقلايتتى.

يېزىنىڭ شىمالى تەرىپىدە تاققا تۇتىشىپ كەتكەن چېكى يوق مۇنبەت يايلاق، ئاياق تەرىپىدىكى سۇلۇق تېرىلغۇ يەرلەر ئەنە شۇ ئىككى يېرىم مىڭ ئويلۇك دىخانىنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە ياشناپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار: بېشىمىزغا چۇشكەن كۈن نۇرى، تاپىنىمىز دەسسەپ تۇرغان زىمىن مەخسۇت بەگنىڭ، — دىيىشكە مەجبۇر ئىدى......

رىۋايەت قىلىنىشىچە، مەخسۇت بەگنىڭ بوۋىسى سۇلايمان توپبېشى قامچىسىنىڭ ئۇچىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان، ئاۋامغا تەنبىھ قىلىش ئۇچۇن ھەر يىلى بىرەر "قۇربانلىق" تەييارلاپ،

زەرەپشانغا تاشلاپ ئۆلتۈرمىسە، كۆڭلى ئىمىن تاپمايدىغان زالىم ئادەم بولغان ئىكەن.

— سۇلايمان توپبېشى تازا غالجىرلاشقان يىللار، — دەپ ھىكايە قىلدۇ مويسىپىتلار، — مەزلۇم خەلقنىڭ سەۋرە قاچىسى تازا يېرىلغان چاغلار بولدى. مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە سۇلايمان توپبېشى يەلىلىقچىلىرىدىن توختى رىشىت، نوختى رىشىت دىگەن ئىككى ئاكا - ئۇكىنىڭ جاپاكەش، مىسكىن قېرى ئانىسىنى "يىپ ئىگىرىش ئالۇۋىڭى" نى بەر - مىدىڭ، دىگەن بانا بىلەن ياڭاق دەرىخىغە ئېسىپ قامچىلاپ، بويىنغا تاش ئېسىپ دەرياغا چوكتۈرۈۋەتكەنلىگى ئۈچۈن. ئۇلار سۇلايمان توپبېشىنى بىر كېچىدىلا يازلىق شىپاڭدا بوغۇزلە - ۋەتتى ۋە شىپاڭغا ئوت قويۇپ كۆل قىلدى. دىلكەش چاكار - لار ئۇلارنى قاچۇرۇۋېتىشكە قانچە تەمشەلسىمۇ، لېكىن ئۇلگۇ - رەلمىدى. يۈرەكلىرى لاۋۇلداپ يانغان ئاكا - ئۇكا قولىغا كۆلخان ئېلىپ، سۇلايمان توپبېشىنىڭ ئاشلىق ساڭلىرى، مۈلۈك ئامبارلىرى ۋە چەللە - بىدىشلىرىغا غەزەپ بىلەن ئوت تۇتاشتۇردى - دە، ئانىسىنى يۇتۇپ كەتكەن دەرياغا ئۆزلىرىنى ئېتىپ، ۋاپاسىز دۇنيانىڭ دەرت - ئەلەمىدىن بىراقلا خالاس بولدى......

سۇلايمان توپبېشى ئۆلتۈرۈلگەن كۈنلەردە، ئۇنىڭ بىر - دىن - بىر ئوغلى قۇربانىنياز خوجا قەشقەر "خانلىق" مەدرىستە ئوقۇتقۇز بەش ياشلىق تالىپ بولۇپ ئوقۇيتتى. ئۇ، دادىسىنىڭ "پاجىە" سىدىن ئۇچۇر ئېلىپ، دەرھال ياڭاقلىق يېزىسىغا قايتىپ كەلدى ۋە ئەنسىز تېگىرقاش ئىچىدە ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان يۈزلىگەن سىنچى كوزلەرنى كوردى.

ئۇ كەملەردە قازا بولغان ئاكا - ئۇكا ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە-سى ئۇچۇن دەۋاگەر چىقمىسىمۇ، لېكىن سۇلايمان توپبېشى ئۇچۇن قۇربانىنىياز خوجا سالاھىيەتلىك دەۋاگەر ھېساپلىناتتى. شۇڭا، يۇرت قوۋمى جەزمەن ئۇنىڭ زەرەپشان بويلىرىنى بېشىغا كىيىپ، ناھىيە، ۋىلايەت ئامباللىرىنىڭ يېنىغا قاتراپ، كوپلىگەن بىگۇنا كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. لېكىن، قۇربانىنىياز خوجا ئۇنداق قىلمىدى. ئۇيىگە كىرگەندىن كېيىنمۇ ھېچكىمنى، ھېچنېمىنى سۈرۈشتۈرمىدى. ھېچكىمگە تىكىلىپمۇ قارىمىدى، ھېچكىمگە ئېغىز ئېچىپمۇ گەپ قىلمىدى. ئەكسىچە، ئۈچ كۈنگىچە ئەتىكاپخانىغا كىرىۋېلىپ، ھېچكىمنى قوبۇل قىلماي، سەللىسىنىڭ پەتتىسىنى مەيدىسىگە چۈشۈرۈپ، ئالدىغا دەستە - دەستە كىتاپلارنى تىزىپ قويۇپ، قۇرئان - تالاۋەت قىلدى. ئۇ، شۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە قۇرئاننى ئالدىدىن بىر قېتىم ئوتكۈزۈپ، ئوقۇپ تامام قىلدى، دېيە-شىدۇ.

توتىنچى كۈنى جۈمە ئىدى. ياكاقلىق مېچىتى ئادەتتىن تاشقىرى كوپ كىشىلەر بىلەن تولدى. قۇربانىنىياز خوجا ئوزى مېھراپقا ئوتۇپ، بىرىنچى قېتىم ناماز قوۋمى ئالدىدا ئىمامەتچىلىك قىلدى.

— ئاللەم پاناھ ھەممىنى بىلگۈچى، كورگۈچى، — دېدى ئۇ جۈمە نامىزى ئوتۇلۇپ بولغاندىن كېيىن جامائەتكە قاراپ تەلقىن بىلەن، — ئاللانىڭ ئەمرىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ. دادىمىز سۇلايمان توپبېشىنىڭ باقى دۇنياغا راۋان بولۇشى تەقدىرى

ئاللانىڭ ئىلمۇ-ھىكمىتى. بۇنىڭغا شەك كەلتۈرگۈچى مۇسۇل-
مان ئەمەس......

جامائەت ھەيرانلىق بىلەن ياقىسىنى تۇتۇشتى.

قۇربانىياز خوجا بۇ سوز بىلەن دادىسىنىڭ خۇن
دەۋاسىدىن ۋازكەچكەن ئىدى. دىنىي پېشىۋالار، ئاقساقاللار
"ئاتا قەرزى" نى ئادا قىلمىغان ياش دامولىدىن نارازى
بولۇپ ئىغىر پۇشۇلداشتى......باشقا كوپچىلىك نامازخانىلار
بولسا، خۇددى بورىدىن قوزا تۇغۇلغاندەك، سۇلايمان توپپىشە-
دىن ئىنساپلىق دانا موللا ئالەمگە كەپتۇ، دەپ ئويلاپ،
يېنىك نەپەس ئىلىشتى.

شۇنداق قىلىپ، قۇربانىياز خوجىنىڭ "ئىلمۇ-ھىكمىتى"
تەسىرىدىن "تەقدىر ئىلاھى" تۇگمىنىگە يەنە ئۇلۇق سۇ
باشلاندى.

ئاز كۇن ئوتكەندىن كىيىن، قۇربانىياز خوجا خىلى
ھەشەم قىلىپ، ھوكۇمدار قازىلىق موھرىنى تاپشۇرۇۋالدى
ۋە شۇ كۇنلا پۇتۇن يۇرتنى توپلاپ، ساۋاپ تىپىشقا قوز-
غاپ، ياكاقلىق يېزىسىدا چوڭ مەدرىس قۇرۇلۇشىغا ئىش
باشلىدى. ئىسلام ئۇلىمالىرى، يۇرت كاتتىلىرى قۇربانىياز
خوجىنىڭ دەريادەك ئىلىم-بىلىملىرىنى ماختاپ، ھەممە كى-
شىنى مەدرىس قۇرۇلۇشىغا ئەجرى قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى.
ئارىدىن ئالتە ئاي ئوتكەندە چوڭ سەينالىرى، رەڭدار تورۇس،
نەقىشلىك تۇۋرۇكلىرى، گۇلزارلىق باغ-مەرىئالىرى، كولى،
ھاممام — غۇسلىخانىسى، خاس ياتاقلىرى بولغان قىرىق بىر
ھوجرىلىق ھەشەمەتلىك مەدرىس قەد كوتىرىپ پۇتتى.

مەدرىسكە "خۇدالىق مەدرىس" دەپ نام بېرىلدى ۋە بۇ مەدرىسنىڭ نام-ئاتىغى بىرى ئۇن قىلىپ تارىلىپ، ھەر-قايسى يۇرت-بەگلىكلەرنىڭ ياش تالىپلىرى ئۇز بىلىملىرىنىڭ تار ئېرىغىنى قۇربانىياز خوجىنىڭ كەڭ بىلىمى بىلەن ئەزىم دەرياغا ئايلاندۇرۇش ئۇچۇن بۇ يەرگە ئېقىپ كېلىشكە باشلىدى. ئەلۋەتتە ئۇلار قۇرۇق قول كېلىشمەيتتى. "خۇدالىق مەدرىس" نى ياسىتىپ چوڭ ساۋاپلىق ئىش قىلغان قۇربانىياز خوجىنى ئالاھىدە ماختاش بىلەن بىللە، ئات، كالا، قوي، مۇۋۇت— بەقەسەم تون، خۇرۇم مەسە ئاياقلار ۋە خىلمۇ-خىل ئېسىل سارپايلارنى ھەدىيە قىلىشاتتى......

ھەرقايسى بەگلىك— يۇرت كىشىلىرىنىڭ بۇ مەدرىسكە بولغان ئىخلاسمەنلىكى ياڭاق يېزىسىدىكىلەرگە تونۇپلەپ يېڭى سېلىق ئېلىپ كەلدى. ئۇلار "خۇدالىق مەدرىس" نى ئۇز يېزىسىنىڭ شەرىپى، قۇربانىياز خوجىنى بولسا، تىرىك مازار دەپ ئاتاشقا، قولىدا بار نەرسىلىرىنى مەدرىس ئۇچۇن ئايىماسلىققا مەجبۇر ئىدى.

مەسىلەن، ئولگەننىڭ يەرلىرى مەدرىس ئۇچۇن ۋەخپە قىلىناتتى. تېرىكلەر ھەپتىدە بىر كۇن توپلىشىپ مەدرىس ئۇچۇن خالىس ئەمگەك قىلىپ بىنەم ئاچاتتى، يەر تېرىيتتى. كېيىنكى چاغلاردا كىمكى "خالىس" ئەمگەككە بىر كۇن قاتناشمىسا— ئىككى كۇن، ئىككى كۇن قاتناشمىسا توت كۇن، ئالتە كۇن ئىشلەش ياكى قوي-ئوچكە ھەدىيە قىلىش مەجبۇرىيەت قىلىندى. دىخان بىر يىل جاپا چېكىپ تەستە تەييار قىلغان خامىندىن ھوكۇمەتنىڭ توگمەس سەيسى-سېلى-

لىرىنى تولىگەندىن باشقا، ئالدى بىلەن خۇدالىق مەدرىس" ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى خانىقانىڭ داش قازىنى ئۇچۇن كەپسەن، ئۇشرە - زاكات ئايرىشقا مەجبۇر ئىدى.

بۇ تۈزۈم يېگىلا يولغا قويۇلغان بىر يىلى بۇ خىل "خالىس ساۋاپلىق ئىش" تىن باش تارتقان دىخانىنىڭ خامىنىغا ئوت قويۇلغان، ئايالالرنىڭ چېچى كېسىلىپ "ئالۋاستى سۈرىتى" گە كەلتۈرۈلگەن. ئەرلىرىنىڭ پېيى قىرقىلىپ ھىيمەناق قىلىپ قويۇلغان ئىدى. ئەلۋەتتە بۇ خىل "جازا" ئاددىقوپاللىق بىلەن ئەمەس، ئۇستىلىق، بىلەن پىلانىمىپ كېچىسى خۇپىيانە قىلىناتتى. ئەتىسى ئاۋام خەلق ئوبدان "ساۋاق" ئېلىپ، مەدرىسنى ئۇنتۇماسلىق كېرەكلىكىنى چوڭقۇر "چۈشىنەتتى".

قۇربانىنىياز خوجا بولسا، مۇنداق جاۋاپكارىنى بىلمەيدىغان دەۋاگەرلەرگە:

— ئاللاكېرەم ھەممىنى بىلگۈچى، كورگۈچى. دىلىگلار ئاللاتائالا بىلەن بولسۇن، — دەپ ۋەز ئېيتاتتى.

ئىلمۇ - ھېكمەتىنىڭ سىرى سىر بولۇپ قېلىۋېرەتتى......

## 2. بىر تۇخۇمدىن ئۈچ چايان

قۇربانىنياز خوجا دەۋر سۈرۈپ قازىكالان دەرىجىسىگە كوتىرىلگەن ئومرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە، ئىلىم - بىلىمگە خۇشتى يوق كىچىك ئوغلى مەخسۇت خوجىنى زەرەپشان بوينغا بەگ قىلىپ تىكلەشكە مۇۋەپپەق بولدى.

بىز بۇ يەردە بىۋاك بالا بەگ — مەخسۇت خوجا ئۇستىدە سوزلەشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسى — ھىسامىدىن خوجا ۋە ياسىن خوجا ئۇستىدە ئازراق توختىلىپ ئوتەيلى: ھىسامىدىن خوجا بىلەن ياسىن خوجا دەسلەپ ياڭاقلىق يېزىسىنىڭ قارىخانىسىدا، كېيىن "خۇدالىق مەدرىس"تە دادىسىدىن تەلىم ئالدى. ئۇكەملەردە گەرچە «خۇدالىق مەدرىس» تىمۇ ئوخشاشلا «قۇرئان» نى تەپسىر قىلغۇچى ھەممە دىۋانلار، جۈملىدىن «سوپى ئاللا يار»، «شەرىۋاقايى»،«موختەسەر قارى»، «ھىدايى»، «مۇشكاتى شىرىپ»، «نەپاھەت شىرىپ»، «مەسنۋى شىرىپ»، «سەھەۋل بۇخارى» ۋە «گۇلىستان»، «بوستان» قاتارلىق كىتاپلار ھەمدە ئوز زامانىسىنىڭ ئاتاقلىق شائىرلىرى لۇتپى، سەككاكى، ئىمىن ناۋايى، ھۋەيدا، مەشرەپ، زەلىلى، نازارى ۋە گومنامىنىڭ كوپ خىل ئەسەرلىرى دەرسلىك قىلىپ ئوقۇلسىمۇ، ئەمما قەشقەر ياكى بۇخاراغا بېرىپ ئوقۇمىغانلار ئىسلام موتىۋەرلىرى نەزىرىدە قىيامىغا يەتمىگەندەر ھىساپلىنىپ، "داموللا" بولالمايتتى.

قۇربانىنياز خوجا مانا شۇنى نەزەردە تۇتۇپ، ھىسامىدىن خوجا بىلەن ياسىن خوجىنى كوپ سوغا - سالاملار بىلەن قەشقەر "خانلىق" مەدرىسكە يولغا سالدى.

ھىسامىدىن خوجا "خانلىق" مەدرىسكە بېرىپ، ئۇزۇن ئوتمەيلا ئوزىنىڭ مۇڭلۇق، زىل ئەرەپچە قىرائەت ئاۋازى ۋە دادىسىنىڭ كونا قەدىناس ئۇلپەتلىرىنىڭ يولىشى بىلەن ئالاھىدە مەرتىۋە - ئىتىۋارغا ئېرىشىپ، "خانلىق" مەدرىسنىڭ ياش دانالىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى ۋە شۇ ئوقۇغانچە

"خۇدالىق مەدرىس" تە ئوقۇغانلىرىنى يەنە زىر ـ زەۋەرىگىچە قايتا ھەزىم ـ تەكرار قىلىپ، ئۇن يىلنى تۈگىمەس سوقا ـ سوھبەت، زىكىر ـ مۇتالىئە بىلەن ئۆتكۈزۈپ، "داموللا مۇدەررىس" دېگەن چوڭ ئاتاق بىلەن ياڭاقلىق يېزىسىغا قايتتى ۋە دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، "خۇدالىق مەدرىس" نىڭ مۇدەررىسى قىلىپ تەيىنلەندى.

ياسىن خوجا بولسا، باشقىچىرەك يول تۇتتى.

ئۇ، قەشقەرگە كېلىپ، "خانلىق" مەدرىسىنىڭ بىرىنچى ئوقۇش يىلىدىلا ئۆز بىلىمىنى تولدۇرىدىغان ھېچبىر يېڭىلىق تاپالمىدى. ئوقىغان ـ بىلگەننى قايتا چايناش ئۇنىڭ ئۈچۈن تالاندىن كېيىن قۇم كاپ ئەتكەندەك مەزىسىز ئىش ئىدى. شۇڭا، ئىككىنچى ئوقۇش يىلىدىلا ئۇنىڭ ئوي ـ خىياللىرى كۆسا ئۈستىگە ئېچىپ قويۇلغان دەستە ـ بولغار تاشلىق قېلىن كىتاپلاردا ئەمەس، بەلكى قەشقەرنىڭ رەڭگا ـ رەڭ فابرىكا ماللىرى بىلەن تولغان رەستىلىرىدە چوگىلەيدىغان بولدى.

ئۇ، ھەر يىلى "ئازاتلىق" بېرىلىپ، ئۆيىگە قايتىشقا ئىجازەت قىلىنغان چاغلاردا ياڭاقلىق يېزىسىغا ئۆزى ئوقۇغان كىتاپلارنىڭ ھەر خىل نۇسخىلىرىنى ئەمەس، بەلكى شاڭخەي، خاڭجۇ، تيەنجىنلەردىن كەلگەن زەرلىك دۇخاۋا، كىمخاپ ـ تەتۈللا، مووۇت ـ سوكنا، ئىنگلىشىن، قاما ـ كەمچەتلەرنى ئېلىپ كېلىپ، قەشقەرگە قايتقاندا زەرەپشان بويىدىن زىلچا ـ گىلەم، شايى ـ ئەتلەس، بادام ـ ياڭاق، خورما ـ مېغىز ئوخشاش يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى ئېلىپ كېتىدىغان بولدى.

ياسىن خوجا بۇ "ھۈنەر" نى سىناپ كورگەن بىرىنچى

يىلدىلا مۇندااق ئالماشتۇرۇشنىڭ كىرىم ـ تاپاۋىتى ئون يىل ئوقۇپ بىرەر مەدرىسكە مۇدەررىس ياكى ئازنا مىچىتكە خاتىپ بولغان ئىشامنىڭ كىرىمىدىن كەم ئەمەسلىكىنى تولۇق ھىس قىلدى. شۇڭا كېيىنكى ئۈچ يىلدا ئۇ يەكەن، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇلارغا قاتنايدىغان تەلەپكار سودىگەر تايپىسىغا تەئەللۇق قىلىنىپ، ئون ـ تىنسىزلا "خانلىق" مەدرىس تالىپلىرىنىڭ تىزىمىدىن ئۆچۈرۈلگەن ئىدى......

قۇربانىياز خوجا دەسلەپ ياسىن خوجىنىڭ بۇ ئىشىغا نارازى بولۇپ، ئۇنى شەرىئەت يولىغا قايتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كورگەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىنرەك ئۇنىڭ "پۇلنى يومۇلتىپ سۇ قىلىش كاراماتى" ئۇنى ئىختىيارسىز تويلاندۇرۇپ قويىدى ۋە:

ــ خەير...... مەيلى، ئاللاكېرەم ھەر كىم ئۆچۈن ئال ـ دىن يول بەلگىلىگۈچى، ئۇنى توساش كۇپۇرلۇق. ــدىدى ـ دە، ياسىن خوجىنىڭ دەسمايىسىدە ئانچە ئۇزۇن بولمىغان قولىنى ئوز بىساتىدىن بىراقلا نەچچە غۇلاچ ئۇزارتتى......

شۇنىڭ نەتىجىسىدە ياسىن خوجا ئاكىسى ھىسامىدىن خوجا "خۇدالىق مەدرىس" كە داموللا مۇدەررىس بولۇپ تەيىن ـ لەنگەن يىلى ئاللىقاچان ئۇرۇمچى، لەنجۇ، شەنلەردىن ھال ـ قىپ ئوتۇپ، توپ ـ توغرا شاڭخەيگە قاتناشقا باشلىغان ئىدى.

كېيىن ياسىن خوجا دىگەن نام "ياسىن شاڭخەي" دى ـ گەن نام بىلەن ئالماشتى. چۈنكى ئۇ، بۇ چاغدا قەشقەردە چوڭ ساراي ئېچىپ، شاڭخەيچى توپ مال سودىگىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان ئىدى.

ياسىن شاڭخەي ياڭاقلىق يېزىسىغا بەزى يېڭىلىقلارنىمۇ

ئېلىپ كەلدى. ئۈستى قاڭالتىرلىق، دەرىزىلىرى ۋاللىداپ تۇرىدىغان، ئىشىك - دەرىزىلىرى سىرلانغان، كوتىرىپ سېلىنغان ئازادە بىنالارنى ياسىتىپ، يىلدا بىرەر قېتىم كېلىپ دەم ئېلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىچىنى شاڭخەي پوسۇنىدا زىننەتلىدى. ياسىن شاڭخەي بار مەزگىلدە بۇ ئويىدىن رويال، پاتىپۇن ئاۋازلىرىنى ئاڭلاش مۇمكىن ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ قەشقەر-دىن ئېلىپ كەلگەن مېھمانلىرى مۇنداق ئىشلارغا ھەۋەس قىلاتتى.

كېيىنرەك ئۇ، ناھىيە - ۋىلايەت مەركەزلىرىدە ھەم قولايلىق جايلارنى تېپىپ، ئۆز ئىگىلىكىدە گىلەم - زىلچا، شايى - بەقەسەم، ئەتلەس توقۇش، يۇڭ - تېرە ئاشلاش، يىپەك چىقىرىش ئىشخانىلىرىنى تەسىس قىلدى، پىلە غوزىسى بېقىش، ئۇزۇن تالالىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش مەيدانلىرىنى ئاچتى، قۇرۇق ئۈزۈم، ئەلا سۈپەتلىك ياڭاق، خورما تەييارلاش بازى-لىرى تەشكىل قىلدى، ئەلۋەتتە بۇلار ئەرزان ئەمگەك كۈچ-لىرى بىلەن تولدۇرۇلاتتى.

ياسىن شاڭخەي ئېلىپ كەلگەن يېڭىلىق يالغۇز بۇلا ئەمەس، مۇھىمى كىشىلەرگە تولىمۇ "مەدىنى - سىلىق" مۇئامىلە قىلاتتى، دوق، پوپوزا، قوپاللىقتىن يىراق بولۇپ، كۈلۈپ تۇرۇپ، ئازدۇر - كۆپتۇر ئىنئام قىلىپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە رام قىلاتتى ۋە تۈيدۈرماي ئۆز مەقسىتىگە يېتەتتى، يەنى بەزى كىشىلەرنىڭ تەرىپلىگىنىدەك، ئاكىسى ھىسامىدىن خوجا شەرىئەتنىڭ موھۇر-لۈك پەتىۋالىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ تېرىسىنى شىلسا، ياسىن خوجا گويا مەس قىلىپ قويۇپ، كىشىنىڭ قېنىنى شورىۋات-قاندەك ئىدى......

ئەمدي گەپنى يەنە مەخسۇت بەگدىن باشلايمىز:

مەخسۇت خوجا ئوقۇمىدى، مۇڭلۇق قىرائەت ئاۋازى، مەدرىسىنىڭ پەشتاقلىق دەرۋازىسى ئۇنى زادىلا قىزىقتۇرمىدى. قۇربانىنىياز خوجىنىڭ ئەمرى-مەرۇپ، نەسىھەت-پوپۇزىسى گويا كالىنىڭ قۇلىقىغا دۇتار چالغاندەك ئۇنىڭغا زادىلا تەسىر قىلمىدى. ئات، قامچا ۋە تىيىن-تەڭگىلەرنى توپلايدىغان شەخسى ساندۇق ئۇنىڭ ئىشتىياق بىلەن بېرىلگەن ئەمگى ئىدى. ئۇ ھېچ ئويلىمىغان يەردىن ئولىما ئائىلىسىدىكى ساۋاتسىز بىۋاك بولۇپ قېلىۋەردى.

مەخسۇت خوجا تېخى ئون نەچچە ياش چاغلىرىدىلا يەر ئىجارىسى سۈيلەش، مەدرىس ھىساۋىغا ئېلىنىدىغان كەپسەن، ئۇشرە-زاكات، ۋەخپى يەر ھەققىنى يىغىشقا قاتنىشاتتى. تېخى قىمىدا ئات، قولىدا قامچا تۇتقان ھالدا ھەر بىر ئۆي، خامانغا بىمالال بېسىپ كىرىپ، قىل ئۇتكۇزمەي ھىساپ-چوت قىلىشاتتى. قارشىلىق بىلدۈرگەن بىرەر كەمبەغەلنى ئاتقا دەسسىتىپ چەيلەۋېتىش، قامچا بىلەن ئۇرۇپ يۈز-كوزىدىن قان ئېلىش، يېنىدىكى ھەمرا چاپارمەن لۈكچەكلىرىگە تاپىنىپ، بىرەر ئائىلىلىك نامراتنى تالان-تاراج قىلىۋېتىش—ئۇنىڭ ھەۋەس بىلەن قىلىدىغان ئىشلىرى ئىدى.

ئۇ، تېخى ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا تولغان چاغلاردا "بالا بەگ" دىگەن پەخرى نامغا ئېرىشىپ، ھىلى-مىكىر ئىشلىتىپ بايلىق توپلاشنىڭ بىر قاتار ئەپچىل ئۇسۇللىرىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغان ئىدى:

"بالا بەگ" بىر قېتىم يولدىن ئات ئويىنىتىپ ئوتۇپ كېتى-

ۋېتىپ، بىر دېخاننىڭ ياپلىلىرى كوكسىدە يەلپۈنۈپ تۇرغان ئاجايىپ چىرايلىق ئېتىنى كورۇپ قالدۇ ۋە بىردىن كوزى قىزىرىپ، ئۇز ئېتىنىڭ تېزگىنىنى ھىلىقى دېخاننىڭ ئىشىگىگە تارتىدۇ:

— ئاكىجان، — دەيدۇ ئۇ دېخانغا، — ئات چوڭ قىپسىز، ھەشقەللا!......

— قۇللۇق غوجام، ئۇزلىرى ئۇچۇن چوڭ قىلدىم، — دېيىشكە مەجبۇر بولىدۇ دېخان ۋە ئۇ گېپىنىڭ ئايىغىنى تۇگىتىپ بولغىچە "بالا بەگ":

— ھەشقەللا، ھەشقەللا، — دېگىنىچە كېتىپ قالىدۇ.

ئەلۋەتتە بۇ "ھەشقاللا" ئانچە ئەرزانغا چۇشمەيتتى.

دېخان ئېتىنىڭ "ھەشقاللا" نىڭ قۇربانى بولۇپ، قولدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىغىنى سېزىپ، يۇرىگى تىترەپ كوزلىرىدىن بوراندەك ياش قۇيۇلىدۇ. ئادەت بويىچە "ھەشقاللا" ئۇچۇن ئاتنى "بالا بەگ" كە ئەۋەتىش كېرەك بولسىمۇ، لېكىن، دېخان قانداقلا بولمىسۇن، ئاز - تولا ھەق ئېلىشنى ئۇمىت قىلىپ، ياپلىلىق ئاتنى ئەۋەتمەيدۇ.

بىرئازدىن كېيىن "بالا بەگ" نىڭ چاپارمىنى ئوقتەك ئۇچۇپ يېتىپ كېلىدۇ.

دېخان:

— كەمبەغەلمەن، ئاتنى بالامدىن ئارتۇق كورۇپ ئوستۇردۇم، غوجامنىڭ نىمىسى كەم؟ ئاتنى سېتىپ بىر - ئىككى چارەك يەر ئېلىۋالاي دېگەن ئىدىم. ئاز - تولا ھەق بەرسۇن، — دەيدۇ.

ئەمما، چاپارمەن:

— ھەق، قانداق ھەق؟ ساڭا مەخسۇت خوجىنىڭ "ھەشقاللىسى" دىن ئارتۇق ھەق بولامدۇ؟ غوجامنىڭ بىر "ھەشقاللىسى" سىنىڭ تايچىغىڭنىڭ قىممىتىدىن كەممۇ؟ ئىلتىپاتنى كېيىن ئالارسەن، ئاتنى ھازىر بەر، — دەيدۇ.

لېكىن، قانچە قىلغان بىلەن دېخان ئۆز بىساتىدىكى بىردىن بىر مۈلكى بولغان ئاتنى ھەقسىز بېرىشكە قىيمايدۇ. تاكاللىشىش، دوق - پوپوزا پايدىسىز بولۇپ چىقىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، چاپارمەن ئەھۋالنى ئېيتىپ مەخسۇت خوجىنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن "بالا بەگ" خاپا بولۇپ كەتكىنى يوق. ئۇ دەرھال ئىپلاس بىر ھىلىنى ئويلاپ تاپىدۇ - دە، چاپارمەننى يەنە ھىلىقى دېخانغا ئەۋەتىدۇ.

بۇ قېتىم چاپارمەن دېخاننىڭ ئىشىكىدىن كىرىش بىلەن تىل ياغلىمىلىق قىلىپ "بالا بەگ" نى ئۇچۇرۇپ ماختايدۇ، ئاندىن دېخاننىڭ تېخى ياتلىق قىلىنمىغان قىزىغا ئۇچۇقتىن - ئۇچۇق بەتقىلىق چاقچاق قىلىپ، غىلجىڭلايدۇ. دېخان ئۆزىنى ھاقارەتلەنگەن ھېس قىلىپ غەزەپلىنىدۇ:

— ھوي، سەن بىزنى نىمە دەپ ئويلايسەن؟ — دەيدۇ ئۇ چاپارمەنگە، — كۆزۈڭنى ئاچ، بىز كەمبەغەل بولساقمۇ بۇ ئويدە ئاز - تولا قائىدە - نومۇس بارلىقىنى بىلىپ قوي؟!

ئەمما، چاپارمەن بۇ گەپكە ئېرەن قىلماي تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشىدۇ، دېخان ئۇنىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇپ ئويدىن ئىشتىرىپ چىقىرىۋەتمەكچى بولىدۇ. دېخان ئۇنى مۈرىسىدىن بىر ئىشتىد-

رىش بىلەن چاپارمەن بىردىنلا ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ "چالا ئۆلۈك" بولۇپ خىقىراپ يېتىۋالدى.

ئىشىنىڭ تېگىنى بىلمىگەن دىخان نىمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرغاندا، "بالا بەگ" ئات ئۈينىتىپ يېتىپ كېلىدۇ - دە، چاپارمەننىڭ "ئۆلۈگى" نى كورۇپ، دىخانغا:

— هوي خۇمپەر، سەن بۇنىڭ خۇنى ئۈچۈن ئامبالغا نىمە دەپ جاۋاپ بېرىسەن؟ — دەپ قامچىنى قولىغا ئالغان پېتى ئېتىلىدۇ.

تەمتىرەپ - گاڭگىراپ قالغان دىخان:

— غوجام، مېنى بۇ پالاكەتتىن قۇتقۇزسىلا، ئاتنىمۇ، ئويۇاقنىمۇ تۇتتۇم، — دەپ ئىختىيارسىز تىزلىنىدۇ......

ئىشنىڭ مۇنداق ئوڭاي بىر تەرەپ بولغىنىنى كورگەن "بالا بەگ" ئوز ھىلىسىنىڭ ئۇنۇمىدىن رازى بولۇپ، يايلىلىق ئاتنى يېتىلەپ، چاپارمەننىڭ "ئۆلۈگى"نى كوتەرتىپ قايتىدۇ ۋە ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ دىخانغا:

— سەن بىلەن قىلىشىدىغان گەپ تېخى تۈگىمىدى، چاپارمەن ئۆلمىسە تەلىيىڭ، ئۆلۈپ - تارتىپ قالسا، بىلىپ قوي، جېنىڭ تېنىڭغا گورە! — دەپ ئەسكەرتىدۇ.

قۇربانىياز خوجا ياش مەخسۇت خوجىنىڭ "پەم - پاراسىتى" دىن بوۋىسى سۇلايمان تۇپبىشىنىڭ ئەينەن قىياپىتىنى كورگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ، دەرھال بىر نەچچە زىخچا ئالتۇن، بىرنەچچە نوكچا كۈمۈش يامبۇ ۋە بىرنەچچە ئات - كالىنىڭ مەرىدىن ۋازكېچىپ، چوڭ سوۋغا - سالام بىلەن ناھىيە - ۋىلايەت ئامباللىرىنىڭ قېشىغا بىر - ئىككى قېتىم قاتىرى-

دى ـ ده، مەخسۇت خوجىنى زەرەپشان بويىنىڭ بېگى قىلىپ تىكلەشكە مۇۋەپپەق بولدى......

مەخسوت خوجا بەگ قىلىپ تىكلىنىپ، ئانچە ئۇزۇن ئوتمەيلا، قۇربانىنياز خوجا ئالەمدىن ئوتتى. ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى توغرىسىدا ئېلىشا مۇنداق قوشاق توقۇغان ئىدى:

ئۇركىشى شۇنچە ئۇلۇغ،
نىم بولدى زەرەپشانغا؟
كوئېنلۇنىڭ غەزنۇى،
ئورلەپ چىقتى ئاسمانغا.

كۈن قېنى، يۇلتۇز قېنى؟
يېتەلمىدۇق ئارمانغا.
پۇت قولىمىز باغلاندى،
ئۈچ بىر تۇتقان چايانغا......

......

......

## 3. مەخپى خەت

قاسىم جىڭسا چوچۇگەن هالدا كەينىگە قاراپ ـ قاراپ قويۇپ، ئاسىم ۋە ئالماسلاردىن يىراقلاشقاندىن كېيىن، تاشلىق ساينى كېسىپ ئوتۇپ مەھەللە تەرەپكە بۇرۇلدى.

ئۇ، مەھەللە ئىچىگە كىرىپ كېلىۋېتىپ، بىرەر يېزىغا كىرىش ئالدىدىكى ئادىتىنى تەكرارلاپ، تاپانچىسىدىن ئاسمانغا قارىتىپ بىرقانچە پاي ئوق ئۈزدى. ئۇ، ئوق ئاۋا ـ

زىدىن چۈچىگەن قۇچقاچ-پاختەكلەرنىڭ ئۇۋىسىدىن تۇزۇپ سارىسىمگە چۈشكەنلىكىنى، كىشلەرنىڭ قورقۇپ ئەندىكىپ ئۆزىگە تەشۋىشلىنىپ قاراۋاتقانلىقىنى، كىچىك باللارنىڭ شۇمشىيىپ-قورۇنۇپ ئاتا-ئانىسىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى كورۇشنى بەكمۇ خالايتتى......

بىراق، ھازىر يېزا ئىچىدە لاغايلاپ يۈرگەن ئادەممۇ، تېنەپ-تەمتىرەپ يۈرگەن باللارمۇ ئانچە كورۇنمەيدۇ، ھەتتا، لىمە ئۈچۈندۇ تۇزۇغان قۇشقاچ-پاختەكمۇ يوق.

— ئاناڭنى......دەريا! قىرىشقاندەك سۇنىڭ كوپىيىپ كەتكىنىنى قارا، — قاسىم جىڭسا تېرىكىپ، تەرلەپ-پىشىپ يولىنى داۋام قىلدى، — بۈگۈن ئىشىم زادى ئوڭدىن كەلمىدى، بەغەرەز كېمىچىلەرمۇ بىر كۈن كاشىلا قىلدى. ھېلىقى گاداي ئەپەندىسىمۇ ئەيمەنمەي قولۇمغا ئېسىلدا! مانا يېڭىلىق!......

ئۇ، گوشلۇك بۇرۇنلىرىنى كەڭ كېرىپ ئېغىر ھاسىراپ، سېرىق تاماكىدىن سارغىيىپ كەتكەن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ: "مەخسۇت بەگ، مەخسۇت بەگ......بەگ بولغىنىڭ قۇرۇسۇن، — دەپ ئاچچىق بىلەن ئويلىدى، — ئالدىمغا ئويناقلاپ چىقىدىغان ئات قېنى، قوڭغىراقلىق مەپە قېنى؟......سەن سامان قوساقتىن بۈگۈن تۈزۈگرەك بىر نەرسە شۇلۇۋالمىسام قاسىم جىڭسا بولماي كېتەي! شىرىكنى ئازايتىش ئۈچۈن كەينىمگە ئادەم سالماي چىقىپ، دەريا بويىدا قانداق ئاھانەتكە قالغىنىمنى بىلەمسەن ئۆزەڭ؟...... بۈگۈن قېنى بېخىللىق قىلىپ كورگىنە......مەن شۇ تاپتا ساڭا ئالۋاڭ سۇيلەپ ئەمەس، بەلكى جېنىڭنى ئالقىنىدا تۇتۇپ تۇرغان ئەرباپنىڭ خېتىنى ئېلىپ چىققىنىمنى بىلىپ قويۇشۇڭ كېرەك....."

قاسىم جىڭسا ئۆز خىياللىرى بىلەن بولۇپ، ياڭاقلىق يېزىسىنىڭ مەركىزىگە — ھەشەمەتلىك مەدرىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغىنىنى سەزمىدى.

مەدرىسىنىڭ سول تەرىپىدە مەخسۇت بەگنىڭ، ئوڭ تەرىپىدە ئاكىسى ھىسامىدىن خوجىنىڭ پۈتۈنلەي ئاق گەج، كوك سىر بىلەن نەقىش - ناۋا چىقىرىپ ياسالغان بىنالىرى گويا بوي تالاشقاندەك سىرلىق قەد كوتىرىپ تۇراتتى.

قاسىم جىڭسا ئىككى تۈپ باراقسان چىنار دەرىخى سايە تاشلاپ تۇرغان مەخسۇت بەگنىڭ تومۇر دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ، يانچۇقىدىن قولياغلىق ئېلىپ پىشانىسىنى سۈرتتى ۋە تومۇر ھالقىنى قاقتى.

تومۇر دەرۋازا ئالدىدا ئۇنى بىرنەچچە دوغا — چاپارمەن قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ كۈتۈۋالدى. باش چاپارمەن شاتۇر دوغا دەرھال كېلىپ ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ تېپىسىنى قاقتى.

— ھە، شاتۇر دوغا، ھال - ئەقتىڭ قانداق؟ — دىدى قاسىم جىڭسا ئۆزىگە مۇلازىملىق قىلىۋاتقان شاتۇر دوغىغا كوزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ، — بېگىم ئۆيدىمۇ، كەيپى تۈزۈكمۇ؟......

— ھەممىسى جايىدا، ھەممىسى تۈزۈك، — دىدى شاتۇر دوغا، — قېنى، مەرھەمەت قىلسىلا، باققا، شىپاڭغا......

شاتۇر دوغا ئىگىز بوي، شادا پاچاق، پال كوز، كەچىككىنە بۇرۇتى بار، ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى ئادەم بولۇپ، مەخسۇت بەگنىڭ ئوچقۇر باش چاپارمىنى، شۇنداقلا قاسىم جىڭسانىڭ كوڭلىدىكىنى تاپالايدىغان كونا ئەلپىتى ئىدى.

ئۇلار پاراڭلىشىپ باغ تەرەپكە يول ئالدى.

مەخسۇت بەگ ئۇز ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن تۇرىدىغان، ئىگىز كوتىرىپ سېلىنغان پىشايۋانلىق ئالاھىدە بىناغا كىرىشتىن ئىلگىرى، رەڭگا - رەڭ گۇللەر بىلەن ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇرغان چوڭ باغنى كېسىپ ئۇتۇشكە توغرا كېلىدۇ. نەچچە ئون مو يەرنى ئۇز قوينىغا ئالغان باغ بىرقانچە ئالاھىدە تارماققا— ئۇزۇملۇك، ئەنجۇرلۇك، ئانارلىق، پىستە - بادام، گىلاس - ئەينۇلىلىقلارغا بولۇنگەن بولۇپ، ھەرقايسى تارماقلارغا ئېلىپ بارىدىغان يوللارنىڭ ھەممىسىگە گۇل چىقىرىپ پىششىق خىش ياتقۇزۇلغان ۋە يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە خىلمۇ - خىل گۇللەر ئوستۇرۇلگەن.

باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۇيى ئۇتۇشۇپ تۇرىدىغان كول، كولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەگمە كىرۋۇك بىلەن ئوتىدىغان، كوك سىر بىلەن سىرلانغان شىپاڭ كوزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. شىپاڭ كوپىنچە بەگ ۋە بەگنىڭ خاس مېھمانلىرى ئۇچۇن ھاۋالىنىش ئورنى بولۇپ، بەزىدە بۇ يەردە بەگ كېڭىشمۇ ئوتكۇزۇلەتتى.

قاسىم جىگسا بىلەن شاتۇر دوغا گۇلزارلىق باغنى كېسىپ ئوتۇۋاتقاندا، كوئىبلۇننىڭ ئۇستى دەھشەتلىك تاراقلىدى، گولدۇرماما ئاۋازى گويا كوئىبلۇننى ئىككىگە بولۇۋەتكەندەك ۋەھىمىلىك زىلزىلە پەيدا قىلدى، "يالت - يۇلت" قىلغان ئوق يىلتىز كوزنى قاماشتۇرغۇدەك نۇرلىنىپ يېنىپ - ئوچتى.

قاسىم جىگسا قارامتۇل كوك رەڭگە كىرگەن تاغ تەرەپكە قاراپ، شاتۇر دوغىدىن:

— يەنە يامغۇرمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، دەريادا سۇنىڭ كوپىيىپ كەتكىنىنى ئاز دەپ يەنە يامغۇر......پالاكەت كەلمىسە!

— پالاكەت دەمسەن، نىمە پالاكەت؟

— كەلكۈن - دە!....

— قورقما، ئولمەيسەن......

— شۇنداق، ئولمەيمەن ......

كۇئىنلۇن ئۇستىنىڭ تاراقلىشى جىمىپ كەتتى.

قاسىم جىڭسا ئەگمە كىرۋرۇكتىن ئوتۇپ، زىلچا - گىلەم، ئەتلەس كوپىلەر سېلىنغان، پەر ياستۇقلار تىرەپ قويۇلغان شىپاڭغا كىلىپ جايلاشتى. ھەممە شىپاڭنىڭ گۇللۇك، رەڭدار تورۇسلىرىغا، ئويما گۇللۇك تۇۋرۇكلىرىگە قاتار ئىسىلغان قەپەزلەرگە قارىدى. قەپەزلەردىكى بۇلبۇل، تۇمۇچۇق، تورغايلار بولسا، گويا بۇ كۇتۇلمىگەن شەپكىلىك مىھمانغا چۇشىنەلمەگەندەك كوزلىرىنى پاقىرىتىپ ئاۋاز چىقارماي قارىشىپ تۇراتتى.

خىزمەتچىلەر قاسىم جىڭسانىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، مىۋە - چىۋە، نان - توقاچ ۋە سەيخانىسىغا چوغ قويۇلغان كۇمۇش سايلىق چىلىم ئىلىپ كەلدى.

— بېگىمگە خەۋەر قىلايمۇ؟ — دىدى شاتۇر دوغا قاسىم جىڭساغا قاراپ چايدىن كېيىن.

— ئۇخلاۋاتامدۇ؟ — قاسىم جىڭسا چىشىنى كولاپ تۇرۇپ سورىدى.

— يوقسۇ، يېڭى خېنىم بىلەن...... — دوغا كوزىنى قىسىپ ھىجايدى.

— مۇنداق دىگىن، يېڭى خېنىم سەتەڭمۇ؟

— ۋاھ، بىر پىيالە چاي بىلەن قوشۇپلا ئىچىۋەتكۈدەك لازىمسەن، — شاتۇر دوغا ئاۋازىنى سەل پەسەيتتى، — بىگىم يا-شانغانسېرى يېڭى خوتۇن ئەتراپىدىن كېتەلمەيدىغان بو-لۇپ قالدى، ھەممە گۈزەللەرنى ئۆز ئىزىغىدا بىر قېتىم چاي-نىۋالغۇسى بار......

قاسىم جىڭسا يەپ - ئىچىپ كېرىلىپ ياستۇققا يانپاشلىدى:

— شاتۇر، — دېدى ئۇ كوزلىرىنى قىسقان ھالدا، — مەن بۇ يەرگە كەلمىگەنگە يېرىم يىلچە بولدىمۇ؟

— شۇنداق، يېرىم يىلچە بولدى

— سەن بىلەن مەن ئاغىنە ئادەم، — دېدى قاسىم جىڭسا، — ئوتكەن قېتىمقىدەك سەھرا گۈزەللىرى يەنە تېپىلار؟

شاتۇر دوغا ھىجايدى:

— تېپىلىدۇ، تېپىلماي! تەمى كەتمەپتۇ - دە. بىگىمنىڭ بىزدەك قارچۇغىلىرى تۇرغاندا، ئالقانغا چۈشمەيدىغان قۇرغۇي بولامدۇ؟......

— پەيزىڭ بار نىمە جۇمۇ سەن، — قاسىم جىڭسانىڭ كوزلىرىدە شەھۋەتپەرەسلىك ئوتلىرى يېنىپ كەتتى، — ھەر ھالدا سېنىڭ مېنى زېرىكتۇرمەيدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن......

تاغ تەرەپتە يەنە ھاۋا تاراقلىدى ۋە ئۇ يەردىن قارام-تۇل كوك يامغۇر ھاۋاسى بىلىنەرلىك ھالدا يۇرت ئىچىگە سىلجىپ، بىسىپ كىرىشكە باشلىدى.

قاسىم جىڭسا يەنە نىمىنىدۇ دىمەكچى بولۇۋىدى، شۇ ئەسنادا گۈلزارلىق باغنىڭ پىششىق خىش ياتقۇزۇلغان يولىدا بىردىنلا مەخسۇت بەگنىڭ گەۋدىسى كورۇنۇپ قالدى.

مەخسۇت بەگنى كورۇپ، ھەممەيلەن دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇش-تى، دوغىلار قول قوشتۇرۇپ بىر چەتكە چىقىپ قىتىپ قىلىشتى.

مەخسۇت بەگ پۈتىغا تۇمشۇغى سەل ئىلمەك، ئىگىز پاشىنىلىق، ئۇزۇن قونچىلىق زەنگەر ئۇتۇك كىيگەن؛ ئالدىغا پومپىيىپ چىققان قوسىغىنىڭ ئۈستىدىن ئاچ يېشىل شايە پوتا باغلىغان بولۇپ، ئۇنىڭغا مىسۋاك ۋە ساقال تاغىقى ئاسقان؛ ئۈستىگە تومۇررەڭ بەقەسەم تون يېپىنغان بولۇپ، بېشىغا بۇقىنىڭ كىدەك تۈم گەدىنىگە سەل چۈشۈرۈپ، چوربىگە قاما تۇتقان يىنىك سەرپۇش تۇماق كىيۋالغان ئىدى. قوڭۇر، مايلىشاڭغۇ يۈز گۆشلىرى ساڭگىلاپ چۈشكەن، ئىڭەك، بۇرۇنلىرى تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، كىچىك، چىقىر كوزلىرى خۇددى قارچۇغىنىڭ كوزىدەك تىكىلىپ - تىكىلىپ قارايتتى. ئۇ، قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، ئالدىرىماي شىپاڭنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە كوزىنىڭ قۇيرۇغىدا قاسىم جىڭساغا قاراپ قويدى:

— ھە...... سەنمىدىڭ قاسىم بەگ، يەنە بىزنى شىلىپ - شۇلىغىلى چىقتىڭمۇ؟

قاسىم جىڭسا ھىجىيىپ سالام بەردى:

— بىز شۇلىدىغان نەرسە ئوزلۇگىدىن چۈشۈپ كىرىدىغان بىر تال مويلىرىچىلىك كەلمەيدۇ بېگىم. شۇنىمۇ تىلغا ئالا-مدىلا. مەن ئىشىنىمەنكى،—دىدى ئۇيەنە خوشامەتكويلۇق بىلەن،— بۇ قېتىمقى مەرھەمەتلىرى مەن يوللىرىنى مىڭمۇۋاتقان 20 يىلدىن بۇيانقى ھىممەتلىرىنىڭ ۋەزنىلىك خۇلاسىسى بولىدۇ. چۈنكى مەن بۇ قېتىم چوڭ ئىلتىپاتلىق خۇشخەۋەر بىلەن چىقتىم - دە......

مەخسۇت بەگ قاسىم جىڭساغا ئىشەنمەسلىك بىلەن قاراپ قويدى:

— خۇش خەۋەر دەمسىنا؟...... قانداق خۇش خەۋەر؟ — مەخسۇت بەگ تەرىنى پۈرۈشتۈردى، — ھە، ئېيتە، مېنى ناھىيىگە ھاكىم قىلىشامدىكەن؟......

— بىلمىدىم...... ئۇ، لىپاپا ئىچىگە يېزىلغان، — قاسىم جىڭسا ئالدىراپ چاپىنىنىڭ توش يانچۇغىدىن بىر سېرىق كونۋېرتنى ئالدى ۋە مەخسۇت بەگكە سۇندى، — ۋالىنىڭ ئۆزىدىن — پاسار بېگىمدىن*......

مەخسۇت بەگ ئىتتىك كونۋېرتنى قولىغا ئالدى ۋە كونۋېرتنىڭ ئالدى-ئارقىسىغا سىنچىلاپ قاراپ قويدى، ئاندىن كونۋېرتنى يەنە قاسىم جىڭساغا تەڭلىدى:

— مە، ئوقى......

قاسىم جىڭسامۇ مەخسۇت بەگكە ئوخشاش ئوقۇيالمايتتى، لېكىن ئۇ:

— يوقسۇ، جۈرئەت قىلالمايمەن، ۋالى سىلىدىن باشقا كىشى كۆرمىسۇن دېگەن، — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەخسۇت بەگ قاسىم جىڭسانى ئەگەشتۈرۈپ، ئالدىراپ ئۆزى تۇرىدىغان بىناغا يول ئالدى ۋە كېتىۋېتىپ شاتۇر دوغىنى ئاكىسى ھېسامىدىن داموللىنى چاقىرىپ كىرىشكە بۇيرۇدى.

مۇدەررىس ھېسامىدىن دامولla يېتىپ كەلگەندە تالا يامغۇر ۋە قاراڭغۇ بولۇپ، ئۆي ئىچىگە گازۋاي لامپا يېقىلغان ئىدى. چوڭ سەللە، ئۇزۇن شاپەرىجە، يۇمشاق خۇرۇم ئىسكىلاچ كىيگەن ھېسامىدىن دامولla مەخسۇت بەگنىڭ ياسىداق مېھمانخانىسىغا كىرىپ، تۆردىكى يولۋاس تېرىسى ئۈستىگە

* پاسار بەگ — يەكەن ۋىلايىتىنىڭ قورچاق ۋالىسى.

چىقىپ، چازا قۇرۇپ جايلاشقاندىن كېيىن ئورۇق، ئۇزۇن بەس-
تىنى ياچاقتەك ئېگىپ، ئىنچىكە ساقاللىرىنى تىترىتىپ دۇئاغا
قول كۆتەردى ۋە ئاندىن:

— خوش، خىزمەت؟ — دەپ مەخسۇت بەككە قارىدى.

مەخسۇت بەگ پاسار بەگنىڭ خېتىنى بەردى:

— ۋالىنىڭ خېتى، ئاڭلايلى......


ھېسامىدىن داموللا كۆزەينىكىنى تاقاپ خەتكە ئۇزاق قارىدى. خەتتە دۇئايى - سالامدىن كېيىن مۇنداق دېيىلگەن ئىدى:

"...... بىرىنەنچى، مەن چەتئەلگە چىقماقچىمەن، بولغۇسى ھاكىم ئۇزلىرىگە مۇبارەك بولسۇن ...... ئاز ۋاقىت ئىچىدە قايتىپ كېلىپ، قايتۇرۇش ھىساۋىغا ئەللىك سەر ئالتۇن، بەشيۈز سەر كۈمۈش سورىدىم، ھىممەتلىرى كەم بولمىسۇن. ئىككىنەنچى، ھەرخىل شامالار بار، قۇلاقنىڭ توپىسىنى قېقىۋېتىپ سەگەك بولارلا. كوممۇنىست قوشۇن يېقىنلىشىپ كەلمەكتە، ئىلى ئوغرىلىرى يەنە قوترىدى. جاڭ ۋېيىۋەنجاڭ جاناپلىرىنىڭ ئامانلىغى ۋە كۈچ - قۇدرىتىنىڭ زىيادە بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلايلى ...... مەن ھەر خىل ئېھتىمالنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇزلىرى ۋە يۇرتنىڭ ئامانلىغىنى ساقلاش ئۈچۈن بىر پىلىموت، ئىككى ئاپتومات، بەش مىلتىق ۋە يېتەرلىك ئوق - دورا ھەدىيە قىلىپ قالدۇرىمەن. دەرھال ئادەم كىرگۈزۈپ تاپشۇرۇۋېلىشلىرىنى ئوتۇنىمەن......"

ھېسامىدىن داموللا خەتنى ئوقۇپ تۈگەتتى.

قاسىم جىڭسا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ: "ياپىر، ئالىدىغىنىمۇ، بېرىدىغىنىمۇ ئاز ئەمەسكەن، ئىشقىلىپ، مېنىڭ تاپان ھەققىم كەم بولمىسۇن"- دەپ ئويلىدى.

بۇ چاغدا، مەخسۇت بەگنىڭ تەرى تۈرۈلگەن، دۈگىلەك بۇرۇنلىرىنىڭ ئۇچىدا غۇژمەك تەر تامچىلىرى پەيدا



بولغان ئىدى. ئۇ، كوز ئىشارىتى بىلەن قاسىم جىڭسانى "سەن ئەمدى خالىغىنىڭچە ئارام ئېلىۋە" دىگەنىدەك ئويدىن قوغلىدى ھەمدە ھىسامىدىن داموللا بىلەن قالغاندىن كېيىن بىردىن چېچىلىپ كەتتى:

— پاسار بەگ دىگەندە ئىنساپ تۈگىدى، دەيۈز، — دىدى ئۇ بوغۇلۇپ تۇرۇپ، — ئەللىك سەر ئالتۇن، بەش يۈز سەر كۈمۈش!...... ئازراقمۇ سورىمايدۇ ئىپلاس! قولۇڭنىڭ ئۇچىنى تەگلىسەڭ، بىلىكىڭنى قوشۇپ يەۋېتىدۇ، بالاخور ئوغرى بەر، بەرلا دەيدۇ!......

ھىسامىدىن داموللا كوزلىرىنى يۇمۇپ جىم ئولتۇراتتى.

— پاسار بەگ ئۆتۈپ كەتكەن ئالدامچى ئوغرى، — دىدى مەخسۇت بەگ يەنە يامغۇر تامچىپ چۈشۈۋاتقان تالاغا دەرىزىدىن قاراپ تۇرۇپ، — ئۇ، مۇتىھەم ۋالى جۇفاڭگاڭدىن * ھوقۇق تارتىۋېلىش كويىغا چۈشكەندە، جۇفاڭگاڭنى ئىنساپسىز-لىقتا ئەيىپلەپ ۋىلايەتنى بېشىغا كىيگەن ئىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئوزى جۇفاڭگاڭدىن يۈز ھەسسە ئاشۇرۇۋەتتى......

ھىسامىدىن داموللا ئوز خىيالىنىڭ تۈگۈچى يېشىلگەندەك ئاستا بېشىنى كوتىرىپ ئېغىز ئاچتى:

— بەگ ۋالى "ھەر خىل شاماللار بار" دەپتۇ، بۇ قانداق شامال ئوزى؟ — پۈشۈلدىدى ھىسامىدىن داموللا، — پاسار بەگ چەتئەلگە چىقسا، ھەج قىلامدىكىنا؟......

— مىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئىشىم يوق، — مەخسۇت بەگ غەزەپلىنىپ ئېيتتى، — چەتئەلگە چىقسىمۇ، چىقمىسىمۇ، مىنىڭ

---

* جۇفاڭگاڭ — پاساردىن ئىلگىرىكى قورچاق ۋالى.

نىمە كارىم، پۇل لازىم بولمىسا ئۇ مەندىن مەسلىھەت سوراپ ئولتۇرمىدىغان ئادەم ئەمەس. لېكىن، بۇ يەردە گەپ نىمىدە؟ ئۇ، ئېغىز ئېچىپ ئالتۇن ـ كۈمۈش بەر، دىدىمۇ ـــ بولدى. ھەر باپ بىلەن ئالدۇ. تالان ـ تاراج قىلىشمۇ مۇمكىن. مۇناپىق!......

ـــ ئۇنداقتا ئىشنى چىرايلىق تۈگىتىش كېرەك، ـــ دىدى ھىسامىدىن داموللا ئەقىل كورسىتىپ، ـــ دىگىنىنى بەر، قورالىنى ئال......ئاندىن ئاقساقاللارنى يىغىپ ئاۋامغا چاچ. كاۋاپمۇ كويمەيدۇ، زىخمۇ ھەم......

ھىسامىدىن داموللا ئۇزاق سوزلىدى، ئۇ، ئۆزى كور ـ سەتكەن "ئەقىل" نىڭ پايدىسىنى دەلىللەپ ئىشەندۇرەتتى......

مەخسۇت بەگ بۇ گەپلەرگە ئىرەن قىلدىمۇ ياكى بۇ گەپلەردىن ئىشتىھاسى ئېچىلدىمۇ، ئېنىق ئەمەس. لېكىن تۇ ـ يۇقسىز شاتۇر دوغىنى چاقىرىپ، قاسىم جىڭسانى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

قاسىم جىڭسا كىرىپ كەلگەندە ئۇ:

ـــ ھە، سېنىڭ يەنە باشقا ئىشىڭ بارمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ يوقسۇ......ـــ دىدى قاسىم جىڭسا بېشىنى تاتىلاپ، ـــ يولدا ھىلىقى ئەپەندىسى...... ئاسىمىدى؟ ...... قونۇمنى قايرىپ تاپانچىغا ئېسىلدى. كەيندە بىرنەچچە يالاڭتوش...... بايا ۋالىنىڭ خېتىنى ئاڭلاپ، بۇ يەردىمۇ ئىلى ئوغرىسىنىڭ ھەر ـ كىتى پەيدا بولغان چېغى دەپ ئويلاپ قالدىم......

ـــ ھۇ...... نان قېپى! ـــ مەخسۇت بەگ قاسىم جىڭساغا

گۆلەيدى، ــ سەن هارامزادە مېنىڭ بىساتىمنىڭ يېرىمىنى شۇلۇپ بولدۇڭ، كارغا يارىماس...... بىلىگگە ئاسقان نىمە؟...... قورقتۇڭمۇ؟......ماڭ، هازىرلا ئەپەندىسىنى كوزۇمدىن يوقات، ئىلى ئوغرىسىنىڭ پۇشتى بۇ يەردە مەڭگۇ پەيدا بولمىسۇن...... ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغانلارنىمۇ دەرهال ئېنىقلا!......

قاسىم جىڭسا ئورنىدىن تۇردى:

ــ خوش، مەن جاجىسىنى بېرىمەن......

قاسىم جىڭسانىڭ گېپى ئېغىزىدا قالدى. ئىشىكتىن، ئەلتىپاتسىزلىق بىلەن باش مىراپ قۇربان ئاقساقال ئۇرۇقتەك ئېتىلىپ كىرىپ كەلدى. ئىگىز بوي، ياغاق يۈز، سېرىق يۈز-مۇلاق كوز، تاتىراڭغۇ كەلگەن قۇربان ئاقساقال زەگىن ئۇستىدە ئۇرۇپ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي:

ــ كەلكۈن...... دەهشەتلىك كەلكۈن...... بەگ ئوستىڭىنىڭ نومىسى ۋەيران بولدى. بەگلىك چوڭ باغ سۇ ئاستىدا قالدى، بەگلىك ئېتىزلارغا سۇ يامراپ بېسىپ كېلىۋاتىدۇ، دەريا سۇيى مىسلىسىز ئورلەپ، تاشقىن بولۇۋاتىدۇ، ــ دەپ خەۋەر قىلدى.

مەخسۇت بەگ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، هىسامىدىن داموللا ئىختىيارسىز دۇئاغا قول كوتەردى، قاسىم جىڭسا نىمە قىلىشىنى بىلمەي هاڭقىيىپ تۇرۇپ قالدى......

## ئۈچىنچى باپ

### 1. "ساۋاپلىق كىشەن"

كىتاۋىمىزنىڭ قەھرىمانى ئالماسنى يۇقۇرىدا "غىل - پال" كورۇپ ئۆتتۇق. بۇ باپتا بىز ئالدى بىلەن ئالماسنىڭ ئانا - ئانىسى، ئالماس ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئۈستىدە توختە - لىپ ئۆتىمىز.

"سارە" — "سارىخان"، "توختى" — "توختاخۇن" بولغىچە، كۈنلەر ئايلارغا، ئايلار يىللارغا ئۇلىنىپ دىگۈدەك ئۆتتۈز يىل ئۆتتى. ئۇلارنى قۇربانىياز خوجا "خۇدالىق مەدرىس"نى سالدۇرغان يىلى بىر بىرىگە چىتىپ قويغان ئىدى.

بۇ ئىش ناھايىتى ئاددىلا ئۆتتى:

بىر كۈنى توختى قوش كالىلىرىنىڭ بويۇنتۇرۇقىغا سا - پانىنى باغلاپ ئىشتىن — ئېتىزدىن يانغان، سارە تاشقارقى ھويلىدا دىدەك قىز - چوكانلار بىلەن چاكار - يىللىقچىلارنىڭ داش قازىنىنى قاينىتىۋاتقان بىر پەيتتە، قۇربانىياز خوجا تاسادىپى ئۇلارنى ئۆز ئالدىغا چاقىرتىپ قالدى.

توختى بىلەن سارە ھودۇققان، تەمتىرىگەن ھالدا ئە - چەپسىنىپ بىر بىرىگە قاراشتى - دە، ئىختىيارسىز خەۋەرچە - نىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.

ئۇلار ئىچكەركى ھويلىدىكى گۈلزارلىقتىن ئۆتۈپ، يازلىق

شىپاگىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ سارايىنىڭ پىشايۋىنىغا كەلدى ـ دە، باشلىرىنى تۇۋەن سېلىپ، گۇناكارلارچە يەرگە قاراپ توختىدى.

پىشايۋاننىڭ زىلچا ـ گىلەم، قېلىن كۆرپىلەر سېلىنغان سۇپىسىدا قۇربانىياز خوجا پەر ياستۇقلارغا يۆلىنىپ، يۇگلۇق مەيدىلىرىنى ئېچىپ، شادا پاچاقلىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ، يېنىچە قىيشىيىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئانچە مەرتىۋىلىك بولمىغان ئوي موللىسى ـــ ھاجى ئىشان يۇكۈنگەن ھالدا ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەسۋى تارتىپ، كىچىككىنە سەللە ئورىغان بېشىنى ئىككى تەرەپكە تەڭ ئىرغىتىپ، پىچىرلاپ ئايەت ئوقۇپ ئولتۇراتتى.

قۇربانىياز خوجا توختى بىلەن سارەگە "غىل ـ پال" كوز يۇگۇرتتى ـ دە، يۇمشاق، شۇنىڭ بىللە بۇيرۇق ئاھاڭدا:

ـــ بويۇگلارغا يەتتىڭلار، مۇنداق ئوتتۇۋېرىشنى شەرىئەت راۋا كورمەيدۇ، نامەھرەم. تويلىنىڭلار، ـــ دېدى ھەمدە جەينىگى بىلەن ياستۇققا تىرەجەپ سەل كوتىرىلىپ ئوي موللىسىغا قاراپ قويدى.

ھاجى ئىشان ئالدىراپ ـ تېنەپ نىكا پاتىھەسىنى ئوقۇدى ۋە قائىدە بويىچە ئۇلارنىڭ بىر بىرىگە بولغان رازىلىق سوزىنىمۇ ئالماستىن:

ـــ تىزلىنىڭلار، باشپاناغا رەخمەت ئېيتىڭلار، ـــ دېدى.

توختى بىلەن سارە كۇتۇلمىگەن بۇ ۋەقەدىن پۇتۇنلەي گاڭگىراپ قالغان ئىدى.

ئۇلار يە تىزلانمىدى، يە رەخمەت ئېيتمىدى.

بۇ ھالەتكە ئۇي مولىسىنىڭ جان - پىنى چىققان بولسىمۇ، لېكىن مەنپەتى يوق غەۋغانى ياخشى كورمەيدىغان قۇربانىياز خوجىنىڭ كەيپىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن دىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئەزىملىك بىلەن نەسىھەتكويلۇق قىلىشقا كىرىشتى:

— مۇدەررىس دامولىنىڭ شەپقىتىنى ئۇنتۇماڭلار، ئاللاكېرەم دىلىڭلاردا بولسۇن، بەشۋاخ نامازنى قازا قىلماڭلار، روزىنى ئاشۇرۇپ تۇتۇڭلار، زولۇق يىمەسەڭلەرمۇ مەيلى، ئەمما ئۇتتۇز بىردىن كەم بولمىسۇن، باشقا سەللە ئوراش، يۇزىگە رومال تارتىش — مۇسۇلمان ئەھلى ئۈچۈن شەرىئەتلىك قائىدە-يوسۇندۇر...... نامازنى مېچىتكە بېرىپ ئوقۇڭلار، دۇئانى مازارغا بېرىپ قىلىڭلار......

بۇ گەپلەر قۇربانىياز خوجىغا ھېچبىر ياقمىدى. ئۇ: "...... ھەمىشە شۇنداق، كالىنىڭ قۇلىقىغا راۋاپ چالىدىغان موللا!...... يىتىم بىۋاكقا سەللە ئوراش، يۈزىگە رومال تارتىشنى تەشەببۇس قىلىش — ئىشەككە مەسە كىيگۈزۈشنىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ؟...... سەن موللا، بۇدەدىسلەرنىڭ گوشى ھارام، كۆچى ھالال مەخلۇق ئىكەنلىكىنى بىلمەمتىڭ، قاپاقۋاش......" دىگەننى كوڭلىدىن ئوتكۈزدى - دە، گېلىنى قىرىپ، كوزىنى چەكچەيتىپ موللىغا ئالىيىپ قارىدى.

موللا قۇربانىياز خوجىنىڭ پۇرۇشكەن تەلەتىنى كورۇپ، خاتاسىنى چۈشەندى:

— مۇدەررىس دامولامنىڭ شەپقىتىنى ئەجرى قىلىپ قايتۇرۇڭلار، كۆچۈگلەرنى ئايىماڭلار، كەچ يېتىپ، سەھەر

قوپۇڭلار، — دەپ ۋەزخانلىق قىلىشقا كىرىشتى ھاجى ئىشان، — باشپاناھ — ئاللانىڭ ئەلچىسى. ئۇنىڭغا ھالال، قېتىقىنىپ ئىشلەش كوپ ساۋاپ، ئۇدۇنيالىقنىڭ كاپالىتى. يامان نىيەت، ئەسكى خۇي - پەيلىدە بولماڭلار، خۇدادىن قورقۇڭلار، قاتتىق رىيازەت چېكىپ ئىشلەڭلار، بۇ دۇنيادا كورمىسەڭلار، ئۇ دۇنيادا ھەممە نىمەت مول......

قۇربانىنياز خوجا ئوي موللىسىنىڭ ئەزمىلىگىگە ئاچچىغى كېلىپ، تاقەتسىزلىك بىلەن بىر ئاز تىڭشاپ تۇردى - دە، ياستۇقتىن بېشىنى سەل كوتىرىپ، توختى بىلەن سارەگە قارىدى:

— بولدى، بېرىڭلار، ئەمدى سىلەر ئەر - خوتۇن......

توختى بىلەن سارە گويا چۇش كورۇپ ئويغانغان ئادەمدەك گاڭگىرىغان پېتى كەينىگە ئۇن - تىنسىز ياندى.

ھاجى ئىشان رەنجىپ غودۇڭشىدى:

— ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان بى ئەقىل كوڭلى قارىلار، رەھمەت دەپ زۇۋان سۇرۇشنىمۇ بىلمەيدۇ......

قۇربانىنياز خوجا گۇلزارلىقتىن ئوتۇپ ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋاتقان توختى بىلەن سارەگە كوزىنىڭ قىرى بىلەن قاراپ تۇرۇپ، ھاجى ئىشانغا كايىدى:

— بۇ ئويدىكى دەدىسلەر ھىلىمۇ ئاز ئەمەس. سىز يىتىم باللارنى يىققاندا ئىشقا يارايدىغانلىرى بولسۇن، "بوشۇك" باللىرىنى تېپىپ كېلىۋەرمەڭ. نان قېپىدىن ئەل بىزار، خۇدا بىزار، يىتىملارنىڭ بېشىنى سىلاش — مېنىڭلا ئەمەس، ھەممە مۇسۇلمان ئۇچۇن زورۇر، ئۇقتىڭىزمۇ؟......

ئۆي موللىسى بېشىنى تۆۋەن سىلىپ ماقۇل بولدى، قولى ئىشقا يارايدىغانلىرىنى تېپىپ كېلىشكە ۋەدە بەردى.

توختى بىلەن سارەگە ئوخشاش "بېقىۋالدى" باللار بۇ ئائىلىدە كۆپ ئىدى. قۇربانىنياز خوجا ئۇلارنى نارىسىدە يېتىم-لەرنىڭ بېشىنى سىلىغۇچى ساخاۋەتلىك كىشى سۈپىتىدە ھەرقايسى يۇرت ـ مەھەللىلەردىن يىغدۇرۇپ ئەكەلدۈرەتتى. ئۇلار مەدرىسىنىڭ يېنىدىكى خانىقانىڭ داش قازىنى ئەتراپىدا كۆلىگە مىلىنىپ، قىرماق قىرىپ، يىغلاپ ـ قاخشاپ چوڭ بولاتتى. يەتتە ـ سەككىز ياشقا كىرگەنلەردىن كېيىن چاكار تاغىلىرىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئىشقا تۇتۇناتتى. بويىلىرىغا يېتىشكەندىن كېيىن بەزىلىرى بۇ ئۆيگە مەڭگۈلۈك باغلىنىپ قالاتتى، بەزىلىرى بىر بىرى بىلەن تېپىشىپ بۇ زۇلمەت ئائىلىدىن بىر ئامال قىلىپ قېچىپ كېتەتتى. قۇربانىنياز خوجا مۇنداق تەييار ئەمگەك كۈچلىرىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئۇ-لارنى ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكىچە بىر بىرىگە چېتىۋېتەتتى، چېتىۋېتىلگەندىن كېيىن بولسا، ئۇلار ئاز كۈندىلا بىرەر باللىق بولاتتى ـ دە، ھېچنەگە قېچىپ كېتەلمەيتتى.

توختى بىلەن سارەمۇ خۇددى شۇنداق مەقسەت بىلەن چېتىپ قويۇلدى.

"چېتىپ قويۇش" نى بەزىلەر تېگى ـ تەكتىنى پەملىگەن ھالدا "كىشىنلىۋېتىش" دەپ تەرىپلىسە، ئۆي موللىسى ھاجى ئىشان:

— ئۇنداق دېمىسكە بولامدىكەن؟ مەگەرچەندە بۇ خىل

ئاتىدارچىلىقنى "كىشەن" دېيىشكە توغرا كەلسە، ئۇ ھالدا بۇ كىشىنى يامان خۇي - پەيلىدىن ياندۇرىدىغان "ساۋاپلىق كىشەن"، — دەپ ئۇزىچە تەبىر بېرەتتى.

"خۇدالىق مەدرىس" نىڭ يېنىدىكى خانىقالىق داش قازىنى ئەتراپىغا توپلانغان "بىقۇالدى بالا" لارنىڭ قىسمەت تەقدىرلىرى بىر بىرىگە ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، توختىنى ئالساق، ئۇ، ئاتا - ئانىسى بىرلا ۋاقىتتا كېزىك كېسىلى بىلەن ئۆلگەن يېتىم بالا ئىدى. ئۇ تېخى يەتتە - سەككىز يېشىدا ئىگە - چاقىسىز قېلىپ كەنتمۇ - كەنت تەمتىرەپ يۈرگەندە بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگەن ئىدى. ئۇ، بۇ ئائىلىدىكى "بىقۇالدى بالا" لار قايسى قىسمەتنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، قايسى تەرىقىدە ئۆسسە، ئۇمۇ شۇ يوسۇندا ئۆستى، يەنى بىر - ئىككى يىل خانىقانىڭ داش قازىنى ئالدىدا ئوچاققا ئوت قالىدى. ئاندىن دەريا بويىدا قولىدا شۇپۇڭ تۇتۇپ كالا باقتى. ئەتىگەندە بىر زاغرىنى بېلىگە تۇگۇپ چىقىپ كەتسە، كەچتە داش قازاندا قايىنىغان ئۇماچنىڭ قىر - مىغىغا ئۆلگۈرۈپ كېلەتتى. كويىگەن قىرماق بىلەن چالا - پۇچۇق غىزالانغاندىن كېيىن، ئېغىلغا چىقىپ ئات - كالىغا ئوت - چوپ سېلىشقا ياردەملىشەتتى، ماغدۇرىدىن كېتىپ ھال - سىزلانغاندىن كېيىن بولسا، ئىشلەمچى ئاكىلىرىنىڭ ئايىغىدا بىر بۇلۇڭغا تۇگۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ھىكايىلىرىگە قۇلاق سېلىپ ئۇخلاپ قالاتتى.

توختى ئون ئۈچ ياشقا كىرگەندە قوشچىلار سېپىگە قېتىلدى. ئۇ، بەر قېتىم قوش ھەيدەۋېتىپ تامدەك بىر ئۇي

كالىنىڭ ئارقا پۇتىنى چىشقا كەستۈرۈپ قويدى. تومۇز ۋاقتى بولغاچقا كالىنىڭ پۇتى قۇرۇتلاپ سېسىدى. قۇربانىياز خوجا مەرتلىك بىلەن بۇ كالىنى ئۆلتۈرگۈزۈپ، گۆشىنى خانىقانىڭ داش قازىنىغا تاشلاتقۇزدى - دە، توختىدىن كالىنىڭ بەدىلىگە "ئاتمىش چارەك بۇغداي قەرز بولدۇڭ" دەپ تىلخەت ئالدى. توختى ئون بەش ياشقا كىرگەندە بۇ قەرز ئۆسۈمى بىلەن ئىككى ھەسسىگە كۆپەيدى. شۇ چاغدا قۇربانىياز خوجا توختىنى ئالدىغا چاقىرتىپ، ئۇنى ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك "بالا" بولۇشقا رازى قىلىپ، ساۋاپلىق ئۈچۈن توختىنىڭ بويندىكى قەرزنى "ئېلىپ تاشلىۋەتتى". توختى شۇ كۈندىن ئېتىۋارەن قۇربان-نىياز خوجىنىڭ "بالا مالاي" لىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى......

سارەنىڭ تەقدىر-قىسمىتى بەزى جەھەتلەردە توختىنىغا ئانچىلا ئوخشىمايتتى. توختى بۇ ئائىلىگە كېيىنرەك كىرگەن بولسا، سارە بۇ ئائىلىنىڭ "تۇغما" ئەزالىرىدىن ھېساپلىنىدۇ، يەنى ئاتا-ئانىلىرىغا ئوخشاش مۇشۇ ئائىلىدە تۇغۇلۇپ، مۇشۇ ئائىلىدە ئۆسكەن ئىدى. سارە دادىسىنى ئانچىلا ئەسلىيەلمەيتتى، دادى-سىنىڭ سۇلايمان توپپىشنىڭ دەۋرىدە زەرەپشان دەرياسىدا "سۇ قاچۇرۇش" ۋاستىسى قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن بىرىنچى "قۇربانلىق" بولغانلىقىنى ئۇ كېيىنرەك ئاڭلىدى. ئانىسىنى بولسا، بىر ئاز ئەسلەيتتى. دەرتمەن ئانا رەھىمسىز زورلۇقنىڭ قۇربانى بولغان ئېرىنىڭ ھىجران ئوتىدا ئېلىشىپ قېلىپ تاققا چىقىپ كېتىپ، بورە تالاپ، جەزىرىلەردە قاغا - قۇزغۇنغا يەم بولۇپ تۈگىگەن ئىدى. بەش ياشلىق سارە شۇنىڭدىن

ئېتىۋارەن يېتىم قىز ئىدى. شۇڭا، سارە "بېقىۋالدى بالا" بولماي، بەلكى ئاتا - ئانىلىرى ئىزىدىن بۇ ئائىلىگە سىڭىشكەن تەبىي مالاي قىز ئىدى......

ئەمدى گەپنى يەنە ئالماس ئۈستىگە كۆچۈرىمىز.

## 2. ئالماس

توختى بىلەن سارە گۈلزارلىق ھويلىدىن چىقىپ ئىشـ ـلەمچىلەر قوراسىغا كىرگەندە ئۇلارنىڭ نىكالانغانلىقىنى بىلگەن "بېقىۋالدى" باللار، دىدەك قىزلار، توختىنىڭ قوشچى بۇرادەرلىرى قوللىرىدىكى ئىش - كۈشلىرىنى تاشلاپ، چوڭقۇر يېقىنلىق سەمىمىيتى بىلەن ئۇلارنى تەبرىكلىدى. چاپچاق يېلىشتى، "ئاللا - باركاللا" ئوقۇشتى، بەزى شوخ چاكار يىگىت، دىدەك قىزلار چاۋاك چېلىپ، توختى بىلەن سارەنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ بىر چوگىلەپ ئۇسۇل ئويىدى، قاش - كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ ھەممەيلەننى كۈلدۈردى:

— كېلىنگلار، توي دىگەن باي ئۈچۈنلىمۇ؟ بىزمۇ ئو- زىمىزگە يارىشا توي قىلىپ، بۇ ئىككىسىنىڭ سۇنۇق كۆڭلىگە گۈل چاچايلى، — دىيىشتى.

بېشىدىن ئىسسىق - سوغاق ئۆتكەن قېرىلار بولسا، كىشەنلەنگەن بۇ بىر جۈپ يېتىم قىز - يىگىتنىڭ تەقدىرىگە ئېچىنىپ - خورسىنىپ، ئۇزلىرى بېسىپ ئۆتكەن ئېغىر كۈن- لەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، چوڭقۇر ئويغا تارتىلىشتى - دە، ھېچنىمە دىمىدى.

چوڭ ھويلىدا توقلۇقتىن شوخلۇق چىقىرىپ غەمسىز

ئويناۋاتقان، ئازادە كىيىنگەن باي باللىرى بولسا، ئۇلارغا لەپرەت بىلەن قاراپ:

— شۇمۇ تويىمش!...... ئات - كالا سويىماي، مېھمان قىچاماي، ئەلنەغمە قىلماي، يېڭى سارپايلارنى كىيمەي قىلغانمۇ تويمۇ؟...... قىق - قىق......— دېيىشىپ زاڭلىق قىلىشتى، بەزىلىرى بولسا:

— قارا، سارەنى! ئەرگە تەككەن قىز يۈزىنى يېپىپ يىغلىمامدۇ، ئۇ بولسا بېشىنى سىلىپ، تىرنىغىنى تاتلاپ بۆتتەك تۇرىدۇ......، — دېيىشىپ ھەددىدىن ئېشىشتى.

قوشچى يىگىتلەر، دىدەك قىزلار غەزەپلىنىپ، ئۇلارنى قوغلىۋەتتى.

توختى بىلەن سارە تۇرىدىغان ئۆي يوق ئىدى. توختى يېتىپ - قوپىدىغان ئومۇم ھوجرىدىكى چاكارلار لاقا - لۇقىلىرىنى كوتىرىپ ئۆينى بىكارلىدى، دىدەك قىزلار ھوجرىنى نېرى-بېرى تازىلىدى، كاڭ ئۈستىگە زىغىر پاخلى تاشلاپ ئۈستىگە كىگىز سالدى ھەممە توختى بىلەن سارەنىڭ "يوتقان - تەكىلىرىنى بىر بۆلۈڭگە ئاددى بولسىمۇ رەتلىك قىلىپ تىزىپ، مورا تەكچىسىگە جىن چىراق ياقتى - دە:

— ئۆيۈڭلارغا مۇبارەك بولسۇن، — دېيىشتى.

توختى بىلەن سارەنىڭ ئائىلىۋى ھاياتى ئەلە شۇنىڭدىن باشلاندى.

ئۇلار دەسلەپ ھېيتىقاشتى، كولۇشمىدى، غەلىتىلىك ھېس قىلىشتى، كېيىنرەك ياتسىراشلار ئوتتۇرىدىن كوتىرىلىپ، ئاستا-ئاستا بىر-بىرىگە ئەجىل بولۇپ قېلىشتى. قىسقىسى ئۇلارغا

ئورتاق بولغان ئىغىر قىسمەت ئۇلارنى ئىختىيارسىز بىر بىرىگە
چىتىپ باغلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە ئۇزۇلمەي ئاڭ-
لىنىپ تۇرىدىغان "ئاللانىڭ ئەمرى"، "ئىلاھى تەقدىر"، "پې-
شانىگە پۈتۈلگەن ئىش"، "كىشىنىڭ ئىختىيارىدا بولمىغان رىس-
قى-نېسىۋە" دىگەنگە ئوخشاش سىرلىق، چۈشىنىكسىز ئەمرى-
مەرۇپلارمۇ ئۇلارنىڭ ئېڭىغا تەسىر قىلماي قالمايتتى......

ئۇلارنىڭ دەسلەپكى ئىككى پەرزەنتى ئانا قورسىغىدا
تېخى ئالەمگە كوز ئاچماي تۇرۇپ ئىغىر ۋە تىنىمسىز ئەمگەك
تەسىرىدە تۈنجۈقۈپ ئۆلدى. سارە كېسەلمەن بولۇپ قالدى ۋە
ئۇزۇنغىچە تۇغمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كوڭلى يېرىم
ولغىنى يوق. ئەكسىچە: بالىلارنىڭ بۇ ئالەمدە كورىدىغان
-ۇنى بىزدەكلا بولسا، ئۇلارنىڭ بۇ ئالەمگە كەلگىنىدىن
كەلمىگىنى تۈزۈك، دىيىشتى. ئەمما، ئۇلار "توختاخۇن"، "سارى-
خان" بولۇپ ئوتتۇرا ياشلىق بولۇپ قېلىشقانلىرىدا، ئىككى
پەرزەنت — ئالماس ۋە ئانار تۇغۇلدى.

دەسلەپ تۇغۇلغىنى ئالماس ئىدى. ئالماس دۇنياغا
كەلگەندە ئەلۋەتتە ئۇنى ھىچكىم "ئالماس" دەپ ئاتىغىنى يوق،
لېكىن توختاخۇن خوشال ئىدى:

— ھەر نىمە بولسا، ئىشقىلىپ ئوغۇل، چوڭ بولىدۇ،
ئوكۈزدەك بېجىرىم يىگىت بولىدۇ. مەن ئولۇپ-تارتىپ قالسام
ئانىسىغا ھەمرا، ئانىسى ئولۇپ-تارتىپ قالسا ماڭا ھەمرا،
ئەمما، بۇ بالامنى ھەرگىزمۇ بەگ ئائىلىسىگە تۇتۇپ بەرمەي-
مەن، ئوقۇتىمەن، ئېغىزىغا ئىلىم سالسۇن. لېكىن، موللا

قىلمايەن. ھۇلەرۋەن ـ كاسىپ بولسۇن. بۇ بالامنىڭ ئايىغى يارىشىپ مەخسۇت بەگدىن قۇتۇلۇپ كەتسەك ئەجەپ ئەمەس، ــ دەيتتى.

ئالماس تۇغۇلۇپ ئاردىن ھەپتىلەر ئۆتتى. لېكىن، بالىغا ئات قويۇش گويا ھېچكىمنىڭ يادىغا كەلمەيۋاتقاندەك ئىدى. ئاتىمۇ، ئانىمۇ "بالام" دەيتتى، "بالام" دىگەن ئەلۋەتتە ئىسىم ئەمەس. توختاخۇن ئىشتىن يېنىپ، ھېرىپ ـ چارچاپ ئۆيگە كىرگەندە، گوسمۇستەك ساغلام، چوڭ كوز، قارا قاش، بېجىرىم بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ:

ــ بۇ بالام يولۋاستەك باتۇر، پالۋان، ئەزىمەت يىگىت بولىدۇ، قانداق يولۋاس ـ ھە، قانداق باتۇر ـ ھە، قانداق پالۋان ـ ھە؟ ــ دەپ ئەركىلەتتى.

بىر مەزگىل "يولۋاس"، "باتۇر"، "پالۋان" ــ ئاتىنىڭ تىلىدا ئىسىمغا ئايلىنىپ يۈردى. چاكارلار، مالاي ئاياللار بالىنى قولىغا ئالغانلىرىدىمۇ، بەزىسى "يولۋاس"، بەزىسى "باتۇر"، بەزىسى "پالۋان" دىگەن نام بىلەن ئەركىلەتتى.

بىر كۈنى توختاخۇن مۈرىسىگە ئارا سېلىپ خامانغا كېتىۋېتىپ، ياسىن خوجا ــ "ياسىن شاڭخەي" ياۋروپاچە قىلىپ سالدۇرغان يېڭى ئىمارەتنىڭ ئالدىدىن چىقىپ قالدى. ئىمارەت ئاللىقاچان پۈتكەن، ھازىر بولسا شەھەردىن تەكلىپ قىلىنغان ئەينەكچىلەر ئىمارەتنىڭ دەرىزىلىرىگە ئەينەك سېلىۋاتاتتى. ئەينەكچىلەر سىزىپ ـ چىزىپ ئىشلىتىۋاتقان ئالماس دەررۇ توختاخۇننىڭ دىققىتىنى تارتتى، قولىغا ئېلىپ قاردى ۋە ئۈن ـ تىنسىزلا كېتىپ قالدى.

شۇ كۆلى كەچقۇرۇن توختاخۇن بالىنى يوگىگى بىلەن قولىغا ئېلىپ، رەسمىي ئەزان توۋلاپ ئات قويدى:

— ئالماس بولسۇن، ئالماستەك تىغى قايرىلماس پىچاق بولسۇن، ئالماس قويدۇم. بۇنىڭغا پەرۋەردىگار ھەم، ئاسمان-زېمىن ھەم گوۋا بولسۇن، ئامىن......

ئارىدىن توت يىل ئۆتكەندە سارىخان يەنە بىر پەرزەنت كوردى. بۇ قىز ئىدى. سارىخاننى قىز تۇغۇلۇپ ئۈچىنچى كۈنى ئىشقا ھەيدەپ چىقىشتى. توختاخۇننى ئىشتىن باش كوتەرگۈزمەيتتى، دۇنياغا كەلگەن قىز گويا ئاتا-ئانىسىنىڭ كوتىرەلمەيۋاتقان يۈكى ئۈستىگە توپلەپ ۋندۇرۇلغان يېڭى يۈكتەك ئارتۇقچە بولۇپ، ئۇلارنى خوشال لمىدى، ئانچىلا قىلىپ كېتىشمىدى، تاشلاپ قويۇشتى.

شۇنداق بولغاچقا بۇ قىزنى كۈتۈش، ئاسراش، پەپەلەش تەبىي يوسۇندا توت ياشلىق ئالماسنىڭ مەجبۇرىيىتى بولۇپ قالدى، يىغلىسا پەپلەيتتى، بولەنچۈككە سېلىپ بەرسە تەۋرىتەتتى، يەرگە ياتقۇزۇپ قويسا ئومىلەپ يۈرۈپ، مەگزىنى مەگزىگە يېقىپ:

— ئۈكام، ئۈكام، يىغلىماڭ، يىغلىماڭ جۇمۇ، ئانام كېيدۇ، ئاش ئېتىپ بېرىدۇ، — دەپ باقاتتى.

مالاي قىزلار بەزىدە زىغىر پاخلى ئۈستىدە يۇمۇلىنىپ ياتقان بوۋاقنى كورگەندە ئىچى سېرىلىپ، بىر ئامال قىلىپ بىرەر نەشپۈت، بىرە-يېرىم بېھى، بىرەر تال بادام ياكى جىنەستە تېپىپ كېلىپ تاشلاپ كېتىشەتتى. ئالماس بۇ نەرسىلەرنى ئۈكىسىنى ئوينىتىش ئەمىگى قىلىپ:

— مېنىڭ سىڭىلىم لەشپۈتخان ـ ھە؟ مېنىڭ سىڭىلىم بادام گۈل ـ ھە؟ ...... — دەپ ئويناپتتى.

بىر كۈنى بىر "بېغىۋالدى" قىز بىر دانە ئانارنى ئېپكىلىپ بەردى:

— تېخى خام، ئۇكاڭنى ئويناتقىن، — دېدى.

ئالماس ئانارنى قولىغا ئېلىپ، سىڭلىسىنىڭ بېشى، كۆزى، بۇرنى، ئېڭەكلىرى ئۈستىدە ئايلاندۇرۇپ ئوينىدى. ئويناپ زېرىكتى. ئاخىرى، ئانارنى سويۇپ، ھال رەڭگە كىرگەن بىر تال ئۇرۇقچىسىنى ئېلىپ سىقىپ ئۇكىسىنىڭ ئېغىزىغا تېمىتتى.

قىزنىڭ چىرايلىرى پۇرۇشۇپ، ۋىلىق ـ ۋىلىق كۈلدى. ئالماس:

— مېنىڭ ئۇكام ئانارخان ـ ھە؟ ئەمدى سىزنى ئانارخان دەيمىز ـ ھە، — دەپ ئوزىمۇ تەڭ كۈلدى. كېيىن بۇنىڭ قىزغا ئىسىم بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئالماس ئەلۋەتتە بىلمەيتتى. ئاخىرى "ئانار" قىزنىڭ ئالماس قويغان رەسمىي ئىسمى بولۇپ قالدى......

ئالماس بىلەن ئانارنىڭ بالىلىق، گۆدەكلىك چاغلىرى ئەلۋەتتە مەخسۇت بەگ ئىسكەنجىسىدىكى ئاتا ـ ئانىلىق ۋە ئاتا ـ ئانىسىز بالىلارنىڭ ئوسۇپ يېتىلىش يولى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش — كۈلگە مىلىنىپ داش قازاننىڭ ئوچىقىغا ئوتۇن تاشلاش، گۈلزارلىق ھويلىنى ھەر كۈنى ئىككى قېتىم

سۇ سېپىپ سۇپۇرۇش، پادا بېقىش، قوشچىلىق قىلىش، ئەتىدىن كەچكىچە تۈگىمەس يۈگە-يېتىم ئىش......

شۇنداق بولسىمۇ ئالماستا ئۆز تەڭ-تۇشلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر ئۆزگىچىلىكمۇ بار ئىدى يەنى زېرەك، ئەقىللىق، تەڭ-تۇشلىرى بىلەن ئىناق-ھەمدەرت ۋە ئاتا-ئانىسىغا بولەكچە-ھېرىسمەن-غەمگۇزار ئىدى. ئۇنى-بۇنى ئۆگىنىۋېلىشقا ئۇتتەك قىزىقاتتى.

ئالماس بىگىز قولىنى قەلەم، داق يەرنى قەغەز قىلىپ، ئۆزلۈگىدىن سىزىپ-چىزىپ ئۆگىنىپ يۈرگەن چاغلىرىدا ھېچبىر كۈتۈلمىگەندە ياڭاقلىق يېزىسىدا يېڭى مەكتەپ ئېچىش شاۋقۇنى كوتىرىلدى. بۇ شاۋقۇن بىرمەھەل پۈتۈن زەرەپشان بويلىرىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، ئالماسنىڭ ئىلىم-بىلىمگە تەشنا قەلبى ئۇچۇن گويا يېڭى بىر ئىمكان ئېچىلغاندەك بولغان ئىدى......

## 3. يېڭى مەكتەپ

يېڭى مەكتەپ ياخشىمۇ-يامانمۇ؟ بۇ، بىر مىڭ توققۇز يۈز قىرىغىنچى يىللارنىڭ باشلىرىدا ئېغىر ئۇيقۇدا ياتقان، ھەممە يېرىنى جاھالەت قاپلىغان زەرەپشان خەلقى ئۇچۇن مۇنازىرە تېمىسى بولۇشتىن يىراق ئىدى.

لېكىن شىنجاڭدا تارىخىي خاراكتېرلىق ۋەقە بولغان

"ئاپرېل ئۆزگىرىشى" دىن كېيىن، بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەرپېدىن ئەۋەتىلگەن يولداش چېڭ تيەنچۇ، يولداش ماۋزېمىنلار شىنجاڭغا كېلىپ، ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر زىيالىلىرى بىلەن بىللە، ئىستىبدات ۋە جاھالەتكە قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا زور ئويغىنىش ھەركىتىنى قانات يايدۇرغاندىن كېيىن بىر مەزگىل يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتى جۇش ئۇرۇپ قانات يايدى.

بۇنىڭ بەلگىلىرىدىن بىرى بولۇپ، زەرەپشان دويلىرىدىمۇ يېڭى مەكتەپ ئېچىش دولقۇنى قوزغىلىپ كەتتى. ئۈرۈمچى، قەشقەر، يەكەنلەردىن كالتە چاپان، پوشقىنى قايرىلغان شىم كىيگەن "ئەپەندىلەر" كېلىپ، يېڭى مەكتەپ ئېچىشقا تۇتۇش قىلىپ، تەشۋىقات دولقۇنى كۆتەردى.

بۇ ئىش باشلىنا-باشلانماستىنلا ئۇنىڭغا ھىسامىدىن داموللا ئەرۋايى ئۇچۇپ، جان-جەھلى بىلەن قارشى چىقتى. ئۇ، ئەتراپىغا قازى-ئەلەم، مۇدەررىس-دامولللارنى توپلاپ، ھەدىسە كىتاپلارنى ۋاراقلاپ، ھەدىسلەرنى ئاقتۇردى-دە:

— يېڭى مەكتەپ ئېچىش بىزنىڭ موقەددەس دىنىمىزغا خىلاپ، كىشىلەرنى ئىماندىن ئازدۇرغانلىق، جەدىتلىكنىڭ باش كۆتىرىشى، — دەپ چۇقان كۆتەردى.

لېكىن، ھۆكۈمەت بۇ ئىشنى سۈيلەپ تۇرغاچقا، بولۇپمۇ "ئەپەندىلەر" نىڭ تەشۋىقاتى ئاستا-ئاستا كىشىلەر رايىنى ئۆزىگە تارتىۋالغاچقا ھىسامىدىن داموللا ۋەزىيەتنى دەڭسەپ كۆرۈپ نائىلاج:

— ھۆكۈمەتنىڭ ئەمرىنى تۇتماقلىق ۋاجىپ، ھۆكۈمەت ئەمر قىلغان ئىكەن، يېڭى مەكتەپ ئېچىشقا يول بار، — دەپ ھۆكۈم چىقاردى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىسلام پىششىۋالىرى، يۇرت كاتتى-لىرى كوپ قېتىم پەتىۋا چىقىرىپ، ئۆز ئىچىدە يېڭى مەكتەپكە موللا، ئاخۇن، بايلارنىڭ بالىلىرىنى بېرىش گۇنا، بىمەنىلىك. ئىككىدىن ئارتۇق بالىسى بار، ئەمانى سۇس "قارا" خەلقنىڭ بالىسىنى تۇتۇپ بېرىپ، يېڭى مەكتەپ غەۋغاسىنى ساقايتىش كېرەك، دەپ قارار قىلدى.

ئاخىر، ياڭاقلىق يېڭى مەكتىۋى "خۇدالىق مەدرىس" نىڭ قارشى تەرىپىدە قەد كوتەردى. يېڭى مەكتەپنىڭ بىنا قۇ-رۇلۇشىدىن تارتىپ، ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرىغىچە ھەممە نىمىسى يېڭى ئىدى، يېڭى مۇئەللىملەر كەلدى. قارىخانىدا ئەرەپ ئاھاڭىدىكى قىرائەت، مەدرىستە چىگىش مەسىلەرنىڭ مۇرەككەپ مۇتالىەسى ئۇزۇلمەي ئاڭلىنىپ تۇرغانغا ئوخشاش، يېڭى مەكتەپتە غەزەل، تەنتەربىيە سادالىرى ئاڭلىنىپ تۇرۇ-دىغان بولدى. بۇ يەردە ئانا تىل، ھىساپ، رەسىم، جۇغراپىيە - تارىخ دەرسلىكلىرى بىلەن بىللە يەنە قوشۇمچە دىنى دەرس ئوتۇشمۇ مەجبۇرىيەت ئىدى.

ئالماس يېڭى مەكتەپكە ئۇچىنچى يىلى تۇتۇپ بېرىلگەن "ئالۋاڭ ئوقۇغۇچى"نىڭ تۇنجىسى بولدى.

توختاخۇن ئالماسنى ئەسلىدە ئوقۇتماقچى، لېكىن موللا تەقۋادار قىلماقچى ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئالماسنىڭ "ئالۋاڭ ئوقۇغۇچى" بولۇشىنى ئۆز كوڭلىدە ئوقۇمىغان، موللا سوپى بولغاندىن تۈزۈك، دەپ قاردى.

— بارغىن ئوغلۇم، ئوقۇغىن،— دىدى ئۇ ئالماسقا،— ئە-پەندىلىرىمۇ تۈزۈك كىشىلەر كۆرۈنىدۇ، خەت - ساۋاتلىق بولغىن، كىرزى ئوچۇق قارغۇ بولۇش بىز بىلەن كەتسۇن......

ئالماس ھەۋەس بىلەن، لېكىن قاتتىق مۇشكۈلچىلىك ئىچىدە يېرىم كۈن "ئالۋاڭ" ئۈچۈن مەكتەپتە ئوقۇسا، يېرىم كۈن مەخسۇت بەگنىڭ قوراسىدا "يېمەك ھەققى" ئۈچۈن تىنىمسىز ئىشلەيتتى. يېڭى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى نامرات گاداي بالىلىرى بولغاچقا ئۇلاردا نە قەلەم، نە قەغەز يوق ئىدى. ئالماسنىڭ كۈنى تېخىمۇ تەس ئىدى. ئەمما، يوقسۇزلۇقنىڭ بۇ ئېغىر دەردىنى ئالماسنىڭ ئۆتكۈر زېھنىي كۈچى ھەل قىلاتتى. مۇئەللىمنىڭ دېگەنلىرىنى كۆڭلىگە چىقماس قىلىپ قاچىلاپ، دوسكىغا سىزغان-چىزغانلىرىنى مېڭىسىگە ئۆچمەس قىلىپ خاتىرىلەيتتى، دەرستە ھەممىدىن ياخشى ئوقۇغۇچى ئىدى.

ئالماس تۆتىنچى سىنىپنى پۈتتۈرۈپ، بەشىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان يىلى كەچكۈزدە ئۇنىڭ ئوقۇش يولى بىردىنلا كېسىپ تاشلاندى.

بۇ ۋەقە مۇنداق بولغان:

1945-يىلدىن كېيىن زەرەپشان بويلىرىدىمۇ گومىنداڭنىڭ پىرقە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى، يېزا-كەنتلەردە باۋجا تۈزۈمى ئورنىتىلدى، مەكتەپلەرنىڭ تۈسى ئۆزگەردى، بەگلىك مەكتەپلەرگە بەگ شياۋجاڭ بەلگىلەندى، مەخسۇس تەربىيە ئالغان تەرتىپ مۇدىرلىرى يېتىپ كەلدى. مەكتەپلەردىمۇ جەمىيەتتىكىگە ئوخشاش بىر خىل سۈرلۈك، فاشىستىك كەيپىيات ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. ياڭاقلىق مەكتىۋىدىمۇ تەلەتى سېرۇن، چىرتاق چىقىراپ سۆزلەيدىغان، بېلىگە كەمەر باغلىغان تەرتىپ مۇدىرى

پەيدا بولدى، ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ "كەيپىياتى"نى كۆزىتەتتى، ھەربىلەشكەن تەنتەربىيە ئېلىپ باراتتى. ئادەت بويىچە ھەر كۈنلۈكى دەرس باشلاشتىن ئىلگىرى ۋە دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارنى مەشكە دەسسىتىپ بولۇپ، مەكتەپ مومىسىنىڭ ئالدىغا سەپراس قىلىپ تىزاتتى - دە، بايراق چىقىرىش - چۈشۈرۈش ھەركىتىگە قوماندانلىق قىلاتتى.

11 - ئاينىڭ ئاخىرى، ھاۋا جۇت - شىۋىرغان، سوغاق سوگەكتىن ئۆتەتتى. بۈگۈنمۇ ئادەت بويىچە ئەتىگەنلىك مەشكە دەسسىتىش ئاياقلاشقاندىن كېيىن دومباق - كاناي ساداسى ئە - چىدە بايراق چىقىرىلدى. تەرتىپ مۇدىرىنىڭ قارىچۇغا كوزلىرى ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ھەركىتىنى سىنچىلاپ نازارەت قىلماقتا. ئالماس بايراق چىقىرىلىۋاتقاندا يېنىدا تۇرغان تەڭ - تۇش ئاغىنىسى — كوزى ئوتلۇق چوكراق ساۋاقدىشى ئېلىقۇلنىڭ مۈرىسىدىن تارتتى ۋە "قارىغىنا" دىگەندەك ئوقۇتقۇچىلار سېپىنى كورسەتتى.

ئوقۇتقۇچىلار سېپىنىڭ كەينىدىرەك تەرىپىدە بىر ياش ئوقۇتقۇچى گويا بۇ غەلىتە ھادىسىگە نەپرەتلەنگەندەك بېشىنى تىك تۇتۇپ، مەنىستىمەي قاراپ تۇراتتى.

ئەمما جىرتاق كوز تەرتىپ مۇدىرى ئالماس بىلەن ئېلىقۇلنىڭ قائىدىنى بۇزۇپ پىچىرلىشىۋاتقانلىقىنى كورۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىردىنلا كوزلىرىنى چەكچەيتىپ ئېتىلىپ كەلدى - دە، ئاۋال ئالماسنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئېلىقۇل ۋە يەنە ئىككى ئوقۇغۇچىنى توخۇنى قاماللىغاندەك قاماللاپ، تويۇقسىز سورىگەن پېتى ئېلىپ بېرىپ، مەش مەيدانىنىڭ يېنىدىكى ھەمدەك

قىلىنىلغاندا مۇز تۇتقان مەكتەپ كولىگە پومداقلاپ تاشلىۋەتتى......

مۇنداق ئىش مەكتەپتە پات - پات بولۇپ تۇراتتى، جىرتاق كوز تەرتىپ مۇدىرى ئۇنى "مىگىنى سەگىتىش جازاسى" دەپ ئاتايتتى، لېكىن مۇنداق مۇزلۇق كولگە قىش ۋاقتىدا تاشلاشنى ئوقۇغۇچىلار تېخى كورمىگەن ئىدى.

يۇقۇرى سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى كولگە سەكرىشىپ، ئالماس باشلىق توت ئوقۇغۇچىنى سۇدىن سۇزۇپ چىقتى ۋە كەيىملىرىنى سىقىپ كىيگۈزۈشتى......

شۇ كۈنى كېچىسى توختاخۇن بىلەن سارىخان ئالماسنىڭ كىيىملىرىنى ئوتقا قاقلاپ كوزىنى يۇممىدى. ئالماس كېچىچە تونۇردەك قىزىپ، جويلۇپ بىمارام بولدى. تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ ئالماس يەنە ئورنىدىن تەسلىكتە تۇرۇپ هالسىزلانغان هالدا مەكتەپكە ماڭدى. ئاتا - ئانىسى:

— بويۇڭ قىزىپ تۇرىدۇ، پېشانەڭدىن ئوت چىقىۋاتىدۇ، بارمىغىن، — دېيىشتى.

ئالماس بىر كۈنمۇ دەرستىن قالمايتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە مەكتەپكە كەلمىگەن، كېچىككەن ئوقۇغۇچىغا بېرىلىدىغان تەنبىھ - جازا، جەرىمانىمۇ بىر قورقۇنچلۇق ۋەھىمە ئىدى. ئالماس غەيرەت قىلىپ مەكتەپكە كەتتى.

شۇ كۈنى، ئۇنۇگۈن مۇزلۇق كولگە تاشلانغان توت ئوقۇغۇچىدىن باشقا يەنە بەزى ئوقۇغۇچىلار ئەتىگەنلىك مەشىق دەسسەشكە كېچىكىشتى.

جىرتاق كوز تەرتىپ مۇدىرى هەر كۈنى ئەتىگەندە تەكرارلىنىدىغان قائىدە بويىچە بۇگۈنمۇ كېچىككەن ئوقۇغۇ-

چىلارنى سەپىنىڭ ئالدىغا چىقىرىپ، بويىسىر قىلىپ تىزدى ـ دە، ئالماستىن باشلاپ ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئالقىنىغا ئۈچ قىرلىق، كۆك سىرلانغان "ئەدەپ كالتىكى" بىلەن ئۇندىن ئۇردى. ئالماسنىڭ ئالقىنىغا "ئەدەپ كالتىكى" يەتتىنچى قېتىم تەككەندە ئالقانلىرىدىن "جىرت ـ جىرت" قىلىپ قىپ ـ قىزىل قان ئېتىلىپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن جىرتاق كوزنىڭ نىمە ئىشى؟ ئەلۋەتتە "ئەدەپ كالتىكى" ئونىنچى قېتىمغىچە ئۇرۇلدى.

ئالماس چىشىنى چىشىغا چىڭ بېسىپ تولغانغان ھالدا تۇرە تۇراتتى. قالغانلارنىڭ كوزىدىن ئاللىقاچان ياش ئەگىپ كەتتى، بەزىلەر چىقىراپ تۈگۈلۈپ كەتتى. بىر ئوقۇغۇچى ئۈچىنچى قېتىم ئۇرۇلغان "ئەدەپ كالتىكى" بىلەن ئايلىنىپ يىقىلدى، يەنە بىر ئوقۇغۇچى "ئەدەپ كالتىكى"نىڭ بەشىنچىسى تەككەندە قولىنى ئىشتىك تارتىۋالدى. تەرتىپ مۇدىرى ئۇنىڭ قولىنىڭ يان تەرىپىدىن ئۇرۇپ چىمچىلاق قولىنى سۇندۇردى. ئۇ بالا كوزى قاراڭغۇلىشىپ كەينىگە ئۈچۈپ كەتتى......

مانا شۇ چاغدا، چوڭ ياشلىق ئوقۇغۇچىلار نارازىلىق بىلدۈرۈپ، قىيا ـ چىيا قىلىشتى:

— تەرتىپ مۇدىر، ئەپۇ قىلسىلا، مۇندىن كېيىن كېچىكمەيدۇ، بىز تىلەيمىز.

لېكىن، تەرتىپ مۇدىرى كىم قاتتىقراق ۋاقىرىغان بولسا، شۇنى رەتنىڭ ئالدىغا سورەپ چىقىپ، "ئەدەپ كالتىكى" بىلەن تەنبىھلىدى. ئاندىن چىمچىلاق قولى سۇندۇرۇلۇپ ئايلىنىپ يىقىلغان ھىلىقى ئوقۇغۇچىنىڭ كەم "ئەدەپ كالتىكى"نى تولدۇرۇش ئۈچۈن كوزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ، زەھەرلىك بىلەن ئۇنىڭغا ۋاقىرىدى:

— ئورنىڭدىن تۇر!

ئوقۇغۇچى دەلدۈگۈلۈپ، كوزلىرى ئېلىشقان هالدا تەس-لىكتە ئورنىدىن تۇردى.

— تىك تۇر، ئالقىنىڭنى ئاچ!

ئوقۇغۇچى ئالقىنىنى ئېچىشقا تەمشەلگەندە ئالماس قو-شۇمىسىنى تۈگۈپ، ساۋاقداشىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئالقىنىنى ئاچتى:

— مانا، مېنى ئۇرسىلا!

— سېنىما؟!......

تەرتىپ مۇدىرى ئىچى قارىلىق بىلەن كوزىنى بىر چەك-چەيتتى - دە، "ئەدەپ كالتىكى"نىڭ جاندىن ئوتىدىغان قىرلىق تەرىپىنى مەقسەتلىك توغرىلاپ، ئالماسنىڭ ئالقىنىغا ئارقا-ئارقىدىن بەشنى ئۇردى. ئالماسنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئوت ئې-لىپ كويۈپ، قارا تەرگە چومۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارنى هاڭ - تاڭ قالدۇرۇپ، قەددىنى تىك تۇتقان هالدا "غىڭ" قىلىپ ئاۋاز چىقارمىدى.

ئەمما تەرتىپ مۇدىرى ئالماسنىڭ ئالقىنىغا "ئەدەپ كالتىكى"نىڭ ئالتىنچىسىنى ئۇرماقچى بولغاندا، ئالماس "شارت" قىلىپ قولىنى تارتىۋالدى:

— يەنە ئۇرامدىلا؟

— ئاچ قولۇڭنى!......

— ئاچمايمەن، — ئالماس قوشۇمىسىنى چىڭ تۈگكەن هالدا جۈرئەت بىلەن ئېيتتى، — ئۇنىڭ كەم قالغان "ئەدەپ كالتىكى" بەش، ئۇرۇپ بوللىغۇ!......

— نىمە، نىمە، سەن ئېيتقىن، — تەرتىپ مۇدىرى جىرتاق
كوزلىرىنى پاقىرىتىپ "ئەدەپ كالتىكى"نى ئىگىز كوتەردى، —
قولۇڭنى ئاچ!......
تاقەتسىزلىنىپ تۇرغان چوڭ ئوقۇغۇچىلار بىردىن پاتىپاراق
بولدى. دەررۇ ھەممىسى قوزغىلىپ كېلىپ، تەرتىپ مۇدىرىنى
ئارىغا ئېلىۋالدى:
— ئاچمايدۇ!......
— نىمشقا ئاچىدىكەن!......
— ئولتۇرەمسەن!......
— ... ... ...
تەرتىپ مۇدىرى، "ئولتۇرەمسەن" دىگەن گەپنى ئاڭلاش
بىلەن تۇيۇقسىز غالجىرلاشتى، "ئەدەپ كالتىكى"نى پىقىرىتىپ
تۇرۇپ، ئالدىغا كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى قالايمىقان ئۇرۇشقا باش-
لىدى. غەزەپلەنگەن ئوقۇغۇچىلارمۇ بوش كەلمىدى. تەرتىپ
مۇدىرىنىڭ يولسىزلىغىنى سوكۈپ-ئەيىپلەپ، ئۇنى نېرى ئىتتىر-
ىپ-بېرى ئىتتىرىپ، بىراقلا سۇرۇپ بېرىپ كولگە تاشلىۋەتتى.
تەرتىپ مۇدىرى مۇزلۇق كول ئىچىدە سۇغا پىشلىپ
پالاقشىپ يۇرگەندە ئوقۇغۇچىلار ئوز غەلىبىسىدىن خوشال بو-
لۇپ، تەنتەنە قىلىپ ئىسقىرتىپ-چاۋاك چېلىشىپ كەتتى......
ئەمما، بۇ تەنتەنە ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى.
ئارىدىن بىرنەچچە مىنۇت ئوتمەيلا كوزلىرىدىن زەھەر
چېچىپ، چىكە، تومۇرلىرىنى كوپتۇرۇپ مەكتەپ مۇدىرى ئالدىراپ
يېتىپ كەلدى.
مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىسمى ئەلۋەك سوپى بولۇپ، يوللۇق،

بەقەسەم تون، ئىسكىلاچ مەسە، ئالما ئۈرۈغى دۇخاۋا دوپپا كىيىپ يۈرىدىغان پاكار، سېمىز، چاشقان بۇرۇت بىر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ نەدە، نىمە ئوقۇغانلىغىنى، ئىلىم - بىلىمدىن خەۋىرى بار - يوقلۇغىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ، رەسمىي نامى بويىچە "بەگ شياۋجاڭ" دەپ ئاتىلاتتى. يەنى يېزا - قىشلاق يېزىدىكى بەگلىك مەركىزىي مەكتىۋىنىڭ مۇدىرلىغىنى ئۆتىگەندىن باشقا، يەنە مۇشۇ بەگلىكنىڭ ھەرقايسى يېزىلىرىدىكى شوبە مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىغىنى قوشۇمچە ئۆتەپ، بىرقانچە ئورۇندىن تەڭ مائاش ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ مۇشۇ بەگلىكتىكى گومىنداڭ شوبە پىرقىسىنىڭ شۇجىسى سالاھىيتى بىلەن مەخسۇت بەگنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشەتتى. مەخپى تۈردە "قۇلاق" بېكىتىش، "كەيپىيات"نى ئىگەللەپ تىڭ - تىڭلاش ئۇنىڭ دائىملىق خىزمىتى ئىدى.

ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلىگەن ھالدا ئېھتىيات چانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا مەجبۇر ئىدى.

شاۋقۇن كوتىرىپ تەنتەنە قىلىشۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئەلۋەك سوپىنى كورۇپ "بەگ شياۋجاڭ، بەگ شياۋجاڭ كەلدى" دەپ پىچىرلىشىپ جىم بولدى.

ئەلۋەك سوپى بايراق چىقىرىدىغان مومىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بىر قولىنى ئىگىز كوتىرىپ، چىقىراق ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىدى:

— قوڭغىراق ئۇرۇلسۇن، ئوقۇشنى توختات! ھەممەڭ سەپ راس بول، ئوقۇغۇچىلار سول تەرەپ، ئەپەندىلەر ئوڭ تەرەپ تىزىل!...... چاپسان، تېز، يۈگۈر، بولۇشە......

ئۇ يەنە مۇدىرىيەت خىزمەتچىلىرىگە:

— مەكتەپتىكى بارلىق "ئەدەپ كالتىكى"نى ئېيپچىقىش، تېرەككە ئاغامچا سال، سۇنمايدىغان تاياق تەييارلاش! — دەپ ۋاقىرىدى.

پۈتۈن مەكتەپ سەپكە تىزىلغاندىن كېيىن ئەلۋەك سوپى:

— دولەت بايرىغىغا ھۆرمەت بىلدۈرمىگەن قايسىڭ؟ تەرتىپ مۇدىرىنى كولگە، تاشلىغان قايسىڭ؟ دەرھال سەپنىڭ ئالدىغا چىق! — دەپ بۇيرۇق بەردى.

نەچچە يۈزلىگەن ئوقۇغۇچى ۋە بىر چەتتە تىزىلىپ تۇرغان ئوقۇتقۇچىلار جىم تۇراتتى. ھېچكىمدىن سادا چىقمىدى.

ئەلۋەك سوپىنىڭ گوشلۇك بۇرۇن ۋە سالپىيىپ چۈشكەن ئىڭەك گوشلىرى تارتىشىپ كەتتى، چەكچەيگەن كوزلىرى پال-پۇل قىلاتتى:

— ھە!......نىمە تۇرۇشىسەن، چىقىش ئالدىغا!......

يەنە جىمجىت.

شۇنىڭدىن كېيىن جىرتاق كوز تەرتىپ مۇدىرى تىترەپ جالاقلاپ تۇرۇپ ئالماس، ئېلىنقۇل باشلىق بىرنەچچە ئوقۇغۇچىنىڭ ئىسمىنى ئاتىدى. ئەلۋەك سوپى ئوزى ئېتىلىپ بېرىپ، ئىسمى ئاتالغان ئوقۇغۇچىلارنى قۇلىغىدىن تارتىپ، داقىرىتىپ سورىگىنىچە سەپنىڭ ئالدىغا چىقاردى. ئاندىن قولىغا "ئەدەپ كالتىكى" نى ئېلىپ، بىر باشتىن ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئالقىنىغا بىرنەچچىدىن چاكىلدىتىپ ئۇردى-دە، بىردىنلا "ئەدەپ كالتىكى" نى پىقىرىتىپ تاشلىۋەتتى:

— ھەيدەڭلار، ھەممىسىنى تېرەككە ئېسىڭلار، ئەدەپ-قائىدىلى ئەمدى ئۆگىنىسۈن! — دەپ ۋاقىرىدى.

ئالماس، ئېلىقۇل باشلىق ئوقۇغۇچىلارنى چوڭ تېرەك-لىنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كېلىشتى، قوللىرىنى باغلاپ، تېرەكنىڭ ئاچىماقلىرىغا ئاغامچا تاشلىدى.

جان-پىنى چىقىپ تۇرغان ئەلۋەك سوپى چاشقان بۇ-رۇتلىرىنى لىكىلدىتىپ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ۋاقىرىدى:

— بول، ئاغامچىنى تارت، توختىما!......

ئەمما، دەل شۇ چاغدا ئۈستىگە ماش رەڭ تېرىكىدىن شىم تۇجۇركا، بېشىغا كوپە قولاقچا، پۇتىغا كالتە قونچلىق كون ئوتۇك كىيگەن، تۇنۇگۈن ھىلىقى بايراق چىقىرىش ھەر-كىتىدە بېشىنى تىك تۇتۇپ مەنىستىمەي قاراپ تۇرغان ياش ئوقۇتقۇچى سالماق قەدەم بىلەن سەپنىڭ ئالدىغا چىقىپ مەكتەپ مۇدىرى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ئوقۇتقۇچىلار ئىشتىك بېشىنى بۇراپ، ھەيداشلىق بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى. ئوقۇغۇچىلار ئىختىيارسىز بىر بىرىگە مەنە-لىك قارىشىپ، "ئاسىم ئەپەندىم، ئاسىم ئەپەندىم......" دەپ بىلىنەرلىك ئاۋاز چىقىرىپ پىچىرلاشتى.

ئاسىم ئەلۋەك سوپىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قاراپ:

— بەگ شياۋجاڭ، سىز بۇ بالىلارنى تېرەككە ئاسماق-چىمۇ؟ — دېدى.

ئەلۋەك سوپى كوزىنىڭ پاختىسىنى چىقاردى ۋە بىر خىل مەسخىرە ئاھاڭى بىلەن:

— خوش، هورمەتلىك ئاسىم ئەپەندى، — دېدى ئۇ، — جاناپلىرىنىڭ بۇ ئاددى قائىدىگە باشقىچە پىكىرلىرى يوقتۇ؟......

— پىكرىم بار، — دېدى ئاسىم، — بۇ يېڭى مەكتەپتە! سىز يېڭى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى پالاقا بىلەن جازالايدىغان كونا مەكتەپكە ئوخشىمايدۇ، دەيتتىڭىزغۇ؟

— ھەم، سىز نېمە دېمەكچى؟

— ئوقۇغۇچىلار تەرتىپ مۇدىرىدىن خاتا ئۇسۇل بىلەن ئوچ ئاپتۇ، بىزمۇ ئوقۇغۇچىلاردىن ئوچ ئالىمىزمۇ؟

ئەلۋەك سوپىنىڭ سەۋرى قاچىسى بىردىن يېرىلدى:

— نېمە، نېمە دېدىڭىز؟ سىز ئوقۇغۇچى بىۋاكىلارغا بولۇشماقچىمۇ، ھەم، سىز تېخى نېمىگە ئارىلىشىۋاتىسىز - ھە؟ مەن سىزگە كورسىتىمەن! — ئۇ شۇ گەپنى ئېيتتى - دە، تېرەك ھەرەپكە ئېتىلدى، — ئاس، ئاغامچىنى تارت!......

تېرەككە ئېسىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ پۇتى يەردىن بىر غېرىچچە كوتىرىلىۋىدى، خېلى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى ۋە ھەممە ئوقۇغۇچى ئېتىلىپ كېلىپ، ئاغامچىنى كېسىپ تاشلاپ، ئەلۋەك سوپىنى قورشىۋالدى......

مەكتەپتە قيا - چيا كوتىرىلدى.

— بۇ نېمە گەپ - ھە؟ بۇ نېمە پىتنە! — ئەلۋەك سوپى ئىككى قولىنى كوتىرىپ، ئاسىمغا قاراپ چىقىرىدى. — سەن ئاسىم! بۇگۇنكى ئىغۋاغا سەن جاۋاپكار، سەن قۇتراتقۇچى!...... مەن مەخسۇت بېگىمگە خەۋەر قىلىمەن......

ئۇ شۇ كەينى ئېيتتى - دە، تـەرتىپ مـۇدىرىنى كەينىگە سېلىپ، چىچىلغان پىتى مەكتەپتىن چىقىپ كەتتى.

ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار دەررۇ ئاسىمنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا نىمىنىدۇ دىيىشمەكچى بولدىيۇ - دىمىدى.

ئاسىم بولسا قەددىنى تـۈزەپ، بېشىنى تىك تـۇتۇپ، جازادىن ئازات بولغان ئالماس، ئېلىقۇللارغا كوز يۈگۈرتتى.

ئۇلارمۇ ئاسىمغا قاراپ يۈگۈردى:

— ئاسىم ئەپەندىم......

— ئاسىم ئەپەندىم......

— .........

## توتىنچى باپ

## 1. يېزا يولى

1947 - يىلىنىڭ ياز ئايلىرى، ھاۋا تىنجىق.

كونا ھارۋا يولى. پۇرقىراپ چاڭ - توزاڭ كوتىرىلىپ تۇرغان قۇرغاق ساي ئىچىدىن بىر ياش يىگىت چىقىپ كەلدى.

ئۇ، تونۇش بولمىغان يېزا مەنزىرىسىگە ھەيرانلىق بىلەن نەزەر تاشلاپ كېلەتتى.

يىگىتنىڭ تاشقى قىياپىتى ئوزگىچە، بېشىغا چاچ قويغان (ئۇ كەملەردە ئەر كىشىنىڭ چاچ قويۇشى بۇ يەردە پەۋ-قۇلئاددە ھادىسە بولاتتى)، چاققان، يېنىك، زىغىر رەڭ گىمناس-تۇركىسىنىڭ ئۇستىدىن كەمەر باغلىغان، پۇتىدا پايپاق ۋە بەتىنكە؛ تېرە قاپ ئىچىگە ئېلىنغان ئىسكىروپكىسىنى مۇرىسىگە ئېلىۋالغان، قاش - كىرپىكلىرىگە كوزگە تاشلانغۇدەك چاڭ قونغان، بەتىنكە ۋە شىملىرىنىڭ پۇشقاقلىرى توپا يېپىشىپ ئاپپاق ئاقارغان.

يىگىت ئارىلاپ - ئارىلاپ كەينىگە قاراپ قوياتتى. كەينى تەرىپىدە ئۇنىڭ كىچىككىنە ياغاچ چامادانى بىلەن كىگىزگە ئورالغان شىگىلىسىنى ئارتىپ، ياشانغان بىر دىخان ئېشەك ھەيدەپ كېلەتتى.

يىگىت سايىدىن چىققاندىن كېيىن، يېزا ئىچىگە بۇرۇلمىدىغان دوقمۇشتا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئېرىق سۇيىنى كوردى ۋە تەمكىنلىك بىلەن مۇرىسىدىن ئىسكىرىپكىنى ئېلىپ يەرگە قويۇپ، ئېرىق سۇيىدە يۈز - كوزلىرىنى يۇغاچ ئارقىسىغا قارىدى:

— ئاغا، سىزمۇ ھاردىڭىز، ئازراق ئارام ئېلىۋالامسىز؟ — دېدى دېخانغا.

— يوقسۇ، ئەپەندىم، — دېدى دېخان ئۆيلىنىپ تۇرمايلا، — مەن يەنە قايتىشىم كېرەك، ماگىلى......

ئۇلار قوزغىلىشتى.

يىگىت جىمجىت مۇڭلۇق يېزا يولىدىكى ھەممە نەرسىگە تەئەججۇپلەنگەن ھالدا غەمكىنلىك بىلەن سەپسېلىپ قارايتتى.

يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە كۆمۈلاچ تاملىق پاكار ئۆيلەر، غېرىپ كەپىلەر، كونگىرىلىك مېچىتلەر ۋە قىزىل يۇلغۇن قورشاپ تۇرغان يالغۇز قەۋرىلەر كوزگە چۈشەتتى. ئارىلاپ ئۈزۈم تاللىرى بىردىشلەرگە ئېلىنغان پىشايۋانلىق ئۆيلەر، كاۋا پىلەكلىرى باراڭ قىلىنغان، ھەشقىپىچەك گۈللىرى ياماشتۇرۇلغان، ئالدىدا باغ ۋە كوكتاتلىغى بار ياگاقلىق ھويلىلار ئۇچرايتتى. ئۆيلەرنىڭ ئارقا تەرىپى ياپىسىغا كەتكەن ئېتىزلىق بولۇپ، ساقال - پۇپەك چىقارغان قوناقلىقلار، غوزا تۈككەن كېۋەزلىكلەر، بۇغدىيى ئورۇۋېلىنغان ئېگىزلىكلار ياپ - يېشىل ۋە ئاقىرىپ كوزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

يوچۇق كەپىلەرنىڭ ئالدىدا، يول ياقىلىرىدا قۇرۇق

ئۈستىخان بولۇپ قالغان، كۆزلىرى ئەمما تىلەمچىلەر "ھەق دوس يا ئاللا" دەپ ئولتۇرۇشاتتى، مۈكچەيگەن، ماغدۇرىدىن كەتكەن ئاچ ئورۇق دىخانلار ئېغىر تاغارلارنى كۆتىرىپ، نەگىدۇر ئۈن-تىنسىز ئۆتۈشۈپ كېتەتتى. جۇل-جۇل كىيىم-لىك، چىرايى تاتارغان ئاياللار ئېغىر سېۋەتلەرنى مۈرىسىگە ئېلىپ، باشلىرىنى تۆۋەن سالغان ھالدا يولنىڭ چېتى بىلەن ئالدىراپ ئۆتۈشەتتى. يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا، كۆلبىلەرنىڭ يانلىرىدا ئورۇق، ئاجىز، ئىككى مۈرىسى كۆتىرىلىپ چىققان، بويىنى ئىنچىكە، قوساقلىرى غەلىتە پومپىيىپ چىققان ئۇششاق باللار توپىغا ئىلىنىپ يۈرەتتى......

ئىكىرىپكا كۆتىرىۋالغان يىگىت يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا توپىغا مىلەنگەن ھالدا قىپ-يالىڭاچ ئولتۇرغان يەتتە-سەك-كىز ياشلىق بىر ئوغۇل بالىنىڭ ئالدىغا كەلدى. بالا شۇن-چىلىك ئورۇق ۋە ئاجىز ئىدىكى، ئۇنىڭدا مىدىرلىغۇدەك دەرمان يوق، كۆزلىرىدە يىرىڭ قايناپ تۇراتتى. بېشىنى ئېچىنىشلىق تاز يارىسى قاپلىغان ۋە يىرىڭ ئاقاتتى. بالا قولى بىلەن چىۋىنلەرنى قورۇيتتى، لېكىن، غۇژۇلداشقان چىۋىنلەر ئۇنى بىئارام قىلىپ قىيناۋاتاتتى.

يىگىت بالىنىڭ بىر تىرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان قوۋۇرغا، پاچاق ۋە چوخچىيىپ چىققان مۈرە سۆڭەكلىرىگە، پىلىكتەك تولغىنىپ تۇرغان بويۇن ھەم تۇغۇلغىنىدىن بۇيان سۇ كۆرمىگەندەك توگرا-قاسماق بېسىپ كەتكەن بەدى-نىگە ئىچى سىيرىلىپ قارىدى:

— ئۇكام، ئېتىڭ نىمە؟

بالا بېشىنى سىلىپ كەپ قىلمىدى.

— داداڭ بارمۇ؟

— بار.

— نىمىش قىلىدۇ؟

— باينىڭ ئۆيىدە.

— قايسى باينىڭ ئۆيىدە؟

— مەخسۇت بېگىمنىڭ......

— ئاناڭچۇ؟

— ئانامۇ شۇ يەردە......

يىگىت بالىغا ئۇزاق سەپسىلىپ قارىغاندىن كېيىن ئىختىيارسىز:

— ئۇكام، ئاتا ـ ئاناڭ ساڭا قارىمامدۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

بالا يەنە بېشىنى كوتەرمىدى:

— قارايدۇ، — دىدى ئۇ سۇس ئاۋاز بىلەن جاۋاپ بېرىپ، — بېگىمنىڭ ئۆيىدىن كەچ كېلىدۇ، مەن ئۆيغانسام يەنە كېتىپ قالىدۇ......

يىگىت يەنە نىمىنىدۇ دىمەكچى بولۇۋىدى، دەل شۇ چاغدا، ساي تەرەپتىكى يېزا يولىدىن قاپ ـ قارا چاڭ ـ توزاڭ پۇقىرىتىپ بىرنەچچە ئاتلىق كىشى چىقىپ كەلدى. كوزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە ئاتلىقلار دۇپۇرلەپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگىلا يېتىپ كەلدى ۋە باستۇرۇپ ئوتۇپ كەتتى......

يىگىت قوروق ئۇستىخان بالىنى ئالدىغا تارتىپ باغرىغا بېسىۋالغانلىقتى، بالا ئاتلارنىڭ چەيلىشىدىن قوتۇلۇپ

قالدى. لېكىن، ئۇلار قويۇق چاڭ-توزاڭ ئىچىدە قالغان ئىدى.

چاڭ-توزاڭ سەل تارقىغاندىن كېيىن، ئېشەك ھەيدەپ يېتىپ كەلگەن دېھقان يىگىتكە قاراپ:

— مەخسۇت بەگ دېگەن ئاشۇ! — دېدى.

بالا «مەخسۇت بەگ» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپلا يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ قارىسىنى كۆرگەندەك چوچۇپ كەتتى-دە، تونۇش بولمىغان يىگىتنىڭ باغرىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، چاڭ-توزاڭ ئىچىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ، كۆزدىن غايىپ بولدى.

يولۇچى يىگىت ئۇنى كەينىدىن قوغلىمىدى، لېكىن ئۇنىڭ يۈزلىرىنى ھەسرەت قاپلىغان ئىدى.

— ماڭىلى، ئەپەندىم، — دېدى دېھقان، — نېمە قىلغۇلۇق. ئاتا-ئانىسى ھايات تۇرۇپ، مۇنداق ئىتنىڭ كۈنىنى كۆرۈۋاتقان نارىسىدىلەر بۇ يەردە ئاز ئەمەس......

يىگىت يولىنى داۋام قىلدى

شالاڭ-مەھەللىلەر، ئۇ يەر-بۇ يەردە چوڭ-كىچىك بۇغداي خامانلىرى كۆزگە چېلىقاتتى، يىگىت ئەمدى نېمە ئۈچۈندۇر ئەتراپقا ئانچىلا قارىمايتتى، گەجگىسىدىن ئېغىر تۇگمەن تېشى باسقاندەك، چوڭقۇر خىيال ئۇنى چۇلغىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ خىياللىرىنى ھەتتا، ئۇ يەر-بۇ يەردىن ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇرغان:

ئاشلىق كېتىپ چاڭ قالدى،
ماغدۇر كېتىپ جان قالدى.
ۋاسا قىلىپ ئۇستىخاننى
مەخسۇت بېگىم ساڭ سالدى
......
......

دىگەن خامان ئاخشىملىرىمۇ ئاڭچىلا ئۇزۇنغا تارتىپ كەتمىدى.

لېكىن، ئۇلار بىر شالاڭ مەھەللىدىن ئۆتكەندىن كېيىن مۇڭزار بىلەن چىقىراپ يىغلاۋاتقان ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئىختىيارسىز ئۇلارنى ئەتراپقا قاراشقا مەجبۇر قىلدى.

يول چېتىدە كىچىك خامان، خاماندا كويۇپ قارىيىپ كەتكەن تۇت ـ بەش دىخان، ئۇلار ئارىغا تايىنىپ ئورە تۇراتتى، قۇرۇق خاماننىڭ چېتىدە چوچۇردەك ئۇچ بالىنى باغرىغا بېسىپ، ھېلىقى ئايال يىغلايتتى:

— بىز ئاللاغا نېمە قىلغان، چوچۇردەك بالىلىرىم تۇرسا، ئېنىساپ دىگەن نەگە كەتتى...... يىل بويى ئەجرى قىلىپ، قاقاس ئاپتاپتا كويۇپ ـ پىشىپ تەييار قىلغان خامانىنى سىپىرىپ ـ سۇپۇرۇپ ئېلىپ كەتسە، بەگنىڭ "بەشتىن بىر ئوتاق" دىگەن لەۋزى ھېچنىمىگە ھىساپ ئەمەسمۇ؟ يا پەر-ۋەردىگار، بىزگە دوزاق ھالال بولدى.......

يولۇچى يىگىت تېگىرقاپ، ئارىغا يولىنىپ ئورە تۇرغان دىخانلارغا قارىدى، چاساقال بىر دىخان:

— سىلەرمۇ مۇسۇلمانغۇ، ئاڭلاڭلار، — دىدى ئۇ يىگىت-كە ۋە يىگىتنىڭ ھەمرايى بولغان دىخانغا قاراپ، — بەگ "بەشتىن بىر ئوتاق" شەرتى بىلەن يېرىنى مانا بۇ خوتۇننىڭ ئېرىگە ئوتاققا بەرگەن. بىز دىخانلار ھالال ئادەملەر، دۇ-رۇس، يەر بەگنىڭ، سۇ بەگنىڭ، تېرىلغۇ ھايۋان ـ سايمان

بەگىنىڭ، ئۇرۇق بەگىنىڭ ـ لىللا "تۇت ئۇلۇش"، كۈچ ـ ئەمگەك دېخانىنىڭ ـ "بىر ئۇلۇش". بۇ، قائىدە. بەگىنىڭ سەيۋەنلىرى شۇ يوسۇن بويىچە خامانىنى ئۇلەشكەن ئىدى. لېكىن، مەخسۇت بېگىم ئاسماندىن چۈشكەندەك، ھېلىلا يول ئۈستىدە پەيدا بولدى ـ دە: "ئالتە ئاي قىش توپا يېدىڭمۇ؟ قەرز ئاشلىق بىر ئۇلۇش" دەپ ھوكۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سەيـ ۋەنلەر ھەممە ئاشلىقنى سىپرىپ ـ سۈپۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى...... بولغان ۋەقە شۇ، بىز ئەمدى ئۆز دەردىمىزنى كىمگە ئېيتىمىز؟......

دېخان شۇ گەپنى ئېيتىپ جىم بولدى.

يولۇچى يىگىت نېمە دېيىشنى بىلمەيتتى. باشقا بىر خامانىدىمۇ يىغا ـ زارە كۆتىرىلدى، ئۇ يەردىمۇ مۇشۇ ھال يۈز بەرگەن بولسا كېرەك......

ـ ئەپەندىم، ماڭىلى، ـ دېدى ئېشەك ھەيدەپ كېلىۋاتـ قان دېخان، ـ مەن ئالدىرايمەن، سىلى تېخى مۇنداق تەقـ سىماتنى جىق كۆرىلا......

ئۆز ئۆمرىدە يېزا ھاياتىنىڭ ئىجتىمائى مەرەزلىرى بىلەن تۇنجى قېتىم تونۇشۇپ كېلىۋاتقان يولۇچى يىگىت غەـ لىتە يەر ئىگىلىك ھوقۇقى، يەر ئىگىسى بىلەن دېخانىنىڭ ئاجايىپ تەڭسىز مۇناسىۋىتى، ئاچلىق، نامراتلىق ۋە مىسلىسىز ھوقۇقسىزلىقنىڭ يىلتىزى توغرىسىدا ئۆزىچە مۇئەييەن بىر خۇلاسە چىقىرىشقا ۋە بۇ خىل ئاسارەتلىك ئىجتىمائى رىيالىلىقـ نى ئۆزگەرتىشكە ئىنتىلگەندەك، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويلىنىپ قالدى......

ئېشەك ھەيدەپ كېلىۋاتقان دىخان يەنە ئالدىراتتى:
— ئەپەندىم، ماڭىلى، مەن يەنە ئۇزۇن يول مېڭىپ، قايتىشىم كېرەك......
مۇڭلۇق يېزا يولى يىگىتنى ئاخىر يېزا مەركىزىدىكى "خۇدالىق مەدرىس"نىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.
ئىگىز چىنار ۋەردە دەرەخلىرى ئارىسىدىن سىرلىق چۈرۈك چېيىپ كۆتىرىلگەن مەدرىس پەشتاقلىرى، كوپ - كوك گۈمبەز - مۇنارلارغا يىگىت سوغاق نەزەر تاشلىدى. ئۇزۇن شاپەرىجىلەرنى كىيگەن، قولتۇغىغا «قۇرئان»نى قىستۇرۇپ، قولىدا تەسۋى تۇتقان موللا - ئاخۇنلار يىگىتكە قارىماي ئۆتۈپ كەتتى، يۈزى يېپىق مەستۇرە ئاياللار ئۇنىڭدىن چوچۇگەندەك يولنىڭ چېتى - دىن ئەگىپ ئۆتۈشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم كورۈنمىدى، مەدرىس ئالدى يەنە سىرلىق جىمجىتلىققا چوكتى......
ئۇزۇن يول بېسىپ كەلگەن يىگىت ھاردۇق يەتكەندەك ئەتراپقا قاراپ، مەدرىسنىڭ قارشى تەرىپىدە — كوچۇم مەھەل - لىلەرنىڭ چېتىدىرەك ئاقىرىپ كورۈنگەن يېڭى مەكتەپ بە - ناسىنى ۋە مەكتەپ ئالدىدىكى سىرلانمىغان رىشاتكىلارنى كور - دى......
ئۇلار مەكتەپ تەرەپكە كەتتى.
مەكتەپتە يىگىتنى بەقەسەم تونلۇق مۇدىر كىچىككىنە ساغۇچ چاشقان بۇرۇتلىرىنى لىكىلدىتىپ ۋە تەنە چىراي بىلەن قارشى ئالدى.
— خوش...... ئاسىم، ئاسىمئەپەندىم دەيدىكەنمىز - دە، سىز نى ؟ — دىدى ئۇ يولۇچى يىگىت تاپشۇرغان قەغەزلەرنى سىنچىلاپ

ئەكشۈرۈپ تۇرۇپ، ــ ياخشى، تولا ياخشى، ــ دېدى ئۇ يەنە ئەزۋەيلەپ، ــ شۇنداق قىلىپ، سىز ئۇرۇمچى سىفەننى پۈتتۈردىڭىز؟......

ــ شۇنداق، ــ دېدى يېڭى مۇئەللىم.

ــ قىزىق......، ــ دېدى مۇدىر تەنە ۋە مەسخىرىلىك ھېچنېمىش بىلەن، ــ بەك قىزىق.... ئادەتتە، ئۇرۇمچىدە ئوقۇغان بىلىمداننى شەھەرلەردە ئېپقالاتتى، سىزنى مۇنداق يىراق يېزا مەكتەۋگە كېلىشكە نېمە مەجبۇر قىلدى؟......

ئاسىم چاپىنىنىڭ تۈپىنى قېقىپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردى:

ــ بىلمەيمەن......

ــ شۇنداقمۇ، ياخشى، تېخى كۆرىمىز، ــ مۇدىر سىگايان قاراپ تۇرۇپ ئېيتتى، ــ شۇنداق قىلىپ، ئاسىم ئەپەندى سىز ئۇ يەردە نېمە ئوقۇدىڭىز ۋە بۇ يەردە نېمە دەرس بەرمەكچى؟

ــ سىفەندە ئوقۇشقا تېگىشلىك دەرسلەرنى ئوقۇدۇم. بۇ يەردە قانداق دەرس ئوتتۇشكە تېگىشلىك بولسا، شۇنى ئوتىمەن، ــ ئاسىم مۇدىرنىڭ سوئاللىرىدىن زېرىككەندەك، ئۇنىڭ كوزىگە قارىدى.

ــ تولا ئوبدان، تېخى كۆرىمىز، ــ مۇدىر ئاسىمنىڭ بېشىدىن ئايىغىچە يەنە بىر قېتىم سەپسالدى، ــ ئەمما، بۇ تونۇشتۇرۇش ھوججەتلىرىدە بىر چۈشىنىشمەسلىك بار، ناھىيە مائارىپ بولۇم سىزگە يېگىرمە چارەك قوناق مائاش بەلگىلەپتۇ، قوناق ۋەخپى يەرلەردىن يىغىۋېلىنىدۇ، ۋەخپى بولسا تولا ئاز، بىزدە ئەڭ كونا، ئىستىداتلىق ئوقۇتقۇچىمۇ

ئـون ـ ئـون بەش چارەك قونىاق ئـالىدۇ، سىز بۇنىڭغا رازى ئەمەسمۇ؟.......

ئاسىم مۇرىسىنى چىقىرىپ قويدى:

ـــ قەغەزدىكى بەلگىلىمە بۇ يەردە ئاقمامدۇ؟......

ـــ ئاقىدۇ، لېكىن، تەس، بەك تەس......

مەكتەپ مۇدىرى بىلەن يېڭى ئـوقـۇتـقۇچى ئاسىمنىڭ رەسمىيەت ئۆتەش سوھبىتى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى......

## 2 . تونۇشۇش

ئاسىم تېتىك، دېلىل، چىقىشقاق ئىدى، ئـوقـۇتقۇچىلار بىلەنمۇ، ئوقۇغۇچىلار بىلەنمۇ سەممى، ئىناق بولۇپ، ئـۇلار ـ نىڭ ھالىغا يېتەتتى، شۇڭا ئاز كـۈندىلا ئـۇلارنىڭ سىرداش، مۇئەللىمى، دوستى بولۇپ قالدى.

ئـۇ كەملەردە مەكتەپتە ئولتۇرۇشلۇق ئوقۇتقۇچى بـول ـ مايتتى. لېكىن، ئاسىم سۇ خانىنىڭ يېنىدىكى يـالغۇز ئـويدە ماكان تۇزدى. ھەمىشە ساقىلىنى پاكىز قىرىپ، پاكىز يۈرەت ـ تى. سەھەر تۇرۇپ يۇگۇرەيتتى، تورنىكتا ئوينايتتى، توپ تېپەت ـ تى، ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە مەشغۇلات قىلىشقا ماھىر بولۇپ، ئۇلار بىلەن ئىناق ئۆتەتتى. بولۇپمۇ نامرات، قىسمىتى ئېغىر باللارغا ئالاھىدە دىلكەش، يېقىن ئىدى.

بىر كۈنلۈك ئېغىر مەشغۇلاتتىن كېيىن، ئاسىم تامىغىنى ئېتىپ يەپ بولۇپ، ئادىتى بويىچە كارۋىتىنىڭ ئۇستىدىكى تەكچە ـ دىن ئىسكىرىپكىسىنى ئاسىم ئالاتتى ـ دە، ماھارەت بىلەن چالاتتى.

ئۇ، ئۇزى ياخشى كورىدىغان بۇ سازلى قولىغا ئېلىش بىلەن تەڭ، دەسلەپ پىغانلىق مۇڭزار، ئاندىن غەزەپ دولقۇنلىرى خۇددى زەرەپشان ئۇركىشىدەك بارا-بارا ئەۋجىگە چىقىپ، ئۇينىڭ ئىشىك-دەرىزىلىرىدىن تالاغا، يىراقلارغا تارايتتى.

ئۇ، بۇ مەشغۇلاتنى تاكى ئۇيگە چىراق يېقىلغۇچە، مۇڭلۇق ۋە غەزەپلىك مۇزىكا ساداسىنى ئاڭلاپ، ئەتراپتىن بالىلار، يىگىتلەر، ئىشلەمچىلەر ئىشىك تۇۋىگە كېلىپ قۇلاق سېلىپ تۇرۇشقانلىرىغىچە داۋام قىلدۇراتتى. مۇزىكىغا قۇلاق سالغانلارنىڭ كوپىنچىسى ئەرز-پەرز ياكى يىراق-يېقىندىكى تۇققانلىرىغا خەت-پەت يازدۇرغىلى كەلگەن ۋە ياكى بولمى-سا، ئۇنىڭغا ھال-ئەھۋال ئېيتىپ، مەسلىھەت ئالغىلى كەل-گەن كىشىلەر بولۇپ چىقاتتى. ئاسىم ئۇنداقلارنى ھەرگىز ئۇمىتسىز قايتۇرمايتتى ۋە قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىپ تەلىۋىنى ئورۇنلايتتى.

ئاسىمنىڭ ئەڭ كوپ مەشغۇلىيىتى كىتاپ ئوقۇش ئىدى. ئۇ چاغلاردا ياخشى كىتاپ دىگۇدەك بولمىسىمۇ، لېكىن قولىغا چۇشكەن كىتاپلارنىڭ ھەرقانداقىنى ئوقۇيتتى. «شىنجاڭ گېزى-تى»، «قەشقەر گېزىتى»، «يەكەن گېزىتى»لىرىنى ۋاراقلاپ، ئۇنىڭ ساختا ئىقاپلار بىلەن بېزەلگەن ئاجىز قۇرلىرى ئارىسىدىن دۇنيا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى چوڭ ئىشلارنىڭ يۈزلىنىشىنى ئىزلەيتتى.......

ئىككى ئادەم بىر بىرى بىلەن ھەر خىل يوللار ئارقى-لىق تونۇشىدۇ. ئاسىم ئالماس بىلەن دەرس ئۇستىدە تونۇشتى.

ئاسىم دەرس ئۇستىدە جوزىلارنى ئارىلاپ يۇرۇپ، بىر

بالىنىڭ جوزىنىڭ ئۈزىگە تېگىشلىك قىسمىنىڭ ئۈستىنى "قارا" بويىۋالغانلىقىنى كوردى. جوزىنىڭ پۈتىدا ئۈچلانغان سىغىز [?] چالمىلار دوۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ سىغىز چالما بىلەن "قارا"غا خەت يېزىپ، ھىساپ ئىشلەپ ئولتۇراتتى.

ئاسىم بالىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويىدى:

— ئېتىڭ نىمە؟

— ئالماس......

— ياخشى ئىسىم، دەپتىرىڭ يوقمۇ؟......

— مەن بەش يىلدىن بۇيان مۇشۇنداق ئۈگىنىپ كېلىۋاتىمەن.. ...

ئاسىم يەنە بىرنەچچە كەمبەغەل ئوقۇغۇچىنىڭمۇ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئۈگىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كوردى.

ئالماس قەتئى ئىرادىلىك ئوقۇغۇچى ئىدى. ئۇنىڭ ئوتكۇر تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارى، زىرەك- ئەقىللىقلىقى ئاسىمنىڭ دىققىتىنى تارتتى. بوش ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ بىلەن بىللە مەشغۇلات قىلاتتى، ھەمسوھبەتتە بولاتتى. كېيىنكى چاغلاردا ئالماسنىڭ ئېغىر قىسمەتلىرى ۋە كىشەنلەنگەن ئانا-ئانىلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ، ئاسىم "مەن بىلەن تەقدىرداش بالا ئىكەن" دىگەننى كوڭلىدىن ئوتكۈزدى. ئالماسمۇ قولى بوشىسىلا كەچقۇرۇنلىرى ئاسىمنىڭ غىرىپ كولبىسىگە كېلىپ، ئۇنىڭ تۇرمۇش ھىكايىلىرىگە قۇلاق سالاتتى ۋە ئۇلار سېزىشمەيلا بىر بىرىگە ئىجىل بولۇپ قېلىشتى......

توختاخۇن بولسا، ئاسىمنى ئۇچرىتىپ قالسىلا:

— ئاسىم ئەپەندىم، ئالماسنىڭ كۆڭلى سۇ ئىچىدىغان سىلىدىن باشقا ھېچكىمى يوق، گادايچىلىق قۇرۇسۇن، شۇ بالىنى ئۆزلىرىگە تاپشۇردۇق، — دەپ ئۆز ئىشەنچىسىنى بىلدۇرۇپ قويابتتى.

ئاسىم مەكتەپكە كېلىپ بىر ئاي بولغان كۈنى تۇيۇقسىز ساقچى ئىدارىسىنىڭ چوماقچىلار ئەترىدى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلدى. ئالماس بۇ خەۋەرنى مەكتەپكە كېلىپلا ئاڭلىدى ۋە چوچۇگەن كىيىكتەك ھاڭ - تاڭ بولۇپ قېتىپ قالدى. ئۇ نېمە قىلىشىنى بىلمەيتتى. بەزىلەر: "ئاسىم ئەپەندىنىڭ بېشىغا قويغان چاچ بىلەن بېلىگە باغلىغان كەمەر ھوكۈمەتنى گۇمانلاندۇرۇپتۇ" دېسە؛ بەزىلەر: "ئاسىم ئەپەندىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئىكەن، ھوكۈمەت سوراق قىلىۋېتىپتۇ" دەيتتى.

ئەمما، ئۇ تۇتۇپ كېتىلىپ تۇتىنچى كۈنى يەنە مەكتەپتە پەيدا بولدى. كىشىلەر مەكتەپ مۇدىرىنىڭ: "ئاسىم ئەپەندى ھوكۈمەتنىڭ چاقىرىق قەغىزى بىلەن شەھەرگە بارغان، ھېچكىم ھېچنېمە سورىماسلىقى لازىم" دەپ ئۇقتۇرغانلىقىنى ئاڭلىدى.

ئاسىم چوماقچىلار ئەترىدىنىڭ "تەنبىھسى"نى ئاڭلاپ چىققاندىن كېيىنمۇ، بۇرۇنقىدەكلا تېتىك، دېدىل ئىدى. ئۇنىڭ ئىسكىرىپكىسى يەنە ياڭرىدى، ئەمما مۇزىكىدا مۇڭ يوق، پەقەت پارتلاپ تۇرغان غەزەپ - نەپرەتلا بار ئىدى.

بىر كۈنى ئالماس ئادەتتىكىدەك ئاسىمنىڭ كۇلبىسىگە كەلدى، ئۇزاق ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى، مۇزىكىسىنى

ئاڭلىدى، قوزغىلىدىغان چاغ ئاللىقاچان يەتكەن ئىدى، لېكىن نىمە ئۈچۈندۇ ئالماس قوزغالمىدى. ئۇ، سەل تېنالغاندەك بولۇپ، ئىختىيارسىز ئاسىمنىڭ نىمە ئۈچۈن تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىنىڭ سەۋەۋىنى سوراشقا جۈرئەت قىلدى......

ئاسىم ئىسكىرىپكىنى تەكچىگە قويۇپ ئالماسنىڭ كوزىگە قارىدى، ئالماسنىڭ بىر جۈپ ئوتلۇق كوزى تەقەززالىق بىلەن يىنىپ تۇراتتى.

ئاسىم ئويلانغان هالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇي ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا ماڭدى، پىلدىرلاپ يىنىپ تۇرغان چىراققا، قاراڭغۇلۇق باسقان تالاغا قارىدى. ئاندىن ئالماسنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئالماس، سەن سىر ساقلاشنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

ئالماس ئاسىمنىڭ كوزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردى:

— بىلىمەن،...... سىز بۇ مەكتەپكە كېلىشتىن ئۈچ ئايچە ئىلگىرى، بىزنىڭ بىر رەسىم مۇئەللىمىمىز بار ئىدى. ئۇمۇ يالغۇز بولۇپ، مەكتەپتە يېتىپ - قوپاتتى. مىنى ئوزىنىڭ ئۈكىسىدەك كورگەن. كېيىن ئۇنى هوكۇمەت قاماققا ئالدى ۋە ئېتىۋەتتى دەپ ئاڭلىدىم. خەقلەر ئۇنى هوكۇمەتكە قارشى ئىدى، دەيدۇ. بۇ قېتىم سىزنى تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن مەن بەكمۇ بىئارام بولدۇم......

ئاسىم رەسىم ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئەهۋالىنى ئۇزاق سۈرۈش-

تۇرۇپ تىڭشىدى ۋە ئىلغار پىكىرلىك بۇ ئادەمنىڭ ئېيتىپ كەتكەنلىكىگە ئىشىنىپ ئېچىندى......

ئاندىن، ئاسىم ئۆزى توغرىسىدا ھېكايە قىلىپ بەردى:

ئاسىم قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلدى، دادىسى شايى - بەقەسەم توقۇيدىغان ھۈنەرۋەن - كاسىپ ئىدى، كاسىنا ئىش قەلاتتى. بالا - چاقىلىق بۇ ئادەم قولى ئۈزۈك بولغانلىقتىن، كېيىنكى چاغلاردا ئۆز ھۈنىرى ئۈچۈن بازار تاپالمىدى ۋە بارلىق دەسمى - دەستىگاھلىرىدىن ئايرىلىپ، باي سودىگەرلەرنىڭ سارىيىدا ھامال بولۇشقا مەجبۇر بولدى. كىچىك ئاسىم مەكتەپتە ئالتىنچى سىنىپقىچە ئوقۇيالىدى ۋە دادىسىنىڭ ئېغىر يۈكىنى بىللە كۆتىرىشكە توغرا كەلدى. ئۇ، دەسلەپ دادىسىنىڭ دەستىگاھىسى يېنىدا موكىغا يىپ تۇردى، كېيىنرەك دادىسى بىلەن بىللە سودىگەرلەرنىڭ سارىيىدا مال تايلىدى ۋە ھامال، يۈك - تىرە ئاشلاش ئىشخانىسىدا ئۈچەي سىرىغۇچى بالا ئىشچى بولدى. ئوتتۇرا ئەسىر قالاقلىقى ئاستىدىكى ئىشچى شارائىتى ۋە ئون تۇت، ئون ئالتە سائەتلىك ئېغىر ئەمگەك ئاسىمنىڭ دادىسىنىڭ ئىلىگىنى قۇرۇتۇپ يىقىتتى. شۇ يىلى قىش ئاسىم يەنە ئاغرىقچان، يۇۋاش، قانائەتلىك ئانىسى ۋە ئىككى كىچىك ئىنىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۈچىنچى ئىنىسىنى بىر تاغىسى ئۆزىگە ئېلىپ قالدى. ئاسىم مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى.

1943 - يىلىدىكى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتۇش دولقۇنى ئۈرۈمچى سەفەنگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ھەركىتى بىلەن بىللە كەلدى. ئاسىم ئوقۇشنى تاللىدى ۋە ئۈرۈمچىگە كەتتى......

ئاسىمنىڭ ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرى پۈتۈن مەملىكەتتە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقان قايناام تاشقىنلىق پەيتكە توغرا كەلدى. بۇ چاغدا، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇلۇغ ئۇرۇشنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە زەربە بېرىپ، ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ جەڭ سىگنالىنى ياڭراتقان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىچكىرىدىكى چوڭ ئىنقىلاپنىڭ ئىلھامى، تۈرتكىسى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى گومىنداڭ مۇستەبىتلىرىنى ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ماناس دەرياسى بويىغا نىقتاپ كەلگەن ئىدى.

جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئىشلىرىنىڭ بۇ ئۇلۇغ كۈرەش مېۋىسىنى قىزغىن ئالقىشلاش ۋە ئۇنى كۈتۈۋېلىش بىلەن ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش، توسقۇنلۇق قىلىش — ئۈرۈمچى سىفەندىكى ئىلغار كۈچلەر بىلەن ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ تۈگۈنى ئىدى. ئاسىم مۇنەۋۋەر خەنزۇ كوممۇنىستلىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەر، ئىلغار، ھەققانىيەتچى ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلار بىلەن تونۇشتى ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىدە تېز ئويغاندى، تېز يېتىپ كېلىۋاتقان خەلق ئازاتلىق ئىشلىرىنىڭ غەلىبىسىگە ئۆز قەلبىدە چوڭقۇر تەنتەنە قىلدى ھەم ئۇنى ئىلغار ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىللە مەخپىي تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى قىلىپ تارقاتتى...... شۇڭا، ئاسىم مەكتەپ پۈتتۈرگەندە، مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇنى "گۇمانلىق ئۇنسۇر" سۈپىتىدە ئادىمى شالاڭ، يىراق تاغلىق يېزىلارغا سۈرگۈن قىلىشنى قارار قىلدى......

ئاسىم ئالماسقا قاراپ ئولتۇرۇپ ئۆز ھېكايىسىنى ئاياقلاشتۇرغاندا، تۈن تەڭ بولاي دېگەن ئىدى:

— شۇنداق ئىنىم، بىزنىڭ ۋەتىنىمىز جۇڭگو ئۇزاق تارىخقا، پارلاق قەدىمىي مەدەنىيەتكە ۋە ئەقىل - پاراسەتلىك، ئەمگەكچان بەش يۈز مىليون نوپۇسقا ئىگە دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ دولەت بولسىمۇ، لېكىن جاھانگىرلار ۋە ئىچكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ تومۇر تاپىنى ئاستىدا تېخى قەد كوتىرەلمىدى. لېكىن، بىزنىڭ سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىز ئاخىر بىر كۈن قەد كوتىرىدۇ، زۇلمەت تاغلىرىنى چوقۇم ئىرغىتىپ تاشلاپ، پارلاق يېڭى كەلگۈسىگە يول ئاچىدۇ. ياۋاقلىق يېزىسىدىمۇ مۇشتۇمزورلارنىڭ كۈنى ئۇزاققا بارمايدۇ...... ئەمما، ھازىر سېنىڭمۇ، مېنىڭمۇ پۇت - قولۇم كىشەنلەنگەن. مېنىڭ كەينىمدە پايلاقچى بار، مەن ئۇنى بىلىمەن، بۇ قېتىم ساقچى ئىدارىسى مېنى تۇتۇپ بېرىپ سوراق قىلدى، بۇ يەرگە نىمە مەقسەت بىلەن كەلگەنلىكىمنى سۈرۈشتە قىلدى. مېنىڭ جاۋاۋىم شۇ: مەن بۇ يەرگە ئوزەم كەلمىدىم، ھوكۇمەت تەقسىم قىلدى...... ئۇلار ھېچنىمىگە ئىگە بولالمىدى ۋە قويۇۋەتتى. لېكىن، مەن ھەر ئايدا بىر قېتىم ئوزەمنى ئۇلارغا مەلۇم قىلىپ تۇرۇشۇم، بەگ شياۋجاڭنىڭ ھەرقانداق تاپشۇرۇغىنى شەرتسىز ئورۇنلىشىم كېرەك ئىمىش. بۇ، ئۇلارنىڭ بۇيرۇغى. لېكىن مەن بىلىمەنكى، ئۇلارنىڭ غالجىرلىشىۋاتقانلىغى ئۇلارنىڭ ئەجەل ھودۇقۇشىدا جان تالىشىپ تىپىرلاۋاتقانلىغىنىڭ بەلگىسى......

كېيىنكى بىر قېتىملىق مۇڭدىشىشتا ئاسىم چوڭقۇر ھاياجانلىق ھېسسىيات بىلەن ئىچكىرىدىكى زور ئىنقىلاپ ۋە قەھرىمان خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى توغرىسىدا ئوزى ئاڭلىغان ھېكايىلەرنى سوزلەپ بەردى ۋە بۇ ئاجايىپ باتۇر خەلق پەر-

زەلت قوشۇلىغا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى ھەم خەلق داھىسى ماۋجۇشىنى ھورمەت بىلەن تىلغا ئالدى......

— ھازىر بۇ يەردە ماۋجۇشى، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن ئەمەس، ئۇنى تىلغا ئالغان ئادەمنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ، دەپ پەرمان چىقىرىلغان،— دىدى ئاسىم ئالماسنىڭ ئالدىدا ئۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنىۋاتقان ماۋجۇشى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى توغرىسىدا قىسقىچە سوزلەپ بەرگەندىن كېيىن،— نىمە ئۇچۇن شۇنداق؟ قورقىدۇ!...... سەۋەپ، دەل ماۋجۇشى، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى مېنىڭ دادامغا ئوخشاش شەھەردىكى نامرات ھۈنەرۋەن - كاسىپلار، ھاممال - ئىشچىلارنىڭ، سېنىڭ داداڭغا ئوخشاش يېزىلاردىكى چاكار - يالالغۇچى، جاپاكەش - مەزلۇم دىخانلار قەلبىنىڭ ۋەكىلى، ئاسارەت ئاستىدا قالغان ۋەتىنىمىزنى قۇتقۇزىدىغان نىجات يۇلتۇز، جۇڭگونىڭ پارلاق يېڭى كەلگۈسىگە يول ئېچىۋاتقان نىجاتكار......

ئالماس ھاياجانلانغان ھالدا ئىختىيارسىز، "ماۋجۇشى...... جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى......خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى......" دەپ تەكرارلىدى ۋە بۇ ئاجايىپ ئىلھام بەخش سوزلەر ئەمدىلا ئون بەش - ئون ئالتە ياشقا كىرگەن ئالماسنىڭ قەلبىگە تاشقا موھۇر باسقاندەك ئويۇپ سىڭدى.

ئۇنىڭ سوئاللىرى ناھايىتى كوپ ئىدى، لېكىن ئاسىم:

— مېنىڭ بىلىدىغىنىممۇ ناھايىتى ئاز، لېكىن ئاشۇ سوزلەر ماڭا چوڭقۇر ئىشەنچ - ئۈمىت بېغىشلىدى. سەن بۇ

سوزلەرنى كوڭلۈڭىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە پۈكۈۋال ۋە ھېچكىمگە ئېيتما،— دېدى.

جىرتاق كوز تەرتىپ مۇدىرىنى مۇزلۇق كولگە پىشلدۇرۇش، ئوقۇغۇچى ۋە بەزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ فاشىستىك جازا تەدبىرىگە نارازىلىق بىلدۇرۇش ھەركىتى پارتلىغان كۈنى ئاسمىنىڭ بۇ مەكتەپكە كەلگىنىگە ئۈچ ئاي بولغان ئىدى.

شۇ كۈنى ئەلۋەك سوپى بەگ شياۋجاڭلىق سالاھىيتى بىلەن چالۋاقاپ بىرمۇنچە دوق - پوپۇزا قىلغاندىن كېيىن تەرتىپ مۇدىرىنى كەينىگە سېلىپ بىرىپ، مەخسۇت بەككە ئەرز-دەۋا قىلدى ۋە ئىككى سائەتتىن كېيىن مەخسۇت بەگ مەكتەپ سەيناسىدا پەيدا بولدى.

مەخسۇت بەگ ئۆز دوغا - ياپىلىرىنى كەينىگە سېلىپ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپلا، سەينانىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدە غۇژمەك بولۇپ ئۇن - تىنسىز تۇرۇشقان ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلارغا بىر قۇر كوز يۈگورتتى - دە:

— ھۇۋ... نان قېپىلار! ئەپەندىسىمۇ، ئوقۇغۇچىسىمۇ ئىمان-سىز جەدىت، دولەت بايرىغىغا ھورمەت بىلدۇرمىگەن قايسىڭ؟ تەرتىپ مۇدىرىنى كولگە تاشلىغان قاپ يۈرەك قايسى؟!— دەپ مەكتەپنى بېشىغا كىيىپ ۋاقىرىدى.

ئەلۋەك سوپى ئۇنىڭ ئەتراپىدا پىقىراپ:

— نوخۇلىسىنى ئېلىش كېرەك، دىندىن چىقىپلا قالماس-تىن، قىنىدىنمۇ چىقتى......— دەپ چىقىرايتتى.

— بولدى، مەن بىلىمەن،— دېدى مەخسۇت بەگ ئۇنىڭ

سۆزىنى كېسىپ تاشلاپ ۋە تەرتىپ مۇدىرىگە قارىدى.— ئىنتىزامنى بۇزغان كىم؟ ماڭا كۆرسەت!……

جىرتاق كۆز تەرتىپ مۇدىرى ئالماس، ئېلىقۇل باشلىق ئۇنچە ئوقۇغۇچىنى ئىسمىنى ئاتاپ، قۇلىغىدىن سوزغىنچە سەپنىڭ ئالدىغا چىقاردى ۋە قايسىبىر ئوقۇغۇچى قۇلىغىدىن تارتىشقا يول قويمىغان ئىدى، تەرتىپ مۇدىرى ئۇنىڭ مەيدىسىگە شۇ يەردىلا تىزى بىلەن دىسلاپ، يەردە يۇمۇلىتىپ تېپىشقا باشلىدى……

مەخسۇت بەگ سەپنىڭ ئالدىغا سورەپ چىقىرىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا بىر قاراپلا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىنىڭ يىللىقچى، چاكار ۋە تۇغما مالايلىرىنىڭ يېڭى مەكتەپكە تۇتۇپ بېرىلگەن "ئالۋاڭ شۇمتەكلىرى" ئىكەنلىكىنى كوردى. ئەمدى ئۇلارنىڭ چوڭ بولۇپ، ئىشقا يارايدىغان چاغلىرى بولۇپ قالغان ئىدى……

— ھەممەڭ ھەپسە مەھبۇسى بولۇشقا تېگىش،— دېدى مەخسۇت بەگ سەپنىڭ ئالدىغا چىققان ئوقۇغۇچىلارغا گولەيگەن ھالدا شالىنى چېچىپ،— دەرھال ئۆيگە قايت، ئىش-كۈشۈڭنى قولۇڭغا ئېلىش!…… تووۋا قىلىپ گۇنايىڭنى ژۇيۇش!……

بۇ، ئۇن ئوقۇغۇچىنىڭ مەكتەپتىن قوغلاندى قىلىنغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئوقۇغۇچىلار غۇل-غۇل قىلىشىپ قالدى، بەزى ئوقۇتقۇچىلار نارازى بولدى.

ئەلۋەك سوپى تىپىرلاپ تۇرالماي قالدى:

— ئاران شۇلىما!— دېدى ئۇ چەكچىيىپ،— مەكتەپتىن قوغلاندى قىلىش بىزنىڭ قولىمىزدىنمۇ كېلىدۇ، بۇ، بۇ……قانتىق جازا بەرمەك كېرەك……بۇ—بۇ……

مەخسۇت بەگ مەكتەپ مۇدىرىگە قاراپ كوزىنىڭ پاختىسىنى چىقاردى:

— مېنىڭ ئەقلىم ئۆزەمگە يېتىدۇ، مەن بۇيىرۇدۇمۇ-بولدى! ھەپسە، ھەممىسى ھەپسە قىلىنىدى بىلدىڭىزمۇ؟!...... ئىككىنەنچى، بۇ ئىسلەرنىڭ ھەنىۋاسى ماڭا قەرزدار...... شۇنى ئۇسۇمى بىلەن قوشۇپ تولەيدىغان ۋاقتى كەلدى. يا بولمىسا، ئۇلار چامما يىدىمۇ؟!......

ئەلۋەك سوپى قۇيرۇغىنى ئىچىگە تىقتى.

ھەيدەلگەن ئوقۇغۇچىلار تېگىرقاپ قېلىشتى. كوتولمىگەندە سەپىنىڭ ئالدىدا ئاسىم پەيدا بولدى:

— بۇلارنىڭ ھەممىسى مەكتەپنىڭ ئوبدان ئوقۇغۇچىلىرى،— دىدى ئۇ سالماق ۋە تەمكىنلىك بىلەن،— 11 - ئايدا ياش بالىلارنى مۇز قاتقان كولگە تاشلاشقا بولامدۇ! مېنىڭچە ئۇلارنىڭ مەكتەپتىن قوغلانغۇدەك گۇنايى يوق......

— بولدى، بەس!

مەخسۇت بەگ يەڭدەك قامىسى بار تۇمىغىنى قېشىنىڭ ئۇستىگە سۇرۇپ، قولىنى كەينىگە قوشتۇرۇپ، كوزلىرىدىن زەھەر چاچقان ھالدا ئاسىمنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى:

— سىز ئاسىممۇ؟......

— شۇنداق......

— مەن سىزگە ئېيتاي، ئادالەت - پادالەت دىگەن ئىمىدىن ئازراق ۋەز ئوقۇڭ؛ كەچتە بۇ يەردىكى يالاڭتوشلەرنى يېنىڭىزغا يىغماڭ. يەنە مەن سىزگە ئېيتسام، بەگ شياۋجاڭنىڭ سىزدىن چىقماڭ؛ ھوكۇمەت ئەمىر - پەرمانلىرىغا چىش پاتۇرماڭ......

— مەن ھەق گەپنى دەۋاتىمەن......

— سىز دەۋاتقان ھەق گەپ بىلەن مېنىڭ ئىشىم يوق،— دېدى بەگ چەكچىيىپ،— پەقەت مېنىڭ دىگىنىمنىلا ھەق-ئا-دالەت دەپ سوزلىشكە ئادەتلىنىڭ!

مەخسۇت بەگ شۇ گەپنى ئېيتتى-دە، ئالماس، ئېلىقۇل باشلىق ئوقۇغۇچىلارنى ئالدىغا سېلىپ، دوغا-يايىلىرى بىلەن مەكتەپتىن چىقىپ كەتتى......

شۇ كۈنى ئاسىمنىڭ كوڭلى ناھايىتى غەش بولدى. قولى ئىشقا بارمىدى، مۇڭلۇق ئىسكىرىپكا ئاۋازىمۇ ئاڭلان-مىدى. ئەمدى ئۇنىڭ رىشتى باغلانغان غېرىپ كوڭۇل، لېكىن زىرەك، ئۇمىتلىك دوستلىرى مەكتەپتە يوق ئىدى.

قاش قارايغان چاغ، ئەتراپ جىمجىت، ھاۋا سوغاق، ئۇششاق قار ئۇچقۇنلىرى ئۇچقۇنداپ تۇراتتى. ئاسىم قولاقچى-سنى چوكۇرۇپ كىيىپ، ئىشىكنى تېشىدىن قۇلۇپلىدى-دە، ئۇدۇل ئېلىقۇلنىڭ ئويى تەرەپكە يول ئالدى، ئۇ، ئاۋال ئېلىقۇلنى تېپىپ، ئاندىن ئالماسنى چاقىرتماقچى بولدى.

لېكىن، ئاسىم مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىشىغا، كۈتۈلمىگەندە ئالماسنىڭ ئوزى يېتىپ كەلدى.

— مەن ساڭا كېتىۋاتقان ئىدىم،— دىدى ئاسىم ئالماس-نىڭ مۇرىسىدىن تۇتۇپ ئويلانغان ھالدا،— ھەرگىز ئۇمىتسىز-لەنمە ئىنىم. دۇنيادا ئەڭ يامان نەرسە— ئۇمىتسىزلىك. ئۇمىت بولمىغان— جان بولمىغان بىلەن تەڭ. مەن شۇنى بىلىۋال: باي- بەگلەر ئوچۇن سېنىڭ ئىلىم- بىلىملىك بولۇشۇڭ ھەرگىز ئەقلىغا سىغمايدىغان ئىش. ئۇلار بۇنى ياقتۇرمايدۇ.

ئۇلارغا ھەقسىز، تىنىمسىز ئىشلەۋېرىدىغان كىچىك بولسىلا بولدى. مەخسۇت بەگ بۇگۈن سىلەرنى "ھەپسە قىلىندى" دەپ جاكالىدى. بۇ، سىلەرنى قىلچە ھەق تولىمەي گۇناكار سۈپىتىدە ئىشلىتىش جازالايمەن دىگىنى...... لېكىن سەن پۇرسەت تاپساڭلا، كەچقۇرۇنلىرى كېلىۋەر، خۇپىيانە بولسىمۇ قېشىمغا كەل، يەنە ئۈگىنىمىز......

ئالماس رازى بولۇپ بېشىنى كوتەردى. ئۇلار قېلىن مۇز ئاستىدا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئېرىق بويىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى......

## 3. ئېلىقۇل

1948 - يىلدىكى قىش ئېلىقۇل ئۇچۇن دەھشەتلىك ۋەقەلەر بىلەن تولغان كۇنلەر بولدى. ئۇ، ئۇز بېشىغا چۇشكەن دەرت - ئەلەملەرنى ئەسلىگىنىدە ئوقۇتقۇچىسى ئاسىمنىڭ يەنە قولغا ئېلىنىپ كەتكەنلىگىدىن قاتتىق ئېچىناتتى ۋە نىمە ئۇچۇندۇ بۇ ئىشتا ئۇزىنى ئەيىپلىك ھىس قىلاتتى.

بۇ ۋەقە مۇنداق بولغان:

قەھرىتان قىش، ئاچچىق سوغاق سۆگەكتىن ئوتەتتى. چاكارلار، يىللىقچىلار مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى مال قوتىنىدىن ئوغۇت چىقىرىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كوپىنچىسى ياش، قاۋۇل يىگىتلەر بولۇپ، ئالماسنىڭ تەڭ قۇرلىرى ئىدى. ئالماس بىلەن ئېلىقۇل تەلىيى "غەلىتە" ئوك كېلىپ، بىرنەچچە يىل "ئالۋاڭ" ھىساۋىغا ئوقۇپ ساۋاتلىق بولۇپ قال -

غىنىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، باشقا ھەممە چاكارلارنىڭ باللىرىغا ئوخشاش ئۇلارمۇ ھىچقاچان مەكتەپ يۈزىنى كورمىگەن، تۇغۇلغىنىدىن تاكى ھازىرغىچە مەخسۇت بەگنىڭ زەنجىر - كىشەنلىرىگە باغلىنىپ، ئۇن - تىنىسىز ئىشلەۋاتقان باللار ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئالماس ئېيتقان، يەتكۈزگەن ھەر- قانداق يېڭىلىق، يېڭى پىكىرگە ئەستايىدىل قۇلاق سالاتتى ۋە ئۇنىڭ سوزلىرىگە شۈبھىسىز ئىشىنەتتى.

ئۇلار ئولتۇرىسىدىكى پاراڭ كوپىنچە مۇنداق باشلىناتتى:

— ئالماس، سەن ئاسىم ئەپەندى بىلەن ھەمىشەم بېرىش - كېلىش قىلىپ تۇرىسەن، ئاسىم ئەپەندىنى ئىمىشقا بىزنىڭ خوجايىنلار ئىمانسىز جەدىت دەيدۇ، ئىمانسىزلىغى راستمۇ؟ — دەپ سورايتتى بەزىلەر.

— بىكار گەپ، — دەيتتى ئالماس، — ئاسىم ئەپەندى سوزسىز ياخشى ئادەم ......

— ئەپەندى ھوكۈمەت ئادىمى، — دەيتتى ئىشلەمچىلەر ئېرەڭسىزلىك بىلەن ئوز ئىشىنى قىلغاچ، — ھوكۈمەت ئادىمىنى قانداق قىلىپ بەلەن ئادەم دىيەلەيسەن؟ ......

— ئوخشمايدۇ، ئاغىنىلەر، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشكە بولامدۇ، — دەيتتى ئالماس تەمكىنلىك بىلەن، — مەن سىلەرگە ئاسىم ئەپەندىنىڭ مەخسۇت بەگنى قانداق ئوچ كورىدىغانلىغىنى ئېيتتىمغۇ. بۇنىڭ سەۋىۋى بار. ئاسىم ئەپەندىمۇ مەن ۋە ئېلىقۇلغا ئوخشاش "ئالۋاڭ" ئوقۇغۇچى بولغان، كىچىكىدە رىيازەت چېكىپ مەدىكار، ھامال، ئوچەي سىرىغۇچى بالا ئىشچى بولغان. ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ كېتىشتىن قېچىپ ئۇرۇم-

چىگە بىرىپ ئوقۇغان؛ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ھـۆكۈمەت بىرنـەچچە قېتىم تـۇتۇپ كېتىپ تۈرمـىگە تاشلىدى، ئەمدى ئويلاپ بېقىڭلار، ھۆكۈمەت ئۇنى ئادىمىنى ئۆزى سولامدۇ؟......

— ئوھۇ...... مۇنداق دېگىن...... ئۇنداقتا ئاسىم ئەپەندى ھۆكۈمەت ئادىمى ئەمەسكەن ـ دە!......

ئـاندىن ئـالماس ئـاردىدا "يـات" ئـادەم بولمىسا، ئۆز سۆزى قىلىپ، ئىچكىرىدىكى چوڭ ئىنقىلاپ، ئازاتلىق ئـارمىيە تـوغرىسىدا ئـاسىم ئـەپەندىدىن ئاڭلىغانلىرىنى ھېكايە قىلىپ بېرەتتى......

ئالماس بىر كۈنى تاغارنى "يالغۇز ئوغۇل"غا كىيگۈزۈپ قويۇپ، كەتمەن بىلەن ئوغۇت ئۇسسۇۋاتاتتى. تىتىلىپ كەتكەن كونا كالتە جۇۋا، يىرتىق ئاق تۇماق كىيىۋالغان بىر چاكار يىگىت يەنە قىستىدى:

— ھە، ئـالماس يـەنە ئېيتە، شىركەردەك بەلەن گەپ بولدى، شۇنداق قىلىپ ھىلىقى ئازاتلىق ئارمىيە دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ساپلا بىزدەك ئىشلەمچىلەركەن ـ دە؟...... ۋاھا...... ئىشلەمچىلەر دېگىنىڭ سوقۇشىدىغان بولسا، ئالەمنى مالەم قىلىـۋېتىدۇ ـ دە! ئۇلارنىڭ قورقىدىغان نېمىسى بار دەيسەن...... قېنى ئېيتە، يەنە قانداق قىپتۇ؟

— سوقۇشۇشنىغۇ سوقۇشىدىكەن، — دېدى بېلىنى تـانىدا باغلىۋالغان يەنە بىر يىرتىق چاپان يىللىقچى بالا، — ئۇلارغا مىلتىقنى كىم بېرىدۇ؟

— كىم بېرەتتى، ھېچكىم بەرمەيدۇ، — دېدى ئالماس، — تارتىۋالىدۇ، پەملەپ تۇرۇپ تارتىۋالىدۇ ـ دە، ئاندىن ئـوزىگە قارىتىپ "كوتەر قولۇڭنى!" دەپ مەيدىسىگە نىقتايدۇ......

— راستمۇ؟
— تازا جىگىرى بار ئەزىمەتلەركەن-دە!
— مىلتىقنى تارتىۋالدىڭمۇ-بولدى!......
— ......

ئالماس يەنە لىمىندۇ ئىبىتىپ بەرمەكچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، ئىتتىز بىشىغا ئوغۇت يوتكەۋاتقان ئىبلىقۇل بىلەن ئۇنىڭ ھەمرىيى شانىياز ئۇستىگە بوش تاغار تاشلانغان ياي-داق ئىشەكلەرنى ھەيدەپ، كىمىندۇ زەردە بىلەن تىللىغان، چىرايى ئۆڭگەن ھالدا قوتانغا كىرىپ كەلدى.

ئىبلىقۇل ئىگىز بوي، كوزى ئۇتلۇق، بەردەم، زەردىسى بار، يىگىرمە ياشتىن سەل ئاشقان يىگىت بولۇپ، ئالماستىن ئىككى ياشلا چوڭ ئىدى، شانىياز بولسا، كوزلىرىدە ھەمىشە غەزەپ قايناپ تۇرىدىغان، پاكارراق، كەم سوز، تومۇردەك چىڭ يىگىت بولۇپ، ئالماس بىلەن تەڭقۇر ئىدى.

ئالماس ئىبلىقۇلنىڭ غەزەپلىك ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىشنىڭ بىشىنى كوتەردى:

— ئىبلىقۇل نىمە بولدى، كىمنى تىللاۋاتىسەن؟ — دىدى.

— كىم بولاتتى، ھىلىقى قاما تۇماقلىق چاياننى! — دىدى ئىبلىقۇل ۋە زەردىسى قايناپ ھالدا ئىشەك ئۇستىدىكى قۇرۇق تاغارلارنى ئىلىپ، ئاچچىق بىلەن پىقىرىتىپ تاشلىۋەتتى، — مەخسۇت بەگ ئالدىدا بىز ئادەم ئەمەس، چۇمۇلە. چۇمۇلىمۇ ئەمەس — يەردىكى جانسىز خەستە، مۇناپىق! تاس قالدى بىر مەيدان جان ئويۇنى بولغىلى!......

ئىبلىقۇل شۇ گەپنى ئىيتىپ قوتاننىڭ تۇۋرۇكىگە مۇشت بىلەن بىرنى ئۇردى-دە، يەرگە تۈكۈردى.

ئالماس كەتمەننى قويۇپ، شانىيازنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ كوزىگە قارىدى:

— شانىياز، نىمە ئىش، ئېيتە. ئېيتقىنا، — دىدى.

شانىياز بولغان ۋەقەنى سوزلەپ بەردى......

مەخسۇت بەگ قىش ئايلىرى كېلىپ، زەرەپشان ئىتىگى ئاقىرىش بىلەنلا كوكۇل ئېچىش ۋەزىپىسىنى ئوتەيدىغان مەسخىرىۋازلىرى، مىلتىقلىق پاۋانلار ۋە بىلىگىگە تىرە پەلەي كىيىپ قارچۇغا قوندۇرغان ئوۋچىلارنى ئەگەشتۇرۇپ، ئوگىتىلگەن ئالتە ئوۋ ئىتىنى ئالدىغا سېلىپ قويىۋېتىپ، ئوۋ سەيلىسى قىلىشقا خۇشتار ئىدى.

بۇگۈن ئۇنىڭ ئىشى ھىچ ئوڭىدىن كەلمىدى. تەستىرەك ئۇچرىغان بىر قىرى توشقان ھاۋانى يىرىپ ئېتىلىپ كەلگەن قارچۇغىنى ئوزىگە قوندۇرماي، يۇگۇرۇك ئىتلارنى ئازدۇرۇۋېتىپ، ئاتلىقلارنى بىرمۇنچە ھالسىراتقاندىن كېيىن، قويۇق چاتقاللىققا كىرىۋېلىپ كوزدىن غايىپ بولدى. بۇ توشقاننى ئوۋلاشقا دەسلەپ ھىچكىم قىزىقمىغان ئىدى، لېكىن بەگ "توشقاننىڭ ئوزىدىن تاماشىسى قىزىق" دەپ تۇرۇۋالدى ۋە مەسخىرىگە قالدى.

كېيىن، بىر-ئىككى تولكە ئۇچرىدى. تولكىلەر بىر بىرىدىن ھىلىگەر ۋە ياۋۇز بولۇپ چىقتى، ئەتىشىنىڭ قولايلىق پۇرسىتىنى زادى كورسەتمىدى. ئاخىر نارچۇغا پەرۋاز قىلىپ ھاۋاغا كوتىرىلدى ۋە شىددەت بىلەن شوڭغۇپ بېرىپ، قېچىپ كېتىۋاتقان قىرى تولكىنىڭ ساغرىسىغا

قولدى. ۋەھشىلەشكەن قارچۇغا بىر پۇتىدىكى ئۆتكۈر تىرناق-لىرىنى تۈلكىنىڭ ساغرىسىغا پاتۇرۇۋېلىپ، ئىككىنچى پۇتى بىلەن تۈلكىنىڭ يۈز-كۆزىگە چاڭ سېلىپ ئۈلگۈرگىچە، قېرى تۈلكە ئۆزىنى قويۇق جىغانلىق ئىچىگە زەرب بىلەن بىر ئۇردى-دە، قارچۇغىنىڭ بىر پۇتىنى جىغانغا ئىلىنىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ چېتىنى يېرىپ كاردىن چىقاردى. ئوۋ ئىتلىرى ئولجا مارىلاپ ئېتىلىپ كەلگەندە، بەگنىڭ ئەتىۋالىق قارچۇغىسى يەردە پالاخشىپ ياتاتتى......

چۈشتىن كېيىن بىر جەرەن ئۇچرىدى. ئۇ، پەسرەك تاقىر دۆڭنىڭ ئۈستىدە چىرايلىق قارا كۆزلىرىنى مولدۇرلىتىپ، ئاتلىقلارنى كۈزىتىپ قاراپ تۇراتتى. مۇنداق تەييار ئولجىنى بىرلا ئوق بىلەن قولغا چۈشۈرۈشكە كۆزى يەتكەن مەخسۇت بەگ پاۋانلارنى ئېتىشتىن توختاتتى-دە، ئۆزى كېرىلىپ مىلتىقنى قولىغا ئالدى ۋە پاۋانلارغا:

— سىلەر جەرەن ئاتىمەن دېگىچە، توخۇ چوجىسىغا باسماق قۇرۇڭلار، — دەپ تۇرۇپ، تەپكىنى باستى.

ئوق ئاۋازى جىلغا ئىچىدە ئۇزاق سادا قىلدى، لېكىن جەرەن تېخىچە مەسخىرە قىلغاندەك قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، مەنسىتمىگەندەك قاراپ تۇراتتى. مەخسۇت بەگ جىلى بولۇپ ئىككىنچى قېتىم ئوق ئۈزگەندە، جەرەن ئاللىقاچان ئىزىنى يوقىتىپ كۆزدىن غايىپ بولغان ئىدى......

بەگنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەس-خىرىۋازلىرى قاقاقلاپ تازا كۈلۈشتى. بەگنىڭ ئاچچىقى كەل-دى ۋە قايتماق بولدى. شۇ چاغدا ئالدىدىكى چاتقاللىقنىڭ

چېتىدە سېرىق تۈكلۈك بىر نەرسىنىڭ دۈمبىسى كۆرۈندى، مەسخىرىگە قالغان ۋە قىزىپ كەتكەن بەگ ھە دېگەندىلا ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى. ئوۋچىلار يۈگۈرۈپ بارغاندا، چاتقاللىقنىڭ چېتىدە بەگنىڭ ئۇزۇن پۇتلۇق، سېرىق تۈكلۈك يۈگۈرۈك تايغىنى جان بېرىۋاتاتتى. بۇ قېتىم ھېچكىم كۈلمىدى، بەگنىڭ كەيپى ئۇچتى ۋە ئوز ئىتىنىڭ ئولۈگىنى ئولجا قىلىپ قايتىشتىن باشقا چارە بولمىدى......

مەخسۇت بەگنىڭ شۇنداق بىر مىجەزى بار ئىدىكى، باشقىلارغا پايدا ياكى زىيىنى بار-يوقلۇغىدىن قەتئىي نەزەر، ئۆزىگە نەپ تەگمەيدىغان ھەرقانداق ئىشنى ئوچ كۆرەتتى. نەپ تەگمەيدىغان ئىشنى قىلىپ جىلى بولۇپ قالغاندا، قاندا-داقلا بولمىسۇن بىرەركىمدىن ئوچ ئېلىپ پۇخادىن چە-قاتتى ۋە ئاچچىغىنى چىقىراتتى.

بۈگۈنكى ئوۋ ئۇنىڭغا زادى ياقمىدى، ئوۋدىن قايتىش سەپىرىدە مەسخىرىۋازلىرىنىڭ "ھا، ھا، ھا"، "ھى، ھى، ھى" لىرىمۇ ئانچە ئاڭلانمىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بايىقى ھاجەتسىز مەسخىرە كۈلكىسى بەگنىڭ چىشىغا تېگىپ، "ساۋاق" ئالغانلىقتىن جىم بولۇشقان ئىدى.

مەخسۇت بەگ قاپىغىنى سېلىپ مەھەللىگە يېقىنلاشقاندا، قۇرۇق تاغارلارنى ئېشەككە تاشلاپ ئېتىزدىن چىقىپ كېلىۋات-قان ئېلىقۇل بىلەن شانىيازغا ئۇچرىدى.

ئاتلىقلارنىڭ ئالدىدا بىقىنلىرى ئىچىگە تارتقان، تىلى-لىرىنى ساڭگىلىتىپ، شولگەيلىرىنى ئېقىتىپ يەر پۇراپ كېلە-ۋاتقان بەش ئىت ئېتىزدىن چىقىپ كېلىۋاتقان ئېلىقۇل

بىلەن شانىيازنى كورۈپ، ئۈشتۈمتۈت قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، مەخسۇت بەككە ئىلتىجا قىلىپ قارىدى. بەگ ئۆزدىگە بىلەن ئاتنىڭ بىقىنىغا تەپتىمۇ - بولدى — ئىتلار شۇنداق ئۆگىتىلگەن ئىدى — ئېتىلاتتى.

ئۇزىگە قاراپ هاڭقىيىپ قالغان ئىتلارنى كورۈپ، مەخسۇت بەگ بۇگۈنكى مەزىسىز ئوۋنىڭ خاپىلىقىمۇ ياكى ئادەت تەسىرىدىنمۇ ئۇزىدىگە ساپقان پۇتى بىلەن ئاتنىڭ بىقىنىغا تەپتى. ئىتلار چاق سىلىپ ئېلىقۇل بىلەن شانىيازغا ئېتىلدى، ...... ئۇلارنى تالاپ بۇردا - بۇردا گوش قىلىۋەتكەنمۇ بولاتتى — مۇنداق ئىشلار بولغان — لېكىن، ئېلىقۇل ۋالىلداپ تۇرغان ئوتكۇر كەتمەننى قولىغا ئېلىپ، ئوز ئورنىدا پىقىراپ ئىتلارنى ئۇزىگە يېقىن كەلتۇرمىدى. شىددەتلىك جەڭ ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى، ئېلىقۇل كەتمەننى شىددەت بىلەن پىقىرىتىپ تۇرۇپ، بەگنىڭ ھەممىگە قابىل كوزىر تايغىنى — كالا تومشۇق قارا چىپار چوك ئىتىسى غەزەپ بىلەن چانىدى، بىراق، ئىت كەينىگە شوخشىغانلىقتىن، ئۇنىڭ سۇپۇرگە قۇيرۇق توكلىرى هاۋادا توزۇپ، ئوزى قۇتۇلۇپ كەتتى. ئىتلار قۇيرۇغىنى تىكىپ قاچتى ......

بەگ ئەلەم قىلغاندەك ياپما قاپاقلىرى بىلەن ئېلىقۇل-غا دەهشەتلىك بىر هومايدى - دە، ئوتتۇپ كەتتى ......

شانىياز بۇ هىكايىنى سوزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، مەھەللە تەرەپتىن تۇيۇقسىز دەهشەتلىك قىيا - چىيا كوتىرىلدى. قىيا - چىيا ئىچىدە بىر مەسۇم گودەك بالىنىڭ پەريات بىلەن

چىقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرۇپ قالاتتى، ئاندىن چوڭ ئادەمنىڭ دەھشەتلىك پەريادى ياڭراپ ئۈزۈلدى...... ئىبلەقۇلنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى، ئالماسنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى، شانسىياز كەتمەننى پىقىرىتىپ تاشلىۋەتتى ۋە ھەممىيلەن ئوقەتەك ئېتىلىپ مەھەللە تەرەپكە يۈگۈردى......

بۇ يەردە يەنە بىر يېڭى پاجىئە يۈز بەرگەن ئىدى:

ئىبلەقۇلنىڭ دادىسى سۇپۇرگە ئاكا مەخسۇت بەگنىڭ ئاتا مىراس مالايلىرىدىن بولۇپ، ئوتتۇز يىلدىن بۇيان ئاتىبارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. ئۇ ئىبلەقۇل تۇغۇلۇپ توپ-توغرا ئون بەش يىلدىن كېيىن يەنە بىر ئوغۇل كۆردى. بالىنىڭ ئىسمىنى ئانىنىڭ تەلىۋى بويىچە كەنجى قويدى ۋە "كەنجىتاي" دەپ ئاتاشتى. ئەمما، كەنجىتاي تۇغۇلۇپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا مەخسۇت بەگنىڭ چوڭ خوتۇنى كېلىپ، تۇغۇتلۇق ئاجىز ئاندىن كۈنىگە ئىككى قېتىم ئۆزىنىڭ سۈتىنى سېغىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى ئۇنىڭغا قاداقتۇ بىر تىۋىپ: "تۇغماس ئايال، ئالدىنقى بالىسىدىن توپ-توغرا ئون بەش يىل قەرەل بىلەن پەرزەنت كۆرگەن چوڭ ياشلىق ئايالنىڭ سۈتىنى ئىچىپ بەرسە، تۇغىدىغان بولىدۇ،" — دەپ بۇيرۇغان ئىكەن......

ئامال قانچە؟ تۇغۇتلۇق ئانا بەگ خوتۇنىنىڭ تەلىۋىنى ئورۇنلاشقا مەجبۇر بولدى. سۈت مەنبەئى بولمىغان ئاجىز ئەمچەكنى كۈنىگە سىقىپ ئىككى پىيالە سۈت چىقىرىش ئاسانمۇ؟...... ئانا ئاز كۈندىلا ھالىدىن كەتتى ۋە بەگ خوتۇنىنىڭ تەلىۋىنى ئورۇنلىيالمىدى. كىشىلەر بەگ خوتۇنىنى

"مەخسۇت بەگنىڭ سىياقىنى ئالغان چىشى بورە" دەپ ئاتايتتى. "چىشى بورە" سۇت بەرمىگەن ئانىغا غەزەپلىنىپ، بىر كۈنى بوراندەك ھوكىرەپ ئۆيىگە بىسىپ كىرىپ:

— ئون بەش يىل قەرەل بىلەن تۇغمىدىغان ئايال يەنە قەيەردە بار ـ ھە؟ ...... بەگنىڭ مىراسخورى مەندىن تۇغۇلسا، ساڭا نىمە يامىنى بار ـ ھە؟ ھەقىچان سۇيۇق ـ سەلەڭ ئىچىق سۇتۇڭنى ئاشۇ كۈچۈكىڭدىن قىيالماي يالغان ئىيتقانسەن! — دەپ كىچىككىنە كەنجىتايغا ئۆزىنى ئاتتى.

ھالسىزلىنىپ تۇرغان ئانا كەنجىتاينى باغرىغا بىسىپ دۈم يىتىۋالدى. "چىشى بورە" بولسا، پاشنىلىق ئۆتۈكى بىلەن تۈگۈتلۈق ئانىنىڭ ئاچ بىقىنىغا ھارغىچە تەپتى ـ دە، چىقىپ كەتتى......

شۇ ۋەقەدىن كىيىن، تۈگۈتلۈق، ئاجىز ئانىنىڭ ئاغزىدىن قاپ ـ قارا قان يىنىپ، بىر نەچچە كۈن ئەلەڭ ـ سەلەڭ بولۇپ يىتىپ، جىمجىتلا ئۆلۈپ كەتكەنلىگى توغرىسىدا توختىتالمايمىز .....

سۈپۈرگە ئاكا، بولۇپمۇ ئىبلىقۇل مومىن، يۈۋاش ئانىسىنىڭ تەۋەرۈگى بولۇپ قالغان كىچىككىنە كەنجىتايغا بەك ئامراق ئىدى. ئۇنى كىچىسى باغرىغا بىسىپ، كۈندۈزى قوينىغا سىلىپ يۈرۈپ، ئاخىر بەش ياشقا كىرگۈزدى. ھىچقانداق سۈتسىز، چايناپ يىگۈزگەن ناننىڭ كۈچى بىلەن بالىنىڭ پاخلان، بۇدىرۇق ئەمەي بولۇۋاتقىنىغا كىشىلەر ھەيران قالاتتى......

بۈگۈن سۈپۈرگە ئاكا كەنجىتاينى ئۇچاق ئالدىدا قالدۇرۇپ، ئۈستىگە ئەسكى جۇۋىنى ئارتتى ـ دە، ئوغلىغا قاراپ:

— كەنجىتاي، ھىلى بەگ ئۇۋدىن قايتىدۇ، كېلىدىغان چېغى بولدى. مەن ئاتلارغا بىدە توغراپ قوياي، سەن ھىدىر-لىماي ئولتۇرغىن، تالاغا چىقما، ئوت ئوينىما، — دەپ ئىشىك-تىن چىقىپ، ئېغىل تەرەپكە ئوتۇپ كەتتى.

سۇپۇرگە ئاكا قىپ - يالىڭاچ كەنجىتاينىڭ ئوزىنىڭ كەينىدىن پىلتىڭلاپ ئەگىشىپ چىققىنىنى كورمىدى. بالا جا-راڭلاپ تۇرغان سوغاقتا يالىڭاچ ھالدا دادىسىنى ئەگىشىپ كېتىۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا ئالدىدىن مەخسۇت بەگ چىقىپ كەلدى. ئۇ، ئات ئۇستىدە تۇرۇپ سىرغاقنى پەسەنت قىلماي پىلتىڭلاپ كېتىۋاتقان بالىغا كوزى چۇشتى - دە، بىردىن ھىچ-قاچان بالا يۇزى كورمىگەن يۇرىگىدە چايان قۇترىدى ۋە ئىت-لارغا قاراپ قويۇپ، ئۇزەڭگىنى تەپتى،

ۋەھشىلەشكەن ئىتلار كوزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئېتىلىپ بېرىپ بالىغا چاڭ سالدى ۋە ھەش - پەش دىگىچە كىچىككىنە كەنجىتاينىڭ قولى، دۇمبىسى، قوسىغى، كاسىسىدىن چىشلەپ، بۇردا - بۇردا گوش قىلىۋەتتى......

سۇپۇرگە ئاكا بالىنىڭ "چىر" قىلىپ چىقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئاتخانىدىن ئېتىلىپ چىقتى ۋە ئوزىمۇ ئىتلارنىڭ ھۇجۇمى ئاستىدا قالدى. دەھشەتلىك تالىنىۋاتقان ئاتا نىمە قىلىشنى بىلمەي بەگنىڭ ئوزىگە ئېتىلدى...... ئەمما، بەگ بوگوننىكى ئىچ پۇشۇغى شۇنىڭ بىلەن پەسكويىغا چۇشكەندەك، سوغاق بىر كۇلدى - دە:

— ھىلىمۇ تەلىيىڭ بار ئىكەن، سەن ساق قالدىڭ ۋە بىر نان قېپى دە دىسە جايىنى ناپتى، — دىگىنىچە ئىتلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ، تومۇر دەرۋازىلىق قوراغا كىرىپ كەتتى......

سۇپۇرگە ئاكا ئەلەم ۋە غەزەپتىن تولغىنىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىغاندا، تېخى بايىلا قارىغاچتەك قاپ - قارا كوزلىرىنى مولدۇرلىتىپ هايات قالغان كىچىككىنە سۈيۈملۈك كەنجىتايىنىڭ مانا ئەمدى ئۇ يەر - بۇ يەردە چېچىلىپ ياتقان باش، پۇت - قول، يانپاش - قوۋۇرغا سوڭەكلىرى ۋە توپىغا ئارىلاشقان، قانغا مىلەنگەن ئۇچەيلىرىنى كوردى...... ئاتا يۈرىكى چىدىمىدى...... ۋە كوزىگە بىردىنلا يورۇق دۇنيا قاراڭغۇ دوزاققا ئايلىنىپ كەتكەندەك، مۇدهىش بىر قاراڭغۇلۇق تىقىلدى - دە، هوشسىزلىنىپ يىقىلدى — شۇ يىقىلغانچە ئورە بولالمىدى......

ئالماس، ئېلىقۇل، شانىيازلار دوپۇرلىشىپ يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلگەندە، سۇپۇرگە ئاكا ئاللىقاچان بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەللىك يىللىق رىيازەتلىك ئومرىدىكى هەممە دەرت - ئەلەملەر كوزى بىلەن چىشىغا يىغىلغان ئىدى، دەۋرەپ يېتىپ كەلگەن قېرىنداشلار ئۇنىڭ كوزلىرىنى ئۇۋۇلىدى، لېكىن، يۇمدۇرۇش مۇمكىن بولمىدى. چىشلىرى گويا قاراسلاپ غاچىرلاۋاتقاندەك ئىدى......

ئېلىقۇلنىڭ چىكە، بويۇن تومۇرلىرى باشمالتاقتەك كوپۇپ چىققان، كوزلىرىدە ئوت ئۇچقۇنلىرى يالتراپ كەتتى ئۇ، يولدا قان ۋە توپىغا مىلىنىپ چېچىلىپ ياتقان كەنجىتاينىڭ ئۇستىخانلىرىغا، سونايلىنىپ ياتقان دادىسىنىڭ جەسىدىگە بىر قارىدى - دە، تۇيۇقسىز ئاتخانىغا قاراپ يۈگۈردى ۋە ئۇ يەردىن بىدە توغرايدىغان جادونىڭ قىڭغىرىغىنى يۇلۇپ ئالدى - دە، ئېتىلىپ چىققانچە تومۇر دەرۋازا تەرەپكە يۈگۈردى......

شۇ كۈنى بەگنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسى ئالدىدا پۈتۈن يا ـ ئاقلىق يېزىسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن چوڭ ئىسيان پەيدا بولدى. غەزەپلەنگەن ۋە يۈز بەرگەن پاجەنى مۇتلەق ئەقلىغا سىغدۇرالمىغان نەچچە يۈزلىگەن يىللىقچى ـ چاكار، ئىجارىكەش ـ ئوتاقچى دېخانلار قوللىرىغا كەتمەن ـ پالتا، كالتەك ـ توقماق ئېلىپ، ئەسىرلەر بويى يىغىلىپ كەلگەن غەزەپ ـ نەپرەتلىرىنى بىلىگىگە توپلاپ:

ـــ قانغا ـ قان، جانغا ـ جان ئالىمىز، ـــ دەپ قەسەميات قىلىشتى.

ئېلىقۇلنىڭ جادۇ قىڭغىرىغى تۆمۈر دەرۋازىغا جاراڭلاپ ئۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ، سەلدەك بېسىپ كەلگەن كوپچىلىك تۆمۈر دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىنى ئۇرۇپ چاقتى، هويلىغا يامراپ كىرىپ ئۇۋ ئىتلىرىنىڭ ئۈچىنى چاناپ ئۆلتۈردى (ئىككىسى تامدىن ئارتىلىپ قېچىپ كەتتى)، تاشقارقى هويلىدىكى ئات ـ خانىنىڭ چەللىسىگە ئوت قويۇۋېتىپ، گۈلزارلىق هويلىنىڭ يان دەرۋازىسىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، بەگنىڭ مەخسۇس قوراسىغا باس ـ تۇرۇپ كىردى......

ئۇلار ئالدىغا ئۇچرىغان جىمىكى نەرسىنى ئۇرۇپ ـ چېقىپ، يانچىپ ـ چەيلەپ، بەگ تۇرۇشلۇق بىناغا ئېتىلىپ كەلدى...... دەل شۇ چاغدا چوڭ مېهمانخانىنىڭ سالاسۇنلۇق سۇپىسىدا ئوي مولىسى هاجى ئىشان پەيدا بولدى ۋە ئۇ دەهشەتلىك ئىڭراق ئاۋاز بىلەن:

ـــ مۇسۇلمان ئېسىگنى يىغ، رەببىم ئاللانىڭ ئەلچىسىنىڭ سوزىگە قۇلاق سال، يەتتە قات ئاسماندىن پەرىشتە ـ مالائىكىـ

لەر چۈشتى. جەبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىش، مەھەممەت پەيغەمبەرىمنىڭ پېشىنى تۇت ۋە ئاخىرەتلىكىڭنى ئويلا، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە قۇلاق سالما...... — دەپ نىدا قىلدى.

ھاجى ئىشاننىڭ سوزىنىڭ ئېغىر تەسىرى ئاستىدا، بىر شىددىكى چوڭ سەللىسىنىڭ پەتتىسىنى مۇرىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ مەيدىسىگە چۈشۈرگەن، ئىككى بىلىگىگە بىر جۈپ قەھرىۋا تاشلىق تەسۋى ئاسقان، چوڭ «قۇرئان» نى ئىككى قوللاپ ئېچىپ تۇتقان ھالدا ھىسامىدىن داموللا ئويدىن چىقىپ كەلدى. ھاجى ئىشان يەنە بوغۇق ئاۋاز بىلەن:

— رەببىم ئاللا كوز تىكمەكتە، پەرىشتە - مالائىكىلەر نامە - ئەماللىرىڭىزنى پۈتۈپ تۇرماقتا، قۇلاق سال، قاتۇرۇپ قويۇش، تاشقا ئايلاندۇرۇۋېتىشتىن ساقلان! — دەپ ئىڭرىدى.

ھىسامىدىن داموللا «قۇرئان» نى ئېغىزىغا ئەكلىپ سۆيدى ۋە بېشىدىن ئىگىز كوتەردى:

— جان ئاللانىڭ، ئۇ بىزنىڭ تېنىمىزگە ئامانەت قويۇلغان، — دىدى داموللا «قۇرئان»نى بېشىدىن ئىگىز كوتەرگەن ھالدا، — ئاللاكېرەم ئۇنى قاچان، قايسى سائەتتە، قانداق ئۇسۇل بىلەن ئېلىشنى خالىسا، شۇنداق ئېلىۋېرىدۇ......بەندىنىڭ ھەددى ئەمەس...... ئاللاتائالانىڭ مەرھەمىتىگە سىغىنىڭلار، شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن ھەزەر ئەيلەڭلار......

ھىسامىدىن داموللا "قۇرئان كېلىمىسى"، "ئاللادىن كەلگەن ۋەھى" دەپ تۇرۇپ ئۇزاق سوزلىدى. غەزەپلەنگەن خەلق

بىردىن قايىنىغان قازانغا سۇ قۇيغاندەك جىمىپ قالدى. قىرلار ياقىسىنى تۇتۇشتى، ياشلار نېمە قىلىشىنى بىلمەيتتى. ھىسامىدىن داموللا ئۇلارنى ئاللانامىدىن سوزلەپ قانداق جىمىتقان بولسا، خۇددى شۇ ئۇسۇل بىلەن كالتەك ـ توقماقنى تاشلاشقا ئۈندەيتتى......

ئىپلىقۇلنىڭ تاقىتى ئەمدى توگىگەن ئىدى. ئۇ جادو قىلغىنىغىنى يالتىراتقان ھالدا ھىسامىدىن داموللا تۇرغان سۇپىغا سەكرەپ چىقتى، ئۇنىڭ كوزلىرىدە بايىقىدەكلا ئوت گۈلخانلىرى يانانتى، بويۇن تومۇرلىرى لىپ ـ لىپ قىلىپ ئۇراتتى:

ــ يولنى بوشات، مەن بەككە!...... ــ دىدى ئۇ دەھشەتلىك بىر ئاۋاز بىلەن.

ئالماس، شانىياز پالتىلىرىنى كوتەرگەن ھالدا سۇپىغا سەكرەپ چىقتى:

ــ بىزگە بەگنىڭ ئوزى كىرەك!......

ــ ئادەم ئولتۇرگەن قاتىلنى تۇتىمىز!......

ــ ......

ھىسامىدىن داموللا تاتىرىپ كەتتى:

ــمېنىڭ سىلەرگە ئېيتىدىغىنىم بار، ــ دىدى ئۇ، ــ سىلەر مۇشۇ «قۇرئان» ئالدىدا سوزلەگلار، سىلەر ئاللانىڭ بەندىسى، رەسۇلىللانىڭ ئۇممىتىمۇ ـ ئەمەس؟......ئادەم ئولۇشكە بەگ ئەمەس، ئىت سەۋەپچى بولدى، جاننى بولسا، ئاللاكىرەم ئوزى قايتۇرۇۋالدى، بۇنىڭغا شەك كەلتۇرەمسىلەر ـ ھە؟......

ھاجى ئىشان ئەدەپ ئاھاڭىدا ئىگراپ سوز قاتتى:

— ئەلھوكىملىلا تەقدىر، تەقدىرگە بويۇن ئېگىڭلار...... مىيتلارنىڭ روھىنى ئازاپلىماڭلار، جەننىتى بولسۇن دەپ دۇئا قىلىڭلار، ئامىن! يا رەببىم ئامىن...... قول كوتىرىڭلار، ئامىن!......

بىرنەچچە مويسىپىت، قىرسال كىشلەر ياقىسىنى تۇتۇپ، ئىختىيارسىز سۇپىغا، ئىلمقولغا يىغىنلاشتى:

— بولدى قويۇڭلار، يامان بولىدۇ، پىشانىسىگە پۈتۈلگەن بولسا، نىمە ئامال بار؟......

— بىز ھەممىمىز تەقدىرنىڭ قۇلى ئەمەسمۇ؟......

— ئىتلار ئۇلتۇرۇلدى، جانغا - جان دىگەن شۇ......

— ......

شۇ كېچىسى ئالماس مەسلىھەت ئېلىش ئۈچۈن ئاسىمنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە ئۇ يەردىن ئالدىراپ قايتىپ كېلىۋاتقاندا، يول ئۈستىدە قولى باغلانغان يولداشلىرىنى كوردى ۋە ئۇزىمۇ تۇتقۇن قىلىندى. ئۇلار مەخسۇت بەگنىڭ شاتۇر دوغا ئارقىلىق كىرگۈزگەن خېتىگە ئاساسەن، ساقچى ئىدارىسىنىڭ چوماقچىلار ئەترىدى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان ئىدى......

جەسەتلەر تېخى يەرلىكىدە قويۇلماي تۇرۇپ يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە ياڭاقلىق يېزىسى خەلقى ئارىسىدا چۈچۈتۈلگەن ياققا ئوت ياققاندەك، مىسلىسىز زور تەۋرىنىش پەيدا قىلدى ۋە دەۋرەپ كەلگەن چاكار - يىللىقچىلار، مالاي - مەدىكارلار، ئاچ - ئورۇق خەلق يەنە بەگ ھويلىسىنى قورشىۋالدى. ئاسىم باشلىق بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلارمۇ بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ كەتتى ۋە ئۇلارنىڭ كىشلەر ئارىسىدا مۇشتۇملىرىنى

تۈگۈپ، غەزەپلىك سوزلەپ، تەشۋىقات يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى كورۇش مۇمكىن ئىدى......

ئۇلارنىڭ تەلىۋى بىرلا: تۈتقۇن قىلىنغانلارنى دەرھال بوشىتىش......

بۇ قېتىم ھىسامىددىن داموللىنىڭ "ئەمرى - مەرۇپى" ئانچە ئاقمىدى، شۇڭا، مەخسۇت بەگنىڭ ئوزى ئوتتۇرىغا چىقتى.

مەخسۇت بەگ ئاللىقاچان دوغا - ياپىلىرىنى توپلاپ، قوراللاندۇرۇپ، مۇبادا "توپىلاڭچىلار" گېپىگە كىرمىگۇدەك بولسا، ئۇلارنى رەھىمسىز ھالدا قىيما - چىيما قىلىۋېتىشنى كوڭلىگە پۇككەن ئىدى. لېكىن ئۇ، پىشايۋاننىڭ سۇپىسىغا چىقىش بىلەنلا يۈزلىگەن غەزەپلىك كوز، تۈگۈلگەن مۇشت، كىرىشكەن چىشلارنى كورۇپ بىردىن چىرايىدىن قان قاچتى، پۇتى سىقىراپ قالدى. خەلقنىڭ پەيلىنى كورۇپ قورقتى......

مەخسۇت بەگ بەگلىك تاجىسىنى كىيگەن يىگىرمە نەچچە يىل ئىچىدە تۇنجى قېتىم ئوز قارارىنىڭ تەتۈرىسىنى قىلىشقا مەجبۇر بولدى:

— بوپتۇ، مەن قولغا ئېلىنغانلارنى ھوكۇمەتتىن بورۇنغا ئالىمەن، — دېدى ئۇ ئامالسىز، — مەن ئۇلارنى تۈتۈپ كەتكەنلىكىنى نەدىن بىلەي......بۇگۇنلا قايتۇرۇپ چىقسۇن...... — بەگ شۇ يەردىلا شەھەرگە ئاتلىق دوغىلارنى چاپتۇردى، — سۇپۇرگە بىلەن كەنجىنى مەن ئەمەس، ئىت ئولتۇردى، شۇنداق بولسىمۇ يۇرتقا مەن نەزىر بېرىمەن، چىقىمى مەندىن بولسۇن......

خەلق بىر بىرىگە قاراشتى، غودۇراشتى، كىمكىدۇ لە-

ەت ئۇقۇدى ۋە تەسەللى بېرىشتى، جىمىپ قېلىشتى، ئاخىردا:

— ئالماس، ئېلىقول، شانىيازلار قايتىپ چىقمىسا بىز تارقالمايمىز، — دېيىشتى.

بەگ يەنە ئاتلىق چاپارمەن ئەۋەتتى. شۇ كېچىسى تۇتقۇن قىلىنغانلار قايتىپ چىقتى ۋە كىشىلەر:

— ئۇزۇن تىلىگىمىز ئورۇنلاندى، بوش كەلمىدۇق، — دەپ تارقاشتى.

ئەمما، ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن كېچىسى ئاسىم قولغا ئېلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ قولغا ئېلىنىشى توغرىسىدىكى پاراڭ ھەر خىل ئىدى...... ئۇ شۇ قولغا ئېلىنغانچە، ئالتە ئاي — 1949 - يىلى 6 - ئايغىچە تۈرمىدە ياتتى. ئۇ تۈرمىدىن قۇتۇلۇپ چىققاندا مىسكىن، دەرتمەن ئانا سارىخان بىلەن ئالماس دەريا بويىدا ئۇنى قانداق كۈتۈۋالغانلىقىنى كىتاۋىمىزنىڭ بېشىدىلا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق......

## بەشىنچى باپ

### 1. ئېلىشانىڭ قوشاقلىرى

تۈن كېچە، يېزا ئىمچى جىمجىت.

پەقەت كوئېنلۈنىڭ ئۈستى توختىماي تاراقلاپ گۈلدۈرلەيتتى، "يالت - يۇلت" قىلغان چاقماق مىڭلىغان ئۈششاق تاللارغا ئايرىلغان ئوق يىلتىزىدەك يالتىراپ ئۆچەتتى، بەزىدە چاقماق قوشۇلمىلىرىدىن پۈتۈن كوئېنلۈن كوزنى قاماشتۇرۇپ ئاپپاق ئوت يالقۇنلىرىغا ئايلىنىپ كېتەتتى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى ئۇزاققىچە ساقلىناتتى. بىرنەچچە تەرەپتىن كېلىۋاتقان قويۇق قارا بۇلۇتلار بەزىدە گوياكى كوئېنلۈنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىنى تالاشقاندەك، كوئېنلۈن ئۈستىگە سىلجىپ كېلىپ، شەمشەر قىلىچتەك بىر بىرىگە چاراڭلاپ ئۇرۇلاتتى - دە، غايەت زور ئوت يالقۇنى پەيدا قىلىپ، پۈتۈن كوئېنلۈن ئەتىگىنى سۈتتەك ئاقارتىۋېتەتتى ۋە يەنە بولۇنۇپ كېتەتتى......

ئۇ يەردە مىسلىسىز توكمە يامغۇر كەلكۈنى بولۇۋاتقانلىغى ئېنىق.

ئالماس ئىككى تەرىپىگە قويۇق جىگدە ئۈستۈرۈلگەن زەيكەش ئېرىقنىڭ قېشىدىن سەكرەپ ئۆتتى - دە، بۇلۇتلارنىڭ كوكسىنى يېرىپ قاراڭغۇ تۈن قوينىغا نۇر تارقىتىپ تۇرغان چاقماق ۋە يامغۇرلۇق كېچىنىڭ ئاجايىپ سەلتەنەتلىك كارا-

مىتىگە ھېرىس بولۇپ، كوئېنلۈن چوققىلىرىدىن كۆزىنى ئۈزمەي بىر مىنۇتچە قاراپ تۇردى ۋە يەنە ئالدىراپ، مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى سوقما تاملىق غېرىپ كەپىگە يۈرۈپ كەتتى......

ئالماس بۈگۈن ناھايىتى جىددى ۋە خۇشال ئىدى، قانائەتلەنگەندەك ئۆزىنى بەردەم، كۈچلۈك ھېس قىلاتتى. قوشۇمىلىرى ھەمىشەمدىكىدەك قاتتىق تۈگۈلۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن قەلبىدە كوئېنلۈن ئۈستىدە چېقىلغان چاقماق نۇرىدەك يالتىراپ تۇرغان نۇرنى، ئۇركەشلەپ تۇرغان باھار تۇيغۇسىنى سېزەتتى ۋە بۇ نۇر، باھار تۇيغۇسى ئۇنى نىمىگىدۇر تەشنالىق بىلەن ئالدىرىتاتتى......

ئالماس تېخى بايىلا — بۇنىڭدىن بىرنەچچە سائەت ئىلگىرى ئاسىمنى دەريادىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن يول بويى مۇڭدىشىپ كەلدى...... ئالماس ئاسىم بىلەن ئۇ تۇرمىگە تاشلىنىشتىن بۇرۇنمۇ قاغىش تەككەن ناسارەتلىك مۇدھىش زامان، مەخسۇت بەگلەرنىڭ قان شورىغۇچ چىلبۆرىلىك قىياپىتى، ئاۋام خەلقنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەت-ھوقۇقسىزلىقى ئۈستىدە مۇڭدىشىپ تالاي كېچىلەرنى ئۆتكۈزگەن ۋە بۇ، دىخاننىڭ يەلكىسىدىن بېسىپ تۇرغان ئېغىر تاغنى ئاغدۇرۇۋېتىدىغان كۈنلەر كېلەرمىدى، دەپ قانچە-قانچە ئارزۇ قىلىشقان ئىدى. لېكىن نىجاتلىق يولى يىرق، گويا تۇمۇر قەپەزگە سولانغان يولۋاستەك تېپىرلاپ، ھەممە يەردە دەھشەتلىك توساقنى كۆرەتتى...... بۈگۈن بىردىنلا چوڭقۇر ھاياجانلىق ئۈمىت قايتا باش كۆتەردى، دەھشەتلىك توساقنىڭ غولىنى پاچاقلىۋەتكەن پالتىنىڭ ئاۋازىدەك، ئاسىم ئېلىپ كەلگەن ئاجايىپ خەۋەرلەر

ياغاقلىق يېزىسىنىڭ كۆمۈلاچ تاملىق ئۆيلىرىدە چوڭقۇر زىل-زىلە پەيدا قىلدى.

ئۇ، ئۇزىنىڭ پۇتلىرى يالاڭغىداق، كىيىملىرى جۇل-جۇل، چاچلىرى ئۆسۈپ كەتكەن، ئورۇق-ئاچ، كوزلىرىگە غەزەپ كولەڭگۈسى سىڭىپ كەتكەن مالاي ئاكىلىرى، يېللىقچى دوستلىرىغا ئاسىم ئىلىپ كەلگەن خەۋەرلەرنى يەتكۈزگەندە، ئۇلار خىلى ۋاقىتلارغىچە، تىگىرقاپ ھاياجانلىنىپ كەتتى:

— راستمۇ، ئىپتىقىنىڭ جىنى گەپمۇ-ھە؟..

— قارا، ئاخىر بۇلۇتلارنى يېرىپ كۈن چىقىدىكەن-دە!......

— ئاغزىڭغا قەنت ئۇكا!...... كىشى ئەجەپ خەۋەرلەرنى ئاڭلايدىكەن-دە!...... تووا، شۇ كۈننى تىرىكى كورمەسەكمۇ دىلىمىز سۇ ئىچتى......

— مەخسۇت بەگنىڭ پەيمانى توشقان ئەمەسمۇ. ئەرگە بىر نوۋەت، يەرگە بىر نوۋەت دىگەن گەپ بار. شۇ چايانىنىڭ ئەدىۋىنى بىر بەرسەك، ئارمان قالارمىدى!......

— خەپ، شۇ كۈنلەر پاتراق كەلسىمىكەنمۇ! — دىيىشىپ، ئالماستىن قۇتلۇق خەۋەرنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە سوراشتى، باشلىرىنى لىڭشىتىشتى، ساقال-بۇرۇتلىرىنى سىلاپ تىگىرقاشتى ۋە ئالماسنىڭ دولىسىغا قىقىپ، قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ:

— ئەجەپ ئەمەس......دىگىنىڭ كەلسۇن. ئاينىڭ ئۇن بەشى قاراڭغۇ، ئۇن بەشى ئايدىڭ ئەمەسمۇ، ئۇزۇن كىچىنىڭمۇ ئاخىرى — چىكى بولىدۇ. سەن ئۇكا، بەلەن خەۋەرلەرنى يەتكۈزدۇڭ ۋە بىزمۇ قولىمىزنىڭ توپىسىنى قىقىۋىتىپ، دىڭ بولۇپ تۇرىمىز، — دىيىشتى....

ئالماس قېرىنداشلارنىڭ بۇ ئارمانلىرىنى ئويلاپ كېلەۋېتىپ، سەقما تاملىق پاكار ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۆي ئىچىدىن كۆڭگا چىراق يورۇغى چىقىپ تۇراتتى.

بۇ، ئالماس بۇگۈن كېچە ئۆز خوشاللىقلىرىنى ئورتاقلىشىشنى خالىغان يەنە بىر ئۆي — ئىبلىقۇلنىڭ غېرىپ كەپىسى ئىدى.....

ئىبلىقۇل دادىسى ۋە سۆيۈملۈك ئۇكىسى كىچىككىنە كەنجەتايىنىڭ بەختسىز ئۆلۈمىدىن كېيىن، بىر مەزگىل ئەس-ھۇشىنى يوقىتىپ غەلىتە بولۇپ قالدى. دەپنە مۇراسىمىدا ئۇ ھۇشسىز ياتتى ۋە ھېچنېمىنى سەزمىدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن "دادام، ئۇكام!....." دەپ چىقىراپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى-دە، ۋاشىلداپ قار يېغىپ تۇرغان كوچىدا يېلىڭ تامبال بەلەن قىپ-يالىڭاچ يۈگۈرۈپ يۈردى..... ئاندىن، گويا ئۇزاق سەپەردىن يېڭىلا قايتىپ، ھازا ئۈستىگە چۈشكەن ئادەمدەك باشقىلاردىن دادىسى بىلەن ئۇكىسىنىڭ پاجىەسىنى جىمجىت ئولتۇرۇپ ھاڭۋېقىپ ئاڭلىدى-دە، ئۇخچۇپ قوپۇپ، كەمبەغەللەر قەۋرىستانلىقىغا بېرىپ، دادىسىنىڭ قەۋرىسى ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىۋەتتى. ئۇ بۇ ئىشنى بىر ھەپتىگىچە تەكرارلىدى. ئۇ ھەر كۈنى تاڭ ئاتار-ئاتمايلا قەۋرىستانلىققا يۈگۈرەيتتى، قېلىن قار چۈمكىگەن تۇپراق ئاستىغا قولىنى تىقىپ، تىرناقلىرى بىلەن قېتىپ كەتكەن مۇزلۇق يەرنى تاتىلاپ، ئاڭسىز ھالدا دادىسى بىلەن ئۇكىسىنى ئىزلەيتتى..... كېيىن قەۋرىگە بېرىشنى تاشلىدى-دە، ئاتخانىنىڭ ئەتراپىنى پىقىراپ "جادۇ قىڭراق!..... جادۇ قىڭراق!....." دەپ ئاقىرۇپ يۈردى. لېكىن، ھېچكىم ئۇ-

نەگەغا "جادو قەگراق" نى بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى...... بىر ئايچە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ نەدىندۇ بىر جادو قەگراق تېپە-ۋېلىپ مەخسۇت بەگنىڭ تومۇر دەرۋازىسىغا قاراپ يۈگۈرگەندە، بەگنىڭ دوغا - ياپىلىرى ئۇنى كەينىدىن كېلىپ تۇتۇۋېلىپ، "ھۇشىغا كەلتۈرۈش كېرەك" دەپ رەھىمسىزلىك بىلەن بولجۇڭ گوشلىرىگە ھارغىچە ئۇرۇپ قويۇۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئېلى-تۇل بىر ھەپتىگىچە يۈرت ئىچىدە كورۈنمەي قالدى......بەزىلەر ئۇنى "جىن سوقۇۋېتىپتۇ" دىسە، بەزىلەر "ئالۋاستىلار ئەپىپ ئۇقۇپ، ئەرزىگە بەنت قىلىۋېلىپ كويىقاپقا ئېلىپ كېتىپتۇ" دەيتتى......

ئەمما، شۇ كۈنلەر ئىچىدە ئالماس، توختاخۇن، شانىياز-لار كوئېنلۇن جىلغىلىرى ئىچىدە ئىز - ئىزلاپ يۈرۈپ ئۇنى تاپتى ۋە قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلدى. كىشلەر ئۇنى كورۇپ چو-چۇپ كېتىشتى — پۈت - قول، قۇلاق - بۇرۇنلىرى ئۇششۇپ، پۈتۈن بەدىنى قارىداپ كەتكەن ئېلىقۇلدا پىلدىرلاپ يېنىپ تۇرغان ئىككى كوزدىن باشقا، ھايات ئادەمنىڭ بەلگىسى قالمىغان ئى-دى—تۇگەپتۇ، بىچارە......دىيىشتى.

ئۇنى مەھەللىنىڭ ئايغىدىكى نامرات تۇل خوتۇن — قىرى ھامىسى ئوز كەپىسىگە قوبۇل قىلدى ۋە شۇ يەردە قې-رىنداشلارنىڭ خەيرىخالىغى بىلەن ئۈچ ئايچە جىمجىت، مىدىر - سىدىر قىلماي يېتىپ، ئاستا - ئاستا تىرىلىپ ئەسلىگە كەلدى......

ئالماس ئېلىقۇلنىڭ ھويلا تېمى يوق غېرىپ كەپىسىنىڭ ئىشىگىگە كېلىپ، گۇگگا يورۇق چۈشۈپ تۇرغان ئۆي ئىچىگە قاراپ ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. ئۆي ئىچىدىن:

— ئۇ شۇنداق پىخسىق، كازازاپ، قىلنى قىرىق يېرىپ، تاشنى سىقىپ سۇ چىقىرىدىغان باي ئىكەنكى، — دەپ ھىكايە ئېيتىۋاتقان ئېلىشانىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. — ئوما باشلىنىپ بىر-نەچچە كۈن ئۆتمەيلا مەدىكار ئومىچىلارنىڭ ئىلىكى قۇرۇپ ھالىدىن كېتىپتۇ. باي ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماپتۇ، چوپى يوق سۇيقاش قوساقتا تۇرماپتۇ. بىقىنلىرى ئىچىگە تارتقان ئومىچى-لار قوسىغى كوپۇپ بايغا:

— قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرمايدۇ، بىلەكتە ماغدۇر بولمىسا، ئوغاققا كۈچ كىرمەيدۇ، ئورمىساق بۇغداي پايىسى ئۆزى يە-قىلمايدۇ. سۇيقاش دىگەن خۇدانىڭ سۈيى ئەمەس، ئانچە-مۇنچە نان ئارىلاشتۇرۇپ بەرسىلە، — دەپ تەلەپ قويغان ئى-كەن، باي قولاق يوپۇرۇۋېلىپ، زادى زوۋان سۇرمەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر كۈنى ئومىچىلار ئومىلىقتا نائىلاج كوكۇرۇما سۇيقاشنى قولغا ئېلىشىپ تۇرۇپ، ئارىلىرىدا بىر قوشاقچى ئاغىنىسى بار ئىكەن، ئۇنى قىستاپ:

— قوشاق توقى، تازا پەيتى، باينى مەسخىرە قىلىمىز، — دېيىشىپتۇ. قوشاقچى بولسا بايغا قاراپ تەنە-تەكەللۇپ بىلەن:

— باي، ئۇزلىرىگە ئاتاپ توقۇغان ئىككى ئېغىز قوشۇ-غۇم بار ئىدى، ئېيتىپ باقسام خاپا بولارلىمۇ؟ — دەپتۇ.

باي كورەڭلەپ:

— ھە، ھە، ئېيتىپ باقە، قېنى! قوشاقىڭىمۇ خاپا بولام-دۇ كىشى. جايىدىراق قوشاق توقۇساڭ، مەنمۇ جاۋاپ قايتۇرى-مەن، — دەپتۇ.

قوشاقچى مۇنداق قوشاق توقۇپتۇ:

سىلىنىڭ بۇ ئېتىزلىرى،
گورۇستانىنىڭ قىشىمۇ؟
بۇ ئېلىپ كەلگەنلىرى
سوغۇچاقنىڭ ئېشىمۇ؟
ھېچ غىزادەك تەمى يوق،
خام قاپاقنىڭ لىشىمۇ؟
نېنىمۇ يوق، نان دېگەن
ئاتىلارنىڭ بېشىمۇ؟......

باي بۇنى ئاڭلاپ نوڭۇپ ـ تاتىرىپ كېتىپتۇ ـ دە، ھاپىلا-شاپىلا مۇنداق قوشاق توقۇپتۇ:

ئېتىز بويى بەش تېرەك،
نان، سۈيقاشقا نۇن كېرەك.
ئاشنى ھازىر ئىچكەندىكمىن،
ناننى يەرمىز كەچتەرەك......

باينىڭ ئىزا ـ نومۇسنى قايرىپ قويۇپ ئېيتقان سوزىگە ئاچچىغى كەلگەن قوشاقچى زەردە قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

ئاخىرەتكە ئېپكەتمەسەن،
ناننى ئوراپ بوپىغا؟
بۇ دۇنياغا تويماس كوزۇڭ،
گوردە تويار توپىغا!......

— كىم بىلسۇن، كىچىككىنە قوشاق تۇپەيلىدىن قوشاقچى

بىلەن باي ئۇتتۇرىسىدا ماجىرا چىقىپتۇ، ھەر كىم ئۇزىنىڭكىنى راست دەيدىكەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئېتىۋارەن مالاي قوشاقچى بىلەن باي ئادا - جۇدا بولۇپ ئايرىلىپ كېتىپتۇ، — دەپ ھىكايىسىنى تۇگەتتى ئېلىشا.

ئويىدىن كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى، كىمدۇ:

— ئېلىشا، سەن گەپنى يوپۇتما، قوشاقچى باشقا بىرسى ئەمەس، ئۇزەڭ. باي بولسا، بىزنىڭ مىراپ دەل قۇربان ئاقساقالنىڭ ئۇزى شۇ!...... دۇرۇس ئېيتقاندىمەن؟ — دىدى.

ئېلىشا قاشلىرىنى ھىمىرىپ:

— ھىم...... — دىدى، باشقا گەپ قىلمىدى.

ئۇ، سورۇندىكىلەرنىڭ "قېنى، ئېلىشا، مۇڭ ئاڭلايلى، بىر پەدە چالامسەن!" دىگەن سوزلىرى ئىچىدە، ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ قويۇپ، ئاستا تىرىڭلىتىپ قولىغا راۋاپنى ئالدى ۋە ناخشىنى مۇقامىدىن باشلىدى:

زىمىستان كورمىگەن بۇلبۇل،
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.
جاپانى چەكمىگەن ئادەم،
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

ئەجەپ خۇدا كەمبەغەلنى،
بەگ ئالدىدا خار قىلدى.
بىرنى باي، بىرنى گاداي،
بۇ جاھاننى تار قىلدى.

قولاق سالغىن ھەر كىشى،
مېنىڭ قىلغان نالەمگە.
ئارزۇ - ئۇمىت، ئارمىنىم،
تاراپ كەتتۇن ئالەمگە......

ئالماس ناخشا مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، شەپە چىقارماي ئۆي ئىچىگە كىرىپ كەلدى. پاراسلاپ ئوتتۇن كويۇۋاتقان مورا ئوچاق ئالدىدا چوردەپ ئىلشا، ئالماسنىڭ دادىسى توختاخۇن، ئىلىقۇل، شانىياز ۋە بىرنەچچە بالا يىللىقچى، قىرىپ مۆكچەيگەن يىرتىق چاپان، كورەك تۇماق مويسىپىتلار ئولتۇراتتى.

ئۇلار ئالماس بىلەن كوز ئۇچىدا سالاملاشتى، ئىلشا ناخشىنى ئادىتى بويىچە كوزىنى يىرىم يۇمۇپ ئېيتىۋاتقانلىقتىن ئالماسنى كورمىدى. ئالماس ئىلىقۇلنىڭ يېنىغا كېلىپ جايلاشتى.

ئىلشا تەدرىجى پەدە يوتكەپ، ئۆز قىسمەتلىرىنى بايان قىلىشقا باشلىدى:

مەن ئىلشا سەرگەردان —
دەردىم تولا - ئاز ئەمەس.
شۇ ماكاندا تۇغۇلۇپ،
تۇرغىنىم تومۇر قەپەس.

ياشلىغىمنى گۈل دىسەم،
ئېچىلمىدى غۇنچىسى.
شۇ ئومۇر ئوتۇپ كەتتى،
بولۇپ بەگنىڭ ئۇلجىسى.

يالغانمىدى بەگلەرنىڭ
مېنى شوراپ يىگىنى؟
يالغانمىدى تېرەمنى
شىلىپ كىيىم كىيگىنى؟......

كېچە - كۈندۈز ئىشلەپمۇ،
باقالمىدىم بۇ جاننى.
ئاخىر دەرتكە چىدىماي
تاشلاپ كەتتىم ماكاننى.

بەگىنىڭ ئۆزى پېقىرنى،
ئايرىۋەتتى ماكاندىن.
جاھان كېزىپ، يۈرگىنىم
سۇ ئىچمىدى زاماندىن.

بەگلىرىم بەگلىكتە ئەزسە،
دوغىسى ئالۋاڭ بىلەن.
ئاخۇنۇم پەتىۋا قىلادۇر
راستى يوق يالغان بىلەن.

باي - بەگلەرنىڭ نەپسىگە،
بىزنىڭ قانلار چاي بولدى.
ياش تۆرۈپ، گودەك تۆرۈپ،
تالاي جانلار زايە بولدى......

كۆلپەتلەرنى ئويلىغاندا،
ئوت چاچرىتار ئىچىمىز.
چاينىۋەتسەك بەگلەرنى،
چىقامدىكىن ئۆچىمىز؟!
......
......

ئېلىشانىڭ قوشاقلىرى تۈگىمەيتتى. ئۇنىڭ راۋابى تۆرۈپ مۇڭزار ئىچىگە چوكۈپ كېتەتتى، تۆرۈپ غەزەپلىك پىغان بى-

لەن چاراقلايتتى. ئۇ ئۇزاق چالدى ۋە ئۆز قوشىقىنى ئۇشبۇ مىسرالار بىلەن تۈگەتتى:

ئالىمىز ئوق - يا بولۇپ،
بەگ كوكسىگە تەگسىكەن.
ئارمان قىلغان ئازاتلىق
پات ئارىدا كەلسىكەن!......

شۇنىڭدىن كېيىن ئېلىشا، ھەممەدەرت قېرىنداشلارنىڭ:
— ھەشقاللا - رەھمەت، ئېلىشا!......
— قولۇڭغا دەرت كەلمىسۇن، ئېلىشا!......
— تىلىڭدىن شېكەر ئاقتى، كوڭۈل گۈلزارلىرىمىزنى ئۇزاق-قىچە سولاشمىسۇن، ئېلىشا! — دىگەن سوزلىرى ئىچىدە راۋاپنى تامغا يولەپ، ئېلىقۇلنىڭ ھاممىسى ھىجىردا ئىككى قوللاپ تۇتقان قايناق سۇنى قولىغا ئالدى ۋە شۇ چاغدا ئالماسنى كوردى.
— كەل ئوغلۇم، قېشىمغا كەل، — دىدى ئېلىشا ئالماسقا قاراپ، ئالماس ئېلىشانىڭ يېنىغا كېلىپ چازا قۇردى، ئېلىشا سوزىنى داۋام قىلىپ سوردى، — مەنمۇ جاھان كېزىپ يۈرۈپ ھوكۇمەتنىڭ پېيىنى سىقىرىتىدىغان ئانچە - مۇنچە گەپلەرنى ئاڭلاپ قالدىم، بايا ئاسىم ئەپەندىنىڭ دىگىنى بىلەن يىلتىزى بىر گەپلەر. شۇنداق قىلىپ، چوڭ ئىلانىڭ بېشى كېسىلگىنى راستمۇ؟......
— ناھايىتى ئېنىق، ئاسىم ئەپەندىم ئويلىماي گەپ قىلىدىغان ئادەم ئەمەس، — دىدى ئالماس ھاياجانلىنىپ، — نەد-

جىك دىگەن كاتتىا شەھەر بار ئىكەن، شەھەردە نەچچە مىليون ئادەم بارمىش.جياڭ كەيشى گومىنداڭ ھوكۇمىتىنى باشلاپ، ئاشۇ شەھەرنى پايتەخت قىلىپ، ئۇۋا تۇتۇپ ياتقان ئىكەن. جاپا-كەشلەر ئارمىيىسى — ئاسىم ئەپەندى ئازاتلىق ئارمىيە دىيىش كېرەك، دەپ چۈشەندۇردى — ئاشۇ ئارمىيە بۇ يىل 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى بىرلا ھۇجۇم بىلەن بۇ شەھەرنى قولغا چۈشۈرۈپ، چوڭ ئىلاننىڭ ئۇۋىسىنى ئەرەختەن - پەرەختەن قىلىۋېتىپتۇ......

— 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى دىدىڭمۇ؟ توۋا، — دىدى ئېر-لىقۇل، ئۇنىڭ كوزلىرى بىردىنلا نۇرلىنىپ كەتتى، — بۇنىڭدىن ئىككى ئايلا بۇرۇنقى گەپ ئىكەنغۇ!......

— جياڭ كەيشىنى تۇتۇۋاپتىمۇ؟ — دىدى شانىياز ئال-دىراپ.

— جياڭ كەيشى قېچىپتۇ، پۈتۈن مەملىكەت زىل-زىلىگە كەپتۇ، — ئالماس سوزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئازاتلىق ئار-مىيە ھازىر گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ - سۈرۈپ راسا ئە-دۋىنى بەرگىلى تۇرۇپتۇ......ئەسلىدە جىڭساجۇيىنىڭ ئاسىم ئەپەندىنى تۇرمىدىن بوشىتىش نىيىتى يوق ئىكەن. لېكىن، بىرنىچىدىن، ئاسىم ئەپەندىنى ئالتە ئاي تۇرمىگە سولاپ سو-راق قىلغان بولسىمۇ يالا چاپلاپ گۇنا ئارتالماپتۇ، ئاسىم ئە-پەندى: "ئېلىقۇلنىڭ دادىسى بىلەن ئۇكىسىنى ناھەق ئۆلتۈر-گەن قاتىل گۇناكار بولماي، بېشىغا مۇسىبەت چۈشكەن ئېلە-قۇلغا ئىككى ئېغىز ھىسداشلىق سوزىنى ئېيتىپ قويغىنىم ئۇ-چۇن مەن گۇناكارمۇ؟" دەپ چىڭ تۇرۇپتۇ. ئىككىنچىدىن، مۇ-ھىمى، نەنجىڭ ئازات قىلىنىپ، چوڭ ئىلاننىڭ بېشى كېسىل-

گەنلىكتىن جىڭساجۇيىنىڭ كاتتىلىرى يەل قويۇۋېتىپتۇ. تىزلىرى سىقىراپ بەزى مەھبۇسلارنى چىقىرىۋېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ......ئاسىم ئەپەندى؛ ئۈمرىمىز بولسا، ئاز كۈندە ئارزۇ قىلغان ئازاتلىقنى كورىمىز، مەخسۇت بەگنىڭ ھوكىرەيدىغان كۆڭلىرىمۇ ئاز قالدى دەيدۇ......

كۈمۈلاچ تاملىق كەپىنىڭ ئىچى بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. توختاخۇن ئۈلۈق-كىچىك تىنىپ، پاقىراپ تۇرغان مىسكىن كوزلىرى بىلەن ھەدەپ سىز تالىشىۋاتقان ئىبلقۇل بىلەن شانىيازغا قارايتتى.

ئىبلىشا تەمكىنلىك بىلەن ئالماسقا قاراپ:

— ئەلىنىڭ قۇلىغى ئەللىك دېيىشىدۇ، مۇڭگۇزلۇك ئىسكەندەر بەگمۇ ئۆز مۇڭگۇزىنى يوشۇرۇپ ئاخىر سىرىنى ساقلاپ قالالمىغان، — دېدى ۋە بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئېيتتى، — ئۇ ئۆز مۇڭگۇزىنى ھېچكىمگە بىلدۇرمەسكە ھەركەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن شەھەر "ئىسكەندەر بەگنىڭ مۇڭگۇزى بار، ئىسكەندەر بەگنىڭ مۇڭگۇزى بار" دېيىش بىلەن ئۇنىڭ سىرىنى پۈتۈن ئالەمگە يېيىۋەتكەن ئىكەن. بۈگۈن ئۇكام ئالماس سەن گۇھەردەك شىرىن گەپلەرنى ئېيتتىڭ. توگىدەك بويۇڭ بولغىچە، تۈگمىدەك ئەقلىڭ بولسۇن دېيىشىدۇ. سېنىڭ ئېيتقىنىڭ پۈتۈنلەي دۇرۇس. مەن ئىبلىشا ئۇن بەش يىلدىن بۇيان جاھان كەزدىم. كونا سېپىلنىڭ ھۇلىنىڭ چىرىگىنى راست. ئىچكىرىدە كارامەت بىر زات — ماۋزەيدۇڭ دېيىشتى تۇغ-ئەلەملەرنى كوتىرىپ، ئاچ-ئۇرۇق مەزلۇملارنى

ئەگەشتۈرۈپ، خەلقىم ئازات، يۇرت ئاۋات بولسۇن دەپ جەڭ قىلغۇاتقانغا كوپ يىللار بوپتۇ……لېكىن، بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئامبالللىرىمىز كورگەنىنىڭ كوزىنى ئويۇپ، ئاڭلىغاننىڭ قۇلى- غىنى كېسىپ، سوزلىگەنىنىڭ تىلىنى يۇلۇپ بۇنى يوشۇرۇپ كەلگەن. بۇگۇن ھەممە سىر ئاشكارا بولدى……بىزنىڭ تاغ- لىق يېزىمىزغىمۇ بۇ خەۋەر يېتىپ كەلدى. ئەجەپ ئەمەس ئاز كۈندە كورسەك شۇ ئازاتلىقنى……

ئېلىشانىڭ پارىڭى خېلى ئۇزاق داۋام قىلدى.

ئۇلار كۈمۈلاچ تاملىق ئويدىن قوزغالغاندا تۇن تەڭ بولاي دېگەن ئىدى.

## 2. بايىز خالۋاپ

ئالماس ئېلىقۇلنىڭ كەپىسىدىن چىققاندىن كېيىن ئىمىنىدۇ ئويلاندى - دە، دادىسىغا قاراپ:

— دادا، سەن بېرىپ ئارام ئېلىۋال، مېنىڭ يەنە ئازراق ئىشىم بار، — دېدى.

توختاخۇن ئوغلىغا قاراپ، خىيال سۈرگەن ھالدا ماقۇل بولدى:

— ھايال بولما ئوغلۇم، ئاناڭنى ئەنسىرەتمە……

ئالماس دەريانىڭ باش تەرىپىدىكى بوستانلىق كوچۇم مەھەللە تەرەپكە قاراپ، گۈس - گۈس قەدەم بېسىپ مېڭىپ كەتتى.

كېچە، جىمجىت كېچە. ھاۋا ياخشى ئىدى. دەريا

تەرەپتىن ئۇرۇپ تۇرغان يېنىك شامال يول بويىدىكى مەجنۇن تاللارنى ئەگىلتەتتى. ئىككى قېشىنى ياپ-يېشىل چىم قاپلىغان ئېرىق ئىچىدە شوخ تاغ سۈيى "بۇلۇق-بۇلۇق" ئاۋاز چىقىرىپ شىقىراپ ئاقاتتى. ئالماس ئېرەكلىكلەر، جىگدىلىكلەر ئارىسىدىن ئۆتتى، قىزىرىپ پىشقان چىلانلىق ئىچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، نازۇك، قارامتۇل كۆمۈش رەڭ چىلان ياپراقلىرى ئاستا شۇۋىرلاپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا نىمىنىدۇ پىچىرلىغاندەك قىلدى، نەدىنىدۇ مەي باغلىغان ئەنجۈر ۋە ئالمىنىڭ گۈپۈلدەپ ئۇرغان پۇرىقى كەلدى......

ئالماسنىڭ قەلبىدە بىر شېرىن ھېسسىيات ئۇرغۇپ، ۋاقىراپ-ۋاقىراپ ناخشا ئېيتقۇسى كەلدى، كىمنىدۇ ناخشىغا قېتىپ كۈيلەپ، كۆڭۈل سىرلىرىنى ئېيتقۇسى كەلدى......ئەمما ئېيتمىدى. ھازىر بىمەزگىل. خالىغانچە ناخشا ئېيتىش بۇ يەردە— ياتاقلىق يېزىسىدا، پۈتۈن زەرەپشاندا! ھېچ مۇمكىن ئەمەس......ناخشا ئېيتىشقىمۇ بولدى!......كىشىلەر سەندىن باشقىچە ئويى كۈتىدۇ ۋە كەينىڭدە بەگىنىڭ، قازىنىڭ دەرە تۇتقان پايلاقچىسى......

ئالماس ئەلەم بىلەن ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ، سۈيى تېشىپ تۇرغان بىر ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۆتتى-دە، ئۇينىڭ كەينىدە بىر تۈپ باراخسان ياڭاق دەرىخى بار، قوش قاناتلىق كىچىك دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ھويلا ئانچە چوڭمۇ-كىچىكمۇ ئەمەس ئىدى. ئالماس "ئۇخلاپ قېلىشتىمىكىن، مەشرەپنى قانداق قىچاسامكىن" دەپ ئويلىنى-

ۋاتقاندا، بىردىن تۇن قوينىنى سۆتتەك ئاقارتىپ، كۆئىپناۋن ئۇستىدە يەنە چاقماق چېقىلدى. چاقماق ئۇزۇنغىچە تەكرار-لىنىپ تاكى مەھەللە ئىچىگە سىم-سىم يامغۇر ئۇچقۇنلىرى يېتىپ كەلگىچە داۋام قىلدى.

ئالماس ئىشكىنىڭ يوچۇغىدىن ئۆي ئىچىدە چىراق نۇرىنى كوردى ۋە ئىشكنى ئېچىپ ھويلىغا كىردى. ھويلا ئىچى ئازادە بولۇپ، بىدىشلەرگە ئېلىنغان قرىۇق ئۇزۇم تال-لىرى قارىيىپ كوزگە چۈشەتتى. بىدىشنىڭ ئالدىدا كىچىككىنە گۈلزارلىق بولۇپ، بۇ يەردە ھەر خىل گۈللەر، بولۇپمۇ ناماز-شام گۈللىرى تەكشى ئېچىلىپ تۇراتتى. گۈلزارلىقنىڭ بۇرجىكىدە بىدىشنىڭ ياغىچىغا يولىنىپ، چاچلىرىنى ئۇششاق ئورىگەن ئون بەش-ئون ئالتە ياشلاردىكى بىر قىز خىيال سۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

قىز ئالماسنىڭ كىرىپ كەلگىنىنى سەزمىدى. ئالماس:

— بەللى، لەيلىگۈل، تېخىچە ئۇخلىمىدىڭلارمۇ؟ — دېدى.

قىز چوچۇپ بېشىنى كوتەردى:

— ھە......ئالماس ئاكاممۇ سىز. كېلىڭ، — دېدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، — قەدىمىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن، نەچچە ئايلار بولدى بۇ ئويگە قەدەم باسمىغانغا، ئەمدى نىمە قىلاي، ياغاچ ئۇشتۇپ قويايمۇ؟......

— ياق، — دېدى ئالماس كۇلۇمسىرەپ، — پەقەت شۇ

تاپتا سىز چوككەن خىيالنىڭ ئۇچىنى چىقارسىڭىزلا بولدى، چەزمەن راستىنى دەيسىز......

— مەندە خىيال يوق ۋە سىزگىمۇ يالغان ئېيتمايمەن، — دېدى قىز ئۆزۈن چاچلىرىنىڭ ئۇچلىرىنى قولى بىلەن ئويناپ تۇرۇپ، — لىللا گەپنى دىسەم، تاراقلىغان تاقىقا بەلت بوپقاپتىمەن، چاقماقىقا، يامغۇرغا، دەھشەتلىك ئاۋازغا ھەيران-مەن، "يالت، يۇلت" قىلغان نۇر نىمە دىگەن ئاجايىپ-ھە؟ — لەيلىگۇل شۇنىڭدىن كېيىن سەل ئەندىكىپ سورىدى، — ئالماس ئاكا، نىمە ئىش بولدى؟ ئەجەپ بىر كېچىدە كەپقاپسىزغۇ؟ بىرەر كوڭۇلسىزلىك بولمىغاندۇ؟......

— ياق، لەيلىگۇل، نىمە كوڭۇلسىزلىك بولسۇن، ھازىر تازا خوشال بولىدىغان چاغلار...... — ئالماس ئاسىم ئېلىپ كەلگەن يېڭى خەۋەرنىڭ قېرىنداشلار ئىچىدىكى تەسىرىنى قىسقىچە ئېيتىپ بەردى، ئاندىن، — شۇنداق قىلىپ مەكتەپتىن قول ئۈزدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— قانداق مەكتەپ! بىز 4 - سىنىپتا ئوقۇۋاتقاندىلا ئون ئۈچ - ئون توت ياشلىق قىز باللارنى مەكتەپتىن قوغ-لاپ — نامەھرەم دىيىشكەنلىرى ئېسىڭىزدە يوقمۇ؟ — لەيلىگۇل مەيۇسلىنىپ جاۋاپ بەردى، — مەكتەپكە بېرىشىم-بېرىپ تۇر-غان. پەقەت كىتاپ سوراش ئۈچۈنلا. ئاسىم ئەپەندىم ماڭىمۇ كىتاپ بېرىپ تۇرغان ئىدى......ئاسىم ئەپەندىمنى سولاپ قويغاندىن كېيىن ئۇ تەرەپكە ئۆتمىدىم......



ئالماس قىز بىلەن يەنە بىر ئاز پاراڭلاشقاندىن كېيىن:

— بايىزكام هازىر دۇكاندىمۇ، مەشرەپ قەيەردە؟ — دەپ سورىدى (قىزنىڭ ئاكىسىنىڭ ئىسمىمۇ "مەشرەپ" بولۇپ، ئالماس بۇ ئۆيگە كەلسە ئەنە شۇ تەڭ - تۇش ئاغىنىسى مەشرەپنى ئىزلەپ كېلەتتى).

— هەي، قويۇڭ بۇ كۈننى، — دېدى لەيلىگۈل ئاچچىق خۇرسىنىپ، — دادام كەچتە ئېشىنى چالا - پۇلا ئىچىپلا دۇكانغا ئۆتىدۇ. هازىر دادامغا، ئائىلىمىزگە كۈندۈزمۇ - كېچىسىمۇ ئارام يوق بولدى. دادام پەنجىنى دەستىگاهنىڭ ئۈستىگە تاشلىمىغىچە هېچقايسىمىز كىرىپ يۇمىمايمىز...... هازىر دادامىمۇ، ئانام، ئاكاممۇ دۇكاندا......

قىز شۇ گەپنى ئېيتقاچ ئالماسنى دۇكان ئۆيىگە باشلاپ ماڭدى.

لەيلىگۈلنىڭ دادىسى بايىز كوپ ئىسىملىك ئادەم ئىدى. پەسىل ئۆزگىرىشىگە قاراپ كىشىلەر ئۇنى: "ئالتۇن بايىز"، "بايىز دېخان"، "بايىز خالۋاپ" دەپ ئاتايتتى. بايىز ياڭاقلىق يېزىسىدا ئاتا مىراس ئالتۇن سۈزگۈچىلەردىن بولۇپ، زەرەپشاندىن ئالتۇن سۈزۈشتە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق — شۇڭا ئۇنى كىشىلەر "ئالتۇن بايىز" دېيىشەتتى. 7 -، 8 - ئايلار كېلىشى بىلەنلا ئۇ مەخسۇت بەگنىڭ ئالتۇن سۈزگۈچىلىرى بىللە دەريا بويىغا كەپە تىكىپ، قاقىرام ئاپتاپقا قاقلىنىپ، كەلكۈن قېقىپ چىقارغان ئالاھىدە يېرىك كوك قۇمنى مەخسۇس ئىشلەنگەن قىل پالاسىتىن سۇ بىلەن

سىرغىتىپ ئوتكۈزۈپ، ھەپتە-ھەپتىلەپ، بىر مىسقال، يېرىم مىسقالدىن كىپەك ئالتۇن سۈزەتتى (بەگ بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ھەر خىل ھاشارلارغا قاتراشتىن ئازات قىلغان ئىدى). شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ، زەرەپشان بويلىرىدىكى كۆپچىلىك ئاھالىگە ئوخشاش زىلچا-گىلەم توقۇشنى قوشۇمچە كەسىپ قىلاتتى. ئۇ ئۆزى ئالاھىدە ماھارەت بىلەن ياراتقان يېڭى نۇسخىلىق گىلەم — "كەلكۈن"، "ئىشقۇل" ناملىق رەڭدار گىلەملەر سودىگەرلەرنىڭ تالىشىش نىشانىسى ئىدى. "بايىز خالۋاپ" دىگەن نام ئەنە شۇ مېھنەتنىڭ پەخرىلىك ئەجرى. ئۇندىن باشقا، بايىز مەخسۇت بەگنىڭ ئوتاقچىسى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئۆي-ھويلىسىدىن باشقا تىلغا ئالغۇدەك يەر-زىمىنى بولمىسىمۇ، ئەمما ئىجارىگە ئالغان يېرىدىن چەنىگە يەتكۈزۈپ ھوسۇل ئالالايدىغان ماھىر دىخان ئىدى. كۆپىنچە دىخانلار پەسىل ئۆزگىرىشى، ھاۋا رايى، ھۆلچىلىك-قۇرغاق-چىلىق، ئۇرۇق سورتى ۋە باشقىلار توغرىسىدا "بايىز دىخان"نىڭ ئىددىتلىق، توغرا مولچەر مەسلىھەتىگە ئىپتىۋار بىلەن زەڭ قويياتتى.

شۇنداق. ئۇ كۆپ خىل كەسىپنىڭ ماھىرى بولسىمۇ، لېكىن نىمە ئۈچۈندۇ كىشىلەر ئۇنى كۆپ چاغلاردا "بايىز خالۋاپ" دەپ ئاتىشاتتى.

بايىز خالۋاپنىڭ مىجەز-خۇلقى ئۆزگىچە ئىدى. ئۇ، "قارا تۇرۇك" بولسىمۇ مەرىپەتپەرۋەر، غۇرۇرى بار، ۋىجدانلىق، باشقىلارغا تەلمۈرۈشنى نومۇس بىلىدىغان، جان-جەھلى بىلەن ئىككى بىلىگىگە تايىنىپ ئىشلەيدىغان ئادەم ئىدى. شەھەرگە

كىرسە، ئېرىنمەي كىتاپ تۈپلەيدىغان شىرازىچىلارنىڭ دۈكى-
نىغا بېرىپ، ھەر خىل قولىيازمىلارنى قوناققا تېگىشىپ چىقاتتى
ۋە لەيلىگۈلگە تەقدىم قىلاتتى: "ئوقۇ قىزىم، سېنىڭ كىتاپ-
قا ئامراقلىقىڭ گوھەردەك ئېسىل پەزىلەت، ھەممە ياخشى گەپ
كىتاپقا پۈتۈلگەن دېيىشىدۇ، ئوقۇغىن، قارا تۈرۈكلۈك بىز بىلەن
كەتسۇن" دەيتتى، ئۇ، ئۆز ئۆمرىدە ئىككى پەرزەنت كوردى —
مەشرەپ، لەيلىگۈل ۋە ئۇلارنىمۇ ئۆزىدەك غۇرۇرى بار، ۋىج-
دانلىق قىلىپ تەربىيىلەشكە ئىنتىلدى. مەشرەپ ئالماس بىلەن
تەڭ-تۇش بولۇپ، قىزى لەيلىگۈل ئالماسنىڭ سىڭلىسى ئانار
بىلەن تەڭقۇر ئىدى، ئالماس مەشرەپ بىلەن ئىجىل دوست
بولغانلىقتىن بۇ ئائىلە ئالماسقا ئالاھىدە خەيرىخاھلىق
بىلەن قارايتتى.

ئالماس لەيلىگۈلگە ئەگىشىپ دۇكان ئۆيگە كىردى.
دەستىگاھ ئالدىدا، ئىگىز چىراقپايىنى كەينىگە قويۇپ، بايىز
خالۋاپ ئوتتۇرىدا، ئانا بىلەن مەشرەپ ئىككى ياندا قاتار
ئولتۇرۇپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن گىلەم توقۇشۇۋاتاتتى. چىن
چىراق گۈڭگا نۇر بېرىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن دەستىگاھقا
يېيىلىپ تۇرغان رەڭدار گىلەم ئەرزىمەس چىراق نۇرىنى زاڭ-
لىق قىلغاندەك، ئوتقاشتەك چاقناپ كوزنى قاماشتۇرغۇدەك
يالتىراپ تۇراتتى.

ئۇلار ئالماسنىڭ كىرىپ كەلگىنىنى سېزىشمىدى، لەيلە-
گۈل:

— دادا، ئالماس ئاكام كەلدى، — دېدى.

بايىز خالۋاپ ئاڭلىمىدىمۇ ياكى ئاڭلىسىمۇ قىل يېپ-

تەن ئاجايىپ گۈزەل رەڭلىك غۇنچە پورەكلىرىنى ئېچىلدۇرۇۋاتقان قولىنى ئىشتىن توختاتقۇسى كەلمىدىمۇ، ھەر ھالدا تومۇر پەنجىنى "گۈپ-گۈپ" سوقۇپ، گىلەمنىڭ ئۇرۇش ئاقاقلىرىنى چىڭداپ-سىلىغداپ ئىشىنى قىلىۋەردى. لېكىن، يىپ ئالماپ تۇرغان مەشرەپ نوۋەتتىكى يىپنى ئۇستۇرا بىلەن كەستىدە-دە، كەسكەن يىپنىڭ تەكشىلىگىگە كۆز يۈگۈرتۈپ تۇرۇپ كەينىگە بۇرۇلدى:

— ھە، ئالماسمۇ سەن، كەل ئاداش، قېنى بۇ نەرەپكە ئۆت، كۆسىغا ئولتۇرغىن، — دېدى.

شۇ چاغدا، بايىز خالۋاپ تومۇر پەنجىنى قولىدا تۇتقانچە دەستىگاھتىكى گىلەمنىڭ توقۇلۇپ توختىغان يېرىگە بىر كوزىنى قىسىپ سىنچىلاپ. ئۇزاق قاراپ دەگسەپ كوردى-دە، كوڭلى ئىمىن تاپقاندەك بولۇپ، پەنجىنى تىزىغا قويۇپ، ئالماسقا قارىدى:

— ھە، ئالماس، كېپقاپسەن ئوغلۇم، ئولتۇر. توختاخۇنىنى كورمىدىم، داداڭ تىنچ-ئامانمۇ؟ — دېدى.

ئالماس سالام بەردى ۋە:

— دادام بىرنەچچە كۈندىن بۇيان دەريا چېقىلىغا ھاشاغا بارغان، بۈگۈن كەلدى، — دېدى.

بايىز خالۋاپ قولىنى سىلكىدى، ئاق سانچىلغان ساقال-بۇرۇتلىرى تىترىگەندەك بولدى:

— ھاشا — ئاپەت!...... بەگ ئۇستىگىگە سۇ چىقمىسا بىز ئاچ-ئۇرۇق خەقلەرگە نىمە زىيان، ئەمما، بەگ چىدىمايدۇ، بايلار پىتىرىشىدۇ، ئۇز يېغىمىزدا ئۇز گوشىمىزنى قورۇشىدۇ.

كىسپۇرۇشلار، — بايىز خالۋاپ تۈگىمەس ئالۋاڭ - سىلىق، ھاشا توغرىسىدا زەردە قىلىپ قاخشىدى، ئاندىن ئالدىدىكى گى-لەمگە قاراپ قويۇپ ئېيتتى، — كورمەمسەن بۇ ئىشنى! باش ئەتىيازدا ياسىن خوجا بۇ يەرگە كېلىپ، باشقىلار قاتارىدا ماڭىمۇ ئۈچ گىلەملىك يۇڭ تاشلاپ كەتكەن. ئانىسى بىلەن لەيلىگۈل ئۈچ - توت ئايدىن بۇيان ئارام تاپماي ئىگىرىپ - ئەشتى. بىر ئايچە رەڭ تاللاپ بويىدۇق. كۈندۈزى ئېتىز ئىشى — زىرائەت نازۇك ئىمە، ۋاقىت تاللايدۇ — كېچىسى مۇشۇ ئەمەك. گىلەمدىن ئىككىنى پۈتكۈزۈپ ئوتكۈزۈپ بەردىم، بىر-سى قېلىۋىدى، ئۈلۈشكۈن مەخسۇت بەگ: پەسىل كەلدى، دەر-يادىن ئالتۇن سۈزۈشكە ھازىرلانسۇن، دەپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ. تۈنۈگۈن قارىسام، يەنە شاتۇر دوغا پالاخشىپ كەلدى، بەگ: گىلەمنى دەرھال قولدىن چىقارسۇن، قەشقەرگە يولغا سالىمەن، ۋاقتىدا پۈتمىسە ئالدىن بېرىلگەن ئىش ھەققى ئوسسۇمى بىلەن قايتۇرۇۋېلىنىدۇ، دەپتۇ. بۇ، پىشكەلچىلىك - تە! بايا، كوتىرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال دىگەندەك، قۇربان ئاقساقال: دەريادا سۇ كوپىيىۋالدى، ئوستەڭ ھاشاسىغا بارىسەن، دەپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ مىنى ھاشارغا ھەيدىمەيدىغانلىغى ئېنىق، لېكىن پۇل بەر، پارا تاپشۇر دىمەكچى...... كوردۇڭمۇ، ھەممىسى ئېغىزىنى ئېچىپلا تۇرىدۇ، ئۈچ باشلىق يالماۋۇز ئۈچ تەرەپتىن قىستاي-دۇ!...... ھەممىدىن يامىنى بەگ مىنى قىلتاققا چۈشۈرمەكچى، گىلەمنى بانا قىلىپ قەرزدار قىلماقچى!...... ھەي، بۇ جا-ھاننىڭ زادى تىنغۇچىلىگى قالمىدى......

بايىز خالۋاپ ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ، ئىمىنىدۇ ئويى-

لاپ بىرپەس تۇردى ـ دە، تامىغىنى قىرىپ، غەزەپلەندى:

ــ مەيلى نىمە بولسا ـ بولسۇن، ھەرگىز بەككە قەرزدار بولماسلىق لازىم، قەرز قۇتۇلۇپ بولمايدىغان سىرتىماق. مەخسۇت بەگ بۇ سىرتماقتا چۇشۇرۈۋالدىمۇ ـ بولدى! جېنى بار، تىلى يوق مەخلۇق قىلىۋېتىدۇ كىشىنى. ئۇمۇر بويى ئۇنىڭ ئۇسۇمى چىۋىنىنىڭ تۇخۇمىدەك كوپىيىۋېرىپ قۇتۇلالمايسەن...... يەيدىغان يېغىمىزنى جىن چىراققا تولۇپ، كېچىنى تاڭغا ئۇلاپ، بۇ گىلەمنى پاتراق قولدىن چىقىرىۋېتەيلى دىدۇق......

ئاندىن ئۇ، ۋاقىتنى زايا قىلغۇسى كەلمىگەندەك، دەستىگاھتىكى گىلەمگە قاراپ ـ قاراپ قويۇپ، ئالماسقا تىكىلدى، ــ ھە، ئالماس، سېنىڭ بىرەر ئىشىڭ بارمىدى ئوغلۇم؟

ئالماس نىمە دىيىشنى بىلمىگەندەك سەل قىسىلىپ:

ــ مەشرەپكە كەلگەن ئىدىم، مەيلى، كېيىن سوزلىشىۋالارمىز، ئىشلەۋەرسۇن، ــ دىدى.

ــ چىق بالام، چىق، ــ دىدى بايىز خالۋاپ مەشرەپكە قاراپ، ــ ھايال بولما ئوغلۇم، ئالماس يوجىڭ ئىشى بولمىسا بۇ يەرگە كەلمەيدۇ، ــ ئاندىن ئۇ لەيلىگۇلگە قارىدى، ــ قېنى قىزىم، سەن ئاكاڭنىڭ ئورنىغا ئوت، تىمەنرەك بول، ئۇيقۇغا بوزەك بولما، قىشنىڭ كېچىسى ئۇزۇن بولىدۇ، مانا شۇ چاغدا قانغىچە ئۇخلىۋالىسەن، قېنى تاللا قىزىم، پەنجىنى تۇتامسەن، ئۇستۇرىنىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

لەيلىگۇل چاققانلىق بىلەن كېلىپ دەستىگاھ ئالدىدىن ئورۇن ئالدى، تومۇر پەنجىنى قولىغا ئېلىپ ئەپچىللىك بىلەن گۇپۇلدىتىپ سوقۇپ ـ چىڭداپ توقۇشقا كىرىشتى.

بايىز خالۋاپ ئۆگدەپ قالغان خوتۇنىغا قاپىقىنى تۈ-رۈپ بىر قارىۋېلىپ، ئۇنى جەينىگى بىلەن نوقۇپ - نوقۇپ قويدى - دە، ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋاتقان ئالماسلارنى كۆزى-نىڭ ئۇچى بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇزىتىپ قويدى......

## 3 . خەيىرلىك كېچە......

ئالماس بىلەن مەشرەپ ئۈن - تىنسىزلا تالاغا چىقتى. بۇ چاغدا كوئېنلۈن ئۈستىدە گىرەلەشكەن چاقماق دولقۇنلىرى بىرئاز بېسىلغان بولۇپ، پۈتۈن ئالەم خۇددى قازان ئاستىغا باسۇرۇپ قويۇلغاندەك قاپ - قاراڭغۇ ئىدى. ئۇلار يولدىن چەترەك ئېرىق بويىغا، مەجنۇن تال ئاستىغا كېلىپ ئولتۇ-رۇشتى. ئالماس ئويلانغان هالدا مەشرەپكە قاراپ:

— مەشرەپ بايىزكامنىڭ ئېيتقىنى دۇرۇس. ئەگەر گە-لەم ئۈز ۋاقتىدا پۈتمەي قالسا، بەگ ۋاقتىنچە بولسىمۇ سىلەرنى بىسەرەمجان قىلارمىكىن، سەن ئىشقا بارساڭمى-كىن، — دىدى.

مەشرەپ خېلى بىر ۋاقىتقىچە گەپ قىلماي تۇردى:

— بىرنەچچە كۈن بولدى، بەگ بىزنى ھەقىقەتەن ھەممە تەرەپتىن قىستاققا ئالغىلى تۇردى. چىشىمىزنى چىشلەپ تو-قۇۋاتىمىز، دادامنىڭ جەھلى قاتتىق، بىز توقۇپ تۈگىتۈۋېتە-مىز...... خوش، سەن بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭ؟

ئالماس بۇكەمگىچە ئۆز سىرىنى مەشرەپتىن يوشۇرغان ئەمەس. ئاسىم ئەپەندىدىن ئاڭلىغانلىرىنىمۇ پۇرسەت تاپسى-

لا ئۇلىمغا دەپ بېرەتتى. ئالماس يېقىن كورۇپ بۇگۇنكى خەۋەرلەر توغرىسىدا سوزلەپ بەردى:

— شۇنداق ئاداش، جاھان ئاستىن-ئۈستۈن بولىدىغانلىقنىڭ گېپى بار، ئاسىم ئەپەندىم: ئۇخلاپ يېتىۋېرىشكە بولمايدۇ، بىز بۇ يورۇق تاڭنى، ئازاتلىق كۈنلىرىنى كوتۈۋېلىشقا تەييارلىنىشىمىز لازىم دەيدۇ، بىز يەنە......

ئالماس ھاياجانلىنىپ ئۇزاق سوزلىدى. مەشرەپ جىمجىت ئاڭلىدى ۋە:

— دادام بەككە ئۈچ بولغىنى بىلەن "ھوكۇمەت بىلەن پۇت تىپىشىش پايدىسىز" دىگەن گەپكە ئەمەل قىلىدۇ، بەگنى تىللايدۇ-يۇ، يەنە بۇيرۇغان ئىشىدىن باش تارتالمايدۇ، سەن مۇشۇ مەخسۇت بەگلەرنىڭ تەختى-بەختىنىڭ سورۇلۇشىغا ئىشىنەمسەن؟ — دىدى.

— ئىمىشقا ئىشەنمەي! بەگنىڭ تايانچىسى ھازىر يوق، جياڭ كەيشى قاچتى، سەن بەگدىن ياخشىلىق كۈتەمسىنا؟......

— بەگدىن ياخشىلىق تىلەش — شەيتاندىن ئىمان تىلىگەن بىلەن باراۋەر، — دىدى مەشرەپ ئىككى خىيال بولۇپ، — لېكىن دادام غەلىتە. بايا، سەن كېلىشتىن خېلى بۇرۇن لەيلىگۈل يۇرت ئىچىدە قۇلاقتىن-قۇلاققا شۇۋىرلاپ تارقىلىۋاتقان گەپ-سوزلەرنى دادامغا دىدى، بەگلەرنىڭ كۈنى ئەمدى تەس بولىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئېيتتى. ئەمما، دادام:

— شۇنداق بولسىمىغۇ...... ھىم. لېكىن، كەچكۈزدىكى

ھەرە بەك چاقىدۇ، سۇنى كورمەي ئۇتۇك سالماسلىق كېرەك، مەن ئەقلىمنى بىلگەندىن تارتىپ نەچچە ھوكۇمەتنى كوردۇم، بىرسىدىنمۇ ۋاپا كەلگىنى يوق. ئىچىمىز قازاسى باشقا، دىگەن گەپ بار، ئاغزىمغا كەلدى دەپ دەۋەمەگىلار، دەپ لەيلىگۇل-نىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىدى. تازا ئىشەنمىدى......

مەشرەپ يەنە نىمىنىدۇ دىمەكچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، مەھەللە يولىدا ئىككى ئادەمنىڭ قارىسى كورۇندى. ئۇلار يېقىنلىشىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرسى چالا مەس بولۇپ، تە-لىنى كالۋالاشتۇرۇپ كىمنىدۇ تىللاپ؛ يەنە بىرسى چالا مەس-نىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ، ياغلىما سوزلەرنى ئېيتىپ خوشامەت قىلىپ كېلەتتى:

— ...... ئەپەندىسىنمۇ، ئالماسنىمۇ دەريا بويىدىلا جايلىۋەتمىگىنىمگە پۇشايمان قىلىمەن،...... مېنىڭ قولۇمە-نى تۇتقانلىق — تاپانچىغا ئىسلغانلىق. مۇشۇنىڭ ئوزى ئۇلارنى كوزىنى ئالايتىپ ئوگدا ياتقۇزۇپ قويۇشقا كۇپايە قىلاتتى، خەير......، — دىدى چالا مەس.

ئالماس بىلەن مەشرەپ ئۇنىڭ قاسىم جىگسا ئىكەن-لىگىنى بايقىدى، قاسىم جىگسا يەنە تىلىنى كالۋالاشتۇرۇپ:

— جاھان ئوزى نىمە بولۇپ كەتتى - ھە؟ مەن بۇ يۇرتقا چىقسام بىر يىللىق ئىچپۇشۇغۇم چىققۇدەك تاماشا قىلاتتىم، ئولگۇدەك زېرىكتىم، ئاناڭنى!...... سارىخانىمىدى؟ ھە، تەستىگىگە بىر شاپىلاق يەپلا دوم چۇشتى، ئولمىگەندۇ بۇ قېرى!...... ئۇنىڭ ئالماسنى قاچۇرۇۋەتكىنى ئېنىق، ئەپەندىسىمۇ يوق، قېچىپتۇ - دە بۇ ئىككىسى! — دىدى.

— شۇنداق، يامان نېمىلەر بۇ ئىككىسى، — دېدى قاسىم جىگسانىڭ ھەمرىيى قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ، — جەزمەن قاچۇرۇپتۇ......

ئالماس قاسىم جىگسانىڭ يېنىدا كېلىۋاتقان ئىگىز، ئورۇق ئادەمنىڭ شاتۇر دوغا ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە تېنى شۈركىنىپ، كوزىدىن ئوت چاچراپ، "بۇ خۇمپەر ئانام بىچارىگە قول تەككۈزۈپتا، خەپ، مەن بۇنى ھەرگىز تېنىسى قىلمايمەن" دەپ ئويلىدى.

— سەن لاتا قونجا ھېچنىمە چۈشەنمەيسەن، — دېدى قاسىم جىگسا گىلەپە شىمىنىڭ يانچۇغىدىن شىشە ئېلىپ غورتۇلدىتىپ ئىچىۋېتىپ شاتۇر دوغىغا، — جىگساجۇيدە پەقەت مەنلا يېزىغا قاترايدىغىنى. مۇشۇ كۈندە بىزنىڭ باشلىقلار جىن تەككەندەك ئىمىدىنىدۇ قورقۇپ تىترىشىدىغان بولۇپ قالدى، ئاسىم ئەپەندىسىنىمۇ بىكاردىن-بىكار قويۇۋەتتى، ماڭا قويۇپ بەرسە، جاجىسى بىر پاي ئوق، تۈرمىدە چىرىتىۋېتىدىغان نەرسە......تېخى ئۆلۈشكۈن مۇشۇنداق ئەپەندىسىدىن ئۈچنى جەھەننەمگە يوللىدىم، ھەممىسى ئىلى ئوغرىسى، پىتنە-پاساتچى......

قاسىم جىگسا ئۆزىنىڭ نوچىلىقىغا تەنتەنە قىلغاندەك غىڭشىپ ناخشا ئېيتتى ۋە بىردىن يەنە شاتۇر دوغىغا بۇرۇلۇپ:

— ھە، ئېيتە، لاتا قونجا، سەن ئۆزەڭنى مەخسۇت بەگنىڭ ئاغزىدا قىلىچى بار باش چاپارمەنى دەيسەن، زېرىكىپ ئۆلگۈدەك بولدۇم، قېنى ئۇ سەن قوشلاپ كېلىدىغان قورغۇي؟ — دېدى.

— ئەپەندى بىلەن ئالماسنى ئىزلەپ بولدۇقمۇ؟ — دېدى شاتۇر دوغا ھەجىيىپ.

— ئىزلەپ بولدۇقمۇ؟...... نېمىنى ئىزلەيسەن! — قاسىم چىڭسا تېرىكىپ ۋاقىرىدى، — ۋاي ئەخمىقەي...... ئۇلارنى تۇتۇش — بەگنىڭ قاڭقىپ كەتكەن ئاچچىقىدا ئېيتىلغان بۇيرۇق. تېگىشلىك سوغىسى بولماي تۇرۇپ مەن ئۇلارنى بىكارغا تۇتامتىم!...... پۇل كېرەك، پۇل. پۇل بەرمىسە، بىلىپ قوي لاتا قونچا، مەن بەگنىڭ بۇيرۇقىنى ئەمەس، جىڭساجۇينىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىمەن...... قېنى ئېيتە، كوكۇل - پوكۇل ئاچقىدەك بىر نېمە تاپامسەن - يوق؟ ئەپەندىسى بىلەن ئالماسنى بولسا، ئەتە بەگدىن راۋۇرۇس سۆيۈنچە ئالغاندىن كېيىن، بىراقلا جايلىۋېتىمەن...... بۈگۈن ئالمامنىڭ ئانىسى بىرلا تەستەك بىلەن دۇم چۈشۈپ، ئىككى تال چىشىدىن ئايرىلدى. ئەتە، چېچىدىن تولغاپ تۇتۇپ، ئاچ بىقىنىغا ئىككىنى دەسسەيدىغان بولساڭ ئوغلىنى تاپىدۇ، سەن تېخى مۇنداق ئويۇننىڭ تەمىنى تېتىمىغان نەرسە. ئاكاڭنىڭ قولىدا سەنەمگە چۈشمىگەن بىرمۇ قاقۋاش قېرى يوق!...... ئەپەندىسىنى بولسا، ئالماسنىڭ ئۆزى تاپىدۇ، ئىككىنچى بەككە كوز ئالايتمايدىغان، مېنىڭ قولۇمغىمۇ ئېسىلمايدىغان بولىدۇ...... ئېيتە، نېمە بۇتتەك تۇرىسەن؟ ھازىر ئاكاڭنىڭ كەيپى تازا، قارا، قانداق جىمجىت كېچە...... ئېخ، خەيرلىك كېچە...... قۇرغۇي بارمۇ......؟

— قۇرغۇي دېگەن تولا، — دېدى شاتۇر دوغا ھەجىيىپ، — مەن ئابىيام يازلىق شىپاڭدا ھەرقانداق قۇرغۇيمۇ بەگنىڭ

قارچۇغىلىرىدىن قىچىپ قۇتۇلالمايدۇ دېگەن ئەمەسمۇ، ئەمما بىز ھازىر ناھايىتى نازۇك بىر قۇرغۇيىنىڭ ئىشىگىگە كېلىپ قالدۇق......

— شۇنداقمۇ! يارايسەن، ئېيتە، كىم ئۇ؟......

— گۈللەرنىڭ لەيلىسى دېسىلە، — دېدى شاتۇر دوغا ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ، — ساپىغى پىشىپ قالغان، لېكىن تېخى ئۈزۈلمىگەن ئالما. ئېيتىشلىرىچە، دەل ئالماس پەش تارتىپ قالغان جانان قىز......

— ئوھۇ، مۇنداق دېگىن، — قاسىم جىگسانىڭ شولگەي-لىرى ئاقتى، ئۇ شىشىدىن يەنە غورتۇلدىتىپ ئىچتى، — يۇر، ئەڭ ياخشىسى "قىز ئوغرىلاش" ئويۇنى قىلىمىز، ئەپلەشمىسە، قىزنى ئالماس ئۈچۈن بورۇنغا ئېلىشىم كېرەك...... قىز ئۆز ئاشىغىنى تېپىپ بەرسۇن......

ئالماس بىلەن مەشرەپ گەپنىڭ ئايىغىنى ئاڭلىمىدى، قاسىم جىگسا بىلەن شاتۇر دوغا بايىز خالۋاپىنىڭ ئۆيى تە-رەپكە ئوتۇپ كېتىشتى......

مەشرەپنىڭ بويۇن تومۇرلىرى يېرىلغۇدەك بولۇپ كوپتى، چىشلىرى غۇچۇرلاپ، ئورنىدىن دەس تۇردى ۋە مەجنۇن تالنى قايرىۋېتىپ، ئالدىغا ئېتىلىشىغا، ئالماس ئۇنى مۈرىسىدىن بېسىپ ئولتۇرغۇزدى:

— نېمە قىلاي دەيسەن؟......

— كورمىدىڭمۇ! خۇمپەرلەر...... ئاۋۇ قاراقچىنىڭ نېمىگە كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ — مەشرەپ يەنە يۇلقۇندى.

— توختا، مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم، توختا......

ئالماس مەشرەپنى ئىنجىقىپ تۇرۇپ ئېيتتى،— قاسىم جىڭسا بۈگۈن خەيرلىك كېچە...... دىدىغۇ، جەزمەن خەيرلىك كېچە بولسۇن. بىز قاسىم جىڭسانىڭ كېلىشتۇرۇپ ئەدىۋىنى بىردىشمىز كېرەك. ئۇ، پەيمانى تولغان لالما ئىككىنچى قېتىم لەيلىگۈلنىمۇ، ئاسىم ئەپەندىنىمۇ ئىزلىمەيدىغان بولسۇن. ئەقىل بىلەن ئىش قىلايلى، ماڭا قاراپ قەدەم باس، بۇ دورەم مېنىڭ ئاغزىمغا قارا...... ئەڭ مۇھىمى بىز ئۆزىمىزنى قاسىم جىڭساغا زادى سەزدۈرمەسلىكىمىز كېرەك، ئۇقتۇڭمۇ؟ ......

ئالماس بىلەن مەشرەپ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، ئۆي ئىچىدىن قاسىم جىڭسانىڭ ئالماسنىڭ كەلگەن - كەلمەگەنلىكىنى، بولۇپمۇ مەشرەپنىڭ بۇ كېچىدە نەگە كەتكەنلىكىنى سوراپ سۈرۈشتۈرۈۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئالماس مەشرەپنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، پەم بىلەن هويلىغا كىردى ۋە باراقسان ياڭاق دەرىخىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇندى.

— سەن گىلەمنى تولىمۇ چىرايلىق توقۇيدىكەنسەن، خالۋاپ،— دىدى قاسىم جىڭسا دەستىگاھتىكى گىلەمگە قاراپ-قاراپ قويۇپ،— سېنىڭ هۈنىرىڭ ياخشى......

— بايىز خالۋاپ ئۆزلىرىگىمۇ بىرەر - يېرىم گىلەم توقۇپ بېرەلەيدۇ،— دەپ گەپ قىستۇردى شاتۇر دوغا قاسىم جىڭساغا قاراپ.

— هە، چىرايلىق قىز، سەنمۇ توقۇمسەن؟— قاسىم جىڭسا بۇرىلىپ لەيلىگۈلگە قارىدى،— سەن ماڭا توقۇپ بەرەمسەن؟

بايىز خالۋاپ تەرىنى تۇرۇپ، خوتۇنىغا قارىدى:

— خوتۇن، نېمە تۇرىسىلەن، ئايۋانغا چىراق يېقىڭلار، قېنى مېھمان، ئۆيگە......

— ھە، خالۋاپ، ئايۋانغا چىراق يېقىپ نېمە قىلىسەن،— قاسىم جىگسا مەسخىرە قىلغان ئاۋازدا ئېيتتى.— مېھمان قىلاي دېۋىدىڭمۇ؟...... ياخشى. كاۋاپ - پاۋاپ قىلغۇدەك بىرەر - يېرىم پاخلىنىڭ باردۇ. مانا شۇ تاپتا زىخقا ئۆتكۈزۈپ پىشۇ- رۇلغان قىزىق كاۋاپتىن پەيزى نەرسە يوق، ھى، ھى، ھى...... قانداق دېدىم، خالۋاپ؟

— شۇ تۇر بار ئادەم، سىز مېھمان،— دېدى بايىز خالۋاپ قاسىم جىگساغا قاراپ،— مېھماننىڭ ئالدىغا چىقىش بىزدە ئادەت، قوي بولمىسا، توخۇ بار...... مېھمانغا بىساتىمىزدىكى نەرسىنى ئاياپ كورمىدۇق. قېنى چاي قىلاي...... ئايۋانغا......

بايىز خالۋاپ سادىلىق بىلەن ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىۋەردى، لېكىن قاسىم جىگسا ھە دەپ لەيلىگۈلگە قارايتتى.

— ھە، چىرايلىق قىز، توخۇ شورپىسى قىلىش قولىڭىزدىن كېلەمدۇ؟ ھەي، پاخلان يوق ئىكەن- دە!— قاسىم جىگسانىڭ سېسىق كىكىرىشىدىن تارالغان جۇننىڭ بەتبۇي ھىدى لەي- لىگۈلنى سەسكەندۈردى. قىز ئانىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، ئار- قىسىنى قىلىپ يەرگە قاراپ جاۋاپ بەرمىدى.

قاسىم جىگسا تېرىكىپ بايىز خالۋاپقا تىكىلدى:

— ھە، خالۋاپ، بۇ قىز گاچىمۇ؟...... سەن ئۇنىڭغا مېھمان گەپ قىلغاندا، ئەدەپلىك جاۋاپ بېرىش كېرەكلىكىنى ئۆگەتمەپسەندە، ھىم......بۇرنى بولمىسا پوق يەيدىغان مايۋان!......

بايىز خالۋاپ قول ـ ئىلكىدە يوق ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ئەل ئىچىدە ئۆزىگە چۇشلۇق ئابرويىنى ساقلاپ كەلگەن ۋە ئوڭايلىقچە ھاقارەتلىنىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى. قاسىم جىڭ ـ سانىڭ "ھايۋان" دىگەن سوزى ئۇنىڭ جان ـ جىنىدىن ئوتۇپ كەتتى. بۇرنىنىڭ ئۇچى "غوۋژىدە" تەرلەپ، كىچىك كەكە ساقاللىرى تىترەپ كەتتى:

— ئايىۋان ئويگە چىقمامدا، — دىدى بايىز خالۋاپ قاسىم جىڭساغا يەر ئاستىدىن قاراپ، ئۆزىنى باسقان ھالدا، — خوش، ئۆزلىرىگە بىزدىن نىمە لازىمتى؟......

— ئالماس قېنى؟

— ئالماس! بايام ئىبىتتىمغۇ، كىلىدۇ، كىتىدۇ، نەدى ـ لىگىنىنى مەن نىم بىلەي......

— مەشرەپچۇ؟...... ھاڭۋاقتى، نىمە كوزۇڭنى چەك ـ چەيتىسەن؟......

— مەشرەپ ئوغۇل بالا، — دىدى بايىز خالۋاپ خور ـ لانغان ھالدا زەردە قىلىپ، — چىقىپ كەتكەن، تېخى كەلمىدى......

قاسىم جىڭسا بىر تولغىنىۋالدى:

— خوپ، شۇنداقمۇ؟...... ياخشى، — دىدى ئۇ ئالدىنى ئېچىۋەتكەن جىڭسا كىيىمىنىڭ تۇچتىن ياسالغان سىرىق تۈگ ـ مىلىرىنى ئېتىپ تۇرۇپ، — ئۇنداقتا مەن ھازىر ساڭا جىڭساجۇيىنىڭ يرۇغىنى ئېلان قىلىمەن! قاچقۇن جىنايەتكار ئالماس ۋە ئۇنىڭ شىرىگى مەشرەپ ئۆزىنى بىزگە مەلۇم قىلمىغىچە قىزىڭ تۇتۇپ تۇرۇلىدۇ! ....

ئالماس ئىشكىنىڭ يوچۇغىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ بايىز خالۋاپ بىلەن لەيلىگۈلنىڭ ئانىسىنىڭ ھاڭ-تاڭ بولۇپ قېتىپ قالغانلىقىنى، لەيلىگۈلنىڭ بولسا، بايىز خالۋاپنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتقانلىقىنى ئېنىق كوردى. قولىدا تاپانچا تۇتقان قاسىم جىگسا قىزنىڭ مۈرىسىدىن تارتىپ-ئىتتىرىپ ئالدىغا سالدى، شاتۇر دوغا بولسا، ھازىرلا يېرىلىپ كېتىدىغاندەك غەزەپتىن بۇغۇلۇپ تۇرغان بايىز خالۋاپقا قاراپ:

— ھېچقىسى يوق بايىزكا، ھوكۇمەت ئىشى، ئوينىشىقلى بولمايدۇ، جىگساجۇي دىگەننىڭ بۇيرۇغى ئۇت-قىلىچ. ھەتتا بەگنىڭ ئۆزىمۇ جىگساجۇي دىسە تىك تۇرىدۇ، ئەنسىرىمەڭ، بىز بار ئەمەسمۇ،— دەۋاتاتتى.

شۇ ئارىدا قاسىم جىگسا بىلەن شاتۇر دوغا لەيلىگۈلنى ئىشىكتىن ئىتتىرىپ چىقاردى، ئالماس "شارت" قىلىپ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى ۋە ئۇلار تاشقارقى ئىشىكتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ھويلىغا چىقىپ، قولىدا پالتا تۇتقان ھالدا دۇكان ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بايىز خالۋاپ بىلەن دوقۇرۇشتى، بايىز خالۋاپنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ، كوزلىرى ئوتتەك يېنىپ كەتكەن ئىدى ۋە ناھايىتى ئىتتىك، ئېغىر پۇشۇلدايتتى، ساقاللىرىنى ھە دەپ بىر قولى بىلەن سىيرىپ تارتاتتى.

— بايىزكا، سەۋرى قىلىڭ، بايىزكا،— ئالماس چاققانلىق بىلەن ئۇنى قۇچاقلاپ يولىنى توستى،— بىر دەم سەۋرى قىلىڭ، بىز بار، ھەددى ئەمەس، لەيلىگۈلگە قول تەككۈزەلمەيدۇ، ئىشىنىڭ، جەزمەن،— ئالماس دەررۇ مەشرەپكە قارىدى،— مەشرەپ، يۈر بىز كەتتۇق......

بايىز خالۋاپ ھاڭ - تاڭ بولغىنىچە تۇرۇپ قالدى ۋە ئۇلارنىڭ ھويلىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى سەزمىدى......

جىمجىت كېچە، لەگىدىۋ ئالدىرىشىپ كېتىۋاتقان قويۇق بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئاي ئاندا - ساندا كورۇنۇپ، غىل-پال نۇر سېپىپ قالاتتى، يېنىك شامال تەسىرىدىن يول بويىدىكى مەجنۇن تاللار شىلدىرلاپ، بىلىنەر - بىلىنمەس ئىغاڭ-لايتتى، كولچەكلەردىن كۇرۇلدىغان پاقىلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

قاسىم جىگسا مەھەللىدىن سەل چەتكە چىققاندىن كېيىن قويۇق قارىياغاچلىق ئارىسىدىن لەيلىگۈلنى ئېلىپ كېتىۋېتىپ، تاپانچىنى غىلىۋىغا سالدى ۋە شۇ يەردە شاتۇر دوغىغا "ئەتراپقا كوز - قۇلاق بول" دىگەندەك بېشى بىلەن بەلگە بېرىپ قىزغا ياندىشتى.

— ھە، گۈزەل قىز، مەن كىم؟

لەيلىگۈل گەپ قىلمىدى.

— قارىغاندا، — دىدى قاسىم جىگسا، — سىز ئاكىگىز ھەم ئالماسنى ياخشى كورمەيدىكەنسىز - دە!

لەيلىگۈل قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ، ئۇنىگغا بىر قارىدى - دە، قوشۇمىسىنى چىڭ تۇرۇپ كېتىۋەردى.

— سىز بىلىشىگىز كېرەك، — دىدى قاسىم جىگسا تەھدىت بىلەن، — ھازىرقى پەيتتە ئالماس بىلەن مەشرەپنىڭ تەقدىرى سىزنىڭ قولىگىزدا، سىز تامامەن قۇتقۇزۇپ قالالىشىگىز مۇمكىن......

قىز يەنە گەپ قىلمىدى.

— سىز ئەگەر يەنە تەرسالىق قىلماقچى بولسىڭىز، مەڭگۈ بۇ ئىككىسىنىڭ دىدارىنى كورەلمەيسىز...... سىزنىڭ ئۇلارغا ئىچىڭىز ئاغرىشى كېرەك ۋە مەن سىز ئۇچۇن ئۇلارنى ئولۇمدىن ساقلاپ قېلىشقا ھەركەت قىلمەن......

قاسىم جىڭسا شۇ گەپنى ئېيتىپ تۇرۇپ، لەيلىگۇلنىڭ يەلكىسىدە يەلپۈنۈپ تۇرغان چاچلىرىدىن تۇتتى ۋە ئىككىنچى قولى بىلەن ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدى.

— قولۇڭنى تارت، ئىپلاس! — لەيلىگۇل غەزەپ بىلەن بېشىنى سىلكىپ، ئۇزىنى چەتكە ئالدى. قىزنىڭ بىر تۇتام چېچى قاسىم جىڭسانىڭ قولىدا قالدى.

قاسىم جىڭسا غەزەپلىنىپ:

— ھەي، ئەقىلسىز سەرالىق نادان، سەن تېخى ماڭا......، — دەپ ئىككىنچى قېتىم قىزغا چاڭ سېلىپ، ئۇنىڭ بەللىرىدىن قاتتىق قۇچاقلاپ ئالدىغا تارتتى، — يۇۋاشلىق بىلەن ئاكاڭنى قوتقاز ۋە مەن سېنى قورغىيدەك خوتۇن قىلىپ ياساندۇرىمەن...... ۋاي جان، قولۇمنى چىشلىمە، ماۋۇ سەرالىق قولۇمنى چىشلىدى......ۋاي قولۇم، چىشلىمە......

شۇ چاغدا، ئارقا تەرەپتىن قولىغىنىڭ ئاستىدىكى بويۇن تومۇرىغا قاتتىق تەككەن تۇيۇقسىز مۇشتنىڭ زەربىدىن قاسىم جىڭسا سەلتۇرۇلۇپ يىقىلدى.

ئالماس زەرەپشان بويلىرىنى چىلبورىدەك تىنتىپ يۇرگەن بۇ مۇتەھەممنى ئاستىغا بېسىپ، دەل يۇرىگىگە غەزەپ بىلەن ئۇن نەچچىنى — ھارغىچە تىزلاپ يۇرىگىنى ئېزىۋەتتى.

قاسىم جىڭسا سونايلىنىپ لەپەس ئېلىشتىن توختىدى، ئالماس ئۇنىڭ غىلىۋىدىن تاپانچىسىنى سۇغۇرۇۋالدى...... بۇ چاغدا، مەشرەپ قاسىم جىڭسانىڭ قىزنى ئاجايىپ "ئەكىلىتىشى" دىن ئۆزىچە مەس بولۇپ كەتكەن شاتۇر دوغىنىڭ ئاچ بىقىنىغا مۇشت بىلەن تۇيۇقسىز ئۇرۇپ، ئۇگدىسىغا چۈشۈرگەندىن كېيىن ئىككى قولىنى باغلاپ تىز چوكتۇرۇپ قويغان ئىدى.

لەيلىگۈل كوزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە يۈز بەرگەن بۇ ھادىسىدىن چوچۇپ، ھاڭ قېتىپ قالدى ۋە شۇ زامان ئالماس بىلەن مەشرەپنى تونۇپ يىغلىۋەتتى. ئالماس ئىشتىك قىزغا قاراپ قايىغىنى تۇردى:

— لەيلىگۈل بۇ نىمە، يىغلايدىغان چاغمۇ؟ دەرھال قايتىڭ ۋە ھېچكىمگە بۇ ئىشنى تىنماڭ، — دېدى.

قىز ئالماسنىڭ غەربىنى چۈشىنىپ، كەينىگە قاراپ - قاراپ قويۇپ ئۆي تەرەپكە ئوقتەك يۈگۈرۈپ كەتتى.

قاسىم جىڭسا ئۆلگەن ئىدى. ئالماس بىلەن مەشرەپ شاتۇر دوغىنىڭ قولىنى يېشىپ، قاسىم جىڭسانىڭ ئۆلۈكىنى ھاپاش قىلغۇزۇپ، ئالدىغا سېلىپ دەريا بويىغا ئېلىپ باردى ۋە كەلكۈن يامراپ - لومۇلدەپ ئېقىۋاتقان دەرياغا ئۆلۈكنى ئۆز قولى بىلەن تاشلاتقۇزدى.

— قاراقچى ئۈچۈن خەيرلىك كېچە! — دېدى ئالماس چوڭقۇر قايىنامغا چوكۇپ كېتىۋاتقان قاسىم جىڭسانىڭ ئۆلۈكىگە نەپرەت بىلەن قاراپ، — سەن بىلەن ھېساپلىشىدىغان كۈنلەر ئالدىمىزدا ئىدى، ۋاقىتتىن بۇرۇن جاجاڭنى يېدىڭ......

بۇ چاغدا شاتۇر دوغا ئاللىقاچان ئۆلۈكتەك قېتىپ،

ئۇرە تۇرغۇدەك ھالىنى يوقاتقان ئىدى. ئۇ، قاسىم جىڭسانىڭ ئاخىرقى تەقدىرىنى ۋە ئالماسنىڭ قولىدا قاسىم جىڭسادىن تارتىۋالغان بەتلەكلىك تاپانچىنى كورۇپ، ئۇزىنى ئالماسنىڭ ئايىغىغا ئاتتى:

— بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي، مەن خام سۈت ئىچكەن بەندە، — دەيتتى ئۇ لاغىلداپ تىترەپ، — ئۇلتۇرمەڭلار. بۇلاڭ-چىنىڭ كەينىگە كىرىپ ئېزىپتىمەن، بەش بالام، چوچۇرىدەك بەش بالام بار، ئۇلتۇرمەڭلار......

ئاسمان بۇلۇتلۇق بولسىمۇ تاڭ سۈزۈلۈپ كېلىۋاتاتتى. ئالماس ئويلىنىپ قالدى ۋە ئايىغىدا ئومىلەپ يۈرگەن شاتۇر دوغىغا قاراپ:

— ھە، ئۇزەڭ ئېيت، قانداق قىلاي دەيسەن؟ — دىدى.

— خۇدا ھەققى، قارا يۈز بولۇپ كېتەي، نىمە دىسەڭلار شۇنى قىلىمەن، ساق قالساملا بۇ مۇناپىق بەگنىڭ ئويىدىن كېتىمەن، دەرھال بالا-چاقامنى ئېلىپ كېتىمەن......

— ياق، — دىدى ئالماس، — ھازىرچە ئۇ يەردىن كەتمەيسەن......

— سىلەر نىمە دىسەڭلار شۇنى قىلىمەن، ھازىرچە كەتمەيمەن......

— ئېيتە، قاسىم جىڭسا بۇ قېتىم مەخسۇت بەگنىڭ ئويىگە نىمە ئىش بىلەن چىقىپتۇ، راستىنى ئېيت؟ — ئالماس جىددى سورىدى.

— خۇدا ئۆزى گۇۋا، يالغان سۆزلىسەم، تىلىم ئېقىپ كەتسۇن، بىلمەيمەن، — دىدى شاتۇر دوغا تىترەپ-جالاقلىغان ھالدا، — ھە، راست، بىر خەت ئېلىپ چىقىپتۇ، ۋالىدىن-پاسار

بەگدىن. بىزنى چىقىرىۋېتىپ بەگ بىلەن ھىسامىددىن داموللا خۇپىيانە ئوقۇشتى......

— قاسىم جىڭسا ئۆلدى، — دېدى ئالماس، — ئەمدى مەخسۇت بەككە نىمە دەيسەن، ئۆزەڭ دە؟

شاتۇر دوغا ئويلىنىپ قالدى ۋە:

— بۇ ئاسان، شەھەرگە قايتتى دەيمەن، — دېدى.

— بۇ گېپىڭگە كىم ئىشىنىدۇ؟

— قاسىم جىڭسانىڭ مۇددىئاسى ماڭا ئايان، — دېدى شاتۇر دوغا، — ۋالىدىن خەت ئېلىپ چىقسام، ماڭا تون ياپ-مىدى، سوغا بەرمىدى دەپ خاپا بولۇپ قايتتۇ دەيمەن......

— شۇ گېپىڭ راستمۇ؟

— خۇدا بىر، جېنىم سىلەرگە ئامانەت، راست......

ئالماس شاتۇر دوغىنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى. تاپانچىنىڭ ئۇچىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە تىرىتتى. مەشرەپ يالتىراپ تۇرغان خەنجەرنى ئۇنىڭ كوزىگە تەگلەپ قويدى.

— سەن شۇنى بىلىپ قوي، — دېدى ئالماس غەزەپ-لەنگەن كوزى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ، — ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ، ئون بەشى ئايدىڭ. قاراڭغۇ ئون بەش كۈن تۈگىدى، ئازاتلىق كۈنلىرى يېقىنلاشتى. بەگنىڭ تەختى - پەختى ئاز كۈندە كۆكۈم - تالقان بولىدۇ. كوزۈڭنى ئېچىپ يۈر! ئەگەر سەن دىگەن گېپىڭگە خىيانەت قىلساڭ، سېنىڭ ئىت جېنىڭ ھەرقاچان بىزنىڭ قولىمىزدا......

— خۇدا ھەققى، ئاللا - بىللا ئەمەل قىلىمەن، نىمە دىسەڭلار شۇنى قىلىمەن......

— سەن ئېپلاس، — دېدى مەشرەپ، — بەگنىڭ غالچى-لىغىنى قىلىپ، ياگاقلىق يېزىسىدا نەچچە ئادەمنىڭ بېشىغا

چىققىنىڭنى بىلەمسەن؟...... بۇ بىر! ئىككىنچى، سەن بىزلى ھېچنىمىنى بىلمەيدۇ، دەپ ئويلىما. بەگ ساڭا "ئوي ئىچىمگە كوز - قۇلاق بول" دەپ تاپشۇرسا، سەن بەگنىڭ كىچىك خوتۇنىنى قۇربان ئاقساقالغا نەچچە قېتىم مەخپى سولاپ بەر- دىڭ، تېپىشتۇرۇپ ئىككىسىنى بىر يەردە قوندۇرغىنىڭ راستمۇ؟...... مۇشۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بەگ كاللاڭنى ئالالمىغاچان تېنىڭدىن جۇدا قىلغان بولاتتى...... ئەمدى ئۈچىنچى، بۇگۈن قاسىم جىڭسانى ئوز قولۇڭ بىلەن دەرياغا تاشلىدىڭ......قۇتۇلالامدىكەنسەن؟

شاتۇر دوغىنىڭ كوزلىرى چەكچەيدى، تىلى كالۋالاشتى:

— ھەممىسى راست، ئازدىم، نىمىنى بۇيرۇساڭلار شۇنى قىلىمەن، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي......

ئالماس قاپىغىنى تۈرگەن پېتىچە:

— ماڭ يولۇڭغا، بۇگۈن بىز سېنى كورمىدۇق، سەنمۇ بىزنى كورمىدىڭ، ئۇقتۇڭمۇ؟ — دىدى.

— ئۇقتۇم، كورمىدىم......

— لېكىن، — دىدى ئالماس، — سەن تېخى بىزگە قەرز- دار، سەن بۇ قەرزنى ھەرقاچان تولىشىڭ كېرەك ۋە بۇگۈنكى ياخشىلىغىمىزنى ئۇنتۇما!

— تولەيمەن، مەن، مەن تولەيمەن، ئۇنتۇمايمەن......

ئوكى ئوچكەن ۋە ئوزىنىڭ ھايات قالغىنىغا تېخىچە ئىشەنمىگەن شاتۇر دوغا تازىم قىلىپ، كەينىچە مېڭىپ، دەرەخ- لەرنىڭ كەينىگە ئوتۇپ كەتتى......

ئالماس بىلەن مەشرەپ يۈز - كوزىنى يۇيۇش ئۈچۈن سۇزۇلۇپ كېلىۋاتقان كۆن چىقىش تەرەپكە نەزەر تاشلاپ، دەريا قىرغىغىدا ئولتۇرۇشتى......

ئالتىنچى باپ

## 1. قوسىغىغا جىن كىردى

كوئېنلۇن ئۇستىنىڭ تاراقلىشى بىكار ئەمەس...... ئۇزۇنغا سوزۇلغان چاقماقلىق كېچە، قارامتۇل كوكۇش تاغ چوققىسىنىڭ مىسلىسىز ئوت يالقۇنلىرىغا ئايلىنىپ تۇرۇشى غايەت زور بۇلۇت تۇركۇملىرىنىڭ توپلىنىشى...... ئاخىر ئۇزىنى كورسەتتى.

تاغ ئىچى لەرزىگە كەلدى، قورام تاشلارنىڭ بىر بىرىگە ئۇرۇلۇپ گۇلدۇرلىشى ئۇزاق سوزۇلدى. دەريادا قارا تۇتەك پەيدا بولدى ۋە مىسلى كورۇلمىگەن چوڭ كەلكۈن زەرەپشاننى قاپلاپ شىددەت بىلەن بېسىپ كەلدى. ۋەھىمىلىك كەلكۈن غالجىرلىق بىلەن يامراپ-تېشىپ دەريادا قاتناۋاتقان، بېلىق تۇتۇۋاتقان كېمە-قولۋاقلارنى غازاڭنى ئۇچۇرتقاندەك ئۇچۇرتۇپ ئادەملىرى بىلەن بىللە ھالاك قىلدى؛ دەريا قىرغاقلىرىدا باي-بەگلەرنىڭ قامچىسى ئاستىدا يىگىنە بىلەن قۇدۇق كولىغاندەك ئەجرى قىلىپ بىر مىسقال، يېرىم مىسقالدىن ئالتۇن سۇزۇۋاتقان ئالتۇن سۇزگۇچلەرنى؛ دەريا ئىچىدە ئاقىرىپ كورۇنگەن قۇملۇق ئاراللارغا بېرىپ ئوتۇن يىغىۋاتقان ئوتۇنچىلارنى؛ قىرغاق بويىغا چۇشۇپ ئوتلاۋاتقان كالا، قوي-ئوشكە پادىلىرىنى سېرىپ-سۇپۇرۇپ غەرق قىلدى. بىر-

لەچچە يۈز توما ـ تاقاق ھەش ـ پەش دىگۈچە ۋەيران بولۇپ، ئىككى قىرغاقتىكى ھېساپسىز تېرىلغۇ يەر كەلكۈنگە يەم بولدى. ـدىخانلارنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈلپەتلەر چۈشتى......

بۇ، كىشىلەر يۇرت ـ بەگلىكلەرنىڭ ئېغىز تەزكىرىسىگە كىرگۈزۈپ، قورقۇنچلۇق چۈشتەك ھېكايە قىلىپ سوزلەيدىغان 1949 ـ يىل 8 ـ ئايلاردىكى زەرەپشان — يەكەن دەرياسى قىر ـ غاقلىرىدا يۈز بەرگەن چوڭ كەلكۈن ئاپىتى شۇ.

ئۇ كەملەردە كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈستىدە ئەلگە نەپ تېگىدىغان ھېچقانداق چارە كورۈلمەيـ دىغانلىقى ئۈستىدە توختىلىش ھاجەت ئەمەس. لېكىن، تاشقىن كوتىرىلىپ، كەلكۈن يامراش بىلەن تەڭ، ھەممە يەردە ئاپپاق سەللىسىنىڭ پېشىنى مەيدىسىگە چۈشۈرگەن، بېلەكلىرىگە تەسۋى ئاسقان، قوللىرىدا "قۇرئان" تۇتقان دۇئاگوي ۋەزخان ئاخونلار پەيدا بولدى. چوڭ ـ كىچىك يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ھەممىسىدە قوي ـ كالا، ئاتلار سويۇلۇپ، داش قازانلار قاينىـ تىلىپ زاراخەتمە، دۇئا ـ تەكبىرلەر ئوتكۈزۈلدى. ئاسمانغا قول سوزۇپ، ئاللاغا سېغىنىپ، كەلكۈننىڭ توختىتىلىشىنى ئۈمىت قىلىپ يىغا ـ زارلىق تۈنەكلەر ئوتكۈزۈلدى......

ئەمما، كەلكۈن ھېچنىمىگە پەرۋا قىلماي غەزەپ ۋە شىددەت بىلەن ئۇلغىيىپ، زەرەپشان ۋادىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا توختىماي ھۇجۇم قىلىۋەردى......

ئەكسىچە، خېلىلا ئېگىزلىككە جايلاشقان ياغاقلىق يېزىسى كەلكۈن كېلىش بىلەنلا سۇغا باياشاتچىلىق بولۇپ قالدى. ئانچە ـ مۇنچە زىيان ھېچنىمە ئەمەس، مۇھىمى — سۇ!......

ياڭاقلىق يېزىسىنىڭ غەرپ تەرىپىدە قۇربانىياز خوجىنىڭ دەۋرىدە "خالىس ئەمگەك" بەدىلىگە ئېچىلغان بىرنەچچە مىڭ مولۇق مەدرىس ۋەخپىسى بولۇپ، كوپ يىللاردىن بۇيان سۇ يېتىشمىگەنلىكتىن تېرىلماي تاشلىنىپ ياتاتتى. مەخسۇت بەگ تاشقىنىنىڭ ئىگىزلىككە سۇ ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كورۇپ، ھە دەپ كوكۋېشى-مىراپلارنى ئالدىراتتى، پۈتۈن يۇرت قوۋمىنى قوزغى-دى. ئۇ گويا چوڭ توي مەرىكىسى ئوتكۈزۈۋاتقاندەك ناھايىتى خوشال ۋە ئالدىراش ئىدى:

— بىنەم بىر قېتىم سۇغا قانسا بولىدى، بەش مىڭ مو كۈزگى بۇغداي كوپەيتەلەيمىز، بەس! باشقىسى بىلەن كارىڭ بولمىسۇن،— دەيتتى بەگ ئوز ئەتراپىدىكىلەرگە جىددىي قىلىپ،— دەريانىڭ ئاياق تەرىپىدە كىشىلەر مۇسىبەتكە چۈشكەن بولسا، بۇنى ئەلۋەتتە ئوز پىشانە-تەقدىرىدىن كورسۇن. بىز بولساق ئاللاتائالانىڭ مەرھەمىتى بىلەن بۇ كەلگۈن ئارقىلىق بىر-ئىككى ساڭنى ئاشلىققا تولدۇرىمىز، بەش مىڭ مۇ غەنىمەت يەر!...... ئۇندىن باشقا، ھازىردىن باشلاپ ئالتۇن سۈزگۈچىلەرنى يىغىش زورۇر. كەلگۈندىن كېيىنكى مەزگىل — ئالتۇن سۈزۈشنىڭ بەلەن پۇرسىتى......

مەخسۇت بەگنىڭ خىيال تۈگمىنى بۇ قېتىم ئوڭ ئاي-لانمىدى. مەخسۇت بەگ دەل كوتىنلۇنىنىڭ قىيا تاشلىق جىرالىرىدىن، تىلسىملىق ئاجايىپ مۇز تاغ ئاستىدىن ۋە بىپايان قار دوۋىلىرى يوشۇرۇپ ياتقان سىرلىق ئالتۇن كان-لىرىدىن سۇ ئېقتىپ كېلىدىغان قىزغۇچ كىپەك ئالتۇنلار توغرىسىدا چوت سوقۇۋاتقان كۈنى تۈن يېرىمىدا دەريادا بىردىنلا

سۇ پەسەيدى. كىشىلەر ئەتىسى كوردىكى، كەلكۈن زەربىسى بىلەن ياڭاقلىق يېزىسىغا سۇ چىقىدىغان تۇما پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ، دەريا ئىچىگە ئورنىتىلغان چوڭ دومبا ۋە ئۇنىڭ ئالدى - كەينىدىكى بارلىق بوقا - تۇرمەللەر سىرىپ - سۈپۈرۈلۈپ، "بەگلىك ئۇستىڭى"نىڭ ئاستى كورۇنۇپ قالغان ئىدى.

ھاشار سەيىسى باشلىنىپ كەتتى، مەخسۇت بەگ:

— ئادىمى باردىن ئادەم ئېلىڭلار، ئادىمى بولمىسا ئۇيىنى بۇزۇپ ياغاچ - تېشىنى ئېلىڭلار، ھېچنىمىسى بولمىسا مەندىن ئۇسۇمىگە قەرز قىلسۇن، بويۇن تولغىسا، ئۇيىۋاقىسىنى سورۇپ كۆل قىلىڭلار! — دەپ ۋاقىراپ بۇيرۇق بەردى ئەتراپىدا پايپىتەك بولۇپ يۈرگەن دوغا - يايىلارغا.

دوغا - يايىلار بولسا، قەھرىتان قىشتا تاسادىپ ئۇچراپ قالغان توكۇر توشقانغا ئوزىنى ئاتقان ئاچ بورىدەك، يەڭلىرىنى شىمايلاپ، قامىچىسىنىڭ دەستىسىگە تۇكۇرۇپ، يېزىمۇ - يېزا، مەھەللىمۇ - مەھەللە چېپىشتى......

يۇرت ئىچىدە قىيا - چىيا كوتىرىلدى، ھەممە ئۇيلەرنى ھاشار ۋەھىمىسى قاپلىدى. ھەرقايسى يېزا - كەنتلەردىن ھەيدەپ كېلىنگەن ھاشارچىلار ئاۋال "خۇدالىق مەدرىس" نىڭ كوك گۈمبىزى ئالدىغا كېلىپ، ئىگىز پەشتاقتا قولىغا كىتاپ تۇتقان ھالدا ئورە تۇرغان ھىسامىدىن داموللىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ ئوتۇشكە مەجبۇر ئىدى. ئەمىلىيەتتە، مەدرىسىنىڭ سۇپىسىدا بېشىغا يەڭدەك قامىسى بار تۇماق كىيىپ، قولىدا ئۇچ تىللىق قامچا تۇتۇپ، كوزلىرىدىن زەھەر چاچرىتىپ ئورە تۇرغان مەخسۇت بەگنىڭ كوزدىن كەچۇرۇپ "سان" ئېلىشىدىن ئوتەتتى.

هاشارچىلار مەخسۇت بەگنىڭ غەزەپلەنگەن مۇزدەك تەلەتىنى كورگەندە، يۈرەكلىرى جىغىلداپ، دىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئىختىيارسىز كوزىنى قاچۇرۇپ يەرگە قارىۋالاتتى. چۈنكى شۇ تاپتا، مەخسۇت بەگ ئۇز زىيىنىغا بولغان ئاچچىق ئۇچۇن بىرەر باپ قۇرۇۋانلىق ئىزلەۋاتقانلىغىنى دىگۇدەك ھەممە كىشى سېزەتتى ۋە ھېچكىم مۇشۇ پەيتتە ئۇنىڭ كوزىگە ئىلىنىشىپ قېلىپ، بىھۇدە قۇرۇۋانلىق قوي بولۇپ قېلىشنى خالىمايتتى......

هاشار ۋەھىمىسى بىر ھەپتە داۋام قىلدى. ھاشارچىلارنىڭ قان ياشلىق نالە - پەريات ئىچىدە ئەجرى قىلىۋاتقىنىغىمۇ بىر ھەپتە بولدى. لېكىن، دەريا سۈيىنى قايدۇرۇپ "بەگلىك ئۇستەڭى" گە چىقىرىش ئۇمىدى يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىنمۇ ئىقا ئاسمىدى. بوينىدىن باغلاپ كېلىنگەن بىرنەچچە مىڭ ئورۇق - ئەت ھاشارچىنىڭ ئەمگىكى، ھەرقايسى يېزا - كەنت، مەھەللىلەردىن توشۇلۇۋاتقان ھېساپسىز شاخ - شۇمبا خۇددى دەرياغا تالقان چالغاندەك، تەلۋە سۇنىڭ قاپتىلىغىمۇ كەلمىدى. مىراپ - كوكۇپشلەرنىڭ ئۇچ تىللىق سىم قامچىلىرى نەچچە يۈزلىگەن ھاشارچىلارنىڭ باش - كوزىنى يېرىپ قانغا بويىدى، كوپلىگەن كىشلەرنىڭ ئويىۋا - قىلىرى چۇۋۇپ - ئىچىپ ۋەيران قىلىندى. ئاچچىق تەر بىلەن قان دەريا سۈيىنى كوپەيتسە - كوپەيتتىكى، لېكىن "بەگلىك ئۇستەڭى" گە زادى سۇ چىقمىدى......

مەخسۇت بەگنىڭ كەيپى بىردىن بۇزۇلدى:

— ئاناڭنى... نىمە نەس باسقان يىل بۇ - ھە؟ —

دەيتتى ئۇ زەردە بىلەن ئۆز ئۆزىگە، ــ بىرتىقۇچ ئوغرى، سەن پاسار بەگ ئېرىغ مېلىمىنىڭ يېرىمىنى شۇلۇۋالدىڭ، مۇناپىق!......بەش مىڭ مو ۋەخپە بىنەمىي سۇغىرتۇپلىش نەدە، مەن نەدە!......مانا ئەمدى ئالقانىدىكى بەش مىڭ مو قوناق بىلەن كېۋەزنىڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق سۇيى بېرىلمىسە، بۇ يىلقى ھوسۇلنىڭ يېرىمى يوق دىگەن سۆز. ئەگەر ئۇستەڭگە سۇ چىقىرىش كەينىگە تارتىلىۋەرسە، يەنە يەتتە - سەككىز مىڭ مو يەردىكى كۆزگى بۇغدايىنى تېرىپ بولدۇڭ، تەلپىگىنىڭ سۇغا چىلاشتى دىگەن گەپ ئەمەسمۇ!......

مەخسۇت بەگ ئويلا - ئويلا ئاخىر ئاكىسى ھىسامىدىن داموللىنى ئېسىگە ئالدى، قوسىغىغا جىن كىردى...... دۇنيادا زىيانىنى پايدىغا ئايلاندۇرۇشنىڭ يولى ئازمۇ؟ بۇ يولنى ئەلۋەتتە تېپىش كېرەك......ھىسامىدىن داموللا مۇنداق چاغلاردا شەرىئەتنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن جارى قىلىنغان پەتىۋالىرىنى ھە دىگەندىلا ئويدۇرۇپ چىقىۋېرىشكە ماھىر ئىدى. شۇبھىسىزكى، بۇنداق پەتىۋا تولا چاغلاردا مەخسۇت بەگ ئۈچۈن تولىمۇ جىددى زورۇرىيەت بولۇپ قالاتتى ۋە ئۇنىڭ مۇشكۈلىنى ئاسان قىلاتتى......

ئاكا - ئۇكىنىڭ سوھبىتى ئۇزاق داۋام قىلدى، ھىسامىدىن داموللا ئۇكىسىنىڭكىدەك ئۇزۇن ساقىلىنى تىترىتىپ، تۇگۈلۈپ ئولتۇرۇپ، "زىيان" نى تولۇقلىنىشنىڭ يولىنى كورسەتتى:

ــ تازا غەنىمەت پۇرسەت، ــ دىدى ئۇ، ــ پاسار بەگ ۋالى شۇلۇۋالغان ئالتۇن - كۈمۈشىنىمۇ، يەر - زىمىن زىيانلىرىنىمۇ ئۇسۇمى بىلەن قوشۇپ تولىتىۋالدىغان پۇرسەت. جاناپلىرىدىن كېتىدىغىنى ناھايىتى خۇن، ئادەم خۇنى!......

ئاكا-ئۇكا ئەتراپقا قاراپ قولاق يىقىشتى، پىچىرلاپ باش لىڭشىتىشتى، "ئەقىل! دەريادەك ئەقىل، تازىمۇ باپ چارە!......" دېيىشىپ دولا قىقىشتى.

ئاندىن ھىسامىدىن داموللا:

— پاسار بەگدىن خەۋەر بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يوقسۇ، يالماۋۇز ئۇلگۇر، — دىدى مەخسۇت بەگ تېرىكىپ، — سورىغان ئالتۇن-كۈمۈشنى مىسقىلى بىلەن توغرىلاپ ئېلىپ بولدى، لېكىن، ھازىرغىچە قورال يوق، چىقارتمىدى!

— مەيلى قورال بولمىسا، — دىدى ھىسامىدىن داموللا، — يەنە ئالتۇن بەر دىمىسە بولغىنى......

— ياق! نىمىشقا! — دىدى مەخسۇت بەگ كوزلىرىنى پاقىرىتىپ ئاكىسىغا قاراپ، — سىلى بىلەملا، ئاز قورال ئەمەس ئۇ! زەرەپشان بويلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۇچۇن جەزمەن پاسار بەگ ۋەدە قىلغان قورال بولۇش لازىم. مەن ئادەم تەيىنلەپ خەت بىلەن ۋالىغا كىرگۈزدۇم، بەرسۇن-دە!......

— قاسىم جىڭسانىمۇ؟......

— ياق، — دىدى بەگ، — بۇ ھارامزادە شۇ كۈنى مەندىن ئالدىغىنىنى ئېلىپ ئۇلگۇرگىچە نەپسى تاقىلداپ، بىرەر-يېرىم ئادەمنى تالان-تاراج قىلىپ شەھەرگە قايتقان بولسا كېرەك. ئۇن-تىنسىزلا يوقالدى، ئالىقانات......

— خەير، مەيلى، ھىم......خوتۇن تالاق!

ئۇلار "قوسىغىغا كىرگەن جىن" نىڭ چارىسى توغرىسىدا يەنە بىر ئاز پاراڭلاشتى-دە، دەرھال بەگ كېڭەشنى چاقىرىشنى قارار قىلدى.

## 2 . بەگ كېڭەشنىڭ سىرى

بەگ كېڭىشى ــ بەگنىڭ چوڭراق ئىشلىرىنى بىجا كەل-تۈرۈش ئۈچۈن بولىدىغان باش قوشۇش يىغىنى، ئۇنىڭدا ھېچقانداق مەسلىھەتلىشىش، تالاش-تارتىشقا ئورۇن يوق. بۈگۈن كېڭەش ئادەت بويىچە بەگ ھويلىسىنىڭ كەينىدىكى چوڭ باغىنىڭ كولى ئىچىگە ئىم تۈۋرۈك، تاختايلار بىلەن ياسالغان يازلىق شىپاڭدا ئۆتكۈزۈلدى. مۇدەررىس ھىسامىدىن داموللا، بەگلىك قازىسى، جۇمە مېچىتىنىڭ ئىمام خاتىۋى، "خۇدالىق مەدرىس" يېنىدىكى خانىقانىڭ ئىشانى ھەمدە مەخ-سۇت بەككە قاراشلىق ئون ئۈچ يېزىنىڭ ئاقساقال-يۈز بېشىلىرى جەم بولدى.

مۇدەررىس، قازىكالان، ئىمام خاتىپ، سوپى ئىشانلار باشلىرىغا ئاق سەللە ئوراپ، ئۈستىگە تون، پۇتلىرىغا يۇمشاق مەسە كىيىشكەن ھالدا جۈپ-جۈپ ياستۇقلارغا بىلەكلىرى بىلەن تايىنىپ، قېلىن كۆرپىلەر ئۈستىدە قىيشىيىپ يېتىشاتتى.

ئاقساقال-يۈز بېشىلارنىڭ كىيىنىشى باشقىچىرەك ئىدى. ئۇلار بېشىغا ئىگىز-ئورە كۆپە تۇماق، ئۈستىگە مەللە تون-چەكمەن چاپان، پۇتىغا ئىگىز پاشنىلىق، تۇمشۇغى بىرئاز ئۈستىگە قايرىلىپ تۇرىدىغان زەنگەر دولان ئۆتۈكلىرى كىيىش-كەن ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىگى ئۇزۇن ساقاللىق، قوساق ۋە ئىڭەك گوشلىرى ئالدىغا ساڭگىلاپ چۈشكەن، بويۇن گوشلىرى تۈرۈلۈپ قاتلىنىپ كەتكەن، قاشلىرى ھۈرپىيىپ تۇرىدىغان، قارچۇغا كوز، تەلەتى سورۇن ئادەملەر بولۇپ، ئىسسىقتىن

پۇشۇلداپ، شىپاگىنىڭ تۇرىدە غەمسىز قىيشىيىپ يېتىشقان ئىسلام دىنى پېشۋالىرىغا كوزلىرىنىڭ قۇيرۇغىدا قارىشىپ، ئەدەپ بىلەن تىزلىنىپ ئولتۇرۇشاتتى.

مەخسۇت بەگنىڭ شۇنداق بىر ئادىتى بار ئىدىكى، بەگ كىچىكىشى چاقىرغاندا، ئوز كىچىكىشىنىڭ ئەھلى ئۇنى كۇتۇپ تاقىتى تاق بولۇپ بىقارار بولمىغىچە سورۇنغا كىرمەيتتى. بۇگۇنمۇ شۇنداق بولدى. مولللارنىڭ ئوزئارا تەپسىر قىلغۇچى مۇلاھىزىلىك تۇترۇقسىز پاراڭلىرى تۇگەپ زېرىكىشتى، ئاقسا- قاللار، يۇزبېشلار قوساقلىرى تارتىشقانلىقتىن بولسا كېرەك، كوزلىرى ئالىيىپ پۇشۇلداشقا، بەزىلىرى مۇگدەپ، بەزىلىرى خورەك تارتىپ، يۇكۇنۇپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاشقا كىرىشتى. خېلە- دىن كېيىن مەخسۇت بەگ شىپاگىنىڭ پېشىق خىشلىق يولىدا پەيدا بولۇپ، تامىغىنى قىرىپ (ئوزىنىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلىپ) شىپاگغا كەلدى.

ھەممەيلەن ئورە - توپە بولۇشتى، يەنە جەم ئورۇن- لىرىغا چوكۇشتى. مەخسۇت بەگ ئوز ئورنىغا جايلاشقاندىن كېيىن داستىخان سېلىندى. قولغا سۇ ئېلىنىپ لوگىملەر تۇتۇلۇپ، تاماقلار تارتىلدى. ئاۋال قاتلىما نان، مىۋە - چىۋە، ئاندىن قايماق چاي، قىرقىلمىغان ئوغلاق گوشى، تونۇر كاۋاپ، زىخ كاۋاپلىرى، كېيىن پولۇ كەلتۇرۇلدى. ئەلۋەتتە قىيما قىلىنغان زىخ كاۋاپ بۇ يەردە داستىخان زىننىتى دېيىلگەن ئىچىملىك "مۇسەللەس شەرئى"نىڭ دوستى ئىدى. دىنىي موتىۋەرلەر يېگەننى سىڭدۇرىدۇ، دەپ مۇسەللەس شەرئە- گە ھورمەت ئۇچۇن ئېغىز تەككۇزۇشتى، لېكىن يۇزبېشلار

بولسا، جۈپ-جۈپ زىخ كاۋاپلىرىنى قولىدىن چۈشۈرمەي، بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ، يۈز گۆشلىرى ئىسسىلىپ، تەلەپ-پىشىپ بەقەمدەك قىزارغىچە ئىچىشتى......

مەخسۇت بەگ تۇخۇمىنىڭ سىرىغىنى سۈركەپ، دورا-دەرمان بىلەن تونۇردا دۈملەپ پىشۇرۇلغان قارا قوينىڭ توت جىنىڭ كەلگىندەك توشىنى پاك-پاكىز يەۋىتىپ، گۇرۇچ-گۇرۇچ ئۇششاق ياغلىق سوڭەكلىرىنى تىلىنى شاپىلدىتىپ بىرئاز چاينىدى-دە، بىر چىنە مۇسەللەسنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ، خىزمەتكارلارغا:

— داستىخاننى يىغىشتۇر، — دېدى.

دۇئا قىلىندى. ھەممەيلەن كېرىلىپ-كىكىرىپ، موللىلار ياغلىق قوللىرىنى يۈزلىرىگە، يۈزبېشىلار ئۇتۇكلىرىگە سۈركەشتى ۋە ئەسلىگە كېلىپ تىزلىنىشتى، ساقاللىرىنى سىلاپ:

—خۇداغا شۈكۈر، — دېيىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن مۇدەررىس ھىسامىدىن داموللا ئالدىغا ئاچىماق كۆسا قويۇپ، ئۇنىڭ توپىسىگە سەككىز سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى بىر كىتاپنى يېيىپ ئىخلاس بىلەن ئالدىرىماي ۋاراقلاشقا باشلىدى.

قىزغۇچ بۇلغار بىلەن تاشلانغان بۇ كىتاپ قولدىن-قولغا ئۇتۇۋېرىپ چورىلىرى رەڭگىلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پاقىراق قاپ-قارا خەتلىرى تېخى ھېچقانچە ئۆچمىگەن ئىدى. ھىسامىدىن داموللا بۇ كىتاپنى «قىسسۇل ئەمبىيا» يەنى «پەيغەمبەرلەر تەزكىرىسى» دەپ ئاتايتتى ۋە ئۇنىڭدا ئادىمىساق ئاپرىدە بولغاندىن كېيىنكى ئالەمنىڭ ھىك-

مەتلىك سىرلىرى تەرىپ-تەپسىر قىلىنغان دەپ چۈشەندۈ-رەتتى. ئاقساقال، يۈزبېشىلار بۇ ئاجايىپ كىتاب ھېكمەت-لىرىدىن ھەقىقەت ئالەمنىڭ تىلسىملىق سىرلىرىنى ئاختۇرۇ-ۋاتقان مۇدەررىسكە ئۈن-تىنسىز قاراپ تۇرۇشاتتى.

ھېسامىدىن داموللا "قىسسۇل ئەمبىيا"نى ئۇزاق ۋاراقلاپ، بەزىبىر جايلىرىنى پىسىرلاپ ئوقۇپ، كېرەكلىك جايلىرىغا قاراپ چىققاندىن كېيىن كىتابنى سۆيۈپ ياپتى. ئالدىن خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان ئون بەش سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى بىر كېلەڭسىز قول يازمىنى كۆسا ئۈستىگە ئېچىپ يايدى. بۇنىڭ زەرەپشان بويلىرىدىكى ياخشى-يامان ئىشلار رېتى بويىچە خاتىرىلەنگەن «ياڭاقلىق يېزىسىنىڭ تەزكىرىسى» ئىكەن-لىكىنى يۈزبېشىلار بىر قاراپلا بايقىدى.

يۈزبېشىلار ھېسامىدىن داموللىنىڭ كىتاب ۋە تەزكىرە ئىچىدىن بۇ قېتىمقى كەلكۈن ئاپىتىنى يېڭىۋېتىشكە قۇدرىتى يېتىدىغان بىرەر كارامەتلىك چارە تېپىشىغا، ئۆز تەجرىبىلىرى بويىچە ئانچىلا ئىشىنىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن، ئادەت تەسىرىدىنمۇ ياكى بەگ ھۆرمىتى ئۈچۈنمۇ، ئىشقىلىپ نېمىدىندۇ ئۈمىتلەنگەندەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئولتۇرۇشاتتى.

ھېسامىدىن داموللا ئاخىر كىتاب ئاختۇرۇشنى تۈگەتتى. ئۇزۇن كىرپىكلىك كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئارىدەك ئورۇق قوللى-رىغا تەسۋى ئالدى. بۇ، ئۇنىڭ كىتابلاردىن ئۆزىگە لازىملىق نەرسىنى تېپىپ بولۇپ، ئېنىقراق بىر خۇلاسىگە كېلىش ئال-دىدىكى ئادىتى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ گېلىنى قى-رىپ، مەخسۇت بەككە قاراپ قويدى.

مەخسۇت بەگ بېشىنى ئىرغىتىپ، يەلپۈگۈچ تۇتۇپ ئۆرە تۇرغان بالىلارنى شىپاڭدىن چىقىرىۋەتتى. ياغلاشقان گوشلۇك بېشىدىن گۈل چەككەن شاپاق دوپپىنى قولىغا ئالدى، ئىڭىكىنى تولدۇرۇپ تۇرغان يىرىك كەتمەن ساقىلىنى ئاستىدىن قولىنىڭ كەينى بىلەن كوتىرىپ قويدى. ئاندىن يۈزبېشى-يۇرت ئاقساقاللىرىغا قاراپ گەپ ئاچتى:

— ھىم، يەپ ئىچتىڭلارمۇ — بولدى. مەسلىھەت، مەسلىھەت قىلاي دەيمەن، — مەخسۇت بەگ تىكەندەك ھۈرپىيىپ تۇرغان قاشلىرىنى بىر يەرگە يىغدى. ئۇنىڭ يۇمۇلاق چېقىر كوزلىرى ئولجا ماراپ يۈرگەن قارچۇغىنىڭ كوزلىرىدەك بىر ئۇنىڭغا، بىر بۇنىڭغا نەشتەردەك تىكىلىپ قادىلاتتى، — ھاشارسەيسە كار قىلمىدى، ياغاچ-تاش ئىسراپ، ھەممىسى بىكار بولدى، زىيان ماڭىلىمۇ! قول قوشتۇرۇپ تۇرالمايسىلەر، بۇلاپ-تالاپ خەقنىڭ ئىلىكىنى قۇرۇتتۇڭلار، قول قوشتۇرۇپ تۇرالمايسىلەر! مەن ئېيتىپ قويايكى، ياڭاقلىق بەگلىك ئۇستىڭگە سۇ چىقماي، نەچچە ئون مىڭ مو يەردىكى قوناق-كېۋەز سۇغىرىلماي، كۆزگى بوغداي تېرىش ئىلاجسىز بولسا، ئۇز سېلىغىنى كوتىرىۋېتىدىغان ھوكۇمەت تېخى يوق! ھوكۇمەتكە تولەيدىغان لەڭنى ئۇز ئامبارلىرىڭلاردىكى ئاشلىقتىن تولەشكە، قوتان-چارۋىلىرىڭلارنى ئىككى قوللاپ ھوكۇمەتكە تۇتۇپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. يا يۇرتنى تاشلاپ كېتەمسىلەر؟!......

مەخسۇت بەگ قىزارغان شەلدەم كوزلىرى بىلەن يۈزبېشىلارغا بىر-بىرلەپ قاراپ چىقتى. يۈزبېشىلار بولسا، ئۇز ئامبارلىرىدىكى ئاشلىق بىلەن چارۋىغا دۇچكېلىۋاتقان

خەۋپنى ئاڭلاپ، ئوڭى ئوچۇپ، قولاقلىرىنى دىك قىلىپ سەگەك بولۇشتى.

— قېنى، كىمدە قانداق ئەقىل بار، يول تېپىڭلار، چا-رىنى دەڭلار، — مەخسۇت بەگ شۇ گەپنى ئېيتىپ قولىغا كۆمۈش ساپلىق، سەيخانىسى تۇچتىن ئىشلەنگەن كەشمىر چىلىمنى ئالدى.

جىمجىتلىق ئۇزاق سوزۇلدى.

— ئۇزلىرى ئاتا، بىز بالا، — دىدى بەگنىڭ قوسىغىدى-كىنى تېپىۋېلىشقا ماھىر گەپدان، خوشامەتچى مىراپ قۇربان ئاقساقال سوز باشلاپ، — ئىككى قولىمىز كوكسىمىزدە، نىمە قىلماقنى بۇيرۇسىلا بېشىمىز بىلەنمۇ، پۇتىمىز بىلەنمۇ يۈگۈرۈپ-تۇچۇپ بەجا كەلتۇرىمىز ......

مەخسۇت بەگ چىلىمنى قويدى، سوپى ئىشان ئىنجىق-ئىڭراق ئاۋاز بىلەن:

— قېنى، قېنى، ھەممىدىن مۇھىمى كىتاپ، كىتاپ ھىك-مەتلىرىدىن ئاڭلايلى، — دەپ ھىسامىدىن داموللىغا مۇراجەت قىلدى، — قېنى، ھەزرەتلىرى تىللىرىدىن شېكەر-شەرۋەت ئاققۇزۇپ، ئالتۇندەك گەپلەردىن ......

ئىمام خاتىپ بېشىنى لىڭشىتتى:

— شۇنداق، ھىم، كىتاپتا نىمە دەپتۇ؟......

ھىسامىدىن داموللا گېلىنى قىرىپ گەپ باشلىدى:

— كىتاپ ئوزى ئېيتىدۇرلەركى، جىمىكى ھەركەت-ئىخ-بال ئاللاتائالانىڭ ئەمرىسىز بولماس، — ئۇ گويا قىرائەت قىلىۋاتقاندەك ئاۋازىنى سوزۇپ ھەمدە "ياڭاقلىق يېزىسىنىڭ

تەزكىرى"گە ئالدا - ساندا كۆز يۈگۈرتۈپ قويۇپ ئېيتتى، — زەرەپشان دەرياسىغا ھەر بەش - ئون يىلدا بىر قېتىم ئوتتۇرا - ھال، ھەر يىگىرمە - ئوتتۇز يىلدا بىر قېتىم چوڭ، ھەر ئەل - لىك - يۈز يىلدا بىر قېتىم مىسلى كۆرۈلمىگەن بالايى - ئاپەتلىك كەلكۈن - قىيانىنىڭ يامراپ كېلىشى ئادەت ھەم ۋە - دىشتۇر. زەرەپشان تەزكىرىسى گۇۋالىق بېرىپ تۇرۇپتۇلەركى، ئوتتۇراھال كەلكۈن ئاجىز تومۇ، "ئېلىش" بېشى، دومبىلارنى ۋەيران قىلالىسىمۇ ئۆلگەن ئادەم كوپ بولغان ئەمەس؛ چوڭ كەلكۈن زور تومۇ، ئېلىش قۇرۇلمىسى، بۇقا - دومبىلارنى كۆز پەسىلىدىكى غازاڭدەك سېرىپ چىقىپ كەتكەن...... مانا بۇ قېتىمقى كەلكۈن بولسا، چوڭ كەلكۈننىڭ دەل ئوزى شۇ ۋە - ەلكى كىرەمئاللانىڭ غەزەپلىرىنىڭ بەلگىسىدۇر......

— ئاللا ھەق، ئوز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، — دەپ نىدا قىلدى سوپى ئىشان.

— ئاجىز قۇللىرىڭ بىز، شۈكرى ئوزەڭگە! — دەپ ئاۋاز قوشتى قازىكالان مۈگدەپ ئولتۇرۇپ.

ھىسامىدىن داموللا داۋام قىلدى:

— ئاللاتائالانىڭ ئىلمۇ - ھىكمەتلىرى تەپسىر قىلىنغان كىتاپلارنىڭ بايان قىلىشىچە، — دىدى ئۇ ۋە "ئەقىل - پارا - سەت بۇلىغى" دەپ تەرىپلىگەن «قىسسۇل ئەمبىيا»نى ئالدىغا ئالدى، — ئالەم پەيدا بولۇپ، ئادەم تورىلىپ، جاھاننى توپان بالاسى بېسىپ، نۇ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك كېمىلىرىگە سۇ تېشىپ كىرىپ كەتكەندە، ھىچقانداق سەۋەپ - چارە كار قىل - مىدى، ئاخىرى ئاللاتائالانىڭ ئەمرلىرى بىلەن بىر ئىلان

توشۈك ئېغىزىغا تۈكۈلۈپ، سۈلى ئۆز بەدىنى بىلەن توساپ كېمىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قالغان ئىدى. ئادەممۇ، ئىلانمۇ ئەسلى مەنىسىدىن ئالغاندا خۇدانىڭ مۆمىن مەخلۇقلىرىمىز. يېزىمىزنىڭ تارىخىدىن ئالغاندا، ھەر قېتىملىق بالايى - ئاپەت-لىك كەلكۈن توختاپ، سۇ ئۆستەڭگە يېنىپ چىقمىغاندا، كەي-نىگە تۈرۈلۈپ يانمىغان سۈنى خۇداۋەندىكېرىمگە يېقىن بىر جەننەت تاپقۇر بەندىنىڭ ھالال تېنى بىلەن ئارقىغا قايتۇ-رۇش ئادەت ھەم مۇمكىن بولغان. نۇ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىنى قۇتقۇزغان ئەقىللىق، جانپىدا مەخلۇق ئىلاندىن تارتىپ ئايانكى، تەلۋە سۇ ئادەمدىن، جانپىدا قىلغۇچى ھالال ئادەم-دىن ھۈركىدۇ، ئادەم تېنىدىن كەينىگە داجىپ يانىدۇ. ئەل-ھەقكى، مۇنداق ئىشقا ئۆز ئۆمرىدە ھېچقانداق گۇنالىق ئىش قىلمىغان، دىلى پاكىز، يۇۋاش، يېشى توختىغان مۆمىن بەن-دىلەر ئىچىدىن توختاخۇن، تۇرسۇناخۇن، تۇرغۇن ئاخۇن، تۇراخۇن...... ناملىق ئۆز ئىسمىدا "توختا"، "تۇر"......نى شەرت قىلغان ئەھلى مۇسۇلمان ئەڭ مۇناسىپتۇر......

ئاقساقاللار، يۇزبېشلار مانا ئەمدى بەگ كېڭىشىنىڭ مەنىسىگە چۈشەندى، بەلۋاغ - رومالىرىنى بوشىتىشتى. ئۆڭگەن چىرايلىرى ئەسلىگە كېلىپ، گويا ئۈستىلىرىدىن بىر تاغنى ئېلىۋەتكەندەك ئۆزلىرىنى يېنىك، خاتىرجەم سېزىشتى. نىمە بولسىمۇ ئامبارلىرىدىكى ئاشلىق بىلەن تاغدىكى چارۋىغا كەل-گەن خەۋپنىڭ يولى كېسىلدى.

— شۇنداق، بۇ رەسىم - ئادەت، — دىدى قۇربان ئاق-ساقال مايلاشقان ئىڭەك گوشلىرى ئاستىدىكى چىلگىدەك،

تومۇرلىرى كوپۇپ چىققان پوقاقلىرىنى قولى بىلەن سەل كوتىرىپ قويۇپ، — ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان ئادەت.

— كىتاپ سوزى ئويۇن گەپ ئەمەس، — دىدى يەنە بىر يۈزبېشى، — ئاللاتائالا كوڭلىگە چۈشۈرمىسە، كىم ئۇنى شۇنداق يېزىپ قويىدۇ، چارە دىگەن شۇ!......

مەخسۇت بەگ: "ئۇنداق بولسا، ھىچقانداق گۇنالىق ئىش قىلمىغان، دىلى پاكىز، مومىن ئەھلى مۇسۇلمان توختاخۇن كىمدە بار، كىم چىقىرىدۇ؟" دىگەندەك ھەممەيلەنگە بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى.

— مولەت - مولەت بەرسىلە، بار، ئىمىشقا چىقمايدۇ، — دەپ غودۇڭشىدى قۇربان ئاقساقال يەنە.

ئاقساقاللار، يۈزبېشىلار مۇنداق سودىنىڭ قۇربانى بولۇشقا مۇناسىپ - لايىق توختاخۇنلار ناھايىتى كوپ بولۇپ، گويا بۇلاردىن ئەڭ ياخشىلىرىنى تاللىماقچى بولغاندەك، ھاڭ-ۋېقىپ، كوزلىرىنى يۇمۇپ خىيالغا چۈشۈپ كەتتى.

— لائەقەل مۇنداق ئىشقا باپ - مۇناسىپ بولغان كىشى يارالمىشىدىن جەننىتىدۇر، — دىدى كەكە ساقاللىق، قىزىلكوز، چوڭ سەللىلىك سوپى ئىشان، — سۇ — بىھىشىنىڭ نىمىتىدۇر، بىھىشىنىڭ نىمەتلىرى بولغان سۇ ئىچىدە ئوزىنى ئاللا يولىغا ھەدىيە قىلغان مومىن بەندە توپ - توغرا، ھىچبىر سوئال - سوراقسىز جەننەتكە، جەننەتنىڭ دەل ئوزىگە يول ئالىدۇ......

ھىساميدىن داموللا سوز قاتتى:

— ئۇنى جەننەتتە ھورى - غىلمانلار، گۈزەل، نازىنىن پەرىلەر ئىلىپ كېتىدۇ، شىرىن - شېكەر مىۋىلەر، ھىساپسىز

ھېچكىم جاۋاپ بەرمىدى. مەخسۇت بەگ كۆمۈش ساپ-
لىق كەشمىر چىلىمنى يەنە قولىغا ئالدى:
— خوپ، ئۇنداق بولسا ياخشى. توختاخۇن مەندە بار-
لەق ئەللىك يىل باققان توختاخۇن......
مەخسۇت بەگنىڭ گېپى تېخى تۈگىمىگەن ئىدى. قازد-
كالان، سوپى ئىشان، ئاقساقال، يۈزبېشىلار تۇشمۇ- تۇشتىن
سوزلەپ كېتىشتى:
— دولەتلىرى زىيادە بولسۇن بېگىم......
— بىزنىڭ بېشىمىزنى سىلى ئۇڭلىمىسىلىرى كىم ئوڭ-
لايدۇ، بېگىم......
— سىلى بار ئىكەنلا، بىز خاتىرجەم بېگىم......
خودا رەخمەت قىلسۇن بېگىم......
— ......
ئۇلار گەرچە بەگنىڭ قوسىغىدىكىنى ئاللىقاچان سېزد-
شىپ خاتىرجەم بولۇشقان بولسىمۇ، گويا ھېچنىمە بىلىشمىگەن-
دەك، ئېغىز- ئېغىزلىرىغا تېگىشمەي تەرەپ- تەرەپتىن قۇللۇق
قىلىشتى.
ئەمما، نىمە ئۈچۈندۇ بۇ يەردە پەقەت ئىمام خاتىپلا
ئۆز ۋەزنىنى بۇزماي جىمجىت ئولتۇراتتى. ئىگىز بوي، قارا
ساقال، ئۇزۇن قاشلىرى كوزلىرىنى يېپىپ تۇرغان بۇ ئادەم
بۇ سودىغا قىزىقمىغانلىقىنى باشقىلارغا سەزدۇرگۈسى كەلمىگەن-
دەك، ئۆز خىيالى بىلەن بەنت ئىدى.
— ئەمما لېكىن، — دىدى مەخسۇت بەگ يۈزبېشىلارنىڭ
خوشامەتكوي پاراڭلىرىنى بېسىپ، — رەخمەت ئېيتىش ئاسان.

ئىش يۈزىگە كەلگەندە مەسىلە ئانچىلا ئوڭاي ئەمەس. توختى — توختاخۇن بولغىچە ئۆزۈمگە قانچىلىك ئەجرىم، پۇل - پۇچەكىم، ئاش - تۇزۇم كەتكەنلىكىنى بىلىشىڭلار كېرەك......

ئاقساقاللار، يۈزبېشىلار قايىنىغان قازانغا سوغاق سۇ قۇيغاندەك تىمتاس بولۇپ قېلىشتى.

— شۇنداق، ئاسان ئەمەس، — دېدى قازىكالان ھودۇقۇپ چىمىپ كەتكەن يۈزبېشىلارغا يول كۆرسىتىش ئاھاڭى بىلەن، — بىر كىشىنىڭ ئەللىك يىل دەردىنى تارتماق ئاسانمۇ؟ يىلنىڭ قىش - يېزى، كۈنىنىڭ ئاش - نېنى بار. ئەلۋەتتە بەگ ھەققىنى كۆيدۈرۈۋەتمەسلىكىمىز لازىم. چوڭ قىلىنغان بالا ئاتا ھەققى ئۈچۈن ئاتىسىنى يۇدۇپ يىلىغا بىر قېتىم ھەرەمگە ئاپىرىپ ھەج قىلدۇرسا تېخى كۆپ ئاز دەيدۇ كىتاپ.

شىپاڭ بەگ ھەققىنى تولەپ قايتۇرۇشنىڭ چارىسى ئۈستىدە كۆپ ئويلاندى. ھەر خىل تەكلىپلەر گويا تەسۋى ئۆرۈۋە-چىسىدەك يېغىۋەردى:

— بەگ ھەزرەتنىڭ ھەممە نەرسىسى ئىشىپ - تېشىپ تۇرۇپتۇ، — دېدى سوپى ئىشان، — ئەمما لېكىن، چارۋا تەرەپىدىن توققۇزى تەل دېگىلى بولمايدۇ. مۇشۇ تەرىپى ئەمدى يۈزبېشىلىرىمىزنىڭ ئىسىدە بولسا......

— تولا بەلەن، ھەممىدىن زورۇرى شۇ، — دېدى قۇربان ئاقساقال، — بېگىم ئۆز باغرىنى بىزگە ئاتىدى. ئون ئۈچ يۇرت ئەلۋەتتە ئورە تۇرماس تاغار ئەمەس. بىردىن بولسا — ئون ئۈچ كالا - ئات، ئوندىن بولسا — بىر يۈز ئوتتۇز قوي - ئۆشكە.

قۇربان ئاقساقال بۇ قېتىم چوتنى خاتا سوقتى.

توختاخۇننىڭ نەرقىسى مۇنداق تۆۋەن چۈشۈرۈۋېتىش
بەككە ياقمىدى، ئۇنىڭ چوڭ، گوشلۇك بۇرنىنىڭ ئۇچىدا غوج-
مەك تەر پەيدا بولۇپ، يىرىك بۇرۇتلىرىنىڭ تىترىگىنىنى
بايقىغان سۇپى ئىشان دەرھاللا:
— بىر، ئون — تولا ئاز، لايىقىسىز. بەگدە بارى ئاۋامدا
بولغىنىغا ئوخشاش. بۇ تەرىپى ئەمدى سەل كەمرەك ئويلە-
شىلدىمۇ - قانداق؟...... — دىدى.
— شۇنداق، گەپىمكەن! كەم ئويلىشىلدى بولغاي، —
ھىسامىددىن داموللا گېلىنى قىرىپ چىقىرىدى، — بۇ، سودا
ئۇستىدىكى بەرىكە تاپ ۋە ياكى خېرىدارى يوق مالنىڭ
ئۈستىگى ئەمەس - تە!...... ھىم. سەل - پەل مىدىرلىتىلسا بىرنى
ئونغا، ئوننى يۈزگە ئايلاندۇرۇش يۈزبېشى، ئاقساقاللىرىمىز-
نىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىشتۇر......
— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە......
— تامامەن، ئەلۋەتتە......
يۈزبېشىلار بىر بىرىنىڭ كوزىگە قاراپ، باش لىڭشىتىپ
سودىنى پىشۇرۇشتى.
توختاخۇن بەدىلىگە ھەرقايىسى يېزا - كەنت، مەھەللىلەر-
دىن يىغىۋېلىنىدىغان تاپاۋەت بىر يۈز ئوتتۇز ئات - كالا،
بىر مىڭ ئۈچ يۈز قوي - ئۆشكىنىڭ قارىسىنى ئالغانلىقىنى
كورگەن مەخسۇت بەگ تۈرۈلگەن قاپاقلىرىنى ئاچتى:
— خوپ، شۇنداق بولسۇن، — دىدى ئۇ، يۈزبېشىلارغا
قاراپ، كوزلىرىنى چەكچەيتكەن ھالدا، — لېكىن شۇنى ئۇنتۇماڭ-
لاركى، بۇ ماللار ئاپەت ئالدىدا توغرا تۇرۇش ئۈچۈن، ئاۋام

لامىدىن خۇدا يولىدا زاراخەتمە قىلىنىدىغانلىقىنى پۇقرالىرد-
مىز چۈشەنسۇن، توختى ئۇز پىشانىسىگە پۈتۈلگەننى كورىدۇ،
بۇ خەققە دېيىلمەيدىغان گەپ......
— تەھقىق، تەھقىق، — دېيىشتى كېڭەش ئەھلى.
— ئۇنداقتا، ئۈچ كۈنلۈك مۇھلەت بېرىمەن، — دىدى بەگ
چاپىنىنىڭ ياقىسىنى تۈزەپ، دوپپىسىنى بېشىغا كىيىپ
تۇرۇپ، — جۈمە كۈنى مەن بۇ ئات - كالا، قويلارنى ئۆز
قوتىنىمدا كورىدىغان بولاي......
يۈزبېشىلار باش ئەگدى، كېڭەش تارقىدى.
ئىمام خاتىپ مەخسۇت بەگنىڭ تومۇر دەرۋازىسىدىن
چىققاندىن كېيىن، يېنىدا دەقەمتە كېتىۋاتقان سوپى ئىشانغا
قاراپ:
— ئىشانەم، توختىمىغان سۇغا توختاخۇننى بېسىش
قايسى كىتاپتا جايىز قىلىنغان، — دەپ ئۇشتۇمتۇت سوراپ
قالدى.
سوپى ئىشان هاڭ - تاڭ بولغاندەك ئوز ئورنىدا بىر
مىنۇتچە تۇرۇپ، ئەتراپقا قارىدى، هېچكىم كورۈنمىگەندىن
كېيىن، ئىغىر پۇشۇلداپ تۇرۇپ:
— ئۇزلىرى «قىسسۇل ئەمبىيا» نىڭ بۇخارا نۇسخىسىدىن
ئىلگىرى، دېھلى نۇسخىسىدىن خەۋەر تاپقانمىدىلە، — دىدى.
— يوق، هەر ئىككى نۇسخا پېقىرنىڭ كوزلىرىدىن
قېچىپ قۇتۇلغان ئەمەس ۋە بەلكى تەرەت بىلەن قەسەم ئىچ-
مەنكى، «قىسسۇل ئەمبىيا» ماڭا سۇدەك يادا ۋە لېكىن...... بۇ
كىتاپلاردا......
سوپى ئىشان ئىمام خاتىپنىڭ سوزىنى بولدى:

— شۇنداق، بۇ كىتاپلاردا ئۇ توغرىلىق بىرنېمە دېيىلمىگەن بولسا كېرەك، ئەمما، بىزنىڭ زەرەپشان تەزكىرىسىدە بۇ ئىش قەيت قىلىنغان. بەگ — ھوكۇمەتنىڭ ئەمرىنى تۇتماقلىق — ۋاجىپ. خەير، ياخشى چۈش كۆرسىلە، خوش......

سۈپى ئىشان گويا بىرنېمىدىن چوچۇپ ھۈركىگەندەك، ئالدىراپ ئۆز يولىغا كەتتى.

ئىمام خاتىپ ياقىسىنى تۇتتى ۋە ئۆزىچە چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىدى......

## 3 . نارازى ۋە رازى

مالاي - يىللىقچىلارنىڭ كوپچىلىگى بويتاق ئەر - ئاياللار بولۇپ، ھەممىسى بىر قازاندىن تاماق يەيدۇ، ئەتىگەندە چامغۇر سېلىنغان ئۇماچقا زاغرا چىلاپ ئىچىشىپ، بېلىگە بىرەر يېرىمدىن زاغرا تۈگۈپ ئۆز ئىشىغا مېڭىشسا، كەچقۇرۇن ھېرىپ - ئېچىپ يەنە شۇ قازان ئەتراپىغا يىغىلىدۇ. كەچتە يەنە شۇ كونا قوناق ئۇنىنىڭ ئۇمىچى، كۆن ئارىلاپ يومدان، چوقۇچاق، بەزىدە سۇيقاش ئىچىشىدۇ. قاتىلاڭچىلىق كۈنلەر باشلانغاندا ھەپتىدە بىرەر قېتىم شويلا ئېتىپ بېرىدۇ، ھېيت - ئايەم كۈنلىرى بولسا، مالاي - يىللىقچىلار ئۆز قاچىسىدا بىرەر يېرىم تال گوشمۇ كورۇپ قالىدۇ، ياغ پۇرىتىش بانىسى بىلەن قۇيماق سېلىپ بېرىدىغان چاغلار كوپىنچە تۇنەك كونلىرىگە توغرا كېلىدۇ.

سارىخان ئانا تاڭ سەھەردىن تاكى خۇپتەن ۋاقتىغىچە ئەنە

شۇ قازان ئەتراپىدا پىقىرايدۇ، بەگنىڭ پىخسىق سەيۋەللىرى، ئامبار ئاچقۇچىنى باشقۇرغۇچىلار سەرلەپ-مىسقاللاپ تارتىپ بەرگەن، مىتە چۇشۇپ پۇراپ كەتكەن ئۇنلاردىن ئانا بىر ئامال قىلىپ تۈزۈكرەك، لەززەتلىكرەك تاماق ئېتىپ مالايلارنى تويغۇزۇش ئۈچۈن كويۇپ-پىشىدۇ. لېكىن ئانا ئارزۇسى ھېچقا-چان ئىشقا ئاشقان ئەمەس، مالايلار يېرىم ئاچ، يېرىم توق ئۆتىدۇ. قازان ئەتراپىدا ئىچىق ئۇننىڭ ئۇمىچىنى ئالدىغا قويۇپ ئىچمەي غەزەپلىنىپ بەگنى تىللايدىغان، ئاچ قوساق ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدىغان ۋاقىتلار ھەمىشە بولۇپ تۇرىدۇ.

شۇنداق بولسىمۇ، مالاي-يالالىقچىلار سارىخان ئانىنى تولىمۇ ياخشى كورىدۇ، ئۇنىڭ كوڭلىنى ئاياپ:

— ساڭا رەخمەت ئانا، سىنىڭ قولۇڭ تەملىك، ھالال، مېھرىۋان قول، لېكىن پىخسىق بەگ ئۇنى قىسقا قىلدى، بىز بۇنى چۈشىنىمىز، — دېيىشىدۇ.

كېيىنكى كۈنلەردە، بولۇپمۇ ئاسىم دەريا بويىدا ئانا ئۈچۈن مىسلى كورۈلمىگەن يېڭىلىق-قۇتلۇق خەۋەرنى يەت-كۈزگەندىن كېيىن ئانا بولەكچە تېتىك بولۇپ كەتتى، كەچقۇرۇن تاماق ئۈستىدە ئۇنىڭ ساددا، ئاق كوڭۇل، مۇلايىم ئاۋازى ھەمىشە ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئېغىزىدىن يېڭى-يېڭى گەپلەر چىقاتتى، مالاي-يالالىقچىلار قازان بېشىغا ئولىشىۋېلىپ، روھلىنىپ:

— ئەجەپ-ھە؟......دىگىنىڭ راستىمۇ!......بەلەن گەپ......

— بۇ خۇمپەرنىڭ ئەجىلى يېقىنكەن-دە!......

— بۇ ئېچىق ئۇنىڭ ئۈمىچىنى ئۇنىڭ بۇرنىغا قۇيساقمىغۇ!......نېجىس......

— سەۋرى دىگەننىڭمۇ چېكى بولىدۇ، خەپ!......

— ئەجرى قىلىپ ئاش بەرگىنىڭ ئۈچۈنمۇ، تاتلىق شىرىن گەپلەرنى يەتكۈزگىنىڭ ئۈچۈنمۇ رەخمەت! — دېيىشەتتى.

بۈگۈن سارىخان ئانا مالايلارنىڭ تامىقىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن داستىخان ئۈستىدە توختاخۇن بىلەن ئالماسنىڭ كورۇنمىگىنىگە ئەجەپلەندى. داش قازاننىڭ ئاستىنى قىرىپ تۇرۇپ، قىزى ئانارنى يېنىغا تارتىپ، ئۇنىڭ قولىغا بىر تاۋاق قىرماقنى تۇتقۇزدى:

— يۈگۈر قىزىم، داداڭ ئاتخانىدىمىكىن، بارغىن، ئۇچەيلىرى تارتىشتى، — دىدى.

ئانار زىرەك، دادىسىغا ئامراق قىز ئىدى، ئۇ بايىدىن بېرى دادامغا نىمە بولدىكىنە، ھەممەيلەن ئىسسىق ئىچىشتى، دادام نىمىشقا كەلمەيدىغاندۇ؟ — دەپ كوزىنى ئىشىكتىن ئالماي ئولتۇراتتى. قىز ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، چاچراپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئاتخانىغا يۈگۈردى. قىز ھىجىرنى كوتىرىپ ئاتخانىنى بىر ئايلاندى، دادىسى كورۇنمەيتتى. ئاتخانىدىن پەقەت ئاتلارنىڭ كوسۇلدىتىپ بىدە چايىنىشى، تۇمشۇقلىرى بىلەن بىدىنىڭ يۇمشاقلىرىنى ئاختۇرۇپ، ھە دەپ ئوقۇرنىڭ ئاستىنى مالتىلاپ پۇشقۇرۇشى ۋە كوكۈيۈن قورۇغان يېرىك قۇيرۇقلىرىنىڭ "تارس-تارس" قىلىپ بىقىن-قوۋساقلىرىغا ئۇرۇلۇشى ئاڭلىناتتى.

ئانار ئۈمىتسىزلىنىپ ئاتخانىدىن چىققاندا مالايلاردىن بىرى قىزنىڭ قولىدىكى ھىجىرنى كورۇپ:

— توختىكام بەگ ھويلىسىدا، ھىلىلا قىچىرىۋېلىشتى، شۇ يەرگە بارغىن، — دەپ ئۇتۇپ كەتتى.

ئانار ئىلدام بەگ ھويلىسىغا قاراپ ماڭدى، لېكىن، كوك سىر بىلەن پاقىرىتىپ سىرلانغان دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قىز يالاڭغىداق پۇتىغا، چۇۋۇلغان چاچلىرىغا ۋە بەدەنلىرىنىڭ ئۇ يەر-بۇ يېرى كورۇنۇپ قالغان جۇل-جۇل كوينەگىنىڭ پەشلىرىگە قاراپ، گۇلزارلىق ھويلىغا كىرىشتىن ۋاز كەچتى، ئارقىسىغا ياندى.

ئانار ئوزلىرى يېتىپ-قوپىدىغان يالغۇز كەپىگە يېنىپ كىرگەندە بىر يۇدە ئۇتۇن كوتىرىپ ئالماس ئىشىك تۇۋىدە پەيدا بولدى. سارىخان ئانا ئوغلىغا قاراپ، ئۇنىڭ كوزلىرىدە ئاچچىق غەزەپ قايناپ، قوشۇملىرىنىڭ تۇگۇلۇپ تۇرغانلىغىنى كوردى ۋە كوڭلىدىن: خۇدايىم، ئالماس خوشال بولىدىغان، چىرايى ئېچىلىپ قارايدىغان كۇنلەر قاچانمۇ كېلەر، دىگەننى ئوتكۇزدى.

ئانىنىڭ نەزىرىدە ئالماس خۇددى كوكۇلىسىدىن تارتقاندەك تېز بوي تارتىپ، قاۋۇل، بېجىرىم يىگىت بولۇپ ئوسۇۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭدا بىر خىل مەردانە قەيسەرلىك، ئېغىر-بېسىق تەمكىنلىك، قېرىنداشلارغا تولىمۇ مېھرىۋان، ئوزىدىنمۇ كورە باشقىلار توغرىسىدا كوپرەك ئويلايدىغان بىر خىل خىسلەت تەڭ يېتىلىپ كەلمەكتە ئىدى.

كېيىنكى كۇنلەردە مەخسۇت بەگ ئالماسقا ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان بولدى. بولۇپمۇ، قاسىم جىڭسا، "ئالماس قولۇمدىكى تاپانچىغا ئېسىلدى" دەپ ھال ئېيتقاندىن كېيىن،

مەخسۇت بەگ ئۇز چاپارمەنلىرىگە: "ئاسىم بۇ قېتىم قارا ئۇيدە ئالتە ئاي يېتىپ ئانىسىدىن تۇغۇلغانغا پۇشايمان قىلغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇ، ئەزەلدىن بىزنىڭ قولىمىزدىكى ئادەم، ئۇ يۇرت بۇزۇقىنى ھەرقاچان جايلىۋېتىشكە بولىدۇ، ئەلۋەك سوپى نازارەت ئاستىدا كۆزەتسۇن. لېكىن ئالماسقا كوز-قۇلاق بولۇڭلار، ئۇ، ئىشتىن باش كوتەرمەيدىغان بول-سۇن، مەن تېخى تاپانچىغا ئېسىلىشىنى كورسىتىمەن" دىگەن ئىدى، لېكىن، بەگنىڭ خىياللىرى كەلكۈن خەۋپى بىلەن چېچىرىپ، ئۇز غېمىدە بولۇپ، ئالماسنى "ئادەم قىلىش" قا پۇرسەت چىقىرالماي يۇرەتتى.

بەگ سەيۋەنلىرى ئالماسنى كوز قىرىدىن كەتكۈزمەي، قوشتىن چىقىرىپ سورەمگە سېلىپ ھېچبىر ئارام تاپقۇزمايتتى. ئېغىر ئەمگەك ئۇنىڭ ھالىنى قويمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئالماس بۇ جىسمانى جەھەتتىكى دەھشەتلىك ئېزىلىشنى يېڭىپ، ئۇز قەلبىدە يالقۇنلاپ تۇرغان ئازاتلىق خەۋىرى، بەگ زۇلمىنى غۇلىتىۋېتىش كۈنلىرىنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىغا بولغان ئىشەنچتىن مەدەت ۋە شىپالىق تاپاتتى.

— دادام گۈلزارلىق ھويلىدىمىش، بەگنىڭ قېشىدىمىش، — دىدى ئانار بىر خىل خاۋاتىرلىق ئەنسىرەش بىلەن ئۇيگە كىرگەندىن كېيىن ئالماسقا قاراپ:

— بەگنىڭ قېشىدا دەمسەن، بەگ ئۇزى قىچىرىپتى-مۇ؟ — ئالماس ئىتتىك بېشىنى كوتىرىپ سىڭلىسىغا قاردى.

— شۇنداق دىيىشتى، بەگ ئۇزى قىچىردۋاپتۇ......

ئالماس كىچىكىدىن تارتىپلا دادىسىنىڭ سەرگۈزەشتىلە-رىنى بىرلىپ ئاڭلايتتى، توختاخۇنمۇ

— كىچىك تۇرۇپلا ئەمگەكتە ئېزىلىپ كېتىۋاتىسەن ئوغلۇم، لېكىن، ئەمگەك يامان نەرسە ئەمەس، پىشىسەن، قاۋۇل يىگىت بولىسەن. قارىغىنا، بايلارنىڭ باللىرىغا: ھورۇن، ئاۋاق، ۋىجىك، بەرگىمدىن ئاجرىلىشقا ئاز قالغان ياپراقتەك تىترەپلا تۇرىدۇ، لايغەزەل، رەزگى!......بۇ زۇلمەت ئوچىغىدىن قوتۇلدىغان كۈنلەرمۇ كېلەر......ئەقىللىق چوڭ بولغىن، — دەپ ئۇز ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى بىلدۈرەتتى.

"بەگ بۇ كېچىدە دادامنى نېمىگە قىچىردىكىنە؟" ئالماس يۈرىگى دولقۇنلىنىپ، ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى - دە، گۈلزارلىق ھويلىغا قاراپ ماڭدى.

ئۇ گۈلزارلىق ھويلىنىڭ پىنشىق خىش ياتقۇزۇلغان يولىدىن كېتىۋېتىپ، جىمجىت ھويلا ئىچىدە دادىسىنى نەدىن ئىزلەشنى ئويلىنىپ بىر مىنۇتچە تۇردى، ھەممە يەر تىم-تاس ۋە قاراڭغۇ. پەقەت بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ئاي بەزىدە غىل - پال ئۆزىنى كورسىتىپ قويۇپ، يەنە بىردىنلا غايىپ بولۇپ كېتەتتى. ئاي كورۇنگەندە تاللارنىڭ سايىسى يول ئۈستىدە بىلىنەر - بىلىنمەس پەيدا بولۇپ، يەنە كېچە قاراڭغۇلۇغى بىلەن قوشۇلۇپ كېتەتتى.

گۈلزارلىق ھويلىدىن ئوتكەندىن كېيىن، بەگنىڭ خاس قوراسى كوزگە چۈشىدۇ. بۇ يەرگە مالايلارنىڭ كىرىشى مەنئى قىلىنغان.

ئالماس توپ - توغرا بەگنىڭ خاس قوراسىغا قاراپ ماڭدى ۋە ئىشىك ئالدىغا كېلىپ، گازۋاي لامپا يېنىپ تۇرغان بەگ مېھمانخانىسىغا كوزى چۈشتى. "دادام مېھمانخا-

نىدا بولۇشى مۇمكىنمۇ؟......مەيلى، نېمە بولسىمۇ بىر با-
راي......" ئۇ، قورۇنغان، يۈرىكى تىترىگەن ھالدا ئۆزى
تېخى بۆكەمگىچە سىرتىدىنلا كۆرۈپ يۈرگەن مېھمانخانىنىڭ
دەرىزىسى ئالدىغا كەلدى. دەرىزە سىرتىدىن ئۆي ئىچىگە
قاراپلا يۈرىكى "جىغ" قىلىپ كەتتى.

ئۆي ئىچىدىكى مەنزىرە ئاجايىپ ۋە دەھشەتلىك:

مېھمانخانىنىڭ تۆرىدە مەخسۇت بەگ جۈپ ياستۇققا
يۆلىنىپ، ماز تىققان تاغاردەك پومپىيىپ چىققان گوشلۇك
قوسىقىنى كۆتىرەلمەي ئېغىر پۇشۇلداپ يېنىچە ياتاتتى. ئۇنىڭ
ئىككى تەرىپىدە بەگلىك قازىسى بىلەن سوپى ئىشان تەسۋى
سىرىغان ھالدا بېشى بىلەن نېمىنىدۇ ماقۇللاپ ئولتۇرۇپتۇ.
پەگا تەرەپتە ئىككى قولىنى بىقىنىغا تىرەپ قۇربان ئاقساقال
ئۆرە تۇرۇپ، ھە دەپ بىرنېمىلەرنى دىمەكتە. ئۇنىڭ يېنىدا
بەگنىڭ تاللانغان تۆت چاپارمەن دوغىسى قوللىرىدا چويۇن
مۇشت، ئۈچ تىللىق سىم قامچا، ئىككى بىسلىق، ئۇزۇن ساپلىق
خەنجەر تۇتقان، دولىسىغا ئاغامچىلارنى سالغان ھالدا ئۆرە
تۇرۇشاتتى.

شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ ھەممىسى نېمىگىدۇ خىرىس قىلىپ
تۇرغان غالجىر بورە ئىتلىرىغا ياكى گۆداك ئالدىدا ئادەم
كاللىسىنى كېسىشكە خۇمار قىلىپ تۇرغان خۇنخور جاللاتلارغا
ئوخشايتتى.

ئالماس خىرىس قىلىپ تۇرغان تۆت دوغا لۈكچەكنىڭ
ئالدىدا — پەگا تەرەپتە دادىسى توختاخۇنىنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت
يانغان ھالدا يۇلقۇنۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. توختاخۇنىنىڭ

سول قولىنى ئۇزۇن بۇرۇتلۇق بىر دوغا كەينىگە قايرىغان ھالدا تۇتۇپ، گەجگىسىدىن بېسىپ تۇراتتى. يەنە بىر كوپەي دوغا توختاخۇننىڭ ئوڭ قولىنى قانداقتۇ بىر خەتكە بېسىشقا مەجبۇر قىلىۋاتاتتى.

توختاخۇن بولسا، خەتكە قول بېسىشتىن قەتئىي باش تارتىپ، ئاجىز بەدەنلىرى بىلەن تىپىرلايتتى.

مەخسۇت بەگ كوزىنى چەكچەيتىپ:

— سېنى ھازىرلا گوداڭنىڭ ئالدىغا بوغۇزلاشقا ئەكەتىۋاتقىنىمىز يوققۇ!...... ناھايىتى ھاشارغا بارىسەن، سەن قەرزدار، قېرىغان ئادەمسەن. سۇ ئۇلۇق — كەلكۈن مەزگىلى. بىرەر ھادىسە - پادىسە بولۇپ قالسا، قەرزىڭ ئۇستۇڭدە يۇك پېتىچە قالسا، خۇدا ئالدىغا نىمە دەپ بارىسەن؟ قول باس، تارتما كەينىگە! — دەپ ۋاقىرىدى.

دوغىلار بەككە ئۇن قاتتى:

— بول، نىمە تۇرىسەن، قەرزىڭ بار، ئۇنى تولىمەمتىڭ - يا!......

توختاخۇن بېشىنى كوتەردى:

— ھىساپلاپ كورسەم، — دىدى ئۇ تىترىگەن ئاۋاز بىلەن، — قۇربانىنىياز خوجا زامانىدىن ئۇزلىرىگە كەلگىچە قىرىق يەتتە يىل ھەقسىز ئىشلەپتىمەن، خوتۇنۇممۇ، بالىلىرىممۇ ئىشلەۋاتىدۇ. بىز پەقەت ئاچلىقتىن ئولمەسكىلا رازى بولدۇق. ھىچقانداق ھەق ئېلىش دىگەننى بىلمەيمىز. شۇنچە يىل ئىشلەپمۇ قانداق تۈگىمەيدىغان قەرزكەن ئۇ!...... مەن ھاشارغا بارىمەن، رىسقىم تۈگىگەن بولسا، مەيلى قەۋرەم سۇ ئىچىدە

بولسۇن، لېكىن بۇ خەتكە قول باسمايمەن......

ئالماس دادىسىنىڭ غەزەپ، ئاچچىق يىلىنىش بىلەن تولغان سۆزلىرىنى ئېنىق ئاڭلىدى.

شۇ ئارىدا مەخسۇت بەگنىڭ:

— ھوۋ...... نائەھلى، سەن تېخى! — دېگەن ھوكىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

بەگنىڭ غەزەپلىنىشى بىلەن تەڭ، قولىدا چويۇن مۇشت تۇتقان لۈكچەك توختاخۇننىڭ ئاغزىغا "قارس" قىلىپ ئۇرۇۋەتتى، يەنە ئىككى دوغا ئۇنى زەردە بىلەن تېپىپ دەسسىدى، ئۆي ئىچى بىر مىنۇتچە ئۆرە - توپە بولدى.

توختاخۇن تەستە ئۆرە بولۇپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان ھالدا:

— مەن زادى نېمىگە قەرزدار! بۇ خەتكە نېمىشقا قول باسىمەن؟ خۇدا ئۆزى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، مەن بىلمىدىم...... — دېدى.

توختاخۇن شۇ گەپنى ئېيتىپ، بەگنىڭ ئىككى تەرىپىدە "ھەق ئاللا!" دەپ نىدا قىلىپ ئولتۇرغان قازىكالان بىلەن سوپى ئىشانغا يېلىنىپ قارىغاندا، ئالماس دادىسىنىڭ چويۇن مۇشت بىلەن ئېزىپ تاشلانغان چىشلىرى ئارىسىدىن شۇرقىراپ ئۇخچۇپ چىقىۋاتقان قىپ - قىزىل قويۇق قاننى كۆردى - دە، ئېتىلىپ مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى.

ئۆي ئىچىدىكىلەر ھاڭ - تاڭ بولۇشۇپ، ئەنسىزلىك بىلەن چەكچەيدى. مەخسۇت بەگ كېلەڭسىز بەستىنى تەستە كۆتىرىپ، سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئالماسنىڭ ئالدىغا كېلىپ،

كاپ قىلىپ ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئىككى قولى بىلەن قاماللاپ تۇتتى:

— سەن هارامزادە، بۇ يەرگە نىمىگە كەلدىڭ، قانداق جۇرئەت قىلدىڭ - هە؟!......

— دادامنى ئىزلەپ كەلدىم......

بەگ، يېنىدىكى دوغىنىڭ قولىدىن ئۇچ تىللىق سىىم قامچىنى يۇلۇپ ئالدى - دە، ئالماسنىڭ باش - كوزىگە قان چاچرىتىپ، قارسىلدىتىپ جان - جەهلى بىلەن ئۇرۇشقا باش - لىدى. هەر بىر ئۇرۇلغان قامچىنىڭ ئىزى ئالماسنىڭ يۈز - كوز، بەدەن، يانپاشلىرىدا بىر بارماق قولدەك قان كوتىرىپ ئىز قالدۇراتتى، ئالماس تولغىنىپ تۇرۇپ، بىر قولى بىلەن بەگنىڭ قامچا تۇتقان قولىنى تۇتۇۋالدى. ئاڭغىچە، بىر لۈكچەك چوپۇن مۇشت بىلەن ئالماسنىڭ بويۇن تومۇرىغا ئۇردى، ئالماس دەلدەڭ - شىپ بىرىپ، تامغا يولىنىپ قالدى.

بەگ يەنە ئالماسنىڭ گىلىدىن سىقىپ، تامغا نىقتاپ تۇرۇپ:

— سەن، سەن هارامزادە، قاسىم جىڭسانىڭ قولىدىكى تاپانچىغا ئىپسلغىنىڭ راستمۇ؟ — دەپ ۋاقىرىدى.

ئالماس كوزلىرى ئىبلىشقان هالدا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ:

— مەن قاسىم - پاسىم جىڭسا دىگەنىنى كورگىنىم يوق، — دىدى.

— هە؟ سەن كورمىدىڭمۇ!......

— شۇنداق، ئۇ بىلمەيدۇ، — دىدى تۇيۇقسىز شاتۇر دوغا ئالماسقا يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇپ، — قاسىم جىڭبا هەز -

رەتلىرىنىڭ ھوزۇرىغا كەلگەندە، ئالماس تاققا چىقىپ كەتكەن......

— باغلا ئۇنى! — مەخسۇت بەگ جىنىنىڭ بارىچە چە-قىردى.

ئىككى لۈكچەك ئالماسنى باغلىماقچى بولغاندا، توختا-خۇن ئىككى لۈكچەكنىڭ ئالدىنى توستى ۋە ئالماسقا قاراپ:

— خەير، بوپتۇ، سەن بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ ئوغ-لۇم؟ ئەجەپ ئىش! سەن بۇ ئىشلارغا ئارىلاشما ۋە كورمە. ئاناڭغا، سىڭلىڭغا كوز بول ئوغلۇم...... — دېدى.

ئاندىن ئۇ كۆتۈلمىگەندە ئوز ئىختىيارى بىلەن قارا سىياغا بارماق قولىنى مىلەپ، خوتەن قەغىزىگە قومۇش قەلەم بىلەن دانە - دانە قىلىپ يېزىلغان قانداقتۇ نامەلۇم خەتكە قول بېسىشقا تەمشەلدى.

ئالماس، دادىسىنىڭ بايىدىن بېرى قارشىلىق كورسىتىپ نارازى بولغان خەتكە نېمە ئۈچۈندۇ مانا ئەمدى رازى بولۇپ قول بېسىشقا ئۇتۇنغىنىنى كورۇپ ھەيران بولدى ۋە ئوز قو-لىنى قايرىپ تۇرغان لۈكچەكنىڭ ئىسكەنجىسىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، غەزەپلەنگەن ھالدا خەتكە كوز يۈگۈرتتى.

ئەلۋەتتە خەتنى ئاخىرغىچە ئوقۇشقا يول قويۇشمىدى. لېكىن، ئالماس:

— زورلۇق بىلەن مەجبۇرلاپ قول باستۇرۇشماقچىمۇ، خەپ! دادا، قول باسما! — دېدى.

— نېمە، نېمە دېدىڭ؟ — مەخسۇت بەگ غەزەپلىنىپ سەكرەپ كەتتى ۋە دوغىلارغا قاراپ ۋاقىردى، — نېمە تۇرى-سەن، ئۇر، ئولتۇر!......

ئىككىنچى قېتىم ئۇرۇلغان چويىۇن مۇشت زەربىسىدىن ئالماسنىڭ كوزلىرىدە ئوت چاقناپ، بېشى قېيىپ ئايلىنىپ يىقىلدى. توختاخۇن ئوغلىنى ئىتتىك بىرىپ يولىۋالدى ۋە بۇ ئويدىن تېزرەك قۇتۇلۇپ چىقىپ كەتكۈسى كەلگەندەك، ئالدىراپ بىرىپ خەتكە قولىنى باستى.

— شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىش مەن بىلەن تۈگەمدۇ ياكى بالىلىرىمغا چېتىلامدۇ؟ — دىدى ئۇ قول بىسىپ بولغاندىن كېيىن ئەلەم بىلەن بەككە قاراپ.

— مانا ئەمدى ئەقلىڭگە كەلدىڭ، — دىدى بەگ ئېغىر پۇشۇلداپ، — بۇ سەن بىلەن قىلىشقان موھۇرلۇك تىلخەت. بۇ ئىش سەن بىلەن تۈگەمدۇ ياكى بالىلىرىڭغا چېتىلامدۇ، كېيىن كورىمىز. ماڭ ئويۇڭگە چىق، ئەتە ئوستەڭ ھاشاسىغا بارىسەن......

— ھاشارغىمۇ؟

— زەرەپشان ھاشارىغا!

توختاخۇن تېخى تولۇق ئېسىگە كەلمىگەن ئالماسنى بولەپ بەگنىڭ مىھمانخانىسىدىن چىقتى. گۈلزارلىق ھويلىدىن ئوتتى. يىنىك شامال سوقۇپ تۇراتتى، ئالماسنىڭ چىكىسىدىن "غۇژژىدا" تەر چىقىپ سىلكىندى ۋە شۇ چاغدا ئاستا-ئاستا ھوشىغا كېلىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان ھالدا كەينىگە قارىدى. ئوزلىرىنى پايلاپ كېلىۋاتقان بىر قارا كولەڭگىگە كوزى چۈشتى. ئالماس دادىسىنىڭ بىلىگىدىن تۇتقان ھالدا غەزەپلىنىپ ئورنىدا توختىدى.

— مىڭبۇەر ئالماس، بۇ مەن، توختىما، — دىدى كەينىدىن پايلاپ كەلگەن ئادەم. ئۇ شاتۇر دوغا ئىدى.

— ماڭ ئوغلۇم، بۇ دوزاقتىن تېزرەك چىقىپ كېتەيلى، — دېدى توختاخۇن ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ.

ئۇلار چوڭ دەرۋازىدىن چىقتى، شاتۇر دوغا ئىشىكنى ناقاپ زەنجىرلەش ئالدىدا ئەتراپنى تىڭشاپ تۇرۇپ، ئالماسنى يېنىغا تارتتى:

— ئالماس مەن ساڭا بۈگۈن 2 - قېتىم ياخشىلىق قىلىمەن، شۇنىڭ بىلەن قەرزىم تۈگىسۇن، — دېدى شاتۇر دوغا ئەتراپتىن كوزىنى ئالماي خۇدۇكسىنغان ھالدا، — ئېسىڭدە بولسۇن، بېگىم بۈگۈن كېچە سېنى تۇتماقچى، ئۇجۇقتۇرۇڭلار، قارىسىنى ھېچكىم كورمىسۇن دەپ بۇيرۇدى. ھازىر بەگ ھوزۇرىدا شۇ مەسلىھەت بولۇۋاتسا كېرەك. ئولتۇرۇۋېتىدۇ. ئاخىرقى قەرزىم بولسۇن. ئەمدى سەن تۇتۇنامسەن، جېنىڭنى ياقىغا ئالامسەن، ئوزەڭ بەلگىلە - ھە! يەنە بىر گەپ ھازىر جىڭسا - جۇي ھە دەپ قاسىم جىڭسانىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىۋاتىدۇ. ئەمما ئۇكا، مەن بۇ ئىشنى زادىلا بىلمىگەن، كورمىگەن بولاي، سەنمۇ ئۇنتۇما......

— ماقۇل، — دېدى ئالماس ئاران تەستە، — سەنمۇ مەخسۇت بەگنىڭ كۆلىنى كوككە سورۇۋېدىغان ئازاتلىق كۈن - لىرىنىڭ يېقىن ئارىدا بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدىغانلىغىنى ئۇنتۇما......

— مەيلى نىمە بولسا - بولسۇن، مېنىڭ بەش بالام بار ئادەم. ئۇ ئىش بىلەن مېنىڭ چاتىقىم يوق، بەش بالامنى باقالايدىغانلا ئىش بولسا، ھەرگىز بۇ يەردە تۇرمايتتىم. لېكىن، قاسىم جىڭسانى مەن كورمىدىم. مېنىمۇ ئولتۇرگۈزۈپ بەش بالامنى يىتىم قىلما......

شاتۇر دوغا تومۇر دەرۋازىنى تاقىدى، شاراقلىتىپ قۇلۇپلىدى، توختاخۇن بىلەن ئالماس ئۆيگە قايتتى.

ئۇلار ئۆزىنىڭ غېرىپ كەپىسىگە كىرىپ كەلگەندە سارىخان ئانا بىلەن ئانار ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ قايغۇرۇپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئانا توختاخۇننىڭ غەمكىن چىرايىغا، شىلىمشىققان داغلىرى ئۇيۇپ قالغان ساقال - بۇرۇتلىرىغا قاراپ هاڭۋېقىپ قالدى. ئانار دادىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى. توختاخۇن قۇرۇت يىگەن جەگە ياغاچقا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئانارنىڭ بېشىنى، مۇرىسىنى قاپلاپ تۇرغان بوستان چاچلىرىنى، مۇرىلىرىنى سىلاپ، ئاتىلىق مېهرى بىلەن ئۇنىڭ چاچلىرىنى، يەلكىلىرىنى پۇرىدى - دە:

— ئۇخلا قىزىم، قارا، تۈن تەڭ بولاي دىدى، — دەپ ئۇنى يېتىشقا دەۋەت قىلدى.

بۇ چاغدا ئالماس ئىشىكنىڭ لىم ياغىچىغا تايانغان هالدا يامان چۈشتىن سەسكىنىپ ئويغانغان كىشىدەك، چىشلىرى كىرىشكەن، مۇشتۇملىرىنى چىڭ تۈككەن قىياپەتتە قوشۇمىسىنى تۈگۈپ خىيالغا چۆككەن ئىدى. "مۇشۇ تاپتا ئاسىم ئەپەندى نېمىش قىلىۋاتىدىكىن؟ ئۇنىمۇ تۇتىدۇ، بۇ قېتىم تۇتسا ئولتۇرۇۋېتىدۇ، خەۋەر قىلىش كېرەك، قەتئى!" دەپ ئويلىدى.

توختاخۇن ئالماسنى يېنىغا تارتىپ ئولتۇرغۇزدى. سارىخان ئانا ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، ئاشتاختا ئۈستىدىكى سۇپرا قېتىدىن بىر - ئىككى زاغرا ۋە ئىككى - ئۈچ جىرىس توقاچ ئېلىپ قويدى. قۇم چۆگۈننىڭ چېيىدىن قۇيۇپ سۇندى.

توختاخۇن قېتىپ كەتكەن جىرىس توقاچتىن بىرنى تىزىغا

بىسىپ سۇندۇرۇپ ئىككىگە بولۇپ، بىر پارچىسىنى ئالماسنىڭ ئالدىغا ئىشتىرىپ، بىر پارچىسىنى چايغا تۆگۈرۈپ ئاغزىغا سالدى. لېكىن، ئاندىن كۆلىدەك يۇتۇش بىلەن تەڭ، ئۆشتۆمتۆت ئىنجىق — يوتەل تۇتۇپ، ئېغىزىدىن جىگەردەك ئۇيۇپ قالغان قاپ - قارا قان چۈشتى. ئانار "ۋاي" دەپ چىقىرىدى. ئانا مىشىلداپ يېشىنى توكۇپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي پايپېتەك بولۇپ كەتتى. ئالماس بەلۋىغى بىلەن دادىسىنىڭ ئېغىزىنى سۈرتتى......

توختاخۇن بۇ قاننىڭ بىقىنىغا تەككەن چويۇن مۇشت زەربىسىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتمىدى. شۇنىڭدەك ئالماسقىمۇ "ئاناڭنى بىئارام قىلما، ئۇكاڭنىڭ كوڭلىنى ئەزمە، ھېچنىمە دېمە" دېگەندەك بېشى بىلەن ئىما قىلدى.

ئالماس توختاخۇننى چۆمكەپ ياتقۇزغاندىن كېيىن تالاغا چىقىپ، ئويگە كىرىپ ئۇزۇن ئويلاندى ۋە ئاخىر خىيالى پىشقاندەك قوشۇمىسىنى قاتتىق تۈرۈپ:

— دادا، ئانا، — دېدى ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ، — بۇگۈن كېچە مەخسۇت بەگنىڭ يالاقچىلىرى مېنى تۇتماقچى، ئاسىم ئەپەندىنىمۇ تۇتۇشى مۇمكىن. مەن ئۇنىڭ بىلەن كېتىشىپ كېلەي، خەۋەر قىلىش كېرەك، قەتئىي. بەلكىم بىرنەچچە كۈنگە كەلمەسلىكىم مۇمكىن......

توختاخۇن ئورنىدا يېتىپ تۇرۇپ، چۈشەنگەن ھالدا رازى بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى. ئانا يەنە ھاڭۋېقىپ - ئەنسىزلىنىپ كەتتى. لېكىن ئاسىمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ رازى بولدى:

— ئاسىم ئەپەندىمۇ؟......بارغىن، ئەمما، ھايال بولما، ئۇ، بەلەن ئادەم...... مېنى ئەنسىرەتمە ئوغلۇم.....

## يەتتىنچى باپ

### 1 . قەسەم

ئاسىم بۈگۈن بالىلارنىڭ سامان قەغەزگە يېزىلغان تاپ-شۇرۇق دەپتەرلىرىنى ئادەتتىكىدىن تېزرەك كۆرۈپ تۈگەتتى - دە، چىراقنى پۈلەپ ئۆچۈردى. ئۇي ئىچىدە يېرىم سائەتچە مېڭىپ يۈردى، ماڭغاندا تېپىش چىقارمايتتى، بەزىدە قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ تۇرۇپمۇ قالاتتى ...... شۇ يېرىم سائەت ئىچىدە ئۇ بەش قېتىمچە تاماكا ئورىغاندۇ، لېكىن، ھەر قېتىم تاماكا ئوراپ بولۇپ، سەرەڭگىنى قولىغا ئالغاندا، ئىختىيارسىز ئۆز خۇمارىنى بېسىپ تاماكىنى دەرىزە تەكچىسىگە تاشلايتتى.

ئاسىم ۋاقىتنى مولچەرلەش ئۈچۈن دەرىزە ئالدىغا كېلىپ تالاغا قارىدى، ئايدىڭ كېچە ......كوئېنلۈننىڭ قارلىق چوق-قىلىرى ئۆزىنىڭ بىپايان ئېتىكىگە سوغاق نەزەر تاشلىغان ھالدا سۈس يالتىراپ تۇراتتى. يۇرت ئىچى، مەكتەپ قوراسى جىم-جىت. پەقەت زەرەپشانلا تىنىمسىز ئۇركەشلەپ - دولقۇنلىنىپ، كۈچلۈك شاقىرىغان ئاۋازى بىلەن ئۆزىنىڭ ئويغاق ئىكەنلى-كىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

ئاسىم دەرىزە تېمىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ، دەسلەپ قامەت-لىك كوئېنلۈنغا، كېيىن ئاسمان بوشلۇغىدا دەخلىسىز ئۈزۈپ

كېتىۋاتقان ئايغا لەززەت تاشلىدى. ئاندىن ئۇنىڭ دىققىتىنى يەنە ئويغاق زەرەپشاننىڭ ھەيۋەتلىك شاقىرىشى ئۆزىگە تارتتى......

"ئېخ، زەرەپشان — دولقۇنلۇق دەريا! مىڭلىغان يېزا-كەنتنىڭ ھاياتلىق مەنبەئىسەن؛ سەن يەنە دەھشەتلىك ئاپەتكە ھامىسەن...... سېنىڭ تىزگىنسىز دەۋرىڭ تۈگەيدۇ پات ئارىدا، قىممەتلىك، ئەزىز بولۇپ قالىسەن جەزمەن خەلق قولىدا......"

ئاسىمنىڭ قەلبى بەزىدە چوڭقۇر شائىرانە ھېسسىياتلار بىلەن تولۇپ، ئارىلاپ بەزى ھاياجانلىق شېئىرلارنىمۇ يازاتتى. زامانغا، گومىنداڭ مۇستەبىتلىكىگە، چىرىك يەر ئىگىلىك ھوقۇقىغا، بەگنىڭ چەكسىز ئىمتىيازىغا لەنەت-نەپرەت ئوقۇش ۋە ئۇنى پاش قىلىش بىلەن باشلانغان بۇ شېئىرلار كۆپىنچە بۇ خىل ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك مەرەزلىرىنى تېگى-تەكتىدىن قومۇرۇۋېتىش كېرەكلىكىنى ئىسپاتلاش ھەم دەرتمەن خەلقنى كۈرەشكە چاقىرىش بىلەن ئاخىرلىشاتتى...... لېكىن، نىمە ئۈچۈندۇ ئۇ ئۆز شېئىرلىرىنى ئاجىز، يۈزە ۋە يېغلاڭغۇ-مىسكىن دەپ ھېساپلايتتى-دە، "مۇنداق نەزمە نىمىگە يارايدۇ، دەرتمەن يۈرەكنىڭ پۈشتىدا ئوت لاۋىسى ياندۇرالامدۇ؟......" دەپ يىرتىپ تاشلايتتى...... ئەمما خەلق قوشاقلىرىنى بولسا، "خەلق قەلبىنىڭ چاقناپ تۇرغان ئەينىكى" دەپ ئاتاپ، ئۇنى قالتىس ھەۋەس بىلەن توپلاپ، كۆچۈرۈپ، ئۆزى ئۆتكەن دەرسلەرگە قىستۇرۇپ تارقىتاتتى......

ئەمما ھازىر ئاسىمنىڭ دولقۇنلانغان شېئىرىي ھېسسىياتلىرى ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى، يەنە ئۇ خىيالىغا قايتتى......

ئالماس بۇنىڭدىن بىر سائەتچە ئىلگىرى ئاسىمنىڭ ئىشىگىنى ئاستا قاققاندا، ئاسىم چىراق ئالدىدا تاپشۇرۇق كورۇۋاتاتتى، ئۇ ئىشىك ئورنىدىن تۇردى ۋە ئىشىكنى ئاچتى.

ئىشىك ئالدىدا ئالماس كورۇندى.

ئالماسنىڭ قوشۇمىسى تۇرۇلگەن، كوزلىرىدە غەزەپ قاينايتتى. ئۇ، ئاسىمنى كورۇپ، ئىختىيارسىز چاناقلىرىنى لىق تولدۇرۇپ، كوزىگە ياش ئالدى، ئاسىم:

— ئالماس، بۇ نىمە گەپ؟ ...... دۇنيادا ياش بىلەن يۇغىلى بولىدىغان كىر - داغ، يىغا بىلەن يەشكىلى بولىدىغان سىر - مۇشكۇلچىلىك يوق. ئىنىم نىمە بولدى؟ — دەپ كارۋاتقا ئولتۇرغۇزدى.

ئالماس غەزەپلەنگەن هالدا ئاخشام دادىسىنىڭ مەخسۇت بەگنىڭ ئويىدە ئۇرۇلۇپ، زورلۇق بىلەن قول باستۇرۇلغان خەت توغرىسىدا سوزلەپ بەردى ۋە ئەتە دادىسىنى "ئىلىش بېشىغا هەيدەپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئىپلاس شۇملۇق! ...... يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ قىرىقىنچى يىللىرىدىمۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى جاللاتلىق بىلەن شۇغۇللىنىشماقچى، خومپەرلەر! — ئاسىم غەزەپلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — سەن موهۇرلۇك خەتنى ئوقۇدۇڭمۇ؟ ......

— ياق، لېكىن ...... "...... قىرىق يىللىق قەرز. مەن خۇدانىڭ بەندىسى ...... تەقدىرىمدىن كوردۇم ...... هېچقانداق دەۋا - دەستىرىگىم يوق ...... بالا - چاقىلىرىمىمۇ دەۋا قىلالمايدۇ ...... ئوز ئىختىيارىم بىلەن ......" دىگەنلەرنىڭ گەپلەرگە كوزۇم چۈشتى. يەنە قەلەم تەۋرەتكۈچى، قەلەم گۇۋاچىسى دى-

گەن سوزلەر ھەم بەگ قازىسىنىڭ موھۇرى بار......، — ئالماس بۇ جىنايەتلىك خەتنى تولۇق كورەلمىگىنىگە ئەپسۇسلانغاندەك ئاستىنقى كالپۇكىنى چىشلىدى.

ئاسىم بىرئاز ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن ئېيتتى:

— شۇنداق، تۇنۇگۇن يۇرت ئىچىدە زەرەپشان ھاشاسى ئالۋىگى چېچىلدى، بەزىلەر بۇنى "خۇن ئالۋىگى" مۇ دىيىشتى. كىمنىڭ خۇنى؟ ...... بۇ نەشتەر توختىكامغا قادالغان ئىكەن-دە! ...... بەگ توختىكامنى پۈتۈن ئومرى بويىچە شۇلۇپ يەپ پۇل قىلغان، بايلىق توپلىغان. مانا ئەمدى ئۇنى قىرىغان چىغىدىمۇ خۇنىنى سىتىپ پۇل قىلماقچى ئىكەن-دە؟ مۇنا-پىق! ...... ئەمما بۇ ھىلى-نەيرەڭنى بەگ سىر تۇتۇپ، قاتتىق يوشۇرماقچى ...... بىز بۇنى دەرھال ئېچىپ تاشلاپ، خەلق ئىچىگە يېيىۋېتىشىمىز كېرەك ......

ئۇلار خېلى ۋاقىتقىچە سىرداشتى. ئاندىن ئاسىم:

— بولىدۇ، سەن بارغىن، مەن سىلەرنى ئېلىقۇلنىڭ ئويىدىن تاپاي، شۇ يەرگە يىغىلىڭلار......

ئاسىم دەرىزە تىمىغا يولىنىپ، كوئېنلۇنىنىڭ قارلىق چوققىلىرىغا، كوكتىكى ئايغا نەزەر تاشلاپ تۇرۇپ، شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ۋە ۋاقىت يەتكەنلىكىنى پەملەپ، ئويىنىڭ ئارقا دەرىزىسىنى پەم بىلەن ئېچىپ تامدىن سىرىلدى. ئاندىن شاپتۇل دەرىخىگە يامىشىپ، سوقما تامدىن ئارتىلىپ ئارقا يولغا چىقىۋالدى-دە، جىگدىلىكلەر، قارىياغاچ دەرەخلىرى ئارىسىدىن ئوتۇپ، قويۇق قوناقلىق ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

بۇ يەردە ئۇدۇل ئېلىقۇلىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارىدىغان چىغىر يول بار ئىدى.

ئاسىم شالدىرلاپ تۇرغان قوناقلىق ئارىسىدىن كېتىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز مەھەللە ئىچىدىن ئىتلارنىڭ قاتتىق ھاۋشىغان ئاۋازلىرى، ئادەملەرنىڭ دۈپۈرلەپ يۈگۈرۈشى ۋە كىمنىڭدۇ قالايمىقان ۋاقىرىشى ھەمدە "تۇت! ...... باغلا! ...... ئۇزى شۇ! ......" دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى ۋە يەنە شۇ زامات يۇرت ئىچى جىمجىت بولۇپ كەتتى.

ئاسىم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، بىر مىنۇتچە قولاق سېلىپ تۇردى-دە، نىمىدىندۇر ئەنسىرەپ چىغىر يول بىلەن يۈگۈردى. ئۇ، يول ياقىسىغا چىقاي دەپ قالغاندا ئالدىدىن شانىياز چىقىپ كەلدى:

— ئاسىم ئەپەندىمۇ؟ ...... ئالماسنى تۇتۇۋېلىشتى، — دېدى ئۇ ئەندىكىپ تۇرۇپ.

— ئالماسنى؟ ...... ئالماسنى دەمسىنا! ......

— ئالماس بىلەن ئىككىمىز مەشرەپكە خەۋەر قىلغاندىن كېيىن، — دېدى شانىياز، — ئېلىقۇلىنىڭ ئۆيىگە ماڭغان ئىدۇق. مەھەللە مېچىتىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە توت دوغا تام تۈۋىدىن تۇيۇقسىز ئېتىلىپ چىقىپ ئالماسقا چاڭ سالدى، ئېلىشتۇق، "ئالماسنى بەگ قېچىرىۋاتىدۇ" دېيىشىپ، ئۇنى ئېلىپ كەتتى ......

— شۇنىڭدىن كېيىن؟ — ئاسىم تەقەززالىق بىلەن سورىدى.

— شۇنىڭدىن كېيىن مەشرەپ يېتىپ كەلدى، تومۇر

دەرۋازا ئالدىغا باردۇق. مەشرەپ "مەن شاتۇر دوغىنى تېپىپ، ئىمە گەپلىگىنى سوراي، سەن ئاسىم ئەپەندىگە خەۋەر قىل" دېدى، يۈگۈردۈم...... ھازىر سىزنىڭ ئىشىگىڭىزدىمۇ پايلاقچى بار ئىكەن، سىز قانداق قىلىپ......

— مەن سەزگەن، ئارقا تامدىن چۈشتۈم، يۈر كەتتۇق...... ھەممەيلەن يىغىلدىمۇ؟

— نىكەم، يىغىلدى......

ئۇلار يولنىڭ چېتى بىلەن خېلى بىرھازا مېڭىپ، ئېلىقۇلنىڭ سوقما تاملىق كەپىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ ئىڭشىغاندىن كېيىن ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

ئۆي ئىچىنى، جىن چىراق غۇۋا يورۇتۇپ تۇرغان ئىكەن. پەگادا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئېلىقۇل ھە دەپ جادۇ قىڭراقنى تاشقا سۈركەپ بىلەۋاتاتتى. ئېلىقۇلنىڭ قېرى ھاممىسى تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ مۈگدەپ قاپتۇ. ئېلىشا زەددىۋال تۇتۇلغان توردە ئولتۇرۇپ مالاي يىگىتلەر بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، قېرىنداشلار!......

ئاسىم سالام بېرىپ پەگادىن ئۆتتى، ئولتۇرغانلار ئوپۇر-توپۇر بولۇشۇپ، ئورنىدىن تۇرۇشتى. ئاسىم ئۇدۇل ئېلىشانىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى ئىككى قوللاپ ھۆرمەت بىلەن سىقىپ تۇتتى:

— ئېلىشا تاغا، سالامەت تۇرىلىمۇ، دەريا بويىدا ئۇچراشقىنىمىزدىن بۇيان ھال ئەھۋال سوراپ كېلەلمىدىم، ئەمما، ھەرقاچان سوراپ تۇرۇۋاتىمەن. ئەمدى كەتمىسىلە، — دېدى.

ئېلىشا ئاجىز كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، ئاق ئارىلىغان ساقاللىرىنى تۇتاملاپ سىرىپ قويدى:

— رەخمەت ئوغلۇم، مەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇردۇم، بەگنىڭ ساڭا تاپانتوزاق قۇرۇپ يۈرگىنىنىمۇ بىلدىم، — دېدى ئېلىشا ۋە ئويلانغان ھالدا سوزىنى داۋام قىلدى، — ئېلىقۇل ئوز باغرىم ئەمەسمۇ، مۇشۇ ئويدە تۇردۇم، قېرىنداشلار خەۋەر ئېلىشتى، كەتمە دېيىشتى. جاھان كېزىپ ھەممىنى كوردۇم، "قازاننىڭ قۇلىغى ھەممە يەردە توت"، ئەمدى كەتمەيمەن......

شۇنىڭدىن كېيىن ئېلىشا:

ئىشەك ھالۋا دېدى، يېدى سامانىنى،
زامان ئايرىمىدى، ياخشى - يامانىنى.
پەلەكنىڭ گەردىشى چىقتى ئوقىدىن —
خار قىلىپ، زار قىلىپ شۇنچە ئادەمنى.
سەۋرىنىڭ قاچىسى توشتى شۇكرىدىن،
بەس ئەمدى:
قاپلىدى نەپرەت ئالەمنى......

دەپ، ئوز سوزىنى تۈگەتتى.

ئاسىم ئېلىشانىڭ بۇ چوڭقۇر مەنىلىك، يالقۇنلۇق قوشىغى ئۈچۈن ئۇنى تەبرىكلىدى ۋە سۈيى قۇرىماس زەرەپشاندەك، ئېلىشا تاغا قەلبىدىكى شېرىيەت دەرياسىنىڭمۇ مەڭگۇ مەۋج ئۇرۇپ توختىماسلىقىغا تىلەكداشلىق بىلدۇردى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئاسىم ئويدىكىلەر بىلەن ئادەت بويىچە بىر - بىرلەپ، ئىككى قوللاپ قول ئېلىشىپ كورۇشتى.

كورۇشۇۋېتىپ، ئۆزىگە تونۇش بولمىغان ئىككى كىشىنىڭ ئالدىدا بىرئاز تۇردى.

— سىز تاجىكمۇ؟ — سورىدى ئاسىم قارا قاش، كوزلىرى قاپ-قارا، يۈزى ئاق سۈزۈك كەلگەن ئورۇق، ئېگىز بوي، ئون يەتتە، ئون سەككىز ياشلارغا كىرگەن بىر يىگىتكە قاراپ.

— تاجىك، — دېدى ھېلىقى يىگىت ئاسىمنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — ئىسمىم سالمان، ماۋۇ ئاغىنىلەر مېنى "سالمان تاجىك" دېيدۇ، مەنمۇ كوندۇم……

— سالمان تاجىك بەلەن نىمە، — دېدى ئىبلىقۇل. — مەخسۇت بەگ ئۇنى بورە قارىنى يېرىۋەتكەن ئون يەتتە قوي ئۈچۈن، دادىسىنىڭ قويىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ، تاغدىن ئېلىپ چۈشكەن، بەش يىل بولدى، دادىسى ئۆلدى، ئۆزى يېتىم…… مالاي نىمە كۈنىنى كورسە، ئۇمۇ شۇ كۈنىنى كورۇۋاتىدۇ……

— مېنىمۇ تونۇپ قوي ئەپەندى، — دېدى تۇيۇقسىز يەنە بىر ئوتتۇرا بوي، قاڭشالىق، قوي كوزلۈك، يىگىرمە بەش ياشلاردىكى بىر كىشى ئاسىمغا قول سۇنۇپ، — مەن جۇما…… سارتىنىڭ دىمەيدىغىنى يوق، سارتىنىڭ ھەممىسى سارت. "جۇما" دىگىن دىسەم، "جۇما قىرغىز" دېيىشىدۇ، مەيلىغۇ. قىرغىز بولغاندىكىن بولدى. مەخسۇت بېگىنىڭ بىر ئاپەت، دادامنى بىلمەيمەن، ئانام ئولگەن. مەخسۇت بېگىنىڭ بىزنىڭ ئاقساقالغا سارتىنىڭ قىزىنى تارتۇق قىلدى، باي مېنى مەخسۇت بەككە بېرىۋەتتى، تاغدا مال باققان، بۇ يەردىمۇ شۇ…… ئىشقىلىپ بۇ ئاغىنىلەر بىلەن ياخشى……

ئاسىم ئۇلارغا لىمىندۇ دىمەكچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، ئالادىن ئالدىراپ مەشرەپ كىرىپ كەلدى. ئاسىم مەشرەپكە قارىدى:

— شاتۇر دوغىنى تاپتىڭمۇ؟

— تاپتىم ......

— ئۇ نىمە دىدى، ئالماسنى كوردۇڭمۇ؟

— ئالماسنى بەگنىڭ ھىلىقى يەر ئاستى سولاقخانىسىغا سولاپ قويۇپتۇ ......

ئەلىقۇل چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، "شارت" قىلىپ جادۇ قىڭراقنى تەكچىدىن يۇلۇپ ئالدى.

— نىمە دىدىڭ، ئالماسنى سولاپ قويۇپتىمۇ؟ يەر ئاستى سولاقخانا چايان ئۇۋىسى، ئۇ يەرگە كىرگەن ئادەم تىرىك چىقمايدۇ، مۇناپىق! ......

ئەلىقۇل شۇ گەپنى ئېيتىپ جادۇ قىڭراقنى تۇتقانچە ئوزىنى تالاغا ئاتتى. ئاسىم ئۇنىڭ كەينىدىن يۇگۇرۇپ چىقىپ قوچاقلاپ تۇتۇۋالدى:

— نەگە باراي دەيسەن، نىمە قىلاي دەيسەن؟ ......

— ئەمدى نىۋەت ئالماسقىمۇ؟ ...... بەگنى چانايمەن، مەن زادى بەگنى چانىۋېتىپ پۇخادىن چىقىمەن! ......

ئەلىقۇلنىڭ چىكە تومۇرلىرى بارماق قولدەك كوپۈپ چىققان، كوزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇراتتى. ئۇ، دادىسى بىلەن ئىنىسىنىڭ بەختىسىز ئولۇمىدىن كېيىن "بەگ" دىسە قۇيقا چاچلىرى تىك بولۇپ، ئوزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالاتتى.

— ئاسىم ئەپەندىم، قويۇۋېتىڭ، مەن ...... قويۇۋەت! ......

ئاسىم قاپىقىنى تۈردى:

— ئېلىقۇل، ئۇزەڭنى باس، يۇر ئۆيگە!......

ئېلىقۇل تارتىنىپ، تەستە ئۆيگە قايتتى.

— سەن بولساڭ بىر ئادەم، بەگ بولسا، ئەجدىھا، ئۇنىڭ ئېرىق گوشى بولاي دەمسەن؟ قومدەك توكۇلۇپ، تېرىقتەك چېچىلىپ تۇرۇپ، ئوچ - ئىنتىقام ئالغىلى بولامدىكەن؟!...... ئاۋال ئۇيۇشۇش كېرەك، — ئاسىم ئېلىشانىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، تاماكا ئوراشقا باشلىدى.

— دۇرۇس، — دىدى ئېلىشا ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ، — ئارقا تېمىڭ مۇللۇق بولسا، مۇشتۇمۇڭ بازغان، دىيىشىدۇ. ئۇيۇشۇش كېرەك. توپىدىن ئايرىلغان قوزا بۆرىگە يەم بوپتۇ دىگەن گەپ بار؛ يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسا دېڭى چىقماس دىگەننى ئېسىڭدە ساقلا بالام......

كومۇلاچ تاملىق ئامرات كەپە قىزغىن پاراڭ بىلەن تولدى. بەگنى تىللاشتى، ئۇھ تارتىشتى: دۇرۇس، قومدەك چېچىلىپ، تېرىقتەك توكۇلۇپ يۈرۈشتىن ھىچ ئىش چىقمايدۇ، دىيىشتى.

— كوپچىلىككە ئايدىڭ بىر ئىش، — دىدى ئاسىم، — ئېلىقۇلنىڭ دادىسى ۋە كىچىككىنە كەنجىتاي ئولتۇرۇلگەندە، بەگ ئومرىدە بىر قېتىم تاتىرىپ قورقتى. سىلەر ئېيتىپ بېقىڭلار، ئۇ نىمىدىن قورقتى؟

ئۇيدىكىلەر بىر بىرىگە قاراشتى. جىمجىت:

— پۈتۈن يۇرت قوزغالدى - دە! ھەممىمىز بەگنىڭ قوراسىغا ئېتىلىپ كىرگەندىكىن، — دىدى.

ئاسىم بېشى بىلەن ماقۇللىدى:

— شۇنداق، كوپىنىڭ كۆچى كوپ. ئەگەر ئىككىنچى كۈنى پۈتۈن يېزا تەۋرەپ بەگنىڭ هويلىسىنى قورشىۋالمىغاندا، بەگ هەرگىزمۇ ئالماس، ئىلىقۇل، شانىيازلارنى شەهەر تۈرمىسىدىن بورونىغا ئىلىپ چىقمايتتى. ئۇ كوپچىلىكنىڭ غەزىۋىدىن قورقتى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

هەممەيلەن بىر ئېغىزدىن بۇ ساۋاقنى قايتا ئەسلەشتى.

ئاندىن ئاسىم يەنە مەشرەپكە قارىدى:

— شاتۇر دوغا ساڭا هېچنېمە دېمىدىمۇ؟

— دېدى، ئالماسنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرمىگىنى ناهايىتى دۇرۇس ئىش بولغان ئىكەن، هىلىقى كىچىسى......

— هە، نېمە دېدى، شۇنى ئېيت ئاۋال......

— ئالماسنى تۇتۇشتىكى مەقسەت، — دېدى مەشرەپ، — شاتۇر دوغىنىڭ ماڭا ئېيتىشىچە، بەگ ئۇنى قەشقەرگە ئەۋەتمەكچى ئىكەن. بەگ تۇنۇگۈن قەشقەردىكى ئىنىسى ياسىن شاڭخەيدىن خەت ئاپتۇ، ياسىن شاڭخەيي بۇ يەردە توقۇلۇپ پۈتكەن گىلەملەرنى دەرهال قەشقەرگە ئەۋەتىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئەتە ئۇن توگىلىك يۈك قەشقەرگە ماڭىدىكەن، بەگ ئالماسنى توگىچىلەر بىلەن بىللە بېرىشقا قارار قىپتۇ، شاتۇر دوغىمۇ بارغۇدەك......

ئاسىم بەگ هىلىسىنىڭ ماهىيىتىگە چۈشەنگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى-دە، ئوز ئۈزىگە ئېيتىۋاتقاندەك، مۇنداق دېدى:

— مەقسەت ئالماسنى قەشقەرگە ئەۋەتىش ئەمەس، بەلكى، شۇ بانا بىلەن ئۇنى يېزىدىن چەتلىتىش، ئالماسنىڭ

چاتاق چىقىرىپ، بەگنىڭ شۇملۇغىنى پاش قىلىۋېتىشىدىن قورقۇش. لېكىن ئالماس بولمىسىمۇ بىز بۇ ئىشنى قىلىشىمىز كېرەك ......

ئويدىكىلەر ئاسىمنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىغىنى چۈشىنەلمىگەندەك، ھاڭقېيىپ ئۇنىڭغا قاراشتى.

ئاسىم ئويدىكىلەرگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، ئېلىقۇلغا قارىدى:

— كەل ئىنىم، ئولتۇر، جادۇ قىڭراقنى ھازىرچە تەكچىگە قوي، — ئېلىقۇل نارازى بولۇپ، بويۇن تولغاپ كېلىپ تامغا يۆلەنگىنىچە كۈتۈپ تۇردى، ئاندىن ئاسىم كەلكۈن ئاپىتى مۇناسىۋىتى بىلەن خەلقنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەرنى ئەسلەپ ئۆتتى، — كەلكۈننىڭ زىيىنى ئالدى بىلەن زادى كىمگە؟ بەگنىڭ ئۆزىگە! ...... لېكىن، مەخسۇت بەگ بۇ زىيانىنى خەلقتىن، ئىلىگى قۇرۇغان، ماغدۇرىدىن كەتكەن خەلقتىن يۇلۇۋالماقچى. ھازىر ھەممە يەردە دۇئا - تەكبىر، زارا خەتمە ئۆتكۈزىمىز دېگەن بانا بىلەن سېلىق يىغىش باشلاندى، بۇنى سىلەر بىلىسىلەر ......

— توغرا، بۇ ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك، ئادەم بوزەك قىلغانلىق، مۇناپىق! — ئېلىقۇل يەنە غەزەپلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ھەممىسى بەگنىڭ خۇمپەرلىگى، جوھۇت بورە! ......

— "خۇن ئالۋىڭى" دېگەن نېمە؟ — ئاسىم ئېلىقۇلنىڭ سۆزىدىن كېيىن داۋام قىلدى، — ئاقساقاللار "چوڭ ئاپەتكە خان ئالۋىڭى بولىدۇ، خان ئالۋىڭىنىڭ قىممىتى ئادەم خۇنى

بىلەن تەڭ، ھودۇقنى يوق، شۇڭا، نېمەڭ بولسا شۇنى چىقار" دەپ بارىنى يۇلۇپ ئېلىۋاتىدۇ. ھەممىسى يالغان! گەپ نېمىدە، يەنىلا ئادەم خۇنى ئۈستىدە! بۇ قېتىم بەگ بىر شۇملۇقنى تويلاپ چىقاردى، ئادەم ئۆلتۈرمەكچى، توختىكامنى ئۆلتۈر-مەكچى!……

ئوي ئىچىدىن غۇل-غۇلا كۆتىرىلدى:

— نېمە؟ توختىكامنى!

— شۇنداقمۇ تېخى!

— يا پەرۋەردىگار، جاھان ئۆزى نېمە بوپكەتتى……

— قىيامەت قايىم بولغىنى ئەمەستۇ!……

— بەگنىڭ پەيمانى توشۇپتۇ-دە!……

— ……

ئاسىم ئويلارنى تىنجىتىپ، داۋام قىلدى:

— "توختىمىغان سۇغا توختاخۇننى بېسىپ، سۇنى توختىتىش" ھىلىسى بىزنىڭ زەرەپشاندا بۇرۇنمۇ بولغان ئىكەن، لېكىن كوپچىلىككە مەلۇمكى، "ئېلىش" قا توختاخۇن ئۇسىملىك كىشىنى باسسا، سۇنىڭ توختايدىغىنى بىمەنۇملىك، يالغان گەپ. لېكىن، توختاخۇن ئۇسىملىك كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، "خۇن ئالۋىڭى" چېچىپ، بەگ-ئاقساقاللارنىڭ چەكسىز پۇل، مال-مۈلۈك، بايلىق توپلاپ كەلگىنى راست. بۇ قېتىم بەگ يوشۇرۇن ھىيلە-نەيرەڭ ئىشلىتىپ ئالماسنىڭ دادىسى توختىكامنى ئەنە شۇنداق قۇرۋانلىق قىلماقچى. تۈنۈگۈن كېچە، بەگ توختىكامدىن شۇ خۇسۇستا تىلخەت ئاپتۇ!…… "ئېلىش" بېشىدا بىر نېمە بولۇپ كەتسەم مەيلى دىگۈزۈپتۇ…… مانا، "خۇن ئالۋىڭى" نىڭ سىرى!……

ئىلمقۇل تىترەپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان ھالدا ئور-نىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى. ئۇ، بىرنەچچە ئايدىن بۇيان ئۆز دەرت-ئەلىمى بىلەن بوغۇلۇپ، قانداقلا بولمىسۇن بەگدىن ئۆچ ئېلىش نىيىتىدە ئوت بولۇپ يېنىپ يۈرەتتى:

— مەن جاندىن جاق تويدۇم، — دېدى ئۇ كۆزلىرىدىن ئوت چاچراتقان ھالدا، — سەككىز-ئون يىلدىن بۇيان مەخسۇت بەگنىڭ ئۆيىدە ئىت-ئېشەك ئورنىدا ئىشلىدىم، ئۈستۈم ئىلىنغۇدەك كىيىم، قورسۇغۇم تويغۇدەك ئاش-نان كۆرگىنى يوق. دادام بىلەن ئىنىمنىڭ بەگ قولىدا قانداق ئېچىنىشلىق ئۆلگەنلىكىنى سىلەر كۆردۈڭلار...... مەن ئاللىقاچان ئۆز-ئۆزەمگە قەسەم بەردىم، بەگنىڭ قارىنىنى يېرىۋەتمەي قويماي-مەن. ئالدىمنى توسماڭلار، بۇ جادۇ قىڭراق ئۈستۈرىدەك ئىشتىك بولدى، مەن بۈگۈنلا بەگنى "ۋاچ" قىلىپ چاناپلا كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ پۇخادىن چىقىمەن......

كىشىلەر ئىلمقۇلنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى، كۆزلىرىدە يال-تىراپ تۇرغان غەزەپلىك ياشنى كۆردى.

— ئەمدى چىداش يوق، بەس. بۇ بىزگە نىمە تارت-قۇلۇق، — بىردىن شانىياز غەزەپلىنىپ سۆزلەپ كەتتى، — دادامنىڭ مەخسۇت بەگنىڭ كالا قوتىنىدا توڭلاپ ئۆلگەنلىكىنى بىلىسىلەر، ئانام بولسا، بەگنىڭ تونۇرىغا قىرىق يىلدىن بۇيان نان يېقىپ ئىككى كۆزىدىن ئايرىلغان. ئالدىنقى كۈنى بەگ بۇ خوتۇن چاق ئىگىرسۇن، چاق ئىگىرەلمىسە، بۇ ئۆيدە بىكار نان قېپىلار ئىشىپ-تېشىپ تۇرۇپتۇ، زەرەپشانغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىڭلار دەپ بۇيرۇپتۇ......كوردۇڭلارمۇ؟ ئۇنىڭ ئۆيىگ

ئىت-مۈشۈك سىغىدۇ، لېكىن قىرىق يىل ئەجرى قىلغان
ئانام بۈگۈنكى كۈندە كۆچ-قۇربىدىن، ئىككى كۆزىدىن ئاي-
رىلغاندا سىغمىدى...... يەتتە باشلىق سۇ ئەجدىھاسىدىن
ياخشىلىق كەلسە كېلىدۇكى، مەخسۇت بەگدىن ياخشىلىق كەلمەي-
دۇ. مەنمۇ ئۇز خەنجىرىمنى بىلەپ قويدۇم. بەگ توختىمىغا
قول تەككۈزىدىكەن، ھامىنى بىر ئۇلۇم. بەگنىلا ئۇلتۇرسەم
بولدى......

مەشرەپ، سالمان، جۇمالارمۇ: سەۋرى قاچىمىز توشتى،
ئەمدى نېمىگە قاراپ تۇرىمىز. بىگ كۆزىمىزگە كۆرسىتىپ
تىرىك ئادەمنى يەۋاتسا. قانداق قاراپ تۇرالايمىز؟! — دېيىشتى.

ئىسىم تەمكىن ئولتۇرۇپ، بەگ-بايلارنىڭ كۆز كۆنە-
دىكى ئۈششۈك ھەرىسىدەك بۈگۈنكى كۈندە قۇتراپ كېتىشىنىڭ
سەۋەبىنى، پات-ئارىدا يېتىپ كېلىدىغان ئازاتلىق، قەھرىمان
خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى ۋە ئۇنىڭ يېتەكچىسى جۇڭگو كوممۇ-
نىستلار پارتىيىسى، خەلق داھىسى ماۋجۇشى ھەققىدە كۆپچىلىك
ئالدىدا تۇنجى قېتىم ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بەردى.

— تارىخ رەھىمسىز، خەلق ھەممىگە قابىل، — دېدى
ئىسىم سۆزىنى خۇلاسىلەپ تۇرۇپ، — ئېزىلگەن، ئاسارەت ئاستىدا
قالغان جۇڭگو خەلقى بۈگۈنكى كۈندە، ئەقىل-پاراسەتلىك
يېتەكچىگە ئىگە بولدى. ئۇ بولسىمۇ جۇڭگو كوممۇنىستلار
پارتىيىسى. مەن ئۇلۇشكۈن قەشقەر ۋە ئۈرۈمچىدىكى دوستلۇ-
رۇمدىن خەت ۋە كىتاپلار تاپشۇرۇۋالدىم...... ئۇلۇغ جۇڭگو
كوممۇنىستلار پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى قەھرىمان خەلق
ئازاتلىق ئارمىيىسى مەملىكىتىمىزنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى

گومىنداڭ جاللاتلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدىن ئازات قىلىپ، ھازىر شىنجاڭغا ئومۇمى يۈزلۈك يۈرۈش قىلدى. جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئىنقىلاۋىنىڭ كۈچلۈك تۈرتكىسى بىلەن قوزغالغان ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى قوشۇنلىرىمۇ گومىنداڭ باندىت قوشۇنلىرىنى ماناس دەرياسى بويىغا نىقتاپ كېلىپ، ئۇلارنى مىدىرلىمايدىغان قىلىپ قويدى. مانا ئەمدى ئۈچ ۋىلايەت قوشۇنىمۇ خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى بىلەن قوشۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرىغا توھپە قوشۇش ئۈچۈن تەييار-لاندى. بۇ جۇڭگو تارىخىدىكى مىسلىسىز ئۇلۇغ ئىنقىلاپ. بىز جەزمەن جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنى تېپىشىمىز لازىم...... تاڭ يورۇماقتا، چوڭ ئۆزگىرىش جەزمەن يۈز بېرى-دۇ. ئەمما، بۇ يەردىكى مۇستەبىت زالىم ھوكۇمەت ۋە قانخور بەگ-بايلار بۇ ئۆزگىرىشنى توساش ئۈچۈن جەزمەن جان تالىشىدۇ، جان-جەھلى بىلەن قارشىلىق قىلىپ، خەلقتىن ئۆچ ئالىدۇ. بىز چوڭ ئىنقىلاپ غەلىبىسىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تەييارلىنىشىمىز، قېرىنداشلارنى بۇ چوڭ ۋەزىيەتتىن خەۋەردار قىلىپ، قوزغاپ، بەگ-بايلارنى ئىنقىلاپ غەلىبىسىگە بۇزغۇن-چىلىق قىلالمايدىغان قىلىپ قويۇشىمىز لازىم......

قېرىنداشلارنىڭ كۆزلىرىدە بىر خىل ئۈمىت-غايەت زور ئىشەنچ بىلەن تولغان ئۆتكۈر نۇر يالتىراپ كۆرۈندى. ئېلى-قۇل، شانىياز، مەشرەپ، جۇما، سالمانلار ھاياجانلىنىپ، بىر بىرىگە مۈرىسىنى سۈركەپ، قوللىرىنى تۇتۇشۇپ، "مانا، كور-دۇڭمۇ، نىجات يولى تېپىلدى...... نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئالماسنىڭ بىزگە يەتكۈزگەن گەپلىرىنىڭ ھەممىسى راست

ئىكەن، ئاسىم بىلەن ئالماسنىڭ تىلى بىر ئىكەن-دە! ......»

دېيىشتى. ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدا ئىچكى ئۇلكىلەردىكى قىپ-قىزىل تۇغ-ئەلەملەرنى كوتەرگەن، ياۋلىرىغا ياغاچ قاپ-لىق ئوزۇن ماۋزۇرلارنى ئاسقان باتۇر جەڭچىلەر؛ ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىن گومىنداڭ چېرىكلىرىنى سۈرۈپ چىقارغان مىللى ئارمىيە جەڭچىلىرى گەۋدىلىنىپ ئوتتى. ئوزلىرىنى شۇلارنىڭ ئىچىدە ھېس قىلىشتى، يالتىراپ تۇرغان قىلىچلارنى ئويىنىتىپ ياكاقلىق يېزىسىغا بېسىپ كېلىشنى، مەخسۇت بەگنىڭ زۇلۇم زەنجىرلىرىنى چېقىپ كۇمپەيكۇم قىلىپ، ھەممە كىشىنى پۇخادىن چىقىرىشنى ئويلىدى ......

ھاياجانلىق، قىزغىن بەس-مونازىرە خېلى بىركەمگىچە داۋام قىلدى، ھەممىيلەن ئوزلىرىنى قۇدرەتلىك روھى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەنگەندەك ھېس قىلىشتى، يېتىپ كېلىۋاتقان ئازاتلىق خەۋىرى ئۇلارنى قانات چىقىرىپ ئۇچۇش جاسارىتىگە ئىگە قىلدى ...... ئوينىڭ ئوتتۇرىسىغا داستىخان سېلىپ نان، تۇز كەلتۇرۇشتى، جادو قىڭراقنى توغرا قويۇپ، ھەر كىم ئوز ياۋلىرىدىكى خەنجەر-پىچاقلىرىنى نان-تۇزغا قارىتىپ، جادو قىڭراققا تىكلەپ قويۇشتى. ئاندىن بىر ئېغىزدىن:

— جانغا-جان، قانغا-قان! توختاخۇننى ئولتۇرۇشكە يول قويمايمىز! — دەپ قەسەم قىلىشتى ......

شۇنىڭدىن كېيىن، دەرھال بۇگۇن كېچىچە ئوي-ئوي-لەرگە تارقىلىپ بېرىپ، ئازاتلىق خەۋىرىنى قېرىنداشلارغا يەتكۇزۇپ، مەخسۇت بەگنىڭ توختاخۇننى سوغا بېسىپ ئول-تۇرۇش ھىلىسىنى پاش قىلىپ، كوپچىلىكنى ئەتىدىن باشلاپ

"ئېلىش" بېشىغا بېرىش ئۈچۈن قوزغاشقا ئاتلاندى......

قېرىنداشلار تارقالغاندىن كېيىن، ئاسىم ئېلىقۇلنى
يېنىغا تارتتى:
— ئېلىقۇل، ئىنىم، سەن شاتۇر دوغا بىلەن يەنە بىر
قېتىم كۆرۈش، مۇمكىنچىلىك بولسا ئالماسنىڭ ئۆزى بىلەن
ئۇچراشقىن، — دېدى ئاسىم ئويلىنىپ تۇرۇپ، — مەن قەشقەردىكى
ئىنىمغا خەت يېزىپ بېرىمەن، يەنە پىكىرداش دوستۇم بار،
ئۇنىڭغىمۇ خەت يېزىپ بېرىمەن. سەن ئالماسقا ئېيتقىن، ئۇ
قەشقەرگە بېرىۋەرسۇن. بەگ ئالماسنى توختىكامدىن جەتنىتىمەن
ەپ، بۇ قېتىم ئۇنى ياخشى پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى.
ـەشقەر — داۋالغۇپ تۇرغان چوڭ شەھەر، ئۇ يەرگە ئىچكى
ئۆلكىلەرنىڭ خەۋەرلىرى تېزلا يېتىپ كېلىدۇ، ئىلغار پىكىر-
لىك ئادەملەر كۆپ. جىق نەرسىلەرنى كۆرۈپ، ھازىرقى ۋە-
زىيەتتىن خەۋەر تېپىپ كېلىدۇ. مەن بىر كىشىگە خەت يېزىپ
بېرىمەن، جەزمەن كۆرۈشسۇن. سەن يەنە ئالماسقا ئېيتقىن،
خاتىرجەم بولسۇن. بىز توختىكامنى كۆز قارچۇغىمىزدەك ساق-
لايمىز. كۆپچىلىك قوزغالسىلا، بەگ ھىلىسىنى ئاۋام ئالدىدا
پاش قىلىۋەتسەكلا، بەگ توختىكامنى ھېچنىمە قىلالمايدۇ......
ئاڭغىچە، ئالماسمۇ يېتىپ كېلىدۇ...... ئۇقتۇڭمۇ، ئۇنتۇما،
ھەممىنى ئالماسقا ئېيتقىن......

ئېلىقۇل بېشىنى ئەگدى، ئاسىم قولىغا قەلەم ئالدى.

ئاسىم تېزىغا دەپتەر قويۇپ خەتنى يېزىپ تۈگەتكىچە،
ئېلىقۇل بىلەن ئېلىشا ئۈن-تىنسىز، كۆزىنى ئۈزمەي خەتكە
قاراپ تۇرۇشتى. ئاسىم خەتنى يېزىپ بولۇپ، تۇماچىلاپ ئۈچ
پۈكلەپ، ئېلىقۇلغا سۇندى:

— ماڭ ئىنىم، ھايال بولما. مەن ھازىر توختىمكاملار-
نىڭ ئۆيىگە بارىمەن، سارىخان ئانىنى خاتىرجەم قىلىش كېرەك.
تېڭىرقاپ يۈرمىسۇن......

## 2 . «ئېلىش» بېشىدا

سارىخان ئانا مۇدھىش بىرقول كېلىپ يۈرىكىنى سۇغۇرۇ-
ۋالغاندەك، بىردىنلا توختاخۇن بىلەن ئالماستىن ئايرىلىپ
قالغانلىقىنى سېزىپ، كۆڭلى يېرىم بولۇپ كەتتى...... ئەگەر
يېرىم كېچىدە ئاسىم كېلىپ، ئانا بىلەن ئۇزاق مۇڭدىشىپ،
ھەممىنى چۈشەندۈرمىگىنىدە، بەلكىم، ئانا ھەممە دەرت-ئەلە-
منى كوزىدىن ئېلىپ، يىغانلىق يىغا-زارە بىلەن بىسەرەمجان
بولغان بولاتتى.

ھازىر ئانا چىدام ۋە تەمكىنلىك بىلەن ئاسىمنىڭ
سوزلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ، ئۇنى ئىشىك تۈۋىگىچە ئۇزىتىپ چىقتى.
ئويىگە قايتىپ كىردى، قۇرۇت يىگەن جەگە ياغاچقا يولىنىپ
بىر مىنۇتچە ئويلاندى. ئاندىن، ئالدىراپ بېشىغا لېچەك سې-
لىپ ئىنگىگىدىن تاڭدى، قىزى ئانارنىڭ قولىدىن تۇتۇپ،
چىراقنى ئۇچۇرۇپ، ئىشىكنى زەنجىرلىدى.

ئانا ئىشىك تۈۋىدە ئەتراپنى تىڭشاپ بىرئاز تۇرۇ-
ۋالدى-دە، ئاندىن: «يۈر قىزىم، كەتتۇق» دىگىنىچە، قاراڭ-
غۇلۇق باسقان كەمبەغەللەر مەھەللىسىگە قاراپ سىڭىپ كىرىپ
كەتتى......

ئانا تاڭ ئاتقىچە ئۇي ئارىلاپ كوز يۇممىدى. ئاسىم،

ئېلىقۇل، شانىياز، مەشرەپلەرمۇ كوز يۇمىدى. جۇما، سالمادلارمۇ شۇنداق...... ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا دەرتمەن قېرىنداشلارنىڭ ئويلىرىگە بېرىپ، تونۇر بېشىدا، پەگا ئالدىدا، تالباراڭ ئاستىلىرىدا مۇڭدىشىپ ئازاتلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى...... پات-ئارىدا جاھان ئاستىن-ئۈستۈن بولىدۇ، زەرەپشان ئۈستىدىكى قارا بۇلۇت تارقاپ، يورۇق ئاسمان بىزگە كۈلۈپ قارايدىغان چاغلار كېلىدۇ......، دېيىشتى. ئۇلار يەنە مەخسۇت بەگنىڭ تاڭ ئالدىدا دەرتمەن خەلقتىن ئوچ ئېلىپ، توختاخۇننى قۇرۋانلىق قوي قىلىپ، ھەدەپ ئاچ كوزلۇك بىلەن بايلىق توپلاپ، خەلق ئازاتلىق ئىشىغا بوزغۇنچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى سوزلەپ بەردى......

— بورنىنىڭ بىر تال تۈكىنى يۇلساقمۇ ھېساپ، — دېيىشتى ئانا، — ئىلان ئوزىنىڭ ئولۇمىگە تەن بېرىدىغان ئىش نەدە بار؟......پۈتۈن ئومرىمىز بويىچە ھەممىنى كوردۇق، بەگدىن ۋاپا كەلگىنىنى كىم كورگەن؟......بەگنىڭ زۇلمىدىن، جەۋرى-جاپاسىدىن قۇتۇلىدىغان كۈننى ئارمان قىلىپ، كوزىمىز تېشىلدى، يۇرەك زەردىگىرىش بولدى......مانا ئەمدى شۇ كۈنگە ئۇلىشىپ قالدۇق — ئازات بولىمىز، پەرىشتە-خىزىردەك كىشىلەر كېلىدۇ......بەگنىڭ ھەيۋىسىنى توكۇپ، يېتىپ كېلەۋاتقان ئازاتلىققا پۈتلىكاشاڭ بولمايدىغان قىلىش لازىم. ئاسىم ئەپەندى شۇنداق دېدى، ئالماس ئوغلۇم شۇنداق دېدى......

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ گاڭگىراپ قالغانلارمۇ؛ كالپۇكلىرى تىترەپ، كوزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ياش

قۇيۇلغانلارمۇ بولدى. ئۇمۇمەن كوپچىلىك مالايلار، يىلقىچىلار، چاكار-مەدىكارلار، ئوتاقچى-ئىجارىكەش نامرات دېھقانلار ھاياجانلىنىپ روھلاندى......نۇرغۇن كىشىلەر توختاخۇننىڭ بېشىغا چۈشكەن غەلىتە قىسمەتنى ئاڭلاپ، دەسلەپ ياقىسىنى تۇتۇشتى، كېيىن غەزەپلىنىشتى ۋە "ئېلىش" بېشىدا بولىدى-غان قانخورلۇق ۋەقەگە لەنەت ئوقۇپ، ئۈچمۇ-ئۈچ قوزغىلىپ، ئەتە "ئېلىش" بېشىغا بېرىشنى قارار قىلىشتى......

ئانىنىڭ كۆڭلى ئىمىن تېپىپ ئۆيگە قايتتى.

ئەتىسى بامدات نامىزىدىن كېيىن، مەھەللە-كوچىلاردا مەخسۇت بەگنىڭ ئىگىز، قوندۇزدەك قارا ئاتلارنى مىنگەن سىم قامچىلىق دوغا-يايىملىرى پەيدا بولۇپ، "ئېلىش" ھاشاسىغا قوغلاش باشلاندى. ئۇلار ئات بىلەنلا ئۆي-ئۆي-لەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، تاراسلىتىپ قامچا سېلىپ:

— بەگدىن ھۆكۈم، چاپسان، "ئېلىش" بېشىغا! — دەپ ۋاقىرايتتى. قېرىلار، ياشلار، تۇل خوتۇنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بېرىشىنى، بەگنىڭ نەزىرىدىن ئۆتۈشىنى بۇيرۇيتتى......

ھاشاغا مۇنداق زورلاش ئەزەلدىن مەۋجۇت ئىش، ھېچكىم ئۆزلۈكىدىن بارغان ئەمەس. لېكىن، بۈگۈن كىشىلەر ئالدىراشماقتا، غەزەپلەنگەن ھالدا يۈگۈرمەكتە......

سارىخان ئانا مەھەللە ئىچىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، يۇرت ئىچىدە ھېچبىر ئەركەكنىڭ قالمىغانلىقىنى سەزدى. ئەتىگەندە سۇ قاپاقلىرىنى ئۇشنىسىگە ئېلىپ كۆل بويىغا ماڭغان ئاياللار، كېلىنلەرمۇ؛ ھويلا-ئاراملىرىنى سىرىپ سۇپۇرۇۋاتقان جاۋىلداق خوتۇنلارمۇ ئانىغا، بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇ غەمكىن ۋە كوزلىرىنى مولدۇرلىتىپ قاراشتى.

لېكىن ئانا، بۈگۈن مىسكىن ئېرىنى قۇتقۇزۇشقا ئەمەس، بەلكى، ئۇنىڭدىنمۇ ئەھمىيەتلىكرەك ئىشقا — ئازاتلىق تېڭىنى كۈتۈۋېلىشقا كېتىۋاتقاندەك، ئۆزىنى تېتىك، بەردەم ھېس قىلاتتى، بېلىنى كۆلىدا باغلىۋالغان بولۇپ، يالاڭغىداق پۇتلىرى بىلەن گۈس-گۈس دەسسەپ ماڭاتتى ۋە قوشۇمىلىرى تۈرۈلگەن بولسىمۇ، كوزلىرى ئەتراپقا ئىشەنچلىك قارايتتى.

ئۇ، "ئېلىش بېشىغا ئېلىپ بارىدىغان تاشلىق ساي بويىغا كەلگەندە، كونا قەۋرىستانلىق ئالدىدىكى ئازنا مېچىتىنىڭ "ساخاۋەت"خانىسىدىن ئورۇق، كەكە ساقاللىق، تىتىلىپ كەتكەن ئۇزۇن چاپىنىنىڭ ھەممە يېرىدىن جۇۋاز يېغى ۋە قاڭسىق زاغۇن كۈنجۈرىسىنىڭ پۇرىغى كېلىپ تۇرغان بىر كىشى كوزلىرىنى ئۇۋۇلىغان ھالدا چىقىپ، يولدا ئانىغا قوشۇلدى.

ئانا بۇ كىشىنى تونۇدى — "قىسمەت چورۇق".

قىسمەت چورۇق مەخسۇت بەگنىڭ جۇۋازخانىسىدا ئوتتۇز بەش يىل جۇۋاز ھەيدەپ، ئويلۈك-ئوچاقلىق بولالماي، كۈچ-قۇربىدىن قېلىپ مۈكچەيگەندە ھەيدىۋېتىلگەن. ئۇ بىر چورۇقنى ئوتتۇز بەش يىل توپە-توپىلەپ چەملەپ-ياماپ كىيگەنلىكى ۋە قوغلىۋېتىلگەندە ئۇنىڭ بارلىق ئىش ھەققى شۇ بىر چورۇقلا بولۇپ قالغانلىغى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى "قىسمەت چورۇق" دەپ ئاتايتتى.

ئانا قىسمەت چورۇقنى كورۈپ، قەدىمىنى ئاستىلاتتى:

— ھە، قىسمىتاخۇنمۇ...... — دېدى ئانا، — بارامدىلا؟......

— باراي دىدىم، بارمامدىغان، — دىدى قىسمەت چو- رۇق، — ھىم......كورسىلە بۇ جاھاننىڭ تارلىشىپ كەتكەنلىكىنى. ئەجەپ بىر ئىش......كېچىدىن "ساخاۋەت" خانىدا تۇگۇلۇپ ياتسام، جۇما قىرغىز "ھەي قىسمەت ئاغاي. بارمۇ سەن، بولدى قوي، ئۇخلاۋەرمە، تۇرغىنا" دەپ ئۇسۇپلا كىرىپ كەلدى. ئوھوي......ئۇ شۇنداق بىرنىمىلەرنى دىدىكى، ئاغزىم ئېچىلىپ ھاڭقىيىپلا قالدىم. كىشى شۇنداق گەپلەرنىمۇ ئاڭ- لايدىكەن-دە!......ئازاتلىق بولغۇدەك، تۇغ-ئەلەم كوتەرگەن ئەزىمەت باللار كېلىۋاتقىدەك......بىزنىڭ بەگ يەنە توختا- خۇننى......ئەجەپ بىر ئىش. كوزۇمدە ئۇيقۇ يوق، خىيالىم شۇ تۇغ-ئەلەم كوتەرگەن باللاردا بولۇپ قالدى......بەگنىڭ بۇ نىمە قىلغىنى-ھە؟......

ئانا ياندىشىپ كېتىۋېتىپ خېلىغىچە گەپ قىلمىدى:

— كۇن چىقىدۇ، قىسمىتاخۇن، ئاخىر ئاسايىشلىق كۇنلەر، ئارمان قىلغان كۇنلەر كېلىدۇ، — دىدى ئانا، — كۇز كۇنىدىكى ھەرە — ئۇششۇك ھەرىسى ئەمەسمۇ، ھەم ئولۇمتۇك كېلىدۇ، ھەم بەك چاقىدۇ، بەگ ئۇششۇك ھەرىسى، ئاسىم ئەپەندى: نەشتىرىنى سۇغۇرۇۋالسا ھەرە چاقالمايدىغان بولىدۇ، دەيدۇ. يۇرسىلە، ئىتتىگرەك ماڭىلى......

ئۇلار دەل قوزا چۇش بولغان مەزگىلدە "ئېلىش" بېشىغا يېتىپ باردى.

"ئېلىش" بېشى — دەريادىن "بەگلىك ئوستىڭى" گە سۇ ئېلىنىدىغان ئېغىز. بۇ يەردە بىرقانچە مىڭ ھاشارچى پۇ- تۇن شىمالىي قاشقا يېيىلىپ ھەركەت قىلىۋاتاتتى. ھاشارچىلار ئاپتاپتا كويگەن، يېغىر بولۇپ تېرىسى ئېچىلىپ قالغان يالە-

ئاچ دۆمبىلىرىدە سەكسەن، يۈز چىڭ كېلىدىغان قورام تاش-
لارنى كۆتىرىپ، پۇتلىرى دىرىلداپ، بەل سۆڭەكلىرى سىقىراپ
قاشقا تەستە چىقاتتى، تاغار، قاپ، زەمبىللەردە شېغىل كۆتە-
رىپ، دەريا ئىچىگە سوقۇلۇۋاتقان دومبىنى ئىگىزلەتتى. ھەممە
يەردىن دوق-پوپۇزا، تىللاش، تارسىلداپ تەككەن قامچا
ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

شىمالىي قاشنىڭ بىر بۇرجىكىدە مەخسۇت بەگنىڭ
چېدىر بارگاھىسى بولۇپ، ئانا ئۇنى يىراقتىن ئېنىق كوردى.
چېدىر بارگاھتا مەخسۇت بەگ ئۆزىنىڭ ئاق سەللىلىك
مەسلىھەتچىلىرى بىلەن بەزمە قۇرۇپ، يەپ ئىچىپ ئولتۇرۇپ،
بۇ يەرگە موكىدەك كىرىپ-چىقىپ تۇرغان ئاقساقاللار، يۈز-
بېشىلار، دوغا-يايىلارغا ئەمىر-پەرمان بېرىپ تۇراتتى.

سارىخان ئانا ھاشارچىلار ئىچىدىن ئارىلاپ كېتىۋېتىپ،
بەگنىڭ سىم قامچىلىق دوغىلىرىغا كوزى چۈشۈپ، تېنى شۈر-
كىنىپ كەتتى. دوغىلار ئالدىغا ئۇچرىغان ئادەمنىڭ باش-
كوزىگە قامچا سېلىپ:

— قەدىمىڭنى تېزلەت، ئالدىڭغا قارا، بۇ قانداق تاش،
قورامنى كوتە، زەمبىلنى تىمىشقا توشقازمىدىڭ، نىمە دىرىل-
دەيسەن، مالڭ! — دەپ ۋاقىراپ-جاقىراپ، نوقۇماقتا، ئىتتەر-
مەكتە، باش-كوزىنى قانغا بوياماقتا ئىدى......

ئانا يىراقتىن توختاخۇننى كوردى. ئۇ، يۈز چىڭ
كېلىدىغان يۇمۇلاق قورام تاشنى دۈمبىسىگە ئېلىپ پۇتلىرى
دىرىلدىگەن ھالدا ھالسىراپ-مۈكچىيىپ دومبا ئۈستىگە چىقىپ
كېتىۋاتاتتى.

ئانا كېتىۋېتىپ، "تارس" قىلىپ ئۇرۇلغان قامچا ئاۋا-

زىنى ئاڭلاپ، ئۈستىنىڭ يان تەرىپىگە قارىدى. قامچا يىڭگۈچى قىسمەت چورۇق ئىدى. ئۇ ئىنىگىدىن چىكىسىگىچە قىپ ـ قىزىل، باشمالتاقتەك ئىز قالدۇرغان قامچىنىڭ زەربىدىن بىر تولغاندى ـ دە، سىم قامچا تۇتقان قۇربان ئاقساقالنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى:

— هوي......قۇربان ئاقساقال، قامچا بىلەن ئۇرىدىغان مەن جۇۋاز كالىسى ئەمەس، ئادەم! مېنىڭ قايسى سەۋەنلىكىم ئۈچۈن ئۇرىسەن؟ — دىدى.

— ماڭ، ماڭ، خەقنى ئىشتىن قويما، لاغايلاپ يۈرمە، ماڭ ئىنجىق، نىمە تۇرىسەن؟......

قۇربان ئاقساقال بۇ گەپكە سەما بولۇپ سەل ـ پەل توختاپ قالغان يەنە بىر كىشىنىڭ يۈزىگە قامچا بىلەن "تارس" قىلىپ بىرنى سالدى. بۇ، بايىز خالۋاپ ئىدى. قامچا ئۇنىڭ يۈزىنى تىلىپ، قىپ ـ قىزىل قان چاچراتتى. بايىز خالۋاپ مۇرىسىدىكى قاپنى تاشلىۋېتىپ، ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى سىلىغاندا، قوللىرى قانغا بويىلىپ كەتتى.

— خەپ، ئاقساقال توختاپ تۇر، تېخى كورىسەن!......

بۇ گەپنى جۇما ئېيتقان ئىدى. قۇربان ئاقساقال:

— هوي، قىرغىز، سەن نىمە دەپ جويلۇۋاتىسەن، تۇت ئۇنى! — دەپ ۋاقىرىدى ۋە تارسىلدىتىپ جۇمانىڭ باش ـ كوزىگە قامچا سالدى. ئۇ يەنە ئۇرماقچى بولغاندا، ئۇنىڭ قامچا تۇتقان قولىنى بايىز خالۋاپ ئامبۇردەك قىسىپ تۇتۇ ـ ۋالدى.

ئەمما، شۇ چاغدا بىرنەچچە دوغا ـ يايى ئېتىلىپ كېلىپ بايىز خالۋاپقا ئېسىلدى، هاشارچىلار يىغىلدى. بايىز

خالۋاپنى قامچىلاۋاتقان دوغىنى ئابلىقۇل سەپنى يېرىپ كېلىپ بىر تېپىپ ئۆرۈۋەتتى، كىمدۇ قۇربان ئاقساقالنىڭ يۈزىگە تاش بىلەن سالدى، قايسىبىر دوغا بىقىنىغا تەككەن مۇشتتىن ئۆگدىسىغا چۈشتى، ھىلىقى دوغا:

— تاجىك، تاجىك، سالمان تاجىكنى تۇت، — دەپ چىقىردى.

توختاخۇن قىيا-چىيا كۆتىرىلىۋاتقان شىمالىي قاشقا بىرپەس قاراپ تۇردى-دە، مۈرىسىدىكى تاشنى تاشلاپ، يۈز-كۆزى قان بولغان بايىز خالۋاپ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ تېخى بىرنەچچە قەدەم مىڭىشىغا، پايلاپ تۇرغان تۆت لۈكچەك دوغا ئۆزئارا نىمىلەرنىدۇ پىچىرلاشتى-دە، يۈگۈرۈپ كېلىشىپ كاپلا قىلىپ تۇتۇۋالدى.

— ھەممىنى قۇتراتقان سەن، سەن قۇتراتتىڭ، نىمىشقا يولۇڭغا مېڭىۋەرمەي قاراپ تۇرىسەن، يەنە نەگە!......

دوغىلار توختاخۇننى ھەش-پەش دېگىچە قىل ئاغامچا بىلەن چەمبەرچەس باغلاپ، مەخسۇت بەگنىڭ چېدىر-بارگاھىغا سۆرەپ ماڭدى.

مەخسۇت بەگ بۇ چاغدا، چېدىر بارگاھتا قوللىرىنى شىلتىپ ھە دەپ ئىمام خاتىپقا كايىۋاتاتتى.

— ئىپىت، سەن ئىپىت! سەن قانچە يىل مېنىڭ ئاش-تۈزۈمنى يېدىڭ، ياغلىق كاۋاپ، قىيمىلىق پىتىر مانتا، ئۇلا گۆشى باسقان پولۇ قوسىغىڭنى ئەستىمۇ-ھە! ئۈستۈڭدىكى بەقەسەم تون نەدىن كەلگەن؟ مەن سېنى مۇشۇنچىلىك ئىشقا "ھە-ھۇ" دېيىشىپ بېرەرمىكىن دېمىسەم، نىمىشقا باقتىم!

توختى ئىسىملىكنى توختىمىغان سۈغا بېسىش دەقىيانۇسىنىڭ ۋاقتىدىن تارتىپ بار ئىش. خۇدا راۋا كۆرمىسە، مەن راۋا كۆرمەن، «قۇرئان» دا بولمىسا، مېنىڭ كىتاۋىمدا بار. سەن ماڭا ئىككىنچى ئەقىل كورسەتكۈچى بولما......يا سېنىڭ!......

مەخسۇت بەگ ئىمام خاتىپنىڭ ئالدىغا كېلىپ دېۋەيلىدى. ئىمام خاتىپ ئىككى قولى بىلەن سەللىسىنى تۈزەپ، ياقىسىنى تۇتۇپ، ھاقارەتلەنگەن قىياپەتتە:

— ياپەرۋەردىگار، ئۆزەڭ بىرنىمە دە، مەن ئاجىز قۇلۇڭ، — دەپ ئورنىدىن تۇردى ۋە بەككە قارىدى، — سىلى مەسلىھەت بەر دېدىلە، مەن كوڭلۇمگە كەچكەننى ئېيتتىم، ئاللاتائالا راۋا كورمەيدۇ، بەندىلەرنىڭ قەھرى - غەزىۋى تۇتىدۇ، ئۇنداق قىلمايلى دېدىم. گۇناغا شېرىك بولمايلى دېدىم......

— گۇنا! قانداق گۇنا؟!

مەخسۇت بەگ ئىمام خاتىپنىڭ چاپىنىنىڭ ياقىسىدىن قامالاپ تۇتۇپ، چېدىرنىڭ ياغىچىغا غەزەپ بىلەن ئىتتىرىۋەتتى.

كوزۇمدىن يوقال، نان قېپى، كارغا يارىماس!......

— دۇرۇس، بەگنىڭ دېگىنى دۇرۇس، — دېيىشتى قازىكالان بىلەن سوپى ئىشان پۇشۇلداپ ئولتۇرۇپ، — ئىمام خاتىپ بىردەمدىلا دانا بولۇپ كەتتىمۇ......ھوكۇمەت، بەگ ئەمرىنى تۇتماقلىق ۋاجىپ......توزكور بولمايلى......مانا ھەممىمىزنىڭ پېشۋاسى ھىسامىدىن داموللام ئولتۇرۇپتۇ. كىتاپ سوزى قانۇن، بەس!......

شۇ پەيتتە، شىمالىي قاشتا يەنە قىيا - چىيا كوتىرىلدى.

مەخسۇت بەگ چېدىرنىڭ سىرتىغا قاراپ ماڭدى، چېدىردىكىلەر دۇررىدە ئورنىدىن قوزغالدى.

چېدىر ئالدىدا قولى باغلانغان توختاخۇن تۇراتتى. مەخسۇت بەگ يۈز-كۆزى قان بولغان قۇربان ئاقساقالنى كۆرۈپ ئەرۋايى ئۇچتى ۋە بىر دوغىنىڭ قولىدىن ئۈچ تىللىق سىم قامچىنى يۇلۇپ ئېلىپ، توپ ئارىسىغا ئېتىلىپ بېرىپ:

— قۇربان ئاقساقالغا قول تەككۈزگەن قايسىڭ، ئەجىلىڭ تولغان خۇمپەر، ھازىر ئۆزەڭنى مەلۇم قىلىش! — دەپ، ئالدىغا كەلگەن ھاشاچىلارنى تاراسلىتىپ سېلىشقا باشلىدى، بىر-نەچچە ھاشاچىنىڭ يۈز-كۆزىنى قانغا بويىدى، بىرنەچچە قېرى، ئاجىز كىشىلەرنى تېپىپ-دەسسەپ چەيلىدى. ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپ، توختاخۇنغا قاراپ، لۈكچەك دوغىلاردىن سورىدى:

— بۇ توختىمۇ؟......ھە، بۇنى نېمىشقا باغلىدىڭ؟......

— تاش توشۇشتىن باش تارتتى، خەقنى قۇتراتتى، يەنە......

بەگ قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، توختاخۇننىڭ ئالدىغا كەلدى، قولى بىلەن ئۇنىڭ ئېڭىكىنى كۆتەردى:

— ھە، سەن تېخى خەقنى قۇترىتىپ نېمە قىلماقچىدىڭ!......

— مەن، مەن بايىز خالۋاپنىڭ ئالدىغا باراي دىگەن ئىدىم، لېكىن......

— بايىز خالۋاپنىڭ؟......يالغان! — بەگ دوغىلارغا قاراپ ۋاقىرىدى، — بوينىغا تاش ئاس، ھەيدە دومبىغا!......

بويىنىغا تاش ئېسىش — يارغا بېسىپ، سۇغا چۆكتۈرۈپ ئۆلتۈرۈشنىڭ بەلگىسى.

دۈتۈلگەن قانخورلۇق يېتىپ كەلمەكتە ئىدى.

بويىنىغا تاش ئېسىلغان توختاخۇننى ئۈنچە دوغا ئىككى قېشى تۈتىشاي دەپ قالغان، غالجىرلاشقان سۇ لومۇلدەپ ۋاشىلداپ ئېقىۋاتقان، قاتار بۇقا باغلانغان دومبىنىڭ ئالدىغا سورەپ ئېلىپ كەلدى.

— باس دومبىغا! — بەگ چىقىراپ ۋاقىرىدى.

— ئىلاھا ئامىن، جەننەتتە ئۈزىنى كورسۇن ئامىن! — سوپى ئىشان ئىڭراق ئاۋاز بىلەن دۇئاغا قول كوتەردى.

دەل شۇ پەيتتە، ئاسىم، ئېلىقۇل، مەشرەپ باشلىق ئون نەچچە كىشى ھاشاچىلار ئارىسىدىن چىقىپ، سەكرەپ دومبا ئۈستىگە چىقتى-دە، بەگنىڭ ئالدىدا پۈتلىرىنى كېرىپ توغرا تۇردى.

— قېرىنداشلار، تۇققانلار! — ئاسىمنىڭ ئاۋازى پۈتۈن مەيدانغا يېيىلىپ كەتتى، پۈتۈن ھاشاچىلار دەۋرەپ-قىسىلىپ قاشقا چىقىشتى، — بۈگۈن بەگ قىرىق يىل بەگ ئۈچۈن ئىشلىگەن توختىكامنى يارغا بېسىپ، قۇرۇۋانلىق قوي قىلىپ ئۆلتۈرمەكچى، ئۈنىڭ خۇنىنى يەنە بىزگە مال چارۋىغا، ئالتۇن-كۈمۈشكە ساتماقچى. سىلەر ئېيتىڭلار، توختىكامنىڭ زادى نىمە گۇناھى بار؟!......

مەيداندىن دەھشەتلىك قىقاس-چۇقان كوتىرىلدى:

— بىز جاننى تىكىپ قويدۇق!......

— ھامىنى بىر قېتىم ئولۇم!......

— توختاخۇنغا كەم چېقىلىدىكەن، شۇنى سوغا باسە-مىز!......

— توختاخۇننى توختىمىغان سوغا بېرىش ئالدامچىلىقى ئەمدى ئاقمايدۇ!......

— بەگنىڭ ئۆزىنى سوغا بېرىش كېرەك!......

— ......

مەخسۇت بەگ قوتۇرىغان چايانىدەك تىپىرلاپ، ئاسمىغا ئېتىلىپ كەلدى:

— ھە...... سەن ئىلى ئوغرىسى، قىزىل باش ئىسيانچى، بۇ ياللاغىتوشلەرنى قوترىتقان سەن ئىكەنسەن - دە! تۇتۇڭلار ئۇنى! بويىنغا تاش ئاس!......

دوغا، يايىلار قامچىلىرىنى كوتىرىپ، ئاسمىغا ئېتىلىپ كەلدى. لېكىن ئاسىم بۇ چاغدا، ئىبلىقۇل، شانىياز، مەش-رەپ، ئانا، بايىز خالىۋاپ، جۇما، سالمان باشلىق يۈزلىگەن قېرىنداشلارنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا بولغانلىقتىن، دوغىلار قانچە قىلسىمۇ، سەپنى يېرىپ، ئاسمىغا يېقىنلىشالمىدى.

مەخسۇت بەگ قولىدىكى قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ، ئاسىمنى ھىمايە قىلىپ تۇرغان خەلق ئىچىگە بۇسۇپ كىرەل-مىگەن چاپارمەنلىرىنى تىللاپ، ئاقساقال، يۈزبېشى، دوغا-يايىلارنىڭ ھەممىسىگە ۋاقىرىدى:

— ھەممەڭ ئاتقا مىنىش!......مەن بۈگۈن كىملىكىمنى كۆرسىتىمەن، ئىغۋاگەرنى تاپىتىم، ئاسىمنى سوغا بېرىپ ئەجىلى مۇئەللەق قىلىمسام، ئەر ئوغلى، مەخسۇت بەگ بولماي كېتەي!......

ئاتقا مىنىشكەن ئوتتۇز - قىرىقچە چاپارمەن قولىغا سىم

قامچا، ئۇچىغا تومۇر قاپلىغان كالتەك - توقماق ۋە سىرتىماق سالىدىغان قىل ئاغامچىلارنى ئېلىپ ئويىنىتىپ، دەۋرەپ تۇرغان خەلق ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلدى. نەچچە ئون ئادەمنىڭ كاللىسى يېرىلدى، يۈز - كۆزلىرى قانغا بويالدى. مەخسۇت بەگنىڭ ئۆزى بىرنەچچە ئادەمنى ئاتقا چەيلىتىپ، بىر قېرى ئادەمنىڭ مىڭىسىگە تومۇر توقماق بىلەن ئۇرۇپ، مىڭىسىنىڭ ئاپپاق قېتىقىنى چىقىرىپ شۇ يەردىلا ئۆلتۈردى. ئاندىن ئۇ سەپ ئالدىدىكى ھاشاچىلارنىڭ يۈز - كۆزىنى قانغا بوياپ، ئاسمىنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلدى - دە، ئۇنىڭ بويىنىغا سىرتماقلىق ئاغامچا تاشلىدى.

ئاسىم ئاغامچىنىڭ ئۇچىنى "شاپ" قىلىپ تۇتىۋېلىپ، بەگنى ئاتتىن دومىلىتىۋەتتى؛ ئېلىقۇل يەرگە دۈم چۈشكەن مەخسۇت بەگنىڭ گەجگىسىگە دەسسەپ چىقىپ، ئۆزىگە ئات سېلىپ كەلگەن قۇربان ئاقساقالنىڭ ئېتىنىڭ كەينىگە سەكرەپ مىنگەشتى - دە، ئۇنى مۇشت بىلەن بىرنى قويۇپ، ئاتتىن موللاق ئاتقۇزدى......

مەخسۇت بەگ بىلەن قۇربان ئاقساقالنىڭ ئاتتىن موللاق ئېتىشى بىلەن چاپارمەن لۈكچەكلەر ساراسىمىگە چۈشۈپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى. ھاۋادا تاش، چالما - كېسەك ئۇچۇشقا باشلىدى، دوغا - يايىلار تاش بورىنى ئاستىدا قالدى...... كىمنىڭدۇ ئاتقان تېشى مەخسۇت بەگنىڭ ئوڭ چېكىسىنى قانغا بويىدى، قۇربان ئاقساقال تاش تەككەن كۆزىنى قولى بىلەن بېسىپ كالدەك ھوكىرەپ ۋايجانلىدى...... خەلق دەۋرەپ ۋاقىرايتتى:

— ئۇر، قوغلا!......

— ھەممىنى تۇت!......

— بەگنى باغلا!......

— ......

كوزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ چەكچىيىپ كەتكەن بەگ ھەم ئۇنىڭ چاپارمەنلىرى بىر ئامال قىلىپ، ئاتلىرىغا مىنىشتى - دە، يۇرت ئىچىگە قاراپ تىكىۋەتتى......

روھلانغان خەلق ئۇلارنى خېلى بىر يەرگىچە قوغلاشتى لېكىن، بۇ قوغلاش ئۇزۇن داۋام قىلمىدى. كىشىلەرنىڭ ئالدى تاشلىق ساي يېنىغا بارغاندا، مەھەللە تەرەپتىن بەگنىڭ قولىغا مىلتىق ئالغان ئاتلىق چاپارمەنلىرى كورۇندى. كىشىلەر بىر بىرىگە قاراشتى ۋە مەھەللە دەرەخلىرى، قوناقلىقلار ئارىسى بىلەن ئوي - ئويلەرگە تاراپ كەتتى......

ئاسىم ئۆزى بىلەن قالغان ئوتتۇزچە كىشىنى باشلاپ، دەريانىڭ باش تەرىپىدىكى قويۇق توغراقلىق ئىچىگە يول ئالدى......

## 3. ئاسىمنىڭ ھېكايىسى

مەخسۇت بەگ گازۋاي لامپا يېقىلغان مېھمانخانىدا ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ مېڭىپ يۇرەتتى، ساڭگىلاپ چۇشكەن يۈز گوشلىرى قارىيىپ تىترەيتتى، قارچۇغا كوزلىرى تۇرۇپ چوچەكتەك يوغىناپ، تۇرۇپ قىسىلىپ جىرتاقلىشىپ، دەرىزىگە، تالاغا ئەنسىزلىك بىلەن قارايتتى ۋە پۇشۇلداپ ئېغىر نەپەس ئالاتتى.

ئوي ئىچىدە ھىسامىدىن داموللا بىلەن سوپى ئىشان

ئۇن-تىنسىز ئولتۇردۇ ۋە ئۇلار ئارىلاپ قولاق يېقىشىپ نىمىنىدۇ پەچىرلىشىپ قوياتتى.

بايا، مەخسۇت بەگ "ئېلىش" بېشىدىن تاراسلاپ چېپىپ كەلدى-دە، ھويلىغا كىرە-كىرمەيلا ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇزىنى مال-مۈلۈك ئامبىرىغا ئاتتى. قايسىبىر ساندۇقنىڭ قۇلۇپىنى يۇلۇپ تارتىۋالدى. ئۈستىگە بېسىلغان ئەن-گەزلىمە رەختلەرنى پىقىرىتىپ تاشلىۋەتتى. ساندۇقنىڭ ئاستىدىن قىزىل رەختكە ئورالغان ئېغىر بىرنىمىنى قوچاقلاپ يۇلۇپ ئالدى ۋە ئۇنى مېھمانخانا ئۇيگە ئېپچىقىپ گىلەمنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى.

بەگ چاپارمەنلىرىنىڭ كوزلىرى بىردىن پاقىراپ كەتتى.

— بايا بۇ تومۇر كوسەيلەر بولغىنىدا، — دىدى بەگ تىترىگەن ھالدا بىر تال ياپون مىلتىغىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ، — بۈگۈنكى بۇ شەرمەندىچىلىك بولمايتتى. "ئېلىش" بېشىنى قانغا بوياپ پوخادىن چىقاتتىم، خەپ...... قېنى، ھەممەڭ بىردىن ئېلىش، ئۇچتىن-ئۇچتىن بولۇپ بەگ مەھەلىسىنى قوغداڭلار. كىم سىڭايان قارىسا، جاجىسى بىر پاي ئوق، ئېتىڭلار!......

چاپارمەنلەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئاكىسى ھىسامىدىن داموللا بىلەن ئازراق كۇسۇرلاشتى-دە، ئاقساقاللار، يۈزبېشىلارنى يىغىپ قىسقا كېڭەش ئوتكۈزۈپ، بۈگۈن كېچە تۇتۇلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئىسىملىكىنى بېكىتتى:

— تاڭ يورۇغىچە ھەممىسى مېنىڭ ئالدىمدا تەق بولسۇن، بىرنىمۇ قاچۇرۇشقا بولمايدۇ، — دىدى ئۇ ئاقساقال، يۈزبېشىلارغا قاراپ، — بولمىسا، مىلتىقنىڭ نەيزىسى ئوز كوكسۇڭلاردا! بېشىڭلار تېنىمدا بولسۇن دىسەڭلار بۇنى ئۇنتۇماڭلار......

هازىر مەخسۇت بەگ مەكتەپ مۇدىرى ئەلۋەك سوپىنى كۈتۈۋاتاتتى ۋە ئۇمۇ ئىسكىلاچ مەسىنى غاچىلدىتىپ گۈلزارلىق ھويلىدا پەيدا بولۇپ، يوتىلىپ قويۇپ مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى-دە، داڭ قېتىپ تۇردى.

— ئاسىم ھېلىغىچە يوقمۇ؟ — بەگ تىترەپ تۇرۇپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

— كوز-قۇلاق بولۇۋاتىمىز، يوق......

— يوق!...... مۇھتىرەم بەگ شاۋجاڭ، — دىدى مەخسۇت بەگ زەھەرلىك بىلەن مەسخىرە ئاھاڭىدا، — ئوزلىرى ئۇ قىزىل پاچاق بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالمىغانلا......

ئەلۋەك سوپىنىڭ ئۇڭى ئۇچۇپ كەتتى:

— نەدىكى گەپنى دەيدىكەنلا. مەن ئاسىم ئاخىر بىر بالا تېرىيدۇ، يۇرتقا ئارامچىلىق بەرمەيدۇ، دەپ جىڭساجۇيگە يۈز قېتىمچە خەت يازغاندىمەن، لېكىن...... لېكىن، بۇ سىرلىق بەندىنىڭ زادى ئەجىلى توشمىدى......

— بولدى، بولدى! — مەخسۇت بەگ ئېغىر پۇشۇلدىدى ۋە ئەلۋەك سوپىغا قاراپ "ئولتۇرۇڭ" دىگەندەك قولىنى شىلتىپ ئورۇن كورسەتتى.

— ھازىر ھال-دات ئېيتىشقا ۋاقىت يوق، — دىدى بەگ ۋە كېپىنىڭ ئايىغىنى تاپالمىغاندەك ئىنجىقلاپ بىرئاز تۇرۇۋالدى، — سىزگە بىر جىددى ۋەزىپە، ناھايىتى مۇھىم، قېنى قولىڭىزغا قەلەم ئېلىڭ. ۋالىغا، ھاكىمغا، جىڭساجۇيگە ئۈچ نۇسخا بولسۇن. ئاسىم ئۈستىدە، ئادەم توپلاپ ئىسيان كوتەردى، زەرەپشاندا ئېلى ئوغرىسى پەيدا بولدى، ھوكۇمەتكە پۇت ئېتىپ، بېگىمنى ئولتۇرۇش كويىغا چۈشتى. ئەسكەر ئەۋە-

تىپ، ئاسمىنى يۇرت قوۋمى ئالدىدا جادۇغا باسمىسا، زەرەپشان بەگلىكى ناھىيە سىگىمغا ئاشلىق توكمەيمىز، — دەپ ئاۋام نامدىن ئەرز يېزىپ، قامالاشتۇرۇك. ئەرزگە بارلىق موھۇردار-لار، ئاقساقال، يۈزبېشىلار موھۇر-تامغا باسسۇن، ئۇقتىڭىزمۇ؟......

— قامالاشتۇرىمەن، ھازىرلا، — دېدى ئەلۋەك سوپى خاتىرجەم بولۇپ.

— لېكىن، — دېدى بەگ ھىسامىدىن داموللا بىلەن سوپى ئىشانغا قاراپ قويۇپ، — بىز ناھىيىنىڭ جازالاپ بېرىشىگە قاراپ تۇرمايمىز. ئاسمىنى مەن ئۆزەم دارغا ئاسىمەن، ھەممىنى تۇتىمىز. بۈگۈن كېچە تۇتىمىز. دارنى مەكتەپ ئالدىغا ياسايدۇ. بىز پايلاقچىلارنى كۆپەيتىنىڭ. ھىلىقى گومىنداڭ ئەزالىرى دىگەن نىمە ئىش قىلىدۇ؟ بۈگۈن ھەممىسىنى ئىشقا سېلىڭ نان قىپىي مەرەزلەر، تېخى گومىنداڭمىش!......

دەل مۇشۇ پەيتتە، ئاسىم دەريا بويىدىكى توغراقلىق ئورمان ئىچىدە باشقىچە ئوي-پىكىر بىلەن بەنت ئىدى.

تۈن قاراڭغۇ، ئاسماندا يۇلتۇزلار سۇس ۋە پىل-پىل قىلىپ ئاران كۆرۈنەتتى، يېنىك، سوغاق شامال توغراق يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلىتاتتى، ئورمان قۇشقاچلىرى ۋىچىرلايتتى، كېچە قوڭغۇزى غوڭۇلداپ ئۇتەتتى ...دۇ "بوك، بوك، بوك" قىلىپ سايرىغان كول بۇقىسىنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازى، يېقىنلا بىر يەردىن بىمەزگىل ھاڭرىغان ئېشەك بىلەن قاۋىغان ئىتلارنىڭ ئاۋازلىرى كېلەتتى.

ئاسىم بىر تۈپ قېرى توغراق كوتىكىگە مۇرىسى بىلەن

بىرى ئاسىمنىڭ يۆلەنگەن ھالدا ئۆرە تۇرۇپ، ئۆزىگە ئەگە-
شىپ ئورمانلىققا قايتىپ كەلگەن دەردمەن قېرىنداشلارغا قاراپ
قويدى. بەزىلەر توغراق شېخىنى ئاستىغا تاشلاپ، ئىككى قولىنى
گىرەلەشتۈرۈپ بېشىغا قويۇپ سوزۇلۇپ ياتاتتى، بەزىلەر يېشىل
چىملىق ئۈستىدە خىيالغا چۆكۈپ جىمجىت ئولتۇراتتى، كىمدۇ
جادۇ - قىڭراقنى ھە دەپ تاشقا بىلىمەكتە، يەنە بىرەيلەن ئاي
پالتىسىنىڭ سېپىنى چىڭىتماقتا، كىملەردۇ ئۆتكۈر خەنجەر
بىلەن ياغاچنى يونۇپ كالتەك ياسىماقتا، چوماق تەييارلى-
ماقتا...... ئىدى.

ئورمانلىققا دەسلەپ كەلگەن ئادەم ئوتتۇزچە بار ئىدى،
كېيىن ئۇلاردىن ئون نەچچىسى قايتىپ كەتتى؛ بەزىلىرى بىر
توپ ئادەمنىڭ ئورمانلىققا قاراپ ماڭغىنىنى كۆرۈپ تەخمى-
نەنلا كەلگەن ئىدى. بەزىلىرى بۇ يەرگە كېلىپ بىرەر سائەت
تۇرغاندىن كېيىن، ئوت - سۇ بېرىلمىگەن ئۆشكىسىنى ئەسكە
ئېلىشتى، بەزىلىرى پادىدىن قايتقان موزىيىم تېنەپ يۈردىمە-
كىن دەپ ئەنسىرەشتى، يەنە بەزىلىرى خوتۇن ئاغرىق، باللار
ئوچاق ئالدىدا، قاراش كېرەك، دېيىشتى...... دەككە - دۈككىگە
چۈشۈپ قېلىشتى - دە، كېتىشتى.

ئاسىم ئۆزى بايىز خالۋاپ، ئېلىشا، قىسمەت چورۇقلار-
نىمۇ قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلدى. ئېلىشانىڭ كۆزى ئاجىز،
قىسمەت چورۇق ياشانغان، بايىز خالۋاپ ئۈچۈن بۇ يەردە
ئوغلى مەشرەپ بار ئىدى. ئەمما ئۇلار ئۇزاق تارتىشتى.
قايتىپ كەتكۈسى كەلمىدى، بەگ بىلەن بۈگۈن ئارىمىز ئوچۇق
بولدى، بېشىمىزغا كەلگەننى كۆرىمىز، دېيىشتى. شۇنداق بول-
سىمۇ، ئاسىم سەممى مەسلىھەت بېرىپ بايىز خالۋاپ بىلەن

ئېلىشانى قايىل قىلدى، لېكىن قىسمەت چورۇق ھېچقانداق قىلىپ ماقۇل بولمىدى:

— مەن نىمە، تارتىشىدىغان ئۆيۈم، بىرەر-يېرىم چوجە خورىزىم بارمىدى. "ساخاۋەت" خانىدا سورۇلۇپ يۈردۈم نىمە، سىلەر بىلەن بىللە بولدۇم نىمە، ئوخشاش. ھېچ بولمىغاندا جادو-قىگىراقىنى بىلەشكە يارايمەن، ئۆيىقۇم كەم، ئەتراپنى سەگگىرىپ كۈزەت قىلىمەن، كەتمەيمەن، — دەپ چىڭ تۇردى.

ئاسىم ئاخىرقى قېتىم كىشىلەرنى سانىغاندا، بۇ يەردە ھەممىسى بولۇپ ئون يەتتە كىشىنىڭ قالغانلىغى مەلۇم بولدى. ئۇلارنىڭ كوپچىلىگى مەخسۇت بەگنىڭ مالايلىرى بولۇپ، ھەممىسى ئالماسنىڭ جان-جىگەر، سىنالغان دوستلىرى ئىدى. كوپچىلىكنىڭ ئورتاق سەرگۈزەشتىسى بار ئىدى، ئاتا-ئانىلىرى ياكى ئۇكا-سىڭىللىرى مەخسۇت بەگ تەرىپىدىن ئولتۈرۈلگەن، دەرياغا تاشلانغان، ئاياق-ئاستى قىلىنغانلار بولۇپ، ھەممىسىنىڭ كوڭلىدە قىساس ئېلىش ئوتى لاۋىلدايتتى...... ئېغىر تۇرمۇش، رەھىمسىز ئىجتىمائى شارائىت ئۇلارنى قاتتىق قوللۇق، بىر سوزلۇك، ئىرادىلىك قىلىپ چىنىقتۇرماقتا ۋە ئويغاتماقتا ئىدى. مۇنداق ئادەملەر جەزمەن ئوز رەقىبى ئۈستىدىن غالىپ كېلىدۇ، ئوز ئۈستىدىكى تاغنى غۇلىتىپ تاشلاشقا قادىر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پات-ئارىدا زەرەپشاننىڭ ھەقىقى خوجايىنلىرى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ۋە شۇنداق بولۇشى چوقۇم......

ئىچكى ئولكىلەردىكى ۋە ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىنقىلاپ بورانلىرى، يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئازادلىق خەۋەرلىرى، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى توغرىسىدىكى يالقۇنلۇق تەرىپلەر كوپتىن

بىرى ئاسىمىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن كۈچلۈك غايىۋى يېتەكچى، ئىلھام-
چى، رىغبەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولۇپ كەلگەن ئىدى. بۈگۈن بولسا
بۇ خەۋەر-تەرىپلەر زەرەپشان پەرزەنتلىرى ئۈچۈن غايەت زور
ئۈمىت-ئىشەنچە بېغىشلىدى. ئۇلارنى قوزغاپ، ئازاتلىق كۈن-
لىرىنى ئەجرى قىلىپ كۈتۈۋېلىشقا سەپەرۋەر قىلدى. ئۇلارنىڭ
ئالدىنى ئەمدى ھېچكىم توسالمايدۇ......

ئاسىم شۇلارنى ئويلاپ، ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ بۇ خىل
كەسكىن بۇرۇلۇشتىن ئۆز كۆڭلىدە ھاياجانلاندى: "نىمە بول-
سىمۇ بۈگۈن زەرەپشان بورىسىنىڭ ھەيۋىسى يەرگە ئۇرۇلدى،
تازا پاش قىلىندى، شەرمەندە بولدى. قېرىنداشلار ئۆز كۈچىنى
سەزدى، كوردى، توختىتىكام قۇتقۇزۇلدى، ياخشى بولدى، —
دەپ ئويلايتتى ئۇ، — لېكىن بىز ئويلىمىغان يەردىن ئورمان-
لىققا يىغىلىپ قالدۇق، ئەمدى زادى نىمە قىلىش كېرەك؟......
بەگنىڭ ئوچ ئېلىشى ئېنىق، مىڭ ھەسسە غالجىرلىق بىلەن
ئوچ ئېلىشقا ئۇرۇنىدۇ، دىمەك، يېزىغا قايتىش مۇمكىن ئەمەس،
ھاجەتسىز...... ئالماس قەشقەرگە يېتىپ بارغاندۇ، بەلكىم،
قايتىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتامدىكىن...... ئۇنى قەشقەرگە ئەۋەت-
مىگەندە ياخشى بولاتتىمىكىن......خەير......يەنە بىر ئاي، ئىككى
ئاي بەرداشلىق بەرسەكلا بولغىنى. تاڭ سۈزۈلىدۇ، ئازاتلىق
كۈنلىرى قۇچاق ئاچىدۇ......"

ئاسىمنىڭ خىياللىرى بىردىن بولۇپ تاشلاندى. ئىتلار
ھاۋشىدى، مەھەللە ئىچىدىن قىيا-چىيا كوتىرىلدى. قانداقتۇ
بىر ئەر كىشىنىڭ ھوكىرەپ ۋاقىرىشى، ئايال كىشىنىڭ قاتتىق
ئاۋازدا نالە قىلىپ يىغلىشى ۋە كىچىك باللارنىڭ چىقىرد-
شى سۈس، لېكىن ئېنىق ئاڭلاندى.

ھەممەيلەننىڭ قۇلىغى دىڭ بولدى، ياتقانلار تۇرۇشتى، "ئادەم تۇتۇۋاتىمدۇ" دەپ ئويلاشتى.

ئىبلقۇل يەنە تەرسالىق قىلىشقا باشلىدى. بايا ئۇ بەگنىڭ كەينىدىن قوغلاپ گۈلزارلىق ھويلىغا بىرىپ كىرەلمىگەنىگە جىلى بولۇپ، ئاسىم بىلەن ياقا سىقىشىپ قالغىلى تاس قالغان ئىدى. ھازىر يەنە:

— مەن بارىمەن، ئىنىمە، مەن مۇشۇكىمىدىم شۇمشىيىپ ئولتۇرغىلى! — دەپ جادو-قىڭراقىنى "شارت" قىلىپ قولىغا ئالدى. — بەگنى چاناپ ئولتۇرمىگىچە ئىش پۈتمەيدۇ. كوڭلۈمگە پۈككىنىم بەگنى چاناش. باشقىسى بىلەن كارىم يوق. مەن كەتتىم......

— ئىبلقۇل! — ئاسىم قاتتىق ۋاقىرىدى.

ئىبلقۇل جاۋاپ بەرمىدى، جاۋاپ بىرىشنىمۇ خالىمىدى، شانىيا؛ بىلەن جۇما ۋە يەنە بىرەيلەننىڭ ئۇنىڭ كەينىدىن كىتىۋاتقانلىقى سىزىلدى.

— ئىبلقۇل، توختا!......

ئاسىم توغراق شاخلىرىنى قايرىپ يۈگۈرۈپ، ئىبلقۇلنىڭ مۇرىسىدىن تارتىپ ئالدىنى توستى:

— سەن نەگە؟!

— نەگە؟!......بەگنى چانايمەن، ھامىنى بىر ئولۇم. بىز بۇ بەردە شۇمشىيىپ ئولتۇرۇۋىرەيلى، بەگ يەنە ئۇ يەردە ھوكىرەۋەسۇنمۇ؟......

ئاسىم ئەلەم بىلەن ئىيغىر تىن ئالدى:

— ئىبلقۇل يان كەينىڭگە!......شانىياز، جۇما سىلەرچۇ؟...... قايتىڭلار!

— قايتمايمەن، ئاسىم......سەن......، — ئېلىقۇل ئۆزىمۇ سەزمەيلا ئاسىمنى تۇنجى قېتىم "سەن" لەشكە باشلىدى. — ئاسىم ئەپەندى مېنى تۇسما......ھەممە بالا بەگدە. ئۇنى چاناپ ئۇلتۇرسەملا ئىش پۈتىدۇ، يۇرت تىنچىيدۇ، ئارام تاپىمەن، ئارمان يوق......

— يوق گەپنى قوي، سەن نىمە، بىر بەگنى يوقاتسام جاھان تۈزۈلىدۇ دەمسىنا، خاتا ئويلاپسەن. ئەقىل بىلەن ئىش قىلىش كېرەك، يۈر، تارتىشما!......

ئاسىم ئېلىقۇلنى قولىدىن تارتىپ جايىغا ئېپكەلدى:

— ئولتۇر، شانىياز، جۇما نىمە تۇرىسىلەر، ئولتۇرۇڭلار......

ئاسىم مەشرەپ بىلەن سالماننى ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىش ئۈچۈن مەھەللىگە ئەۋەتىۋېتىپ، ئۆزى ئېلىقۇلنىڭ مۈرىسىدىن تۇتقان ھالدا توغراق شېخىغا ئولتۇردى.

— كېلىڭلار، يېقىن كېلىڭلار، — دېدى ئاسىم چېچىلىپ ئولتۇرغان يىگىتلەرگە قاراپ، ئاندىن ئېلىقۇلغا بۇرۇلدى. — مەن ئالماسقا بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەن، ساڭا ئېيتىمەمۇ - يوق، ھېكايە. ئاڭلامسەن؟......

ئېلىقۇل گەپ قىلمىدى، يىگىتلەر سىلجىپ كېلىشتى، قىزىقىپ قېلىشتى. ئاسىم يەنە ئېلىقۇلغا قارىدى. غەزىۋى قايناپ تۇرغان، تەرسا، جىگەرلىك، ئوتتەك قىزغىن بۇ يىگىتنى ئاسىم ياخشى كۆرەتتى، ئىشىنەتتى، ئاياتتى:

— بىرئاز سەۋرى قىل، "ئاچچىق ئالدىدا، ئەقىل كەينىدە" دىگەن گەپ بارغۇ، ئەقىل بىلەن ئىش قىلىش كېرەك، مەشرەپ، سالمان قايتىپ كەلسۇن، مەسلىھەتلىشىمىز، نىمە قىلىشىمىز لازىملىغىنى بىرلىكتە دەڭسەپ توختام قىلىمىز. — ئاسىم

ئويلىنىپ بىرئــاز تۇرغاندىن كېيىن ئېيتتى،ــ گــەپ نىمىدە، گەپ بىر بەگنى چاناش مەسلىسىلا ئەمەس، يەنە كېلىپ چاـ ناپ ئولتۇرەلىسەڭغۇـياخشى، ئەگەر ئۆلگۈرەلمەي ئوزەڭ قولغا چۈشسەڭچۇ......بۇنىڭ كىمگە پايدىسى بار؟......

ئېلىقۇل پۈشۈلدىدى، چىشلىرىنى غـۇچۇرلاتتى ۋە يەنـە جىم بولدى.

جۇما بىرئــاز تەقەززالىق بىلەن:

ــ ئـولتۇرامدۇق، ئـولتۇرىدىغان ئىشىمىز بـولسا، قېنى ئېيتىڭلا، ئۇ قانداق ھىكايە ئىدى،ــ دەپ ئاسىمنىڭ قانداقتۇ بىر ھىكايىنى سوزلەپ بەرمەكچى بولغانلىغىنى ئېسىگە سالدى.

ئاسىم بۇ ھىكايىنى ئېيتىپ بېرىشنى لازىم تاپتى:

ــ سىلەر ھەر قېتىم مېنى "ئاسىم ئەپەندى" دىسەڭلار، مەن ئىختىيارسىز ئۇرۇمچى سىغندە ئوقۇۋاتقان چېغىمدىكى بىر مۇئەللىممنى ئەسلەيمەن. ئۇ بىزگە تارىخ دەرسى بېرەتتى، ئىسمى دۇڭ داشى ئىدى، بىز ئۇنى "دۇڭ شەنسىڭ" دەپ ئاتايتتۇق،ــ دەپ باشلىدى ئۇ ھىكايىسىنى،ــ دۇڭ داشى ئېگىز بوي، ئورۇق، ئوڭ كوزىنىڭ ئاستىدا بارماقتەك مېڭى بـار ئادەم ئىدى. ئـۇ ئوقۇغۇچىلارغا نـاھايىتى مېھرىۋان ئىدى، تېخى ئـويلەنمىگەن، ئوتتۇز بەش ياشلاردا بولسا كېرەك. ئۇ جەنۇپلۇق ئوقۇغۇچىـ لارغا ئالاھىدە غەمخورلۇق بىلەن قارايتتى، چۈنكى، جەنۇپتىن بارغانلارنىڭ تولىسى تۇتقۇن قىلىنغان نامرات بـالىلار ئىدى، ياتىغىمىزغا پات ـ پات كىرەتتى، قەيەردە، قانداق ھايات كەـ چۈرگەنلىگىمىزنـى ئۇجۇر ـ بـۇجۇرىغىچە سورايتتى، ئىنقىلايىتتى ۋە ھىىداشـلىـق قىلاتتى...... جۇڭگو كوممۇنىستلار پـارتىيىسى توغرىسىدا، خەلق داھىسى ماۋجۇشى توغرىسىدا، ئىچكى ئولكىـ

مەردىكى ئىنقىلاپ ۋە ئۇنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا بىز تۇنجى قېتىم ۋە كېيىن نۇرغۇن قېتىم دۈك داشىدىن ئاڭلىدۇق…… ئەلۋەتتە بۇنى كەلسە - كەلمەس سوزلىمەيتتى، ئايرىم ۋە خۇپىيانە، ئۆزى سىناپ كورگەن ئوقۇغۇچىلارغا سوزلەپ بېرەتتى. لېكىن، بۇ ئادەم بەكمۇ ئەقىللىق، مەردانە يۈرەتتى ۋە ھېچنىمىدىن قورقمايتتى……

بىز ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان يىلى ئۈرۈمچىدە ۋەزىيەت جىددىيلىشىپ كەتتى. گومىنداڭ ھەددىدىن تاشقىرى غالجىرلاشتى. مەكتەپ ئىچىمۇ سۈرلۈك بولۇپ قالدى. سەل - پەل گۇمانلىق دېگەن كىشىلەرنىڭ كەينىدە "قۇلاق" بار ئىدى ۋە ئۇ "قۇلاقلار" تىمىسقىلاپ يۈرەتتى. ئاغزىدىن بىرەر يات سوز چىقىپ كەتكەن ئادەمنى ھايت - ھۇيت دېگىچە تۈرمىگە تاشلايتتى. مانا ھازىر بۇ يەردە، مەھەللىدە بولۇۋاتقانغا ئوخشاش، تۇتقۇن قىلىش ھەر كۈنى بولمىسىمۇ، مەكتەپ ئىچىدە بىرنەچچە كۈندە بىر قېتىم بولۇپ تۇراتتى.

بىر كۈنى كېچىسى مەكتەپ ئىچىدە غەلىتە چىقىرىغان ماشىنا ئاۋازى ئاڭلاندى. بىز ھەممىمىز چاچراپ ئورنىمىزدىن تۇرۇپ مەكتەپ سەيناسىغا چىقتۇق. گومىنداڭنىڭ قاسقان شەپكىلىك ئەسكەرلىرى مەكتەپنى قورشىۋاپتۇ. سەينانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈستى يېپىق بىر قارا ماشىنا تۇراتتى، ئادەم سولايدىغان ماشىنا. بىز ئادەتتە مۇنداق ماشىنىنى "فاشىستىك ماشىنا" دەپ ئاتايتتۇق. لېكىن، بۇ يەردە ھەيران قالغۇدەك ئىش: بۈگۈن مەكتەپنى قورشىۋالغان ئەسكەر ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ بولۇپ، بەكمۇ غالجىرلىق بىلەن تىپىرلاپ چېپىشىپ يۈرەتتى. شۇنچىۋالا ئەسكەر زادى كىمنى تۇتماقچىكىنا دېيىشتۇق……

بىركـەمـدىن كېيىن دەل بىزنىڭ دۇك داشنى ئېلىپ چىقتى، يۈرىكىمىز "جىز" قىلىپ قالدى. يۈزدىن ئارتۇق ئەسكەر دۇك داشنىلا تۇتقىلى كەلگەن ئىكەن. لېكىن بىزنىڭ دۇك داشى كوكرىكىنى كېرىپ، ئەتراپقا مەردانە نەزەر تاشلاپ، پىسەنت قىلمىغاندەك كېلىۋاتاتتى. ئەكسىچە، قاسقان شەپكىلىك چېرىكلەر ھە دەپ مىلتىق - ئاپتوماتلىرىنى شاراق - شۇرۇق قىلىشىپ، قورقۇپ تىترىشىپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا چۆمۈلىدەك ئولىشىۋالغان ئىدى.

دۇك داشى بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزغا كەلگەندە، بىزگە قاراپ مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ بېشىنى ئەگدى ۋە:

— يات ئاردا ئۇچرىشىپ قالىمىز، قول تۇتۇشۇپ سەيلى قىلىدىغان كۈنلەر يىراق ئەمەس، ئىشەنچىڭلارنى يوقاتماڭلار،— دېدى.

بىز ھەممىمىز دۇك داشنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىغىنى چۈشەندۇق، كوڭلىمىزدە "ھەرگىز ئىشەنچىمىزنى يوقاتمايمىز" دەپ قەسەم ئىچتۇق.

ئەمما، شۇ يەردە بىزنىڭ يەنە بىر مۇئەللىمىمىز ئابلىكىم دەرغەزەپ بولۇپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى، ئۇ، سەپنى يېرىپ ئۆتۈپ، تاس قالدى قاسقان شەپكىلىك ئەبلەخلەرنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈپ، دۇك داشنى قۇچاقلىغىلى!......

لېكىن، دۇك داشى ئابلىكىمنىڭ غەزەپلەنگىنىنى كورۇپ، قاپىغىنى بىر تۈرۈۋېدى، ئابلىكىم دەرھال ئۆزىنى قولغا ئالدى......

ئۇلار ئەنە شۇنداق بىر ئىما - ئىشارە بىلەن ھەممىنى چۈشە-

ئىدىغان كىشىلەر ئىدى. دۈشمەن بىلەن كۈرەش قىلغاندا، ئۇ-
زىنىڭمۇ، ئۆزگىنىڭمۇ كۈچىنى مولچەرلەش، ئەقىل - پاراسەت بى-
لەن ئىش قىلىش كېرەك، ھەرگىز قارامىلىق قىلىپ ئۆزىنى
دۈشمەنگە تۇتۇپ بېرىشكە بولمايتتى......

— شۇنىڭدىن كېيىن نىم بولدى، سىز يەنە دۈك داشنى
كۆردىڭىزمۇ؟ — تەرەپ - تەرەپتىن سوراشتى ئاسىمدىن.

— ياق، شۇنىڭدىن بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن، — دېدى
ئاسىم ھېكايىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئابلىكىم ئەپەندىنى تۇتۇپ
كەتتى، ئۇنى تۇيۇقسىزلا تۇتۇۋېلىپ قاماشتى. ئابلىكىم ئەسلىدە
يەكەنلىك بولۇپ، ئۇمۇ تۇتقۇن - نامرات ئوقۇغۇچى بولغان،
مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، خەنزۇچە تىل - يېزىقنى ناھا-
يىتى ياخشى بىلگەنلىكىدىن شۇ مەك[illegible] ئۆزىگە ئېلىپ قې-
لىنغان، مۇئەللىم بولغان. ئۇ، دۈك داشنىڭ ئىنتايىن يېقىن
پىكىرداش دوستى، سەپدىشى ئىدى. دۈك داشى بىز بىلەن
سىردىشىپ - مۇڭدىشىۋاتقاندا، كۆپىنچە ئابلىكىمنىڭ مەكتەپ
سەيناسىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۇنىڭغا كۆز - قۇلاق بولۇۋاتقىنى-
نى سېزەتتۇق ۋە يەنە ئابلىكىم ئارقىلىق دۈك داشى ناھايىتى
كۆپ باللار بىلەن ئالاقە باغلايتتى......

ئابلىكىم قامىلىپ توت ئايدىن كېيىن تۈرمىدىن چىق-
تى، لېكىن مەكتەپكە كەلمىدى. مەن ئۇنى بىر كۈنى يولدا
تاسادىپىي كۆرۈپ قالدىم. ئابلىكىم تۈرمىدە كۆپ رىيازەت چەك-
كەن ئىكەن، يۈزلىرى ئىششىق، بىر تال بارماق قولى كېسىل-
گەن. لېكىن ئابلىكىم ئۆزى توغرىلىق ئەمەس، كۆپرەك
دۈك داشى توغرىسىدا سۆزلىدى......


— دۆڭ داشى؟...... بىللە بوپتىما؟ — كىمدۇ ھەيران بولۇپ سورىدى.

— شۇنداق، — دىدى ئاسىم، — دۆڭ داشى بىلەن بىر ئۆيدە يېتىپتۇ. گومىنداڭ سوراقچىلىرى دۆڭ داشىنى ھەر كۈنى ئېپچىقىپ سوراق قىلىدىكەن، سوراقتىن كېيىن، ئىككى قولىدىن تورۇسقا ئېسىپ ئۇرىدىكەن، تومۇرنى قىزىتىپ بەدىنىنى داغلايدىكەن، ھېچبىر ساق يېرىنى قويماپتۇ. بىر قېتىملىق سوراقتا سوراقچىلار:

— سېنىڭ پىكىرداشلىرىڭ كىم، ئېيت! — دەپ ۋاقىرىغان ئىكەن، دۆڭ داشى مەردانىلىق بىلەن:

— پۈتۈن شىنجاڭدىكى جاپاكەش ھەر مىللەت خەلقى مەن بىلەن پىكىرداش، قەلبداش، ناھايىتى كۆپ، ئېيتىپ بولالمايمەن. گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش مەن ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، — دەپتۇ ۋە ئابلىكىمنىڭ ئۆزى بىلەن پىكىرداش ئىكەنلىكىنىمۇ زادىلا ئېيتماپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن دۆڭ داشى بىلەن ئابلىكىمنى ئايرىۋېتىپتۇ، كورۇشتۇرمەپتۇ. كېيىن، ئابلىكىم تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن دۆڭ داشىنىڭ باشقا بىر تۈرمىگە يوتكەپ كېتىۋاتقاندا، قولىدىكى كويزا بىلەن ساقچىنىڭ كاللىسىغا ئۇرۇپ ئايلاندۇرۇۋېتىپ، ماشىنىدىن سەكرەپ قاچقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ، شۇ قاچقانچە قۇتۇلۇپ كەتتىمۇ ياكى يەنە تۇتۇلۇپ قالدىمۇ بىلمەيدىكەن......



— ئابلىكىم ھازىر قەيەردە؟ ئۇ كىشى......— شانىياز قىزىقىپ سورىدى.

— ئابلىكىم ھازىر غۇلجىدا، مىللىي ئارمىيىدە بولسا كېرەك،— دېدى ئاسىم،— دۆڭ داشى تۈرمىدە ئابلىكىمگە، سەن تۈرمىدىن قۇتۇلۇپ كەتسەڭلا، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكىن، دەپ مەسلىھەت بەرگەن ئىكەن. كېيىن مەن دوستلىرىمدىن خەت ئالدىم، ئابلىكىم ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپتۇ......

— ياخشى قىلغان ئىكەن،— دېيىشتى جۇما، شانىيازلار،— ئارمىيە بوپتۇ- دە، بەلەن گەپ......

— شۇنداق،— دېدى ئاسىم ۋە ئىمىنىدۇ ئۆرىلاپ بىردىن ھاياجانلاندى،— بىزنى دۈشمەنلەر ئايرىۋەتتى. پۈتۈن مەملىكەت ئازات بولغاندا، دۆڭ داشى، ئابلىكىملار بىلەن جەزمەن ئۇچ

رىشىمىز، ئۇلۇپ كەتمىگەنلا بولسا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىمىز، مەن مۇنداق ئۇچرىشىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن……

ئاندىن ئۇ، يەنە ئېلىقۇلنىڭ مۇرىسىگە قولىنى ئالدى:

— شۇنداق ئىنىم، ھەر ئىشنىڭ يولى بولىدۇ،— دېدى ئاسىم سەممىملىك بىلەن،— غەزەپ، ئىنتىقام ئېلىش ئارزۇسى ھەممىمىزگە ئورتاق، كىمنىڭ دەرت-ئەلىمى يوق ئىكەن؟ كۆرەش قىلىۋاتقان ئادەملەر ئاز ئەمەس، نېرىسىنى قويۇپ تۇرايلى، مانا دۇڭ داشىنى ئالساق ئەسلى ئىشچى، ئىنقىلاپ ئېھتىياجى ئۈچۈن دەرس ئۆتكەن. ئابلىكىم ۋە ماڭا ئوخشاش كۆرمىڭ ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ئىنقىلاپ ئۇرۇغىنى چاچقان بولۇشى مۇمكىن……ئابلىكىمنى ئالساق، خۇددى ساڭا ئوخشايتتى، ئۇستىخانلىق، بەرجەس ئادەم ئىدى، تېخى ئۆيلەنمىگەن، ساڭا ئوخشاش زەردىلىك، ئاچچىغى يامان ئىدى. ئاڭلىدىڭلار، ئۇ، بىر قېتىم ساۋاق ئالدى ۋە ھازىر ناھايىتى پەملىك بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن……

ئاسىمنىڭ ھېكايىسىدىن ئېلىقۇل چوڭقۇر ئويلارغا كەتكەن ئىدى. ئۇ بۇ ئاجايىپ كىشىلەرنىڭ بىر دىللىگى، ئۆز ئىشەنچىسىگە سادىقلىقىدىن ھاياجانلىناتتى ۋە ئۇلارنىڭ قاچانلا بولمىسۇن زەرەپشان بويلىرىغا كېلىپ قېلىشىنى ئۈمىت قىلىپ، ئۆزىمۇ شۇلاردەك قورقماس، زېرەك بولۇپ، ئاخىرغىچە ئېلىشىشنى كۆڭلىگە پۈكەتتى……

تۈن تەڭ بولدى.

مەشرەپ، سالمانلار قايتىپ كەلدى، كىمدۇ بىرەيلەن بىر خوجۇن نانمۇ ئېلىپ كەپتۇ.

مەشرەپ بىلەن سالمان مەھەللىدە كوپ كىشىلەرنىڭ، جۈملىدىن توختاخۇن، سارىخان ئانا، بايىز خالۋاپ، لەيلىگۈل ۋە ئانارلارنىڭ مەخسۇت بەگنىڭ مىلتىقلىق يالاقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىنى، ئەمما، ئۇلارنىڭ نىشانى ئاسىم بولۇپ، ئۇنى ھەممە يەرنى پۇراپ، تىنتىپ غالجىرلىق بىلەن ئىزلەپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

تۇنجى قارشىلىق كورسەتكۈچى پارتىزانلار توپى دەسلەپ ھاڭ-تاڭ بولۇشتى. كېيىن، بىر تەرەپتىن نان يىگەچ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاسمىغا قاراپ نىمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلاشقا كىرىشتى......

## سەككىزىنچى باپ

### 1. گىلاسلىق باغدىكى زىياپەت

ئۇلار قەشقەرغە پېشىن ۋاقتى بىلەن يېتىپ كېلىشتى. ئەگرى بويۇنلىرىغا چوڭ قوڭغۇراق - كولدۇرمىلار ئېسىلغان توگىلەر شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرىش بىلەنلا ئۇزۇن بويۇن- لىرىنى سوزۇپ، كوزلىرىنى پاقىرىتىپ، سەل چۆچۈگەندەك بو- لۇشتى، قوڭغۇراقلىرىنى جاراڭلىتىپ، تار كوچىلار، چاسا يول- لار ۋە ئادەم مىژىلدىغان چوڭ رەستىلەردىن ئۆتۈشتى.

ئالماس قەشقەر توغرىلىق "زەردار بايلار، چوڭ سودى- گەرلەر، داموللا - ئىشانلار ئۈچۈن جەننەت؛ نامرات كاسىپ- ھۈنەرۋەنلەر، مەدىكار، كەمبەغەللەر ئۈچۈن دوزاق" دېگەن سوزنى ئاڭلىغان ئىدى، ھەقىقەتەن شۇنداق ئىكەن.

ئۇ، قەشقەرنىڭ ئۆزىگە خاس تارىخىي يادىكارلىقلىرىغا، ئىگىز پەشتاقلىق، ھەشەمەتلىك مەچىت - مەدرىسلىرىگە ۋە يالتىراپ تۇرغان كوك، يېشىل، سېرىق، توپا رەڭ گۈمبەزلىرى- گە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ كېلەتتى. شاتۇر دوغا بىلەرمەنلىك بىلەن چۈشەندۈرۈپ قەشقەر ھەققىدە:

— شەھەرنىڭ ئۆزىدە لەكمىڭ ئادەم، ئوتتۇز ئالتە مەدرىس، توت يۈز قىرىق توت مەچىت، يەنە تېخى سان- ساناقسىز خانىقا، قارىخانىلار بار، — دېگىنىدە، ئالماس "بۇ

پوچى - لاپچىر ئاشۇرۇۋېتىمىزمىكىن" دېگەندەك ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن قاراپ قويدى.

شاتۇر دوغا بۇ شەھەرگە كۆپ قېتىم كېلىپ - كېتىپ تۇرغانلىقتىن ئۆزىنى ھەممىدىن خەۋەردار كىشى ھېساپلايتتى ۋە توختىماي ۋالاقلايتتى:

— قالتىس شەھەر - دە بۇ!...... پۇل تاپساڭ ئۇكا، مانا مەشەگە كېلىپ ياشا. پۇلۇڭ قانچە كۆپ بولسا، شۇنچە ھو - زۇر...... توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممىسى تېپىلىدۇ،...... ھەتتا جانان قىز، گۈزەل سەتەڭلەرمۇ ۋاچچىدا، — شاتۇر دوغا تامىغىنى قىرىپ، كالپۇكىنى يالاپ قويدى، — لېكىن، پۇل بولمىسا، چىرايىڭ سادان. سودىگەر بولساڭ — بىزنىڭ ياسىن خوجىدەك چوڭى بول. كىچىك سودىگەر - تىجارەتچىگە بۇ يەردە كۈن يوق. تاپقىنىڭ خەج - خىراجىتىڭگە، دەسمايەڭ ھۆكۈمەتنىڭ باج - سېلىقىغا يەتمەيدۇ، كىچىك سودىگەرنىڭ بېشىدىن ئاپەت نېرى كەتمەيدۇ، ئالتە كۈندە گاڭگىسا - جىنسا بولۇپ ۋەيران بولغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس. مانا بىزنىڭ ياسىن خوجا ئۇنىڭ تەتۈرى — پۇلدىن پۇل. ئۇندۇرۇشنى بىلىدۇ، قولىنى نەگە سوزسا شۇ يەرگە يېتىدۇ. ئامبىرىغا قارىساڭ تولۇپ تۇرغان مال، بازارغا قارىساڭ ھېچنىمە يوق...... پۇلۇڭ بولسا، ھۆكۈمەتمۇ سەن بىلەن ھېساپلىشىدىكەن...... ئۇنىڭ باردى - كەلدىسى ساپلا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، قىسقىسى پۇل بايغا، سۇ سايغا......

ئەمما، بىرەر يىلچە بولدى، ياسىن خوجا قەغەز پۇلدىن ۋاز - كەچتى. نېمىشقا دېسەڭ، قەغەز پۇل — كاسات. خەق ئۇنى — ھىلىقى گەنجىك تىزا بارغۇ، ھە ئۇنى دوپپىغا

پىلتە قىلىدىغان، جىگلاپ سېتىۋالىدىغان بولدى. شۇڭا بىزنىڭ باي، ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن ھەپىلىشىپ قالدى......

شاتۇر دوغا بىر كوچىنىڭ دوقمۇشىغا كېلىپ توگىلەرنى توختاتتى، ئالدىدىن ئاتلارغا مىنگەن، شايى - بەقەسەم تون كىيگەن سەللىلىك ئۈچ كىشى ئۆتۈپ كەتتى، ئارقىدىن ئۈچ ئات قوشۇلغان پوچتا كورۈندى، پوچتىنىڭ ئۈستىدە قارا جىگ- سا كىيىمى كىيگەن، ئۇجاگدەي تاقىغان بىر ئەمەلدار ئولتۇ- راتتى. ئۇ، ئاغزىنى ئاپپاق ياغلىقى بىلەن توسىۋېلىپ، ئەت- راپقا يىرگىنىپ قارايتتى.

— بۇ، "ھاممال، —مەدىكار بازىرى"، ساپلا قۇلاقكەستىلەر، پىچاق سالدىلار جىدەل تېرىيدىغان بەر، — دېدى شاتۇر دوغا پوچتا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئالمىسقا قاراپ ۋە توگە ئۈس- تىدىكى تايلانغان گىلەملەرگە بىرەرتىسى كوز ئالايتىۋاتما- دىكىن دىگەندەك، يانغا چىقىپ ئاخىرقى توگىگە قاراپ قويدى.

"ھاممال - مەدىكار بازىرى"دا ئادەم كوپ ئىدى، بىكار لاغايلىشىپ - لەبلەپ يۈرەتتى ۋە ئۇلار ئوز ھۈنىرىنى، ئىشنى ياخشى قىلىدىغانلىقىنى، كوپ ھەق تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بىرەر تۈزۈك كىيىنگەن ئادەمنى كورسىلا ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىشاتتى.

ئالماس ئۇلارنىڭ كوپچىلىگىنىڭ ئوز يېزىلىقلىرى — ئېلىقۇل، شانىياز، جۇما، سالمانلارغا ئوخشاش، ياش ئادەملەر ئىكەنلىگىنى، بەزىلىرىنىڭ قىرىپ مۈكچىيىپ قالغانلىغىنى كور- دى. دوقمۇشتىكى ھاممام - مونچىنىڭ ئوچىغى ئالدىدا ئىككى كىچىك بالىنىڭ كۆلگە مىلەنگەن ھالدا نىمىنىدۇ تالىشىپ

مۇشتلىشىۋاتقانلىقىنى، يان تەرەپتىكى ئېرىق بويىدا چوچۇرد-
دەك ئۇششاق باللىرىنى چۆرىسىگە تىزغان بىرنەچچە ئايال
تىلەمچىنىڭ يۈز-كۆزلىرىنى رومال بىلەن يېپىپ:
— نان! ...... خۇدا ھەققى، مۇشۇ نارىسىدە باللار ئۈچۈن
بىر پارچە نان بېرىڭلار ......، — دەپ قاخشاۋاتقانلىقىنى
كۆردى.
شاتۇر دوغا توگىلەرنى چاسا يولدىن ئۆتكۈزۈپ، كوچۇم
بىر رەستىگە ئېلىپ كىردى. بۇ يەردە ئادەم ئانچە كۆپ بول-
مىسىمۇ، لېكىن ھەممە يەر سىرلانغان دۇكانلار، سارايلار،
يايمىچىلار، گەزمالچىلار بىلەن تولغان ئىدى.
— مانا بۇسى داگاق سارىيى، مانا بۇسى ئۈزۈم سارىيى —
ساپلا خوتەننىڭ كىشمىش ئۈزۈمى بار، مانا بۇسى بولسا،
گۆلە-قاق سارىيى، — دەپ شاتۇر دوغا يەنە ئۆزىنىڭ ھەممە-
دىن خەۋەردار ئىكەنلىكىگە ماختىنىپ، سارايلارنى كۆرسىتىپ
يولىنى داۋام قىلدى، — مانا بۇنى گىلەم سارىيى دەيمىز، ئەنە
ئاۋۇسى "تىللا" سارىيى، بىزنىڭ باي كوپىرەك مۇشۇ يەرنى
چوگىلەيدۇ ...... ئالتۇننىڭ قەدرىگە زەرگا يېتىدۇ-دە! ئالتۇن
بۇ ئاجايىپ نەرسە ئۇكا، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئالتۇن — ھو-
كۈمەت، زامان تاللىمايمىش...... ھەممىسىگە يارايدىكەن...... ئەنە
ئاۋۇسى سائەت رېمونتخانا، ماۋۇسى بولسا، چىش دۇكان ......
گوشنى كۆپ يىسەك چىشنى قۇرۇت يەيدۇ، كېلىدىغان يېرىڭ
مەشە...... تارتتۇرۇۋەرگىن ...... مانا بۇسى كاۋاپخانا ......
شاتۇر دوغا ئالدىدا كەڭ سەيناسى بار بىر بۇرۇلۇش
ئېغىزىغا كېلىپ ئىختىيارسىز جىم بولدى. سۇرلۇك ۋە قارىيىپ
كورۇنگەن ئىككى چەتتىكى ئىككى تومۇر دەرۋازىنى كۆرسىتىپ:

— ئاۋۋسى دوتەي يامۇل، ماۋۋسى شيەنجاڭ يامۇل، ھوكۇمەت دىگىنىڭ شۇ، — دەپ ئاستا پىچىرلىدى ۋە نىمە ئۈچۈندۇ خەۋپسىرىگەندەك بۇ يەردىن تېزرەك ئۆتۈپ كېتىشكە دەرۋازا ئالدىدىكى قوراللىق مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ كوزىگە چۈشۈپ قالماسلىققا ئالدىرىدى.

شاتۇر دوغا شۇنىڭدىن كېيىن "ھېيتكا" مەيدانىغا بار- غىچە ئېغىز ئاچمىدى، پەقەت توگە قوڭغۇراقلىرىنىڭ بىر خىل، بوم ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇردى.

"ھېيتكا" — ئادەم قايىنىغان جاي، شەھەر مەركىزى، ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق بازار.

شاتۇر دوغىنىڭ يەنە ئېغىزى ئېچىلدى. ئۇ ئالماسقا ئىما - ئىشارە قىلىپ نىمىدىنىدۇ كورسىتىپ ۋالاقشاي دەپ تۇرۇشىغا، بىردىن "ھېيتكا" جامەسىنىڭ ئىككى ئىگىز، يۇمۇ- لاق، پىششىق خىشلىق مۇنارىسىدىن لوۋەت بىلەن ئېيتىلغان "ئەزان" ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى.

"ئەزان" بىلەن تەڭ، ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق بازار بىرپەس- كە سۇ سەپكەندەك تىمتاس بولۇپ بېسىلدى. ئاق پەرىجە ئارتقان، يۈزىنى ئورىغان خوتۇنلار ھودۇقۇپ ئوزىنى چەتكە ئېلىشتى، ئورە تۇرۇپ ئالدى - ساتتى قىلىۋاتقانلار ئولتۇرۇشتى، كېتىۋاتقانلار ئورنىدا توختاپ دۇئا قىلىپ قولىنى يۈزىگە سۈركەشتى، ھەر خىل، ھەر تەقلىتتە كىيىنگەن ناماز- خانلار جايىنامازلىرىنى قولتۇغىغا قىسىپ، ئالدىراپ مېچىتكە مېڭىشتى......

"ئەزان"دىن كېيىن بازار يەنە ئەسلىگە كەلدى — ۋاراڭ- چۇرۇڭ، ۋاقىراش باشلىنىپ كەتتى......

مۇشتلىشىۋاتقانلىقىنى، ياكى تەرەپتىكى ئېرىق بويىدا چۇچۇرد-
دەك ئۇششاق بالىلارنى چۆرىسىگە تىزغان بىرنەچچە ئايال
تىلەمچىنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى رومال بىلەن يېپىپ:

— نان! ...... خۇدا ھەققى، مۇشۇ نارىسىدە بالىلار ئۈچۈن
بىر پارچە نان بېرىڭلار ......، — دەپ قاقشاۋاتقانلىقىنى
كۆردى.

شاتۇر دوغا توگىلەرنى چاسا يولدىن ئۆتكۈزۈپ، كوچۇم
بىر رەستىگە ئېلىپ كىردى. بۇ يەردە ئادەم ئانچە كۆپ بول-
مىسىمۇ، لېكىن ھەممە يەر سىرلانغان دۇكانلار، سارايلار،
يايمىچىلار، گەزمالچىلار بىلەن تولغان ئىدى.

— مانا بۇسى داڭاق سارىيى، مانا بۇسى ئۈزۈم سارىيى —
ساپلا خوتەننىڭ كىشمىش ئۈزۈمى بار، مانا بۇسى بولسا،
گۈلە - قاق سارىيى، — دەپ شاتۇر دوغا يەنە ئۆزىنىڭ ھەممە-
دىن خەۋەردار ئىكەنلىكىگە ماختىنىپ، سارايلارنى كۆرسىتىپ
يولىنى داۋام قىلدى، — مانا بۇنى گىلەم سارىيى دەيمىز، ئەنە
ئاۋۇسى "تىللا" سارىيى، بىزنىڭ باي كوپىرەك مۇشۇ يەرنى
چوگىلەيدۇ...... ئالتۇننىڭ قەدرىگە زەرگا يېتىدۇ - دە! ئالتۇن
بۇ ئاجايىپ نەرسە ئۇكا، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئالتۇن — ھو-
كۈمەت، زامان تاللىمايمش...... ھەممىسىگە يارايدىكەن......ئەنە
ئاۋۇسى سائەت رېمونتخانا، ماۋۇسى بولسا، چىش دۇكان......
گوشنى كۆپ يىسەڭ چىشنى قۇرۇت يەيدۇ، كېلىدىغان يېرىڭ
مەشە...... تارتتۇرۇۋەرگىن...... مانا بۇسى كاۋاپخانا......

شاتۇر دوغا ئالدىدا كەڭ سەيناسى بار بىر بۇرىلىش
ئېغىزىغا كېلىپ ئىختىيارسىز جىم بولدى. سۇرلۇك ۋە قارىيىپ
كورۇنگەن ئىككى چەتتىكى ئىككى تومۇر دەرۋازىسى كورسىتىپ:

— ئاۋۇسى دوتەي يامۇل، ماۋۇسى شيەنجاڭ يامۇل، ھوكۇمەت دىگىنىڭ شۇ، — دەپ ئاستا پىچىرلىدى ۋە نىمە ئۈچۈندۇ خەۋپسىرىگەندەك بۇ يەردىن تىزرەك ئۆتۈپ كىتىشكە دەرۋازا ئالدىدىكى قوراللىق مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ كوزىگە چۈشۈپ قالماسلىققا ئالدىرىدى.

شاتۇر دوغا شۇنىڭدىن كىيىن "ھىيتكا" مەيدانىغا بارغىچە ئىغىز ئاچمىدى، پەقەت توگە قوڭغۇراقلىرىنىڭ بىر خىل، بوم ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇردى.

"ھىيتكا" — ئادەم قايىنىغان جاي، شەھەر مەركىزى، ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق بازار.

شاتۇر دوغىنىڭ يەنە ئىغىزى ئىچىلدى. ئۇ ئالماسقا ئىما - ئىشارە قىلىپ نىمىدىندۇ كورستىپ ۋالاقشاي دەپ تۇرۇشىغا، بىردىن "ھىيتكا" جامەسىنىڭ ئىككى ئىگىز، يۇمۇلاق، پىششىق خىشلىق مۇنارىسىدىن نوۋەت بىلەن ئىيتىلغان "ئەزان" ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى.

"ئەزان" بىلەن تەڭ، ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق بازار بىرپەسكە سۇ سەپكەندەك تىمتاس بولۇپ بىسىلدى. ئاق پەرىجە ئارتقان، يۈزىنى ئورىغان خوتۇنلار ھودۇقۇپ ئۈزىنى چەتكە ئىلىشتى، ئورە تۇرۇپ ئالدى - ساتتى قىلىۋاتقانلار ئولتۇرۇشتى، كىتىۋاتقانلار ئورنىدا توختاپ دۇئا قىلىپ قولىنى يۈزىگە سۈركەشتى، ھەر خىل، ھەر تەقلىتتە كىيىنگەن نامازخانلار جاينامازلىرىنى قولتۇغىغا قىسىپ، ئالدىراپ مىچىتكە مىڭىشتى……

"ئەزان"دىن كىيىن بازار يەنە ئەسلىگە كەلدى — ۋاراڭ-چۇرۇڭ، ۋاقىراش باشلىنىپ كەتتى……

شاتۇر دوغا توگىلەرنى "ھېيتكا" مەيدانىنىڭ ئوتتۇرد-سىدىن ئېلىپ ماڭدى. ئۇ "ئوردا ئالدى" يولىغا بۇرىلىۋاتقاندا، قىرىشقاندەك ئالدى تەرەپتىن بىر توپ مىزگانچى ئەسكەر سەپ تارتىپ، مىزگان - دۇمباق چېلىپ چىقىپ كەلدى.

توگىلەر چوچۇپ بويۇنلىرىنى شىگىتايتىپ، كوزلىرىنى پاقىرىتىپ ئۇيۇر - تويۇر بولۇشتى، دوقمۇشتىكى دۇكانىنىڭ سايىۋىنىنى ئورىۋەتتى، بىر تىجارەتچىنىڭ يايمىسىنى دەسسەپ كەتتى ۋە ھەممىسى يولنى قاپساپ تۇگۇلۇۋېلىشتى.

شاتۇر دوغا يايمىچىنىڭ "ھو...... كوزى بولمىسا، پوق يەيدىغان سەرالىق!......" دىگەن ھاقارىتىگە پەرۋا قىلماي، توگىلەرنى ئىتتىرىپ مىزگانچىلارغا يول ئاچتى.

مىزگانچىلارنىڭ ئالدىدا ساقاللىق، ئېگىز، بېشىغا شەلەپە، ئۇستىگە ئاق چۇچۇنكىدىن كاستۇم - شىم كىيگەن، قولىدا "زوكۇن تايىقى" تۇتقان بىر ئادەم ياغاچتەك قېتىۋېلىپ، مىزگان ئاھىڭىغا ماسلاشتۇرۇپ قەدەم بېسىپ، يول باشلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ، "تەرتىپسىز" توگىلەرگە قاپىقىنى تۇچۇرۇپ بىر قارىدى - دە، ئوتۇپ كەتتى.

— ئاۋۇ ئالدىدا ماڭغىنى بەگ، شەھەر بېگى، مىرشاپ، — دىدى شاتۇر دوغا مىزگانچىلارنىڭ ئالدىدا ماڭغان شىلەپىلىك ئادەمنى كورسىتىپ، "ئەلچىخانا" دەپ ئاتىلىدىغان رەستىدىن ئوتكەندىن كېيىن ئالماسقا، — خەقنىڭ دىيىشىگە قارىغاندا، ياخشىلىقىمۇ - يامانلىقىمۇ يوق بىر ئادەم، لېكىن، قىپقىزىل ئەخمەق. ئۇنىڭ باشقا ئىشى يوق، بىكار بولسىلا ئۇن ئالتە مىزگانچىنى كەينىگە سېلىپ، دوقمۇش - دوقمۇشقا بېرىپ ئادەم يىغىپ ۋەزخانلىق قىلىدۇ، "ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەڭلار،

بۇلىڭدىن ئېھتىيات قىلىڭلار، ئەنە كېلىۋاتىدۇ، مانا قېچىۋاتىدۇ“، دەپ جاۋىلدايدۇ. مەن بىر قېتىم ئاڭلىغان، گەپنى شەھەر ئاماللىقىنى ساقلاشتىن باشلىسا، ئايىغىنى ئېرىققا سۇ كېلىدۇ، يولغا سۇ سېپىڭلار، دەپ تۈگىتىدۇ...... تاس قالدى توگىلەرنى تورزوتوۋەتكىلى. قېرى ئەخمەق!......

ئۇلار ئاخىر ياسىن شاڭخەينىڭ شەھەر ئىچىدىكى چوڭ سارىيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بىراق، قېرى سارايۋەن شاتۇر دوغىغا كوڭۇلسىز گەپ ئېيتتى:

— بىراق يول بېسىپ كەلگەن بولساڭمۇ، خاپا بولما، ھازىر بۇ يەرگە مال قوبۇل قىلمايدىغان بولۇشتى، — دىدى قېرى سارايۋەن ۋە سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — ھازىر شەھەر تىنچسىز، ھېلىلا بىرنىمە بولىدىغاندەك خوجايىنلار دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ قالدى. ”چاھار باغ“قا بار، ئەنە ”تۈمەن“دىن ئۆت، ئالتە قەدەملا، ماڭ بۇرادەر، تۇرما. بۈگۈن ”چاھار باغ“دا زىياپەت بولۇۋاتسا كېرەك. ھەممە چوڭلار شۇ يەردە جەم، — قېرى سارايۋەن ھىلىگەرلىك بىلەن ھىجايدى، — بەلكىم، ياسىن خوجا سېنى كۈتۈۋاتقاندۇ. گىلاسلىق باغنىڭ ئوزىگىلا بار، دەل زىياپەتنىڭ ئۈستىگىلا چۈشىسەن......

شاتۇر دوغا ئاچچىغى بىلەن يەرگە تۈكۈردى، غودۇڭشۇدى، قېرى سارايۋەندىن بىر چېكىم ناس ئېلىپ كالپۇكىنىڭ ئاستىغا سالدى ۋە نائىلاج توگىلەرنىڭ بېشىنى ”يار باغ“ دەرۋازىسى تەرەپكە بۇرىدى.

”چاھار باغ“ — ياسىن خوجىنىڭ شەھەر سىرتىدىكى يازلىق دەم ئالىدىغان باغ ھويلىسى بولۇپ، تۈمەن دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان، تەخمىنەن ئوتتۇز موچە يەرنى ئوز ئىچىگە

ئالغان بۇ باغ بىرقەدەر زامانىۋى جاھازلانغان بولۇپ، ئۇ-نىڭدا ئاساسەن، تۈرلۈك - تۈمەن گۈللەر، ئىسىل ۋە كەم تې-پىلىدىغان مېۋىلەر، بولۇپمۇ گىلاسنىڭ ھەر خىل تۈرلىرى ئا-لاھىدە ئىشتىياق بىلەن ئۆستۈرۈلگەنلىكتىن، كىشىلەر ئۇنى "گىلاسلىق باغ" دەپمۇ ئاتىشاتتى.

شاتۇر دوغا بۇ باغنى ئۇزاق ماختىدى ۋە ئۇنىڭ ماختاشلىرى ئاخىرلاشقىچە، ئۇزلىرىمۇ گىلاسلىق باققا يېتىپ كېلىشتى.

ئۇلار بۇ يەردە ھايال بولمىدى، دەرۋازىۋەن، خىزمەتچى ۋە دېپتەر تۇتقۇچىلار گىلەملەرنى توگىلەردىن چۈشۈرۈپ ئامبارغا باستى، توگىلەرنى "قوروق"قا ھەيدەپ، ئالدىغا پاخال تاشلىدى، شاتۇر دوغا ۋە ئالماسلار چاي - غىزا ئىچىپ - يەپ قوسىقىنى تويغۇزدى. بىر خىزمەتچى ئۇلارغا:

— قېنى، ئەنە سۇپا، ئارام ئېلىپ ئۇخلاڭلار، ياسىن خوجا بۈگۈن ئالدىراش، مېھمان كۈتۈۋاتىدۇ، ھېچكىم بىلەن كورۈشمەكچى ئەمەس، — دېدى.

شاتۇر دوغا يېتىپلا ئۇخلاپ كەتتى لېكىن. ئال-ماس ئۇخلىيالمىدى. قەشقەر تەسىراتلىرى خېلى بىر-كەمگىچە ئۇيقۇسىنى تارتتى. ئاندىن زەرەپشان بويلىرىنى، ياڭاقلىق يېزىسىنى ئەسكە ئالدى. مەخسۇت بەگنىڭ ۋەھشىلىكى ۋە دادىسى توختاخۇننىڭ تەقدىرى توغرىسىدا ئەلىسىز خىياللار بىلەن ئۇزاق قىينالدى ......" قېچىپ كېتىشكە، توگىچىلەر بىلەن كەلمەسلىككە تامامەن مۇمكىن ئىدى ...... خەت، ئاسمە-نىڭ خېتى ...... دادامنى ئۆلتۈرۈۋەتتىمىكىن، قېرىنداشلار ۋاندىن قىلىشتىكىن ...... ھەي، نىمە بولسىمۇ دادامنىڭ يېنىدا

بولسام، باشقا كەلگەننى كورۇپ، بەگ بىلەن ئېلىشقان بول-
سام...... بۇ خۇمپەر بەگ ھەرقانداق قاتىللىققا تەييار......
بىچارە دادام، مىسكىن ئانام سىلەر نىمە كۈنلەرنى كۆرۈۋات-
قانسىلەر...... دادامنى ئۆلۈم گىرداۋىغا ئېلىپ كېتىۋاتقاندا،
مەن بۇ يەردە نىمە قىلىپ يۈرىمەن — ھە......"
ئالماس قەشقەرغە كەلگىنىگە چىن كۆڭلىدىن پۇشايمان
قىلدى، ئۆزىنى ۋىجدانسىز گۇناكارلىقتا ئەيىپلەپ تولغاندى.
لېكىن، ھازىر ئىلاج يوق، ئىلاج بولمىغاندىن كېيىن سەۋرى
قىلىش كېرەك، نىمە قىلغان سەۋرىكەن ئۇ! قانداق سەۋرى
قىلغىلى بولىدۇ...... ئاسىمنىڭ خېتى...... ھەي، بۇ خەت مېنىڭ
يولۇمنى بىردىنلا بۇرىۋەتتى – دە!......
ئالماس ئېلىنغۇلنى ئەسلىدى، شۇ كېچىسى ئۇ ئالماسقا:
— ئاسىم ئەپەندى بارغىن دېگەندىكىن بېرىۋەر، لېكىن،
خاتىرجەم بول، بىز جاننى تىكىپ قەسەم ئىچتۇق. توختىكامنى
قۇتقۇزۇپ قالالمىساق، ئەر بولماي كېتەيلى دېيىشتۇق. شۇنچە
قېرىنداشلار بار، سەن بىر كىشى نىمە قىلالايسەن، كېتىۋەر،
تارتىنما، — دەپ ئېيتقان ئىدى.
بۇ گەپ ئۇنىڭغا ئازراق دەرمان بەرگەندەك بولدى،
كۆڭلىنى قىسمەن تىنجىتتى. لېكىن، يۈرىگىنى غاجىلاۋاتقان
ئەنسىز خىيال نەشتىرىنى تەڭلەپ كېلىۋاتقان ئىلاندەك كوكرەك
قەپىزىدە توختىماي قىمىرلايتتى......
ئالماس ئاستا ئورنىدىن تۇردى. توش يانچۇغىنى
تۇتۇپ كوردى، بۇ يەردە ئىككى پارچە خەت، ئاسىمنىڭ خېتى.
"بۇ خەتلەرنى جەزمەن تاپشۇرۇش كېرەك، يەنە جاۋاپ ئېلىش
كېرەك...... بەلكىم پايدىلىق مەسلىھەت چىقىپ قالار، ئەمما،

تونۇش بولمىغان بۇ كىشىلەرنى نەدىن تاپىمەن؟......"

ئالماس شۇ خىيال بىلەن سۈپىدىن چۈشۈپ، ئاستا قەدەم بېسىپ باغ تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئۇ نىمە ئۈچۈن، نىمە مەقسەت بىلەن كېتىۋاتقانلىغىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بەلكىم، سالقىن هاۋادا ئايلانغۇسى كەلگەندۇ، بەلكىم، شۇنداقلا بىر كېتىۋاتقاندۇ......

— ئوغلۇم، سەن نەگە؟— تۇيۇقسىز قېرى باغۋەن مەجنۇن تال ئاستىدىكى ئورۇندۇقتىن كۆتىرىلىپ سورىدى، — سەن توگچى يىگىتمۇ؟...... باغنى كۆرۈپ باقاي دېۋە-دىگمۇ؟......

— شۇنداق،— دېدى ئالماس،— باغنى كۆرۈپ باقاي دېۋىدىم......

— خەير......بوپتۇ،— دېدى باغۋەن جىمجىت قاراڭغۇ باغ ئىچىگە قاراپ قويۇپ،— بارغىن، ئايلان، لېكىن شىپاڭ تەرەپكە ئۆتمە، بۇگۈن ئۇ يەرگە هىچكىم بارمايدۇ......

ئالماس باغنى ئارىلاشقا باشلىدى، مەجنۇن تاللار، گۈلزارلار ئارىسىدىن ئۆتتى، قېرى سارايۋەننىڭ "...... شەهەر تىنچسىز، خوجايىنلار دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قالدى...... باغدا هەممە چوڭلار جەم" دىگەن سوزىنى ئەسلەپ سەگەكلەشتى، "...... تىنچسىز، دەككە - دۈككىدە......" ئۇلار نىمىگە جەم بولۇشتى، بىلىش كېرەك. مەخسۇت بەگمۇ ئاقساقاللىرى بىلەن شىپاڭدا كېڭەش قىلسا، ئاللىقانداق شۇملۇقلارنى ئويلاپ چە-قىراتتى، بەلكىم بۇ يەردىمۇ......

ئالماس شۇلارنى ئويلاپ، گىلاسلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ، كۆل بويىدىكى مەجنۇن تال ئارىسىغا كىردى، تال - چىۋىقلارنى

شەپە چىقارماي قايرىدى. گازۋاي لامپا يېقىلغان شىپاڭ بۇ يەردىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ھەممە گەپ ئاڭلىناتتى.

— ...... مۇناپىق!...... ئۆلكە رەئىسى، قوماندانىمىش. شامىلى كەلمەي تۇرۇپ قورقتى، ئەخمەقلەر......— ئالماس بايا "ھاممال ـ مەدىكار بازىرى"دا پوچتا بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن جىڭسا ئەمەلدارىنى تونۇدى، ئۇ، زىياپەت جوزىسىغا مۈشت بىلەن ئۇرۇپ سۆزلەۋاتاتتى.— ئۇ ئەخمەق، ئۆزدىنىڭ جېنىدىن قورقتى، بىزنى تۇتۇپ بەرمەكچى...... كوممۇنىستلار ئوتتۇز يىل قان كېچىپ جەڭ قىلدى، تالاي ئادەملىرى ئۆلدى، بىزدىن ئىنتىقام ئالماي قويارمۇ؟!...... كوممۇنىست دېگەن بىر ئوت، بۇ يەرگە كەلدىمۇ ـ بولدى، ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىدۇ. نېمە قىلغان تىنچلىق ئىكەن ئۇ! ماڭا قويۇپ بەرسە، شىڭشىڭشاغا پولاتتىن تام سوقۇۋېتەتتىم، مەرەز!......

— ئا جۇيجاڭ، ۋاقىت بار، قېنى تاماققا ئېلتىپات قىلسىلا، قېنى،— ئالماس بۇ گەپنى ئېيتقان كىشىنىڭ ياسىن خوجا ئىكەنلىكىنى ئېنىق پەرەز قىلدى. ياسىن خوجا جوزىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان، ھەر خىل ـ ھەر ياڭزا كىيىنگەن ئەمەلدارلار ۋە قانداقتۇ چىلگىدەك يېپەك سەللە ئوراپ، نوكچىدەك قېتىپ ئولتۇرغان بىر ئاخۇننىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇلارنى ھەدەپ داستىخانغا زورلىدى، ئاندىن يەنە جىڭسا ئەمەلدارىنىڭ ئالدىغا كەلدى،— قېنى، ئا جۇيجاڭ، ئالامەتلىكمىز ئۈچۈن بىر رومكا كۆتىرەيلى، ئېيتقانلىرى دۇرۇس، ۋەسۋەسچىلىك يامان. كوممۇنىستلارنىڭ مۇنداق تېز ھەركەتكە كېلىشىنى كىم بىلسۇن، قېنى......

لېكىن، ھېچكىم رومكىغا قول ئۇزاتمىدى، ئېغىر ۋەس-ۋەسە ھەممەيلەننىڭ چىرايىنى ئورىۋالغان ئىدى. بۇ جىم-جىتلىق تاكى خىزمەتچىلەر تەخسە-تەخسىلەردە ھەر خىل كاۋاپ، غىزالارنى جوزىغا قويۇپ چىقىپ كەتكىچە داۋام قىلدى.

— ئا جۇيجاڭ بىكارغا قايناپدۇ، نېمىگە كېرەك، — تۇيۇقسىز يېپەك سەللىلىك، كۆزلىرى كۆپ-كۆك، ئۇزۇن قارا قاش، ئورۇق كەلگەن ئاخۇن سۇپەت كىشى ئېغىز ئاچتى، — قايناشتىن ھېچنېمە چىقمايدۇ، غازات ئېچىش كېرەك. غازات!...... بىزنىڭ باشلىقلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئەخمەق، بۇ پىكىر توغرا. لېكىن، ئەخمەق دەرۋىشتىن نېمە پايدا؟ بولغىلىق بولدى، كوممۇنىستلارنىڭ ئۆلكە چېگرىسىغا، شىڭشىڭشاغا نىقتاپ كەلگىنى بۇ ئېنىق. قارشىلىق قىلساڭمۇ - قىلمىساڭمۇ بىكار. لېكىن كوممۇنىستلار بىلەن دىن ئوت بىلەن سۇدەك كېلىشەلمەيدۇ. كوممۇنىستلار دىننى، مۇسۇلمان ئەھلىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلماقچى، ھەممە نەسەپ - نەسىبىلەرنى بىكار قىلىپ، ئاللاتائالا بەخش ئەتكەن ھەممە ئىمتىيازلىرىمىزدىن مەھرۇم قىلماقچى. بىز بولساق بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالمايمىز. كوممۇنىست — دىن ئوت بىلەن سۇ! گۈلخاننى دەل مەشەددىن يېقىش كېرەك. بارلىق زەردارلار، بايلار، يەر ئىگىلىرى، ئۇلەمالار، بەگلەرنى مۇشۇ توغ ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك. ئاللاتائالا نامىدىن قەسەمىيات قىلىمەنكى، مۇشۇنداق قىلالىساقلا بىرىسى ئالتە ئاي، نېرىسى بىر يىل ئىچىدە كوممۇنىستلارنىڭ تۇخۇمى قۇرۇيدۇ، ئۇلار ھېچقاچان بۇ يەردە چاڭگا تىزالمايدۇ......

— ئەقىل، ئەقىل، ئابدۇللا داموللام راسا ئەقىل بىلەن

گەپ قىلدى، — دېدى كىمدۇ ئېھتىيات بىلەن ئاخۇن سۇپەت كىشىنى "ئابدۇللا داموللا" دەپ ئاتاپ.

— ئادىدىن قالسا، ئامېرىكا ۋە تۈركىيە بار، — دېدى ئابدۇللا داموللا ۋە تەخسە كوتىرىپ كېلىۋاتقان خىزمەتكارلارنى كورۇپ، كېيىنىڭ ئايىغىنى ئېيتمىدى. خىزمەتكارلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بولسا، نىمە ئۈچۈندۇ ئاۋازىنى پەسەيتىپ جوزىغا ئېگىشتى، باشقىلارمۇ جوزىغا سىلجىپ قۇلىقىنى دىك قىلىپ بېشىنى ئېگىشتى......

سوز ئاڭلانمىدى.

ئالماس ئازاتلىقنى قانداق تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى- ھە؟ ئازاتلىق جەڭچىلىرىنىڭ تېز ئارىدا يېتىپ كېلىشىنى قانداق ئارزۇ قىلاتتى-ھە!...... ئۇ، ئازاتلىقنىڭ بولۇشىغا، ئازاتلىق جەڭچىلىرىنىڭ كېلىشىگە شۈبھىسىز ئىشەنەتتى...... ئاھ، شۇ كۈنلەر كەلسە يۈرەك يېرىلىپ كېتەرمىدى! — دەپ ئويلايتتى. ھازىر ئۇ، جىگسا ئەمەلدارى بىلەن يېپەك سەللىلىك ئاخۇننىڭ سوزىدىن پەۋقۇلئاددە بىر يېڭىلىقنى سەزدى، كۈتۈلگەن ئازاتلىقنىڭ ئالدىنى ئەمدى ھېچكىمنىڭ توسالمايدىغانلىغىنى بىلدى، قەلبى دولقۇنلىنىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قورقۇپ تىترىسىدىن شاتلىنىپ ھوزۇرلاندى، "جان تالاش"، "تىترە ئىپلاسلار" دېدى.

بىراق، ئابدۇللا داموللا دەپ ئاتالغان شەخسنىڭ غالجىرلاشقان سوزلىرى ئۇنى يەنە چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قويدى.

ئالماس ئازاتلىق بىلەن تەڭ، ھەممە ئىشنىڭ بىردىنلا ئوڭشىلىپ كېتىدىغانلىغىغا، بەگ - بايلارنىڭ يۇلۇنى ئۈزۈلۈپ،

موللا مۇشۇك بولىدىغانلىقىغا، ئازاتلىق جەڭچىلىرى يېتىپ كەلسىلا جاھاننىڭ تىپ - تىنچ بولۇپ، ھەممە ئىشنىڭ ئۆز يولى بىلەن كېتىۋېرىدىغانلىقىغا قىلچە گۇمان قىلمايتتى ۋە شۇنداق ئويلايتتى...... بىراق، بۇ ئاق سەللىلىك غالجىر نىمە دەپ جويلۇيدۇ- ھە؟ ئۇ كىمنى ئەتراپىغا يىغماقچى، كىمنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتماقچى، كىمنىڭ چاڭگىسىنى بۇزماقچى؟...... ياق، ئىش مۇنداق ئاسان بولمىسا كېرەك. بىر يىل، يېرىم يىل تېخى!...... بىز ئۇ ئون يىللاپ ئارزۇ قىلىپ كۈتەيلىكى — ئۇلار يېرىم يىلدا تۇخۇمىنى قۇرۇتسۇن!...... دىمەك، ئازاتلىق جەڭچىلىرىنىڭ كېلىشى تېخى كۆپايە قىلمايدۇ، يەنە ئېلىشىدىغان گەپ ئىكەن...... مەيلى، نىمە بولسا بولسۇن، ئازاتلىق جەڭچىلىرى كېلىدۇ. قان بىلەن قولغا كەلگەن ئازاتلىقنى جان بىلەن قوغدايمىز. دەل ئاشۇ ئىپلاسنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتۇش — مېنىڭ ئەھدىم بولۇپ قالسۇن، خەپ. تېخى كورىسەن، كىم كىمنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتىدىكىن......

ئالماس جىڭسا ئەمەلدارى بىلەن ئاق سەللىلىك دا - موللىنى ئېنىقراق تونۇۋېلىش مەقسىدىدە بىر تال شاخنى قايرىۋىدى، قۇرۇپ قالغان شاخ "قارس" قىلىپ سۇنۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قۇرۇپ قالغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟...... ئالماس ئىتتىك ئۆزىنى تارتتى.

شىپاڭدىكىلەر دانلاپ تۇرغان قۇشقاچلار تۇزۇغاندەك، چوچۇپ ئورنىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى. كوزلىرى چەكچىيىشتى، بويۇنلىرىنى سوزۇشتى ۋە ئەندىشە ئىچىدە جىڭسا ئەمەلدارىغا ئەگىشىپ، قانداقتۇ بىر كۈتۈلمىگەن خەۋپكە دۇچ كەلگەندەك، ھودۇقۇشۇپ كول بويىغا كېلىشتى.

جىڭسا ئەمەلدارى مەجنۇنتال ئاستىدىن چىقىپ يول ئۈستىدە بىخارامان تۇرغان ئالماسنى ھەممىدىن بۇرۇن كوردى ۋە:

— سەن كىم، نىمە ئادەمسەن؟! — دىگىنىچە بىرىپ ئۇنىڭ ياقىسىدىن قامالالاپ تۇتۇپ، چىراق ئالدىغا ئىلىپ كەلدى، — ئىيت، سەن بۇ يەردە گەپ تىڭشىدىڭمۇ؟......

ئالماس جىڭسا ئەمەلدارىنىڭ ياپما قاپاق، چوقۇر ۋە دانىخورەك باسقان يۈزىگە سەپسالدى.

— ئىيت، سەن نىمە ئادەم؟! — جىڭسا ئەمەلدارى قولىنى تاپانچا غىلاپىغا سوزدى.

— ئايلىنىپ يۇرىمەن، نىمە بوپتۇ، — خاتىرجەملىك بىلەن ئىيتتى ئالماس.

— ئايلىنىپ يۇرىمەن؟ نىمىنى ئايلىنىپ يۇرسەن؟

— باغنى. يەنە نىمىنى بولاتتى......

— نىمە؟! سەن ئوزەڭ كىم زادى؟ بۇ يەرگە نەدىن پەيدا بولدۇڭ، — ھە؟ — جىڭسا ئەمەلدارى ئالماسقا شۈبھىلىك كوزلىرى بىلەن تىكىلىپ، تاپانچىنى تەڭلىدى، — تىزلان، قولۇڭنى كوتەر!......

ئالماس مىدىرلىمىدى، بىخارامان تۇرۇۋەردى، ھەممەيلەنگە سەپسالدى. جىڭسا ئەمەلدارىنىڭ جىنى چىقىپ تاپانچىنىڭ سىپى بىلەن ئۇرۇشقا قول كوتىرىۋىدى، ياسىن خوجا ئارىغا چۈشتى:

— جۇيجاڭ، توختىسىلا، مەن سوراي، — ئۇ ئالماسنىڭ ئالدىغا يىقىنلاپ كەلدى، — قارا، سەن ئوزەڭ كىم ۋە بۇ يەرگە نەدىن پەيدا بولدۇڭ — ھە؟......

— ياڭاقلىق يېزىسىدىن، يەنە نەدىن بولاتتى، — ئالماس قارىماي تۇرۇپ جاۋاپ بەردى.

— ياڭاقلىق؟...... زەرەپشانىدىنمۇ؟

شۇ ئارىدا قېرى باغۋەن پەيدا بولدى؛

— ھەي، ئۇكا، مەن ساڭا نىمە دىدىم، — قېرى باغۋەن ئالماسنىڭ قولىنى تۇتۇپ كايىدى، — يىراقتىن كەپ-سەن، باغنى ئايلانساڭ - ئايلان، لېكىن، شىپاڭنىڭ يېنىغا بار-غۇچە بولما دىمىدىممۇ!

— شىپاڭ - پىپاڭنى نىم بىلەي، يول ئىكەن، مېڭىۋەردىم-دە.

— بۇ يىگىت، — دىدى باغۋەن ياسىن خوجىغا قاراپ، — توگىچى، شاتۇر دوغا بىلەن بىللە مال ئېلىپ كەلگەن، تۈنجى قېتىم كېلىشى، ئېزىپتۇ...... تېخى بايىلا كەلدى......

ئەمەلدارلارنىڭ يۈرىگى جايىغا چۈشكەندەك بولۇشتى. بەزىلىرى كېتىشتى ۋە بەزىلىرى تېگىرقاپ تۇرۇۋەردى.

— سەن گەپ تىڭشىدىڭمۇ- يوق؟ — جىڭسا ئەمەل-دارى گۇمانلىنىپ سورىدى.

— نىمە گەپنى؟ — ئالماس قايتۇرۇپ ئۇزىگە سوئال قويدى.

— ھوي...... مەن سوراۋاتىمەن، ھېچنىمە ئاڭلىمىدىڭما؟......

ئالماس جاۋاپ بەرمىدى.

— ئۇ تېخى بايىلا كەلدى، — دىدى باغۋەن، — تىڭشىماپتۇ، تىڭشىغۇدەكمۇ بولمىدى......

جىڭسا ئەمەلدارى ئىشەنمىدى، دەرگۇماندا بولۇپ كوزىنى چەكچەيتتى. لېكىن ياسىن خوجا ئالماسنى كەتكۈزۈۋەتتى؛

— بار، ئۇخلا، مەن سىلەر بىلەن ئەتە كورۇشەي - ھە؟......

ئالماس كېتىۋېتىپ ئويلىدى: ۋاي ئەخمەقلىقىمەي...... خوپ بولدى، تىترىدىش، جالاقىلا!...... كىچىككىنە شەپىدىن ئولگىدەك قورقۇشتۇڭ، جىنىڭ تۇمشۇغۇڭغا كەپتۇ. تازا سەكراتقا چۈشكىنىڭ ئەمەسمۇ. يەنە تېخى كۆچ تۇپلاپ ئېلىشماقچى!...... مەن ھەممىنى بىلدىم، ياخشى...... ئېلىشىپ كورىمىز تېخى!......

## 2. تونۇش بولمىغان تونۇش ئادەم

ئەتىسى ياسىن خوجا قىزىل - يېشىل يوللۇق غەلىتە كۆخلاش كىيىمى بىلەنلا پىشايۋان ئاستىدا پەيدا بولدى. چۈچىسى بار ئۇزۇن ئاق لوڭگىنى مۇرىسىگە سالغان ھالدا باغنى ئايلاندى. ئاندىن مال بېسىلغان ئامبار ۋە تۇنۇگۇر ئېلىپ كېلىنگەن گىلەملەرنى قاراشتۇردى. دە، ئوزىنىڭ ئامبارچى دەپتەر تۇتقۇچىلىرىغا نىمىندۇ ئۇزاق جېكىلىدى:

— ھېچقانداق نەرسە چىقىم قىلىنمىسۇن، خام مال سېتىۋېلىپ ئامبارنى گالۋاڭ قىلىدىغان ئىش بۇگۈندىن باشلاپ توختىتىلسۇن. كۆمۈش يالاتقان جا تەڭگىلەرنىڭ ھەممىسىنى بازارغا چىقىرىڭلار، بازاردىكى گەزلىمىلەرنىڭ بىرىنى قويماي سېتىۋېلىش كېرەك. تىجارەتچىلەر بىلەن قىلىنغان توختام ئەمەلدىن قالدى، ھىساپ - چوتنى بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە ئۇزۇش كېرەك، ئۇقتۇڭلىمۇ؟......

خىزمەتچىلەر "بولىدۇ" دېيىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۇرۇلۇپ شاتۇر دوغا بىلەن ئالماسنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— قانداق، ھاردۇغىڭلار چىقىپتىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇلاردىن سىپايىلىق بىلەن.

— ئۇھۇي ...... ھەسەلنىڭ شىرنىسىدەك مەزە قىلىپ ئۇخلاپتىمىز، جانابلىرى....... — شاتۇر دوغا خوشامەتكويلۇق بىلەن يەنە نېمىسىدۇ دىمەكچى بولۇۋىدى، لېكىن ياسىن خوجا:

— بولىدۇ، ئۇنداقتا، بۈگۈن سىلەر توگىلەرنى ئوبدانىراق بېقىپ، ئەتە يولغا چىقىڭلار، قەشقەردە تۇرۇشنىڭ پايدىسى يوق، مەنمۇ سىلەردىن يا ئىلگىرى، يا كېيىن يولغا چىقىمەن، يۇرتداشلارنى كورۇپ كېلەي دەيمەن، — دىدى.

ياسىن خوجا كېيىنكى گەپنى تۇيۇقسىز ئېيتىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلغاندەك نىمە ئۇچۇندۇ چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈردى. نىمىسىدۇ ئويلاپ تۇرۇپ قالدى ۋە نىمىگىدۇ ئالدىراۋاتقاندەك، تېز - تېز قەدەم بېسىپ كېتىۋېتىپ، ئوز كاسىرىغا:

— ئۇلارغا بىر "توقماق" بەرگىن، خىراجەت قىلسۇن، — دىدى.

شاتۇر دوغا ئىككى يانچۇغى توشقىدەك قەغەز پۇلنى قولىغا ئېلىپ، ئالماسقا قاراپ ھىجايدى:

— يۇر ئوكا، كەتتۇق. غەنىمەت بىر كۈن. بازار چوگىلەيمىز، مەزە قىلىپ تاماشا قىلىمىز. مەن ساڭا شۇنداق ئاجايىپ نەرسىلەرنى كورسىتىمەنكى، ھاڭقىيىپ قېتىپ قالىسەن......

ئۇلار تالاغا چىقىشتى، تۇمەندىن ئوتۇشتى، قورالىلىق ئەسكەرلەر كىرگەن - چىققانىنى تەكشۇرۇپ يۇرگەن شەھەر دەرۋازىسىدىن ئوتكەندىن كېيىن، ئالماس:

— شاتۇر، سەن تاماشاڭنى قىلدىڭ، مەن ئۆزەم يالغۇز ئايلىنىمەن، — دىدى.

— نىمە دەيسەن؟ — شاتۇر دوغا ھەيران بولۇپ ئالماسقا قارىدى، — بەللى، قىزىقسەن - دە، ئۇكا. مەن ساڭا ئېيتسام، بۇ، ياڭاقلىق يېزىسىنىڭ كالتە بازىرى ئەمەس، شەھەر، بەئەينى كويىقاپ. تېنەپ كېتىسەن، يۇر، يوق گەپنى قوي......

— كارىڭ بولمىسۇن...... ئۇقتۇڭمۇ؟! — ئالماس ئۇشتۇمتۇت جىددى ۋە قاپىغىنى تۈرۈپ، كېسىپ ئېيتتى، — كېتىۋەر، ئارىلاشما!......

شاتۇر دوغا مەڭدەپ كەتتى، نىمە قىلىشنى بىلمەي قالدى. بىر تەرەپتىن يولغا چىقىش ئالدىدا مەخسۇت بەگ ئۇنىڭغا: "ئالماسقا كوز - قۇلاق بول، كوز قىرىڭدىن كەتكۈزمە" دەپ تاپىلىغان ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ھېلىقى چاقماقلىق كېچىدىكى ۋەقەنى ئۇنتۇمايتتى، ئالماسنىڭ "سېنىڭ جېنىڭ ئۆزەڭگە گورە" دىگەن سوزى تېخىچە قۇلىغىدا جاراڭلايتتى......

— ئەمىسە، ماۋۇ پۇلدىن......— شاتۇر دوغا نائىلاج ئېيتتى.

— لازىمى يوق، ئۆزەڭ خەجلە...... كەچتە مەن ئۆزەم تېپىپ بارىمەن، — ئالماس شۇ گەپنى ئېيتتى - دە، بىر دوقمۇشتىن بۇرۇلۇپ، كوزدىن غايىپ بولدى......

ئالماس چۈشكىچە ناتونۇش شەھەردە تونۇش بولمىغان تونۇش ئادەملەرنىڭ ئادرىسىنى ئىزلەپ تېنەپ يۈردى. شەھەرنىڭ چوڭ رەستىلىرى ئاز، لېكىن، ئەگىر - بۈگرى، ئومۇچۇكنىڭ توردەك ئۇششاق كوچىلىرى سان - ساناقسىز

ئىدى. ئۇنىڭغا ئاپتۇۋا، چىلاپچا سوقۇۋاتقان مىسكەچىلەر، زەر-
گەرلەر، موزدوزلاردىن سوراشقا توغرا كەلدى. دوپپا بازىرىدىن
ئۆتتى. چەكمەن بازىرىغا باردى. ئاسىمنىڭ ئىنىسىنى بىلىدى-
غانلار تېپىلدى. لېكىن ئۇلار:

— ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆلگىنى سىزگە مەلۇم ئىكەن،
تاغىسى بېقىۋالغان ئىدى. لېكىن بۇ ئادەممۇ ئۇزاق پاشالمىدى،
خەيرىيات بۇ بالا كىشىلەر ئىشىگىدە تېنەپ - تەمتىرەپ يۈر-
گەن ئىدى...... بىر يىلچە بولدى، ئىز - دېرەكسىز غايىپ
بولۇپ كەتتى، ئۆلمىگەن بولسا، جاھاننىڭ ئىتتىگى كەڭ،
كۆڭلىنىڭ سېرىغىنى كورۈۋاتقاندۇ، — دېيىشتى.

ئالماس ئۈمىتسىزلىنىپ كەينىگە ياندى، ئەمدى ئۇ
ئاسىمنىڭ مۇئەللىم دوستىنى ئىزلەپ تېپىشقا قارار قىلدى.

ئاسىم بۇ كىشى توغرىسىدا ئالماسقا ناھايىتى كوپ
نەرسىلەرنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى ۋە بۇ مۇئەللىم دوستىدىن
پات - پات خەت ھەم ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ئەۋەتكەن
تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى، مەخپىي گېزىتلەرنى ئېلىپ تۇراتتى،
ئالماس بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەردار ئىدى.

ئادرېس ئېنىق بولغاچقا، بۇ ئۆيىنى تېپىش ئانچە
تەسكە چۈشمىدى. بۇرۇلۇپ-بۇرۇلۇپ بېرىپ توختايدىغان بىر
خالتا كوچا ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئالماس گىل بىلەن
بويالغان بىر يالغۇز قاناتلىق ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىدى،
ئەتراپقا قاراپ، ئىشىكنى قاقتى:

ئىشىك ئېچىلىپ، بوسۇغا تۈۋىدە كوزلىرى قاپ - قارا، پاكىز
كىيىنگەن، يىگىرمە ئۈچ، يىگىرمە توت ياشلاردىكى سۇمباتلىق
بىر ئايال كورۈندى.

ئالماس ئۇنىڭ كوزلىرىدىن غەمكىنلىكنى كورگەندەك بولدى:

— ئۇزلىرى رىزۋان خېنىم بولامدىلا؟ — دىدى ئالماس سەل تارتىنىپ - ئەيمىنىپ.

— خېنىم دىمەڭ، رىزۋان دەۋېرىڭ، — دىدى ھېلىقى ئايال ئۇزۇپلا ۋە ئېھتىيات قىلغاندەك سەل چوچۇپ:

— سىزگە كىم كېرەك، كىمنى ئىزلەيسىز؟ — دىدى.

— مەن ياڭاقلىق يېزىسىدىن، ئاسىم ئەپەندىم قېشىدىن كەلدىم......، — ئالماس توش يانچۇغىغا قول سېلىپ، ئاسىم-نىڭ خېتىنى ئېلىپ سۇندى.

رىزۋان خەتنى قولىغا ئېلىپ، تونۇش قەلەم ئىزىغا ئالدىراپ كوز يۈگۈرتتى - دە:

— ۋاي خۇدايىم......تونۇش بولمىغاندىكىن......تازىمۇ سەت بولدى...... قېنى، كېلىڭ، كېلىۋېرىڭ، تارتىنماڭ، — دىگىنىچە ئۇنى ھويلىغا باشلاپ، پېشايىۋان سۇپىسىغا كوپە سالدى، — ئولتۇرۇڭ...... ئاسىم تىنىچمۇ، سالامەت تۇردىمۇ؟...... پات - پات خەت يازاتتى، يازمايدىغان بولدى. ئابدىقادىرنى تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن مېنىڭ قولۇم خەتكە...... بارمىدى.

رىزۋان تۇيۇقسىز ئۇز ئېرى توغرىسىدا ئېغىز ئېچىپ قېلىپ، بىردىنلا كوڭلى يېرىم بولۇپ كەتتى، كوزىدە ياش ئەگىدى.

— ئابدىقادىر ئەپەندىم قولغا ئېلىنىپ كەتتىما؟ — ئالماس ھودۇقۇپ سورىدى.

— سىز ئابدىقادىرنى تونامتىڭىز؟ — رىزۋان ئاستا ئېيتتى.

— يوقسۇ، مەن ئاڭلىغان، ئاسىم ئەپەندىم ھەممىسىنى ئېيتىپ بەرگەن......

رىزۋان ئالماسقا سىنغاندەك قاراپ قويۇپ، ئاسىمنىڭ خېتىنى قايتا ئوقۇشقا كىرىشتى.

ئالماس رىزۋاننىڭ خەتنى ئوقۇپ بولۇشىنى كۈتۈپ، ھويلا ئىچىگە، يەردە ۋە تەشتەكلەردە ئۆسۈپ تۇرۇۋاتقان گۈللەرگە، يىپ بىلەن ئوگزىگە ياماشتۇرۇلغان ھەشقىپىچەكلەرگە قاراپ قويدى. بارى - يوقى چاققان ئىككى ئېغىز ئۆي، باشقا ھېچنىمە يوق ئىدى. ئالماس يەنە:

— مەن سىلەرنىڭ زۇمرەت دېگەن قىزىڭلار بارلىقىنىمۇ بىلمەيمەن، — دېدى.

رىزۋان خەتتىن كۆزىنى ئېلىپ:

— شۇنداقمۇ!...... ئۇ قىز دادىسى قولغا ئېلىنىپ كەتكەندىن كېيىن شۇكلا بولۇپ كەتتى. ھازىر ئۇخلاۋاتىدۇ......، — دېدى.

رىزۋان ئالماسقا ئىشەنگەن بولسا كېرەك، بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ بەردى...... ئۇنىڭ ۋەزىيەت توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى ئالماسنىڭ تونۇغان كىچە گىلاسلىق باغدا ئاڭلىغىنىدىن ئارتۇق ئەمەس ئىدى. لېكىن، ھازىر شەھەردە ئومۇمى تۇتقۇن بولۇۋېتىپتۇ. تۇتقۇن قىلىنغانلارنى بولسا، تۈرمىدە تىرىك كۆمۈۋاتقان ۋە ھەمىلىك خەۋەر تارقالغان. چۈنكى، جاللاتلار شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ جىنايەت ئىزىنى ئوچۇرمەكچى، كېيىن چاتاق چىقىرىدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى كۆزدىن يوقاتماقچى بولغان......ئابدۇقادىر دەل مۇشۇ جىنايى قىلمىشنى پاش قىلىپ، ئازاتلىقنى كۈتۈۋېلىش توغرىسىدا يېزىلغان تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى چاپنىنىڭ ئىچىگە تىقىپ مىچىتلەرگە بېرىپ، بامدات نامىزىغا

يىغىلغان جامائەتكە تارقىتىۋاتقاندا، ئۇز ئىچىدىن خائىن چى-
قىپ قولغا ئېلىنىپ كەتكەن...... مۇئەللىمە رىزىۋاننىمۇ قىزلار
مەكتىپىدىن ھەيدىگەن......

رىزىۋان سۆزىنىڭ ئاخىرىدا:

— سىز بىرنەچچە كۈن تۇرامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، بىزمۇ ئۇ يەردە بوش تۇرمىدۇق، دەرھال قاي-
تىمەن، ئەتىلا، — دېدى ئالماس......

— ئۇنداقتا......—دەپ ئويلىنىپ قالدى رىزىۋان،— ئاب-
دۇقادىرنىڭ ئاسىمغا ئېۋەتمەكچى بولغان ئازراق بىرنەرسىسى بار
ئىدى...... ئۇلگۈرەلمەي قالدى...... سىز ئېلىپ كېتىڭ......
بىراق، ھازىر يوق، بۇ يەردە ئەمەس......

— ئەمىسە، ئەتە ئەتىگەن كېلەيمۇ؟......

— ياق، ياق، خەتەرلىك، كەلمەڭ، — دېدى رىزىۋان، — مەن
ئۆزەم ئاپىرىپ بېرەي، ئۇنى بۇ يەرگە ئېپكەلگىلى بولمايدۇ،
تۇيۇقسىز تىنتىش مۇمكىن. مەن سىزنى......

ئالماس ياسىن خوجىنىڭ شەھەر ئىچىدىكى سارىيىنىڭ
ئادرېسىنى ئېيتىپ بەردى، ئەتە شۇ يەردە كۈتمەكچى بولدى
ۋە ئەمدىلا ئويغىنىپ چىققان زۇمرەت قىزغا يېنىدا بار ئاز-
تولا پۇلىنىڭ ھەممىسىنى تۇتقۇزۇپ، بۇ ئۆيدىن خوشلىشىپ
چىقىپ كەتتى......

كەچ كىردى. ئالماس تېخىچە شەھەر ئىچىدە ئايلىنىپ
يۈرەتتى. نەگە بارماقچى، نېمىنى كۆرمەكچى ئىكەنلىكىمۇ نا-
ئېنىق، مەقسەتسىز ئىدى. يۈرىكىنى نېمىدۇ بىرنېمە تىر-
نىغىنى پاتتۇرۇپ تاتىلايتتى ۋە ھەر تەرەپكە سورەيتتى. كىشىلەر
توپى ئارىسىدا چىرايى سۇنۇق، كىيىمى جۇل-جۇل، غېرىپ

بالىلارنى كورسە، ئاسىم ئەپەندىنىڭ يىتىم ئىنىسى شۇ ئەمەس-مىكىن دەپ ئىتتىك قارايتتى ۋە بۇ بالا بىلەن كورۇشەل-مىگىنى ئەلەم قىلاتتى. ئۇ يەنە ئىشسىز قالغان مۇئەللىمە-نىڭ ئېرى ئابدىقادىر توغرىسىدا ئويلىدى. "...... بۇ بىر مۇھىم ئادەم، ئاسىم ئەپەندىنىڭ تولىمۇ ئىشەنگەن ئادىمى...... تۇرمىگە بېرىپ باقسام قانداق بولاركىن...... ئۇچرىشىپ قالسام ئەجەپ ئەمەس......"

ئالماس ئۆز خىيالىنىڭ ھازىر ھېچ مۇمكىن بولمايدىغان نەرسە ئىكەنلىگىگە گۇمان قىلمىسىمۇ، لېكىن يەنە شۇلارنى ئويلايتتى.

ئۇ، شۇ خىياللار بىلەن، "جانان" كوچىسى ئالدىغا كەلگەندە، تۈيۈقسىز چوڭ رەستىدىن تاراسلاپ ئېتىلغان مىلتىق ۋە دۈپۈرلەپ يۈگۈرگەن ئاياق ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ئۇچۇق دۇكانلاردا پىلدىرلاپ يېنىپ تۇرغان شام چىراقلار ئارقا - ئارقىدىن ئۆچتى، كىشىلەر ئۇيۇر - تۇپۇر بولۇشتى ۋە ھەممە يەردە ھۈركىگەن مال پادىسىنىڭ دەك "قاچ - قاچ" باشلىنىپ كەتتى...... رىزۋان "تۈيۈقسىز تۇتقۇن قىلىش ۋە پات - پات قوراللىق بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش بولۇۋاتقانلىقى" توغرىسىدا سوزلەپ بەرگەن ئىدى. ئالماس سەگەكلەشتى ۋە يۈگۈردى......

ئالماس يۈگۈرۈپ "ھېيتكا" مەيدانىغا يېقىنلاشقاندا، ئارقىسىدىن ئېتىلىۋاتقان مىلتىق ئاۋازى كۈچەيدى. ئالدىدىن پاتىپاراق قېچىپ كېلىۋاتقان بىر توپ ئادەم چىقىپ كەلدى ۋە ئۇلار ئالماسنىمۇ ئۆزلىرى بىلەن قوشۇپ، يان تەرەپتىكى تار كوچىغا بۇرۇلدى.

دەھشەتلىك ۋە ئۈركۈپ قېچىش رەستىلەر ۋە چوڭ

يوللاردا دەرھال بېسىلدى، لېكىن، قاتمۇ ـ قات، ئۇچـەيـدەك سوزۇلغان تار كوچىلاردا دوپۇرلەپ يۈگۈرۈۋاتقان ئاياق ئاۋاز-لىرى ئۇزاققىچە بېسىلمىدى. ئالماس يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ ئۇز توپىنىڭ شالاڭلاپ، بىرنـەچچىلا كىشى قالغانلىقىنى سـەزدى. كوپىنچىسى ئوز ئويلىرىگە قاراپ يۈگۈرگەن، باشقىلىرى بولسا مەقسەتسىز ئەگەشكەن ئىدى. ئـەگەشكەنلەر ئـاز ۋە ئـۇلارمۇ بىردىن، ئىككىدىن تارىلىپ كېتىۋاتاتتى.

ئالماس يەنە بىر ئاز يۈگۈرۈپ، ئۆزى بىلەن ئاخىرقـى بىرلا ئادەمنىڭ قېچىپ كېلىۋاتقانـلىقىنى كـورۈپ تـوختىدى. ھېلىقى ئادەممۇ توختىدى. ئـۇلار خېلى بىر يـەرگىچە گـەپ قىلماي مېڭىشتى. ئەينەكلىك پانۇس يورۇق چېچىپ تـۇرغـان مېچىت ئالدىدىن ئوتۇشتى. كوچا جىمجىت ۋە خىلۋەت ئىدى.

— ھـەي...... ئۇكـا، — دىدى ھېلىقى ئادەم پەس ئاۋاز بىلەن، — سەن نەگە كېتىۋاتـسەن؟

ئالماس توختىدى:

— بىلمەيمەن......

— بىلمەيمەن؟

— شۇنداق......

ھېلىقى ئادەم ئالماسقا سەپسالـدى، سىنچىلاپ قـاردى:

— سەن بۇ يەرلىك ئەمەسمۇ؟

— ياق.

— سەرادىن كەلدىڭمۇ؟

— ھەئە، زەرەپشاندىن، يىراقتىن......

— زەرەپشاندىن؟...... زەرەپشان دەرياسى بويىدىنمۇ؟......

— شۇنداق......

ھېلىقى كىشى نىمە ئۈچۈندۇ ئۆزىنى سەل تارتىپ، قاياققا كەتسەمكىن دېگەندەك ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى. لېكىن، ئالماس ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن سەپسېلىپ بىردىن ھەيران بولدى. "ئېگىز بوي، ئورۇق، چوڭ كوز ۋە ئوڭ كوزىنىڭ ئاستىدا باشمالتاقتەك مېڭى بار" بىر خەنزۇ كىشى يېقىملىق، مۇلايىم ۋە لېكىن ئىشەنمىگەندەك قاراپ تۇراتتى. كىمدۇ ئۇنىڭ بېشىغا ئوڭگەن بادام دوپپا كىيگۈزۈپ، بېلىنى شاتىۋا بەلۋاغدا باغلاپ قويۇپتۇ، ئەمما بۇ، بىر قارىسىلا چېنىپ تۇراتتى......

ئالماس مۇنداق چىراي ۋە تەقى - تۇرۇمنى نەدىدۇ كورگەندەك ۋە ياكى كىمدۇ بىرسى تولىمۇ ئېنىق سۈپەتلەپ سوزلەپ بەرگەندەك ھېس قىلىپ، گاڭگىراپ قالدى.

شۇ چاغدا، يېقىنىلا بىر يەردىن ئېتىلغان مىلتىق ۋە كوچا بېشىدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئاياقلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. خەنزۇ كىشى ئالماسقا "خوش ئۇكا، ئوزەڭنى ياقىغا ئال" دېگەندەك قولى بىلەن شەرەت قىلىپ، ئوزى مېچىتنىڭ كەي- نىدىكى ئوچۇقچۇلۇققا يۈگۈردى...... ئوچۇقچۇلۇق بەكمۇ خە- تەرلىك، ھازىرلا تۇتۇۋېلىش مۇمكىن ئىدى...... ئالماس ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ قولىدىن سورىغىنىچە ئېپكىلىپ، مېچىتنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتتى - دە، ئىشىكنى تېشىدىن زەنجىرلەپ، ئوزى مېچىت ئالدىدىكى سۇپىغا چىقىپ، پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى.

شۇ ئارىدا مىلتىق تۇتقان توت - بەش ئەسكەر ۋە تاپانچىلىق بىرنەچچە يالاقچى يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى.

— سەن كىم، نىمە ئادەم؟ — دېيىشتى ئۇلار ئالماسقا ھاپىلا - شاپىلا يېپىشىپ.

ئالماس خاتىرجەملىك بىلەن:

— كۆزەتچى، كوچا باقىمەن، — دېدى.

— ئادەم ئۆتتىمۇ؟......

— ئۆتتى......

— خىتايمۇ؟......

— تاڭەي، نىمىكىن......

— قاچتىمۇ؟

— قاچتى......

— قېنى، نەگە؟!......

— ئەنە، ئاۋۇ ئۇچۇۇقچۇلۇققا، چوڭ يولغا......

ئۇلار چېپىشىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئالماس ئاياق تىۋىش- لىرى بېسىلغىچە ئورنىدىن قىمىرلىمىدى. ئاندىن ئىشكنى ئېچىپ مېچىت ئىچىگە كىردى.

— ئوكا، ساڭا رەخمەت، بۇ يەردىن كېتەيلى، — دېدى خەنزۇ كىشى مۇلايىملىق بىلەن، — مېچىت ئىكەن. بولماي- دۇ......

ئالماس ئويلىنىپ قالدى. تالاغا چىقىشتى. ئۇلار تاكى تاڭ سەھەر مەزگىلى يېتىپ كەلگىچە كوچىدىن كوچىغا، مەھەللىلەرگە ئۆتۈپ، بىر بىرىنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئايرى- لىشمىدى. ئۇلار نەگە ۋە كىمنىڭكىگە بېرىپ يوشۇرۇنۇشنى بىلمەيتتى ۋە ھېچقانداق مولچىرىمۇ يوق ئىدى. لېكىن، ئال- ماسنىڭ كوڭلىدە مىڭبىر خىيال ۋە ئاجايىپ يېقىملىق

پەرەزلەر دولقۇنلىنىپ، تولۇش بولمىغان تونۇش ئادەم ئۇس-تىدە ئويلايتتى......

— تاڭ سۇزۇلۇۋاتىدۇ، قارا، قانداق چىرايلىق تاڭ! — خەنزۇ كىشى كىچىككىنە كول بويىدىكى تېرەكلىك ئارىسى-دىن سەھەر ئاسمىنىغا قارىدى، — پات ئارىدا ئازات بولىمىز، ئاز قالدى، شۇنداق كۈنلەر كېلىدۇ...... تاڭ ئاتىدۇ......

ئالماس ھاياجانلىنىپ كەتتى. مۇنداق سوزلەرنى ئۇ ئاسمىنىڭ ئاغزىدىن ئون-يۈز قېتىملاپ ئاڭلىغان ئەمەسمۇ؟ "نىمە دىگەن ئوخشاش، نىمە دىگەن ئۈمىتۋار......بەلكىم شۇدۇ، ھېچبىر خاتالاشمىغاندىمەن!......"

— سىز......يولداش دۇڭ داشى ئەمەسمۇ؟......

تۇيۇقسىز ئېيتىلغان بۇ سوز گويا ئوچۇق ھاۋادا چاقماق چېقىلغاندەك خەنزۇ كىشىنى گاڭگىرىتىۋەتتى، قولىغا ئىشەن-مەي قالدى. ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قارىدى...... ھېچكىم يوق، ھېچقانداق تىۋىشمۇ يوق. پەقەت ئاشۇ يىگىت، تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالغان چوڭ كوز، قوشۇمىلىرى تۇگۇلگەن سەرالىق يىگىت ھاياجانلىنىپ تىكىلىپ تۇراتتى، سەممى، پاك، جۇرئەتلىك بىر جۈپ كوز "ئۇز...... ئوز ئادەم" دىگەن-دەك قىلىپ تۇراتتى.

— ئۇكام، سەن...... سەن قانداق بولۇپ، "دۇڭداشى" دىگەن ئىسمنى بىلىسەن-ھە؟...... ۋە قانداق قىلىپ مېنى......

ئالماس خۇشال ھالدا ئوزى توغرىسىدا، ئاسىم توغرى-سىدا ۋە ئاسىمنىڭ ئاجايىپ ھىكايىسى — ئەسلەشلىرى توغرى-سىدا ئېيتىپ بەردى. "دۇڭ داشى دىگەن بۇ ئىسىم بىزگە

خېلىدىن بېرى تونۇش ۋە ئۇنى دائىم ئەسلەيمىز" دېدى.
ئاددىن مۇئەللىم رىزۋان ۋە قولغا ئېلىنىپ كەتكەن يولدى-
شى ئابدۇقادىرنى تىلغا ئالدى. شۇ چاغدا، دۆلكداشى:
— نىمە دېدىڭ؟ ئابدۇقادىر...... ئابدۇقادىر دەمسىنا؟ —
دەپ يەنە ھەيران بولۇپ ئالماسنىڭ قولىنى تۇتتى.
— شۇنداق، سىز ئۇنى بىلەمسىز؟......
— بىلىمەن، سەن ئۇنى......
— ئۇ، بىزنىڭ ئۇز كىشىمىز......
— شۇنداق، ئۇز كىشىمىز......
دۆلكداشى ئالماسنىڭ ئاددى سەرالىق يىگىت ئەمەسلىگىنى چۈشەندى، ئۇنىڭغا كوپ نەرسىلەرنى سوزلەپ بېرىش كېرەك ئىدى ۋە سوزلەپ بەردى:
دۆلك داشى ئۇرۇمچى تۈرمىسىدىن قاچقاندىن كېيىن، بىر تونۇش شوپۇر ئاغىنىسىنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ كۇچارغا كەلگەن، كۇچاردا ھوكۇمەت خىزمىتىگە "ئارىلاشقان" بىر پىكىرداش دوستى بولۇپ، شۇنىڭكىدە بىر مەزگىل پانالىنىپ تۇرماقچى بولغان. بەختسىز بولغىنى دۆلك داشى كەلگەندە بۇ كىشى قولغا ئېلىنىپ ئولتۇرۇلگەن ئىكەن، ئارقىغا قايتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا توپ-توغرا قەشقەرغە كەلگەن ۋە ئۇزىنىڭ ئالاقىدار كىشىلىرىنى ئىزلەشكە كىرىشكەن. بىراق، ئۇلارنى تېپىپ بولغىچە ئۇزى قولغا ئېلىنىپ كەتكەن...... تۈرمىدە ناھايىتى كوپ كەشلەر بىلەن، ۋىجدانلىق ئازاتلىق جەڭچىلىرى بىلەن تونۇشقان، پىكىرداشلار ئىتتىپاقى قۇرغان. مۇنداق پىكىرداشلاردىن بىرى ئەنە شۇ مۇئەللىم ئابدىقادىر ئىدى.

— كېيىنكى كۈنلەردە تۈرمە مەھبۇسلار بىلەن تونۇشۇپ،
ئادەم پاتمايدىغان دەرىجىگە يەتتى، — دېدى دۆك داشى. —
جاللاتلار مەھبۇسلارنى تۈركۈم-تۈركۈملەپ ئۆلتۈرۈشكە، تىرىك
كۆمۈشكە كىرىشتى. قانداق ئادەم، نىمە سەۋەپ بىلەن تۈر-
مىگە كىرگەن؟ سۈرۈشتۈرمەي ئۆلتۈرىدىغان بولدى. جاللاتلار-
نىڭ ئۆز جىنايىتىنى پاش قىلغۇچىلارنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى-
دىن قورقۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. بىز ئابدىقادىر بىلەن
كېڭىشىپ ئاممىۋى قېچىشنى تەشكىللىدۇق. بىر ئايچە تەي-
يارلىق قىلدۇق...... باشقا چارە يوق، قېرىنداشلارنى قۇتقۇ-
زۇش كېرەك ئىدى ۋە بۇ ئەمەلگە ئاشتى. بۈگۈن كېچە يۈز-
دىن ئارتۇق مەھبۇس قېچىپ قۇتۇلدى. مەن ئاخىرقىسى
ئىدىم، قولۇمدا گۈندىپايدىن تارتىۋالغان مىلتىق، تۈرمىداش-
لارنىڭ قېچىشنى قوغداپ تۇراتتىم، ئۇلارنىڭ تۈرمە تېمىدىن،
قاشالاردىن ئارتىلىپ، تەرەپ-تەرەپكە قېچىپ قۇتۇلغىنىنى
كۆرۈپ تۇردۇم. دەل شۇ چاغدا قېچىۋاتقانلاردىن بىرسى
كەينىگە يېنىپ، يۈگۈرۈپ ئالدىمغا كەلدى. قارىسام ئابدىقادىر
ئىكەن. ئۇ:

— تازا ئاداش ئىكەنسەن! يۈر، نىمە تۇرىسەن، تاشلا
مىلتىقنى! — دەپ ۋاقىرىدى. تامدىن ئارتىلدىم، بىللە يۈگۈر-
دۇق. كېتىۋېتىپ ئابدىقادىر قانداقتۇ بىر دوپپا بىلەن بەل-
ۋاغنى ماڭا تەڭلىدى. بېشىمغا كىيگۈزدى، بېلىمگە باغلى-
دى...... دەررۇ سېزىپ قالمىسۇن دىگەن بولسا كېرەك. بىز
يۈگۈرۈپ ھېيتكا مەيدانىنى كېسىپ ئۆتمەكچى، مەيداندا
ئادەم كوپ، كىشىلەرگە ئارىلىشىپ كەتمەكچى، كېيىن يول
تاپماقچى بولدۇق. بىراق، ھېيتكا مەيدانىغا كېلىپلا تۇت

تەرەپتىن قاپساپ كەلگەن ھەربىلەرگە يولۇقتۇق. بۇرۇلۇپ بىر تار كوچىغا ئۇزەمنى ئاتتىم. شۇ يەردە ئابدىقادىر بىلەن ئېزىقىشقان بولساق ئېھتىمال. لېكىن مەن تار كوچىدا يۈگۈرۈپ تاكى سەن بىلەن يولۇقۇپ سوزلەشكىچە، سېنى ئابدىقادىر دەپ ئويلاپتىمەن. كېيىن بۇ، مانا سەن بولۇپ چىقتىڭ......

تاڭ سۈزۈلمەكتە، چوڭ-كىچىك مىچىتلەردىن ئاڭلانغان "ئەزان" ئاۋازى خېلى بىر كەمگىچە شەھەرنى قاپلىدى.

دۈكداشى نىمىندۇ ئويلاپ بىر پەس تۇردى-دە، بۇرۇلۇپ ئالماسقا قاراپ، ئوڭ قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئالدى:

— ئۇكام ئەمدى بىزنىڭ ئايرىلىدىغان ۋاقتىمىز بولدى، — دېدى دۈكداشى، — ئاغىنىلەرنىڭ ھەممىسىگە مەندىن سالام ئېيت، ئاسمىنىڭ قولىنى مەن ئۇچۇن قىسىپ كورۇشكىن، پات-ئارىدا بەلكىم بىز يەنە ئۇچرىشىپ قالارمىز......

بۇ گەپ ئالماسقا تولىمۇ ئوشتۇمتۇت ۋە غەلىتە بولۇپ ئاڭلاندى:

— ئايرىلىش! قانداق ئايرىلىش؟ سىز......

— شۇنداق ئۇكام، ئايرىلىشىمىز كېرەك، — دۈك داشى قەددىنى رۇسلاپ، مەردانىلىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى، — ھازىر يورۇق چۈشىدۇ، شەھەر دەرۋازىسى ئېچىلىدۇ. مەن شەھەر ئىچىدىن چىقىپ كەتسەملا قۇتۇلۇپ كېتىمەن. لېكىن، ئىككىمىزنىڭ مۇشۇ پەيتتە بىللە بولۇشىمىز پايدىسىز. مېنى ھەر-قاچان تۇتۇۋېلىشى مۇمكىن لېكىن، سەن تۇتۇلماسلىقىڭ كېرەك. ئاز بىر قىسمى بولسىمۇ، تۈرمىدىن يۈزدىن ئارتۇق سەپداشلار قېچىپ قۇتۇلدى. ئۇلار ئازاتلىقنى كۈتۈۋېلىشتا ۋە كېيىن-

كى كۆرەشلەردە بەكمۇ ئىھتىياجلىق بولغان كىشىلەر ئىدى. مەن خاتىرجەم بولدۇم. بىز يولداشلارنى كوپرەك ساقلاپ قىلىشىمىز، پارتىيىنىڭ تاپشۇرۇغىنى ئورۇنلاشقا تەييار بولۇپ تۇرۇشىمىز لازىم......

دۇك داشى شۇنىڭدىن كېيىن ئازاتلىق ئارمىيە تەركىدە ئۆزىنىڭ بىر ئىنىسى بارلىغىنى، ئىسمىنىڭ دۇڭتېخەن ئىكەنلىگىنى، شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىۋاتقان قىسىم بىلەن بىللە كېلىۋاتقانلىغىنى ئېيتىپ بەردى:

— بەلكىم ئۇچرىشىپ قالارسىلەر، دۇك تېخەن سەندىن بەش - ئالتە ياشلار چوڭ، ماڭا بەكمۇ ئوخشايدۇ، — دەپ سوزىنى تۈگەتتى.

يورۇق چۈشتى. ئەمدى بۇ يەردە تۇرۇش پايدىسىز ئىدى. يولغا چىقىشتى. دۇك داشى دوپپا بىلەن بەلۋاغنى ئېلىپ ئالماسقا بىرىۋەتتى:

— سەن ئېلىپ قوي، ۋاقتى كەلسە، ئابدۇقادىرغا بىرىۋەتكىن، — دىدى.

دۇك داشىنىڭ ئاخىرقى گېپى شۇ بولدى. ئۇلار بىرنەچچە قەدەم ماڭا - ماڭمايلا بارلىق كوچا ئېغىزلىرىنىڭ قوراللىق ئەسكەرلەر، تاپانچىلىق يالاقچىلار بىلەن تولغانلىغىنى كوردى...... يىراقتىن ئىككى ئادەمنىڭ قارىسىنى كورگەن قاراقچىلار غالجىر بورە ئىتلىرىدەك، بىردىنلا ئېتىلىپ كېلىشتى......

### 3. قېرىنداشلار

شىددەتلىك ۋە چىدام بىلەن ئېلىشىش بىرنەچچە مىنۇتلا داۋام قىلدى. دۇك داشى ئالماسنى قاچۇرۇۋېتىش ئۇچۇن

ھەرقانچە قىلسىمۇ، لېكىن، ئالماسنىڭ ئۆزىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي، يالاقچىلار بىلەن تىغمۇ-تىغ تۇتۇشۇۋاتقانلىغىنى، ئەكسىچە، ئۆزىنى قوغداۋاتقانلىغىنى كوردى. قوغداپ قېلىش تەس ئىدى. دۆڭداشى ئالماسنىڭ قېچىپ كەتمىگىنىنى ئۈچۈن ئۆنىڭغا ئەلەم ۋە سەۋرىسىزلىك بىلەن قاراپ-قاراپ قوياتتى ھەم ئاخىرغىچە ئېلىشتى......

ئۇلارنى تۇتۇۋېلىشتى......

دۆڭداشنى تۇتۇش — جاللاتلارنىڭ ئاساسىي مەقسىدى ئىكەنلىكى بىردىنلا روشەنلەشتى. ئۇلار كوچا ئېغىزىغا كېلىپلا ھەممە ئەسكەر ۋە يالاقچىلارنى ئۆزىگە ئەگەشتۇرۇپ ئېلىپ كەتتى......

تۆرمە — دەھشەتلىك تۆرمە......

دۆڭ داشى قورالىق جاللاتلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا تۆرمە دەرۋازىسىدىن كىرىپ، تار ۋە زەي پۇراپ تۇرغان كارىدوردىن ئۆتتى، كېتىۋېتىپ، كارىدورنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئويلەردىن بېشىنى سوزۇپ قارىشىۋاتقان مەھبۇسلارنى سىنچىلاپ كوزدىن كەچۇردى. ئاندىن بۆلۈگىدىكى چوڭ ئۆيگە كىردى. بۇ يەردە كېچىدىن تۇتقۇن قىلىنغان ئەللىك-ئاتمىشچە ئەر-ئايال تۇراتتى. دۆڭ داشى ئۇلارغا ئالدىراپ قاراپ چىقىپ، ئاخشام ئابدۇقادىر بىلەن بىرلىكتە قاچۇرۇۋەتكەن سەپداشلارنىڭ بىرىنىڭمۇ قولغا چۈشمىگەنلىكىنى كورۇپ، سەل كۆلۈمسىرىگەندەك بولۇپ ئالماسقا قارىدى. ئالماس ئۇنىڭ مېھرىۋان ۋە دادىل يېنىپ تۇرغان كوزلىرىدىن بىر خىل خاتىرجەم رازىمەنلىكنى كورگەندەك بولدى.

شۇ ئارىدا غىلاپلىق ئەگرى قىلىچلىرىنى پۇلاڭلاتقان،

مىلتىقلىرىنىڭ نەيزىلىرىنى دۆڭ داشىغا تەرەپ - تەرەپتىن تەڭلەپ تۇرغان تۈرمە ئەسكەرلىرى بىردىنلا قېتىپ، تىنىك بولۇپ قېلىشتى.

ئىشىك تۈۋىدە ئۇجاگدەي تاقىغان، ياپما قاپاق، چوقۇر ۋە يۈزلىرىنى دانىخورەك باسقان جىگسا ئەمەلدارى كورۈندى. ئالماس بىر قاراپلا ئۇنىڭ ئالدىنقى كۈنى گىلاسلىق باغدى- كى زىياپەتتە ئۆزىگە خىرىس قىلغان ئاجۇيجاڭ ئىكەنلىكىنى پەملىدى.

ئاجۇيجاڭ ئۆيگە كىرىپ، ئۇدۇل دۆڭ داشىنىڭ ئالدىغا كەلدى. پەلەي ساپقان قوللىرىنى كەينىگە تۇتۇپ، پۇتلىرىنى كەردى:

— سەن، — دېدى ئۇ دۆڭ داشىغا قاراپ، — مەھبۇسلارنى قاچۇردۇڭمۇ؟......

دۆڭ داشى مەنسىتمىگەندەك قاراپ قويدى:

— قاچۇردۇم!

— قاچۇردۇم؟......

— شۇنداق

— ئۇلار ھازىر نەدە؟!......

— نەدە؟......، — دۆڭ داشى تەمكىن ۋە قەتئىيلىك بىلەن ئېيتتى، — سەنلەر مەڭگۈ تاپالمايدىغان يەردە، قېرىنداشلار ئىچىدە، ۋەتەن قوينىدا، يەنە نەدە بولاتتى؟...... ئۇلار خەلق ئازاتلىقى ئىشى ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلغان جەڭچىلەر. ئۇلار خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تەييار- لىق قىلىۋاتىدۇ...... سەن جاللاتلارنىڭ كاللىسىنى خەلق سودى-

نىڭ دارىغا مىخلاش ئۈچۈن ھوكۈم قەغىزى يېزىۋاتىدۇ......
تارت قولۇڭنى ئىپلاس!......

دۆك داشى ئۆزىنىڭ ئېغىزىغا ئۇرۇش ئۈچۈن مۇشت كوتەرگەن ئا جۈيجاڭنىڭ قولىغا تۈكۈردى. ئا جۈيجاڭ تىترەپ كەتتى، جېنى چىققان ھالدا جاللاتلارغا ۋاقىرىدى:

— ئېپچىق بۇنى!...... ئات!......

— ئىجرا قىلىنسۇن!......

توت جاللات دۆك داشىغا يېپىشتى. لېكىن، دۆك داشى جاللاتلارنى ئىتتىرۋېتىپ، خاتىرجەملىك بىلەن چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى ئېتىپ، ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. شۇ چاغدا ئالماس شوخشۇپ ئالدىغا ئىنتىلدى. لېكىن، دۆك داشى "يالت" قىلىپ ئۇنىڭغا قاراپ، قاپىغىنى سەل-پەل تۈرۈپ قويدى. ئالماس ئاچچىق بىر تولغىنىپ، ئورنىدا تۇرۇپ قالدى.

ئا جۈيجاڭ ئالماسنى كورۇپ قالدى ۋە دەرھال تونۇدى.

— ھۈي سەرالىق، — دېدى ئۇ، دۆك داشىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئالماسنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — سەن ياسىن شاڭخەينىڭ توگىچىسى ئەمەسمۇ؟......

— شۇنداق، — ئالماس تەمكىن جاۋاپ بەردى.

— سەن بۇ يەردە نىمە ئىش قىلىسەن؟

— بىلمەيمەن......

— بىلمەيمەن؟......

ئالماس گەپ قىلمىدى ۋە دۆك داشىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ئىشىك تەرەپكە قاراپ قويدى.

— سەن بۇ يەرگە قانداقچە كىردىڭ؟......

— تۇتۇۋالدى......

— تۇتۇۋالدى؟...... كىم تۇتۇۋالدى؟......

— جالالانلار...... گىلاسلىق باققا چىقىپ كېتىۋاتسام تۇتۇۋالدى...... بىكاردىنلا......

ئا جۇيجاڭ قولىنى شىلتىدى:

— قاپاقۋاش گالۋاڭ، چىق بۇ يەردىن ھاڭۋاقتى!......

ئا جۇيجاڭ ئىككى يالاقچىغا "سەرالىق گالۋاڭ"نى ياسىن خوجىنىڭ ئۆز قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپ، ئۆزى ئالدىراپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

ئىككى يالاقچى ئالماسنى مۇرىسىدىن ئىتتىرىپ تۈرمە ھويلىسىغا ئېلىپ چىقتى. ئالماس ئىنتىزارلىق بىلەن ئەتراپقا قاراپ، كوزلىرى بىلەن دۇك داشنى ئىزلەۋاتقاندا، بىردىن يان ئەرەپتىكى مۇدھىش قارا ئويدىن:

— ياشىسۇن جۇڭگو كوممونىستلار پارتىيىسى!

— ياشىسۇن خەلق ئازاتلىغى ئىنقىلاۋى!

—......

دىگەن يالقۇنلۇق سادالار پۈتۈن تۈرمە ئويلىرىگە—ھويلىغا جاراڭلاپ ئاڭلاندى. ئارقىدىن "گۇم-گۇم-گۇم" قىلغان مىلتىق ئاۋازى كەلدى.

ئالماس كوزىگە لىققىدا ياش ئېلىپ، چىشلىرىنى مەھكەم كىرىشتۇرۇپ، ئىختىيارسىز بېشىنى توۋەن سالدى......

شۇ كۈنى چۈشكىچە ئالماس ئۆزىنىڭ نەگە بېرىپ، نەدە تۇرغىنىنى سەزمەي دىگۈدەك يۈردى. ئىككى يالاقچى دەسلەپ ئۇنى ياسىن خوجىنىڭ ئىچىدىكى شەھەر ساربىيىغا ئېلىپ باردى، كېيىن گىلاسلىق باققا ئېلىپ چىقتى، ياسىن خوجا بىلەن نىمىنىدۇ كۇسۇرلاشتى، ئاندىن ياسىن خوجا ئالماستىن نىمىنىدۇ ئاسماقچىلاپ سورىدى، كايىپ ۋاقىردى.

شاتۇر دوغا بولسا، ئالماسنىڭ ئەتراپىدا پىقىراپ توختىماي جاۋىلدايتتى...... لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالماس ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز بىر نىمە ئىدى. ئۇنىڭ پەرىشان بولغان كوڭلىدە جەڭگىۋار سەپداش دۇك داشىنىڭ پارلاق ئوبرازى نۇر چېچىپ تۇراتتى...... ئالماس دۇك داشىنى قۇتقۇزالمىغانلىقى ئۈچۈن قانداقتۇ ئوزىنى ئەيىپلەپ، گۇناكار ھىساپلايتتى ۋە ھەدەپ: "...... يۇزدىن ئارتۇق قىرىنداشنى قۇتقۇزغان باتۇر دىگەن مۇشۇ!...... قەيسەر ئىنقىلاپچى دىگەن مۇشۇ!...... بىز ئۈچۈن ھېچنىمىسىنى ئايىمايدىغان كوممۇنىست مۇشۇنداق بولىدىكەن-دە!" دەپلا ئويلايتتى.

يالاقچىلار كېتىشتى، ئەلۋەتتە ئۇلار ياسىن خوجىدىن ئىنئام ئېلىشنى ئەستىن چىقىرىشمىدى. يالاقچىلار كەتكەندىن كېيىن، ياسىن خوجا ئالماس بىلەن مەشغۇل بولۇشنى قويدى-دە، شاتۇر دوغىغا دەرھال يولغا چىقىشنى بۇيرۇدى.

— ھەي...... قانداق نادانسەن-ھە، ئۇكا، — دىدى شاتۇر دوغا ياسىن خوجا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئالماسنىڭ يېنىدىن تارتىپ تۇرۇپ، توختىماي جاۋىلداپ. — ئاكاڭ، ھەر ھالدا ئىككى ئىشتانىنى سەندىن كوپرەك يىرتقان...... ئېزىپ قالىسەن، تېنەيسەن دىمىدىممۇ؟...... قانداق، مېنىڭ دىگىنىم كەلدىمۇ؟...... ياسىن خوجىغا رەخمەت دىگىن، ئەمما بۇ سېنىڭ خىيالىڭدىمۇ يوق، تۇنۇگۇن بۇ يەردە قانداق ۋەسۋەسە-ھە؟ سەن كەلمىگەندىن كېيىن، "مانا، دىگىنىم كەپتۇ، تېنەپ كېتىپتۇ" دەپ ئويلىدىم. پۇتۇم يولدا، كوزۇم ئەتراپتا بولدى. شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئۇشتۇمتۇت تاقىلىپ كەتكىنىچۇ!...... تازىمۇ پىشكەلچىلىك. ھەممە كىشى "ھەربى

ھالەت، ھەربى ھالەت بولدى، تۈتقۈن قىلىش باشلاندى......"
دېيىشىپ، پاتپاراق قېچىشىپ يۈرگەننىڭ ئۈستىگە بېرىپ
قالسام بولامدۇ؟...... ھەربى ھالەتتى ماڭا نېمىدى، سەلدىن
ئەنسىرىدىم. نېمە ئامال بار؟ ئىككى سەكرەپ ياسىن خوجىنىڭ
ئالدىغا يۈگۈرۈپ كىردىم:

— ئالماس بۇ شەھەرگە يېڭىلا كەلگەن. شەھەر نېمە،
يول نېمە؟ ئۆي-چوڭقۇرنى نېمە بىلسۇن! مەن گال-
ۋاڭ ئۇنى كەينىمگە سېلىپ يۈرۈپ، ھاماقەت، تىنىتىپ قويدۇم.
بىخەستەلىك ئۆتتى...... يامان بولدى. توگىلەرنىڭ يىمىگى
تۈگىدى، ھېچنىمە يوق، يولدىن قالدۇق......— دەپ گەپ
ياسىدىم. مۇشۇنداق دىدىم. ئۆزەڭ بىلىسەن، ياسىن خوجا
بولسا، ئاكاڭنىڭ گېپىنى ئىلىك ئېلىپ كەلگەن، سەل قارد-
مايدۇ، دەسلەپ بۇ جاناپ پۈشۈلدىدى، لېكىن مەن ئېزىپ-
ئىچۈرۈپ ئەزۋەلەۋەرگەندىن كېيىن دەرھال جىڭساجۇيى-
گە ئادەم كىرگۈزدى. نەدىكىنى!...... سېنىمۇ، سېنىڭ قاراڭنە-
مۇ كورمەپتۇ ئۇلار. "جەزمەن تۇتۇۋاپتۇ" دەپ ئويلىدىم. يەنە
ياسىن خوجا ئەتراپىدا پىتىرىدىم...... بۈگۈن تاڭ يورۇش بىلەن
تەڭلا يەنە ياسىن خوجىدىن خەت ئېلىپ، جىڭساجۇيىگە
يۈگۈردۈم. ئا جۇيجاڭ دەمدۇ؟ ھە، شۇ كىشىنىڭ ئويىگىلا
باردىم. خەتكە قارىدى، "ھېلىقى توگىچىمۇ؟" دەپ سورىدى.
"شۇنداق، دەل ئۆزى!" دىدىم. ئو كىشى بولسا "بوپتۇ، سەن
قايت، بىز ئىزلەيمىز" دىدى. مانا، گەپ نېمىدە؟ ئەگەر
ياسىن خوجا خەت يازمىغان بولسا، ئۇكا، ئېھتىمال ئىككىمىز-
نىڭ دىدار كورۇشۇشى ئۇ دۇنياغا باقى بولۇپ قالاتتىمى-
كى!...... يۈر ئۇكا، بۇ شەھەردىن ئىسسىغىدا كېتىۋالايلى......

ئالماس گەپ قىلمىدى. شاتۇر دوغا ئالدىراپ تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتى. شەھەر دەرۋازىسىغا ئېلىپ بارىدىغان چوڭ يولدا توگە، قوڭغۇراقلىرىنىڭ بوم، لەرزان ئاۋازى يەنە رىتىملىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. دەرۋازىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئالماس شاتۇر دوغىغا ياندىشتى:

— شاتۇر، — دېدى ئۇ سىناش نەزىرى بىلەن شاتۇر دوغىغا قاراپ، — بۇ قېتىم سەن ھەر ھالدا ئۇز ۋەدەڭدە تۇردۇڭ. بۇنى بىز ھېساپقا ئالىمىز. ئەمدى يەنە بىر ئىش: مېنىڭ يەنە ئازراقلا ئىشىم بار. كېچىكمەيمەن. بولامدۇ؟......

شاتۇر دوغا نېمە قىلىشنى بىلمەي ناھايىتى ئەپسۇسلاندى:

— ئۇكا، سەن......

— بولدى. گەپ دىگەن گەپ. مەدىكار بازىرىدا كەينىڭدىن يېتىشىۋالىمەن......

ئالماس كەتتى. توگىلەرنى چوڭ رەستىدە توختىتىپ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. شاتۇر دوغا توگىلەرنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتتى......

ئالماس ياسىن خوجىنىڭ شەھەر ئىچىدىكى سارىيىغا تونۇش يول بىلەن بىردەمدە يېتىپ باردى. مۇئەللىمە رىزۋان ئۇنى مەشەدىن تاپماقچى ئىدى. ۋاقىت ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئۇنچىۋالا ساقلىشى ناتايىن بولسىمۇ، لېكىن ھەر ھالدا ئەھۋالنى بىلىش كېرەك ئىدى. قېرى سارايۋەن ئالماسنىڭ سوئالىغا:

— ھە، ھە، توغرا...... بۈگۈن ئەتىگەندىلا ياش بىر ئايال، ساراي ئالدىنى چوگىلىگەندەك قىلىۋىدى، لېكىن كېيىن

كورۈنمىدى. بۇ شەھەردە مۇنداق خانىملارنى ئاز دەمسەن،
دىققەت قىلماپتىمەن، — دىدى.
ئالماس بىر دەم ئويلىنىپ تۇردى - دە، دەرھال چەك-
مەن بازىرى تەرەپكە يۈگۈردى. تار كوچىلاردىن ئۆتتى،
ئاندىن تونۇش ئىشىك ئالدىغا بېرىپ توختىدى.
ئىشىك ھاڭقىرقاي ئوچۇق، ھويلىدىكى گۈللەر، ھەشقى-
پىچەكلەر دەسسەپ چەيلەنگەن، كۆپ سۇندۇرۇلغان ئىدى.
ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەر ھويلىدا چېچىلىپ ياتاتتى.
ئالماس كېچىدىن بۇ يەردە بۇلاڭ - تالاڭ بولغانلىقىنى
ئېنىق پەملىدى ۋە كەينىگە قايتتى.
ئۇ، چوڭ رەستىگە چىققىدىغان يول ئۈستىدىكى مىچىتنىڭ
ئۇدۇلىغا كەلگەندە بېشىغا دوپپا كىيگەن، ئۈستىدە ياغلاش-
قان كالتە كەمزۇلى بار، كوزلىرى ئۆتكۈر ۋە يۈزلىرى قىپ-
قىزىل بىر يىگىت ياندىشىپ كەلدى:
— قېرىنداش، سىز ھازىرلا يولغا چىقامسىز؟ — تۇيۇقسىز
سورىدى ھىلقى يىگىت.
ئالماس ھاڭ - تاڭ بولۇپ، يىگىتكە سەپسىلىشقە
مەجبۇر بولدى.
— ماڭغاچ سوزلىشمىز، مىڭمۇھرىك، — دىدى ھىلقى
يىگىت خاتىرجەملىك بىلەن، — مېنىڭ ئىسمىم قۇربان. ياسىن
شاڭخەيىنىڭ تېرە - ئۈچەي ئىشخانىسىدا شاگىرت ئىشچىمەن.
ھازىر بۇ ئىشخانا تاقىلىپ قالدى، بىر ئايچە بولدى، باشقا
بىر ئىشخانىدا پىيما بېسىۋاتىمەن. گەپ بۇ يەردە ئەمەس.
سىز ئىزلىگەن رىزۋان تۈنۈگۈن پېشىن بىلەن بۇ ئويدىن
باشقا يەرگە يوتكەلگەن، كېچىدىن تۇرمىدىن قېچىپ چىققان

يولدىشى ئابدۇقادىر ئەپەندى بىلەن ئۇچراشتى. بۈگۈن ئەتىگەن ئۇلارنى شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىرىپ بىر ئىشەنچلىك يەرگە يولغا سالدۇق. بۇ بىر گەپ، ئىككىنچىدىن، سىزگە بېرىدىغان بىر ئامانەت نەرسە بار، قەيەردە تاپشۇرۇۋالىسىز؟......

ئىشچى قۇرباننىڭ گېپى سەممى ۋە ئىشەنچلىك ئىدى. ئالماس ئۇنىڭ قولىنى چوڭقۇر دوستلۇق تۇيغۇسى بىلەن سىقتى:

— مەن ئۆزەم بىللە بارايمۇ؟......

— ياق، ياق، بولمايدۇ، — دېدى قۇربان، — مەن سىزنى بايىقى سارايىنىڭ قېشىدىن كۆزىتىپ كەلدىم، سارايۋەن توغرا ئېيتتى. رىزۋان سىزنى ئىزلىگەن. كېيىن بۇ ئىش ماڭا تاپشۇرۇلدى. ئامانەتنى قەيەرگە يەتكۈزۈپ بېرەي؟......

ئالماس "مەدىكار بازىرى" نى بەلگە قىلدى. ئايرىلىشتى......

شاتۇر دوغا ئالماسنى كورۇپ، رازى بولۇپ كەتتى:

— بەللى ئۇكا، تولىمۇ ۋەسۋەسىگە سالدىڭ-دە، ھەرنىمە بولسا دىگىنىڭدە تۇرۇپسەن. ساقلاتمىدىڭ، يۇر كەتتۇق!......

شاتۇر دوغا توگىلەرنى تەرتىپكە سالغىچە، يان يولدىن ئىشچى قۇربان كورۇندى. ئۇلار "قۇم دەرۋازا" دىن چىقىقىچە گەپلەشمەي ميڭىشتى. بۇرۇلۇشتىكى خىلۋەت يولغا چىققاندا، قۇربان ئەسكى لاتىغا ئورالغان بىر بوپىنى ئالماسقا بەردى. ئالماس ئۇنى توگىلەرنىڭ ئۇستىدىكى تاغارلاردىن بىرىگە تىقتى.

— قۇربان، — دېدى ئالماس قۇرباننىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ، — سىزگە رەھمەت!......

— ھاجەتسىز، ئۆز ئىش، — دېدى قۇربان بىللە كېتىۋېتىپ، — ھە، راست، بۈگۈن ئەتىگەن سىز قانداقچە كېچىكىپ قالدىڭىز؟......

ئالماس ئېغىر بىر تىنىپ قويدى. ئەتراپقا قارىدى. كېچىدىن ئۆزى يولۇققان، مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغان ھادىسىلەرنى قىسقا، لېكىن ئېنىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى......

— ئوھو......مۇنداق ئىش ئىكەن-دە! — ئىشچى قۇربان چىن كۆڭلىدىن ئەپسۇسلىنىپ كەتتى، — ئەستاغپۇرۇللا، بۇ نېمە دېگەن بىمەنىلىك!......ئابدۇقادىر ئەپەندى قېچىپ ئالدى بىلەن مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلدى. بىر مىنۇتمۇ تۇرغىنى يوق. "بېشىدا ئۆڭگەن بادام دوپپا بار، ئۆزى خەنزۇ كىشى، دەرھال ئىزلەش كېرەك" دېدى. مەن ئۆزەمنىڭ يەنە ئىككى ئىشچى ئاغىنەمنى تېپىپ كەلدىم. تۆتىمىز يېرىم كېچىگىچە شەھەر كوچىلىرىنى قېدىرىپ يۈردۇق، ئابدۇقادىر ئەپەندى شۇنداق جىلى بولۇپ كەتتىكى، ئۆز دوستىنى نەدە يوقىتىپ قويغانلىقىنى زادى ئەسلىيەلمىدى، خەنزۇ كىشى دەپ ئەگەشتۈرۈپ يۈرگىنى باشقا بىر ئۈركۈپ قاچقان ھاڭۋاقتى بولۇپ چىقىپتۇ......كەينىگە يېنىپتۇ، تاپالماپتۇ......

ئۇلار خېلى بىر يەرگىچە جىمجىت گەپ قىلماي مېڭىشتى. دۆڭ داشىنىڭ ۋاپاتى ئۇلارغا ئېغىر تەسىر قىلغان ئىدى.

ئۇلار جەڭگىۋار سەپداش دۆڭ داشى، يېتىپ كېلىۋاتقان ئازاتلىق، قىزىل تاڭ خۇشاللىقى ۋە يېڭى كۈرەش ۋەزىپىلىرى

ئۈستىدە قانىماي سوزۇلىشىپ، بىر كوۋرۇك ئۈستىگە كەلگەندە، خوشلىشىشقا توغرا كەلدى.

قۇچاقلىشىپ ئايرىلىشتى......

شاتۇر دوغا ھەيران بولۇپ ئالماستىن:

— ئۇكا، پەملىشىمچە، سەن بىر ئىش قىلىپ يۈرسەن-غۇ، — دەيمەن. بۇ كاسىپ يىگىتنى نەدىن تاپتىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— كارىڭ بولمىسۇن، بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز ھەممە يەردە بار، — دەپ جاۋاپ بەردى ئالماس.

## توققۇزىنچى باپ

# 1 . دار ئالدىدا

تەجرىبىلىك كارۋانلار ئۈزۈن ۋە قاقرام چۆللەرنى بېسىپ
مېڭىشقا توغرا كەلگەندە، كۈندۈزى ئات-تۆگىلىرىنى ھاردۇق
ئالدۇرۇپ، كېچىسى يول يۈرۈشىدۇ ۋە بۇنى ئۇلار سۇ تەش-
نالىغى كەمرەك بولىدۇ، كېچىسى يول ئاۋۇيدۇ، دەپ چۈشەن-
دۈردۇ. ئەمما شۇ تاپتا، ئالماس قەشقەر ۋادىسىدىن ئايرى-
لىپ تەكلىماكان قىرغاقلىرىدىن كېتىۋېتىپ، شاتۇر دوغىنىڭ
مۇنداق كونىچە يول يۈرۈش پىلانىنى رەت قىلدى:

— قويە، شاتۇر، ئەزمىلىك قىلما، سەن يەنە بىر قېتىم
يول يۈرگىنىڭدە ئاشۇنداق قىلارسەن، بۇ قېتىم بولمايدۇ، بىز
كۈندۈزىمۇ، كېچىسىمۇ ماڭايلى، — دېدى.

ئۇلار ئىككى ئوتەڭ، بىر قونالغۇدىن ئوتكىچە، شاتۇر
دوغا ھە دەپ تاكاللاشتى، كېيىن ئالماسنىڭ ئالدىرىشىنىڭ
بەزىبىر سەۋەپلىرىنى خالار-خالىماس چۈشىنىپ بىرئاز
غودۇڭشىدى-دە، جىم بولدى.

توگىلەر بىر خىل، لېكىن توختىماي مېڭىشتى. قاتمۇ-
قات قۇم بارخانلىرى، قاقرام ساي ۋە چۆل توغراقلىرى جىمجىت
ئارقىدا قالدى. چولگە ھاياتلىق بەلگىسى بولۇپ تارىغىنى

مۇڭلۇق قوڭغىراق ئاۋازى، خاتىرە بولۇپ قالغىنى توگە تاپە-ننىڭ ئىزى بولدى.

ئالماس توگىنىڭ ئۈستىدە مەزمۇت ئولتۇرۇپ ئۇز خىياللىرى بىلەن بەنت ئىدى. قەشقەر تەسىراتلىرى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇركەشلەيتتى...... يېڭى، كۈچلۈك. ئىلھامبەخش. ئۇتلۇق ئوي - پىكىرلەر ئۇنى تىنىمسىز ئالدىرىتاتتى......

بەش كۈنلۈك يول ئۈچ كۈندە بېسىلدى. شۇ كۈنى شام مەزگىلىدە توگىلەر ئاخىرقى تاشلىق سايدىن چىقىپ. ئادەمسىز چۆل بىلەن خوشلاشتى. شاتۇر دوغا توگىلەرنىڭ بېشىنى كونا هارۋا يولىغا بۇراۋېتىپ، بىردىنلا چولگە قاراپ كىرىپ كېلىۋاتقان بىر ئادەمگە كوزى چۈشتى:

— هوي، سەن ئېلىشىپ قالدىڭمۇ؟ قىسمەت چورۇقۇ سەن، — شاتۇر دوغا ئۇزىگە قاراپ كېلىۋاتقان قىسمەت چو-رۇقا ئەجەپلىنىپ قارىدى، — نەگە باراي دەۋىدىڭ، چولگە قاراپ ماڭغىنىڭ نىمىسى؟ يە بورىگە ئېزىق گوشى بولاي دېدىڭمۇ؟......قارا بۇنىڭ گاڭگۇڭلۇغىنى!......

قىسمەت چورۇق نىمە ئۈچۈندۇ شاتۇر دوغىنىڭ سوز-لىرىگە جاۋاپ بەرمىدى، ئۇ هە دەپ توگىلەرنىڭ ئۈستىگە كوز يۈگۈرتۈپ، كىمنىدۇ ئىزلىگەندەك قىلاتتى ۋە ئالماسنى كوردى. ئالماس بولسا، توگىدىن سىرىلىپ چۈشۈپ:

— قىسمەت ئاكا، يول بولسۇن، غەيرىتىڭ چوڭغۇ، پىرىيانە يەكەنگە تاشلاپ، ئەزدزانە قەشقەرغە ماڭغىنىڭ-مۇ؟...... — دىگىنىچە قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ كورۇشتى.

قىسمەت چورۇق كىچىككىنە، ئاق ئارىلىغان ساقاللىرىنى سىلاپ، كۆڭلى ئەمىن تاپقانىدەك، ئالماسقا خاتىرجەم بولۇپ قارىدى.

— يولۇڭغا قاراپ تۇرغىنىمغا ئىككى كۈن بولدى، — دېدى قىسمەت چورۇق ئالماسقا قاراپ تۇرۇپ، بايا چۆل ئىچىدىن توگە قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازى كەلدى. ھەقىچان شۇ. بالدۇرراق كۆزۈم كۆرسۇن دەپ ئالدىڭغا ماڭغىنىم ئۇكا......

— نىمە گەپ قىسمەت ئاكا، بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ — سورىدى ئالماس.

— ھېچ ئىشقۇ بولمىدى......لېكىن...... — قىسمەت چورۇق شاتۇر دوغىغا ئىشەنمىگەنىدەك قاراپ قويۇپ، گېپىنىڭ ئايىغىنى ئېيتمىدى.

ئالماس قىسمەت چورۇقنى ئەگەشتۈرۈپ يولنىڭ چېتىگە چىقتى:

— ئېيتقىنا، نىمە گەپ ئۇزى؟......

— مىنى ئاسىم ئەپەندى ئەۋەتتى، — دېدى قىسمەت چورۇق، ئۇزىگە ئىشىنىپ بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرغىنىغا زوقلانغان ھالدا، — ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، تەخىر قىلما. شاتۇر دوغا ئۇز يولىغا كېتىۋەرسۇن، بىزمۇ ئۇز يولىمىزغا......

— قانداقچە سەن، ئوچۇقراق بىر نىمە دېگىنە، كەتسەك كېتىمىز، قەتئى، — ئالماس بىتاقەت بولۇپ سورىدى.

قىسمەت چورۇق كالپۇكىنىڭ ئاستىغا ناسۋال قىستۇرۇپ توگە تۇمشۇغىنىڭ تېگىدە ھاڭۋېقىپ تۇرغان شاتۇر دوغىغا كۆزىنىڭ قىرى بىلەن قاراپ قويدى.

— مەيلى بولمىسا، ئېيتسام ئېيتاي. سەن قەشقەرگە

ماڭغان كۈننىڭ ئەتىسى بىز مەخسۇت بەگ بىلەن ئارىنى ئۈچۈق قىلدۇق. بىز ئۇن ئۈچ قورقماس مالاي ھازىر ئۇرمانلىقتا...... باشقا كەلگەننى كورىمىز دەپ قەسەم ئىچتۇق. گەپ شۇ. مەخسۇت بەگ ئاسىمنى تۇتۇش ئۈچۈن قوتراپ ھەممە يەرنى ئاختۇرۇپ يۈردۇ. تۈنۈگۈن سېنى كېلىشىڭ بىلەنلا تۇتۇش ئۈچۈن دەريا بويىغا ئادەم قويدى. ئاسىم ئەپەندى بولسا، شۇ زامات پېقىرنى ساڭا خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى، ئېلىپ كەل دېدى. بۇ يەرگە كېلىدىغان يىگىتلەرمىغۇ ئاز ئەمەس، لېكىن مەن قىسمەت چورۇق يول مېڭىشتىن ئېرىنمەيمەن، مۇھىم ئىش، مەن باراي دېدىم...... مەن قىسمەت چورۇق ئەدناسى قەشقەرغىمۇ بارالايمەن ــ دە!......

ئالماس پۈتۈن يول بويى ئويلاپ، بۇ ھەقتە ئېنىق قارارغا كېلىپ قويغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، قىسمەت چورۇقتىن يەنە بەزى نەرسىلەرنى ئالدىراپ سورىدى ــ دە، ئۆزى مىنىپ كەلگەن توگىدىكى ئىشچى قۇربان تەقدىم قىلغان بوپىنى ئالدى. ئاندىن شاتۇر دوغىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— شاتۇر، مەن ساڭا ھەممىنى ئېيتتىم، سەن بەگنىڭ لاۋازىمىدا بولۇۋەرگىن، بەگنىڭ كۈنى ئاز قالدى. سەن بالا ــ چاقىلىق ئادەم. ئۆز قېرىنداشلىرىڭغا قىزىل كوزلۇك قىلما، قولۇڭدىن كېلىشىچە بىزگە ھە ــ ھۇ دېيىشكىن. مەن كېتىمەن، بەگ سورىسا، مېنى ئاز ــ تولا يامانلاپ بەرسەڭمۇ بولىدۇ، كوزۇمنى غەلەت قىلىپ قېچىپ كەتتى دېگىن، ــ دېدى.

قىسمەت چورۇققا بۇ گەپ يېقىپ كەتتى.

— ھە، تۇرسەڭغۇ، كېتىۋەرگىن، ــ دېدى ئۇ شاتۇرغا ھومىيىپ قاراپ، ــ نېمە دېسەڭ لەببەي دەپ قول باغلاپ

تۇرىدىغان ئالماس بۈگۈن يوق. مەن قىسمەت چورۇقنىڭمۇ تېخى ساڭا قىلىدىغان خېلى گېپى بار……
شاتۇر دوغا ئالماسقا قارىدى:
— ئۇكا، مەن ۋەدەمدە تۇردۇم……
— شۇنداق، بىزمۇ ۋەدىمىزدە تۇردىمىز……
ئۇلار ئايرىلىشتى.
ئالماس بىلەن قىسمەت چورۇق تاڭ سۈزۈلۈشكە ئاز قالغاندا، كونىلۈن تىزمىلىرىغا تۇتاشقان بىر يوتا تاغنىڭ ئېتىگىدىكى قويۇق توغراقلىققا يېتىپ كېلىشتى. قىسمەت چورۇققا يول ناھايىتى ئېنىق ئىدى. ئۇ توغراقلىق ئىچىگە بىچكىرىلەپ كىرىپ، بىر قۇرۇق توغراق كوتىكىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، تۈگۈمىسىز كول بۇقىسىنىڭ ئاۋازىنى دوراپ ئۈچ قېتىم سايرىدى. ئالماس كۈلۈپ:
— بەللى، قىسمەت ئاكا، تېخى سىزنىڭ مۇنداقمۇ ھۈنىرىڭىز بار ئىكەن-دە! — دېدى.
قىسمەت چورۇق بىرنېمە دەپ جاۋاپ بەرگىچە، يان تەرەپتىكى شاخنى قايرىپ، بىرەيلەن چىقىپ كەلدى.
— ھە، قىسمەت ئاكامۇ سەن؟……
— ھە سالمان تاجىكمۇ سەن، مانا ئالماس……
ئاردىن يېرىم سائەت ئۆتكەندە، ئالماس ئوز قېرىنداشلىرىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇراتتى. ئالماس قەشقەردە كورگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى سوزلەپ بەردى. دۆڭ داشىنىڭ مەرتلەرچە قۇربان بولۇشى ھەممەيلەننى چوڭقۇر ھاياجانغا سالدى، ئىشچى قۇربان، مۇئەللىمە رىزۋانلارنىڭ ئەقىللىق، پۇختا ھەركەتلىرى مالاي دىخانلارنىڭ قەلبىدە يېڭى ئۈمىدنىڭ پەيدا قىلدى.

شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار ئاسمىننىڭ ھېكايىسى بويىچە ئۆزلىرىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان دۆڭ داشى توغرىسىدا يېنىپ-يېنىپ سورايتتى ۋە ئۇنى ھۆرمەت ئىپتىخار بىلەن خاتىرىلەيتتى......

ئالماس گىلاسلىق باغدىكى زىياپەتتە ئاڭلىغان جىڭسا ئەمەلدارى بىلەن ئابدۇللا داموللا دېگەن مۇتەھەممىنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزۈۋاتقاندا، تۇيۇقسىز جۇما يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى، ئۇ:

— ئىش چاتاق، ئولتۇرامسىلەر، مەشرەپ بىلەن ئىككىمىز ئۆي ئارىلاپ يۈرسەك، تېخى ھېلىلا" خۇدالىق مەدرىس" تەرەپتىن بىرنەچچە ئاتلىق چاپارمەنلەر چىقىپ، بايىز خالۋاپنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇۋەتتى، ئاندىن يەنە ئىككى ئۆيگە ئوت يېقىۋېتىپ، يەنە مەخسۇت بەگنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىغا كىرىپ كەتتى، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

ئاسىم، ئالماس، ئىبلىقۇل ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، يىگىتلەرنى ئەگەشتۈرۈپ توغراقلىقنىڭ سىرتىغا چىقتى.

تاڭ ئالدىدا بىرنەچچە يەردە قىپ-قىزىل ئوت يالقۇنى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. نېمە ئۈچۈندۇ بۇ ئۆيلەردىن قىيا-چىيا ۋاقىراشقان ئاۋازلار ئاڭلانمىدى. ئۇلار ئوت قويۇلغان ئۆيلەرنىڭ ئىگىلىرى ئورمانلىقتا ئىكەنلىكىنى پەملەشتى.

— بۇ ھىلە، مەخسۇت بەگنىڭ ھىلىسى، — دېدى ئاسىم قوشۇمىلىرىنى تۈرگەن ھالدا مەھەللە تەرەپتىن كۆزىنى ئالماي، — ئۇلار بىزنى ئىزلەپ ھەممە ئەسكىلىكنى قىلىپ باقتى،

ئاخىرىدا بۇ شۇملۇقنى ئويلاپ تېپىپتۇ. خەقنى ۋەھىمىگە سېلىپ، بىزنى چوچۇتمەكچى. يۇرۇڭلار، بېرىپ باقايلى......

ئۇلار مەھەللىگە يېقىنلاشقاندىن كېيىن ئۇچرىشىش ئورنىنى بەلگىلەپ، ئالماس ئېلىپ كەلگەن يېڭى خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆي ـ ئۆيلەرگە تارىدى.

ئالماس بىلەن ئاسىم ئۆزى مولچەرلىگەن ئائىلىلەرنى يوقلاپ بىر دوقمۇشقا كەلگەندە، "خۇدالىق مەدرىس" يېنىدىكى كوك گۇمبەزلىك چوڭ مەچىتنىڭ كونگىرىلىك پەشتىقىدىن "ئەزان" ئاڭلاندى. "ئەزان" دىن كېيىن يەنە مەزىننىڭ:

— مۇسۇلمان قوۋمى ئويغان، ئاللا ساڭا نەزەر سالماقتا، پەرىشتە ـ مالائىكىلەر نامە ـ ئەمالىڭنى ئۆز دەپتەرلىرىگە پۈتمەكتە، نامازدىن قالما، — دىگەن سىرلىق، بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— غەلىتە ئىش!...... "ئەزان" نىڭ ئۆزى نامازغا چىللاش ئۈچۈن كۇپايە، بۇ يەنە نىمە گەپ؟......

ئاسىم بىلەن ئالماس بىر بىرىگە قاراشتى ۋە شۇ چاغدا، چاپارمەن ـ دوغىلارنىڭ تومۇر دەرۋازا ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، مەھەللە ـ مەھەللە، كوچا ـ كوچىلارغا تاراپ، ئىشىكلەرنى ئۇرۇپ كىشىلەرنى مەچىتكە بېرىشقا ھەيدەۋاتقانلىقىنى كوردى......

ئاسىم بىلەن ئالماس بۇ سىرنى بىلىش ئۈچۈن، چوڭ مەچىتنىڭ ئالدى سەيناسى ئېنىق كورۇنۇپ تۇرىدىغان بىر ئۆينى تېپىپ، ئۇنىڭ تال چىۋىقتىن توقۇلغان بالىخانىسى ئىچىگە كىرىپ جايلاشتى ۋە شۇ چاغدىلا مەچىت ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالغان "سارغايدى" نى كوردى!

"سارغايدى" — تەخمىنەن ئون بەش - يىگىرمە مېتىر ئېگىز لىكتىكى موما ياغاچقا هارۋا چاقىنى كىيگۈزۈپ، ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئىلانگۈچ ئاغامچا باغلانغان، هېيت - ئايەملەردە ياشلار پىقىراپ ئۇچۇپ ئوينايدىغان نەرسە ئىدى. ياشلار ئۇنىڭدا باشلىرى قېيىپ، كوزلىرى تىنىپ، چىرايلىرى سارغايغىچە پىقىراپ ئۇ-چاتتى. كېيىنكى يىگىرمە - ئوتتۇز يىل مابەينىدە كىشىلەر ئۇ-نىڭغا قىزىقمىغاچقا، "سارغايدى" ئاللىقاچان ئويۇن - تاماشا تورلىرىدىن چۈشۈپ قالغان ئىدى.

بۈگۈن بۇ "سارغايدى" نىڭ چاقىغا يېڭىدىن ئىككى تال ئاغامچا باغلىنىپ، ئۇنىڭ ئۇچلىرى "سىرتماق" قىلىپ ئېسىپ قويۇلغان.

— دار، ئادەم ئاسماقچى!...

ئاسىم غەزەپلەنگەن هالدا "سارغايدى" غا تىكىلدى...…

چەكسىز هوقۇققا ئىگە بولۇۋالغان مەخسۇت بەگ ئۆزىنىڭ هاكىم مۇتلەقلىقىدا يەنە بىر چوڭ ئىز بېشىمچىلىققا تەييار-لانغان بولۇپ، "ئېلىش" بېشىدىكى مەغلۇبىيىتىنى "دار" ئارقىلىق غەلىبىگە ئايلاندۇرماقچى، پۈتۈن زەرەپشان خەلقى ئالدىدا ئۆزىنىڭ كىملىكىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولغان ئىدى. ئۇ-نىڭ مۇدهىش تەلەتى، تويماس نەپسى، قانلىق ئوچ ئېلىش ئادىتى ۋە هەرقانداق نومۇس، ئىنساپ دىگەننى بىلمەيدىغان قانخورلۇق جاهىل تەبىئىتى ئۇنىڭ مىسلىسىز رەهىمسىزلىكىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپاتتى. پۈتكۈل يەكەن دەرياسى ۋادىسىدىكى بىزنىڭ بارلىق ئەخمەق بەگلىرىمىز، زالىم ئەمەلدارلىرىمىز-نىڭ هەممە شۇملۇق، مۇستەبىتلىك، يىرتقۇچلۇق تۇيغۇلىرى مەخسۇت بەگدە خېلىلا مۇجەسسەملەشكەن ئىدى.

— ھۆكۈمەت ئەمرى، قانۇن دېگەن نېمە؟ بۇ، مەن ۋە مېنىڭ ئاغزىمدىن چىققان سۆز، قالغىنى ئىككى پۇل، ئۇسۇرۇق، — دەيتتى ئۇ ھەمىشە مەمەدانىلىق بىلەن.

ئاسىم بۇ قانخورلۇقنى ئويلاپ، چىرىگەن، غەزەپ-لەنەت نەيزىلىرى ئاستىدا يوقىلىشقا ھامىلدار بولغان فېئودالىزىم تۈزۈمىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە قاتتىق جان تالىشىۋاتقانلىقىنى كوردى "...... كۈيۈنلۈن قانچىلىك ئېگىز ۋە چوڭ بولسىمۇ، ئۇ يەنە ئېگىزلىمەيدۇ. يەكەن دەرياسى مەڭگۈ كېيىنگە يېنىپ ئاقمايدۇ. زەرەپشان بويلىرىنى چىرمىۋالغان بۇ مۇستەبىت تۈزۈم، زورلۇقنىڭ ۋاقتى مەخسۇت بەگنىڭ ئۆمرىچىلىكلا قىسقا، ئۇنىڭ كۈنلىرى ساناقلىقلا. قىزىل بوران — ئىنقىلاپ بورىنى بەگنىڭ ئوزىنىمۇ، ئۇ ۋەكىللىك قىلغان مۇدھىش ئىجتىمائى تۈزۈمنىمۇ گورگە تىقىدۇ، شەك-شۈبھىسىز ئازاتلىق كۈنلىرى كېلىدۇ. مانا شۇ چاغدا خەلق كۈچى ئوزىنىڭ ئادىل، ھەققانى سودى ۋە تارىخنىڭ ھوكمى بىلەن مەخسۇت بەگنىڭ ئوزىنى دارغا مىخلاپ ئاسىدىغان چاغلار كېلىدۇ. لېكىن بىز ھازىرنىڭ ئوزىدىمۇ، يېتىپ كېلىۋاتقان ئازاتلىق تۇيغۇلىرى بىلەن سەن مۇناپىقتىن ئاجىز ئەمەسمىز......"

ئاسىمنىڭ خىيالىنى نامازدىن يانغان خالايىقنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭى بولۇۋەتتى.

نامازخانلارنىڭ كوزىدە ئەجەپلىنىش، چىرايلىرىدا "سارغايدى" غا قاراپ سەسكىنىش ئالامىتى تېپىشغا تېپىپ تۇراتتى. سىم قامچىلىق دوغا-يايلار ياقىسىنى تۇتۇپ ھەيران بولۇشقان كىشىلەرنى ئۆيلىرىگە قايتىشقا رۇخسەت قىلماي، دار ئالدىغا توپلىنىشقا مەجبۇر قىلىشتى.

بىر كەمدىن كېيىن توختاخۇن، بايىز خالۋاپ، سارىخان ئانا ۋە ئۆلارنىڭ قىزلىرى لەيلىگۈل بىلەن ئانارنى ھەيدەپ دار ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. توختاخۇن بىلەن بايىز خالۋاپنىڭ بويىنىغا تاقاق سالغان بولۇپ، ئاياللارنىڭ قولىنى قارا ئاغامچا بىلەن چىڭ باغلاپ قويغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئالدى-كەينىدە مىلتىق ئاسقان، جادو-قىڭراق تۇتقان چاپارمەنلەر پىتىراپ يۈرەتتى.

مەخسۇت بەگ چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ تەلەتى بۇرۇن-قىدەكلا مۇدھىش ۋە سورۇن ئىدى.

— بەگ، رەھىم قىل، — دىدى توختاخۇن، — ئاللا ھەممىنى كورۇپ تۇرىدۇ، بىز ساڭا نىمە قىلغان! ھالال كۈچىمىز بىلەن ساڭا ئىشلەپ بەرگەندىن باشقا، نىمە گۇنايىمىز بار؟......

— ئاغزىڭنى يۇم قېرى، — دىدى مەخسۇت بەگ كوزلىرىدىن زەھەر چېچىپ، — سېنىڭ جېنىڭ ئاللاھ قاچان ماڭا ئامانەت!......

يۇرت قوۋمى تەۋرەپ قالدى. مويسپىتلار ياقىسىنى تۇتۇشتى:

— ئاللا، ئوزگە كورسەتمە ياكى قىيامەت قايىم بولۇۋاتامدۇ، بۇ نىمە كورگۈلۈك، — دەپ بىر بىرىگە نىدا قىلىشتى.

شۇ ئارىدا سەللە ئورىغان بىر مويسىپىت — ئىمام خاتىپ جامائەت ئالدىدا پەيدا بولدى:

— گۇنا ئۇتكۇزمەيدىغان بەندە يوق، رەھىمدىل ئاللا ھەققى، بىر تىلەيمىز، — دىدى.

يۇرت قوۋمى تەرەپ-تەرەپتىن ئاۋاز قوشۇپ چۇقۇراشتى:

— بىز تىلەيمىز!......

— ئەل - جامائەتنىڭ يۈز خاتىرىسى!......

— تىلەيمىز، ئۆلتۈرمە!......

— .........

مەخسۇت بەگ بىر مىنۇتقا كوزىنى يۇمدى ۋە ئاچتى:

— خوپ، ئۇنداق بولسا بىر شەرت، — دېدى ئۇ، — ئاسىمنى كىم يوشۇرۇپ قويغان بولسا، ھازىر ماڭا تاپشۇرۇپ بەرسۇن. تۇنۇگۇن ئالماس قاچتى، شۇ تاپتا ئۇزىنى مەلۇم قىلسۇن. توختى بىلەن بايىز دارغا ئېسىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ جازاسى باشقا ۋە مەن رەھىم قىلىمەن. قېنى ئاسىمنى چىقىرىش!......

جامائەت تېڭىرقاپ قېلىشتى. بەزى ھاشارچىلار قايسى كۈنى "ئېلىش" بېشىدا بولغان ۋەقەدە ئاسىمنىڭ بولغانلىقىنى ئەسكە ئېلىشتى. لېكىن، كوپچىلىك ھەرخىل يوللار بىلەن ئاسىمنىڭ بىر توپ يىگىتلەر بىلەن ئورماندا پارتىزان بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدى.

ھېچكىم جاۋاپ بېرىپ گەپ قىلمىدى. بەگ شىياۋجاڭ ئەلۋەك سوپى كاكىراپ ۋەزى ئېيتتى:

— ئاسىم دىنسىز جەدىت، قىزىللىۋاش كوممۇنىست، ئۇ مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن، يۇرتتا ئارامچىلىق بولمىدى. سىلەر ئۇيلاڭلار، زەرەپشاندا ئۇتتۇمۇشتىن ھازىرغىچە كىم مەخسۇت بېگىمگە تىل ياندۇرغان؟ ئاقساقاللارغا قارشى چىقىشقا كىم جۇرئەت قىلغان - ھە؟......توختى بىلەن بايىز "ئېلىش" بېشىدا بەككە تىل ئەمەس، مۇشت كوتىرىپ قويتى.

يۈرىكىنىڭ چوڭلۇغىنى قاراڭلار!......ئۇلارغا كىم ئۆگەتتى؟ ئاسىم! جەدىت ئاسىم! ئاسىمنى يوشۇرغىنىمۇ ئاشۇ ئىككى-سى!......

مەخسۇت بەگ ئەلۋەك سوپىنىڭ سوزىنى بولۇۋەتتى:

— خوپ، ئاسىمنى تېپىشامسەن-يوق؟......

كوپچىلىك جىمجىت، ھەممە كىشى بېشىنى سالغان ھالدا يەرگە قاراشتى.

مەخسۇت بەگ غەزەپلىنىپ ۋاقىردى:

— توختى بىلەن بايىزنى دار ئالدىغا ئېلىپ بار، ئاس، تارت ئاغامچىنى!......

قوراللىق ئوكچەكلەر توختاخۇن بىلەن بايىز خالۋاپ-نىڭ بويىنىدىكى تاقاقنى ئېلىپ تاشلاپ، بويىنىغا سىرتماقلىق ئاغامچىنى سالدى، تارتىشقا تۇتۇندى.

كوپچىلىك يەنە تەۋرىدى، قىزلار چىقىراپ يىغا سال-دى. سارىخان ئانا ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كوزىنى سۈرت-تى-دە، جاسارەت بىلەن بەگنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئولتۈر، مېنىمۇ ئولتۈر،— دېدى ئۇ غەزەپلىنىپ،— ئاللانىڭ كوزى بولغىنىدا دارغا بۇ ئىككىسىنى ئەمەس، سېنى ئاسقان بولاتتى...... مۇنداق ئازاپلىق كۈن كورگىچە، تىنچىقىنا گوردە ياتقان تۈزۈك. ئولتۈر، ھەممىمىزنى ئولتۈر......

ئانىنىڭ سوزى ئاغزىدا قالدى. بەگ ئېتىلىپ بېرىپ ئانىنىڭ بىقىنىغا زەردە بىلەن تەپتى. ئانا سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدى. لەيلىگۈل بىلەن ئانار ئوزىنى ئېتىپ ئانىغا يېپىشتى.

بەگ جاللاتلارغا قاراپ ۋاقىردى:

— تارت ئاغامچىنى، ئىتتىك تارت!......

ئاسىم كۆزىنى تۇرغان يېرىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ، ئالماسنىڭ قولىنى سىقتى:

— ئۆزەڭنى تۇت ئالماس، سەن دەرھال يىگىتلەرنىڭ قېشىغا بارغىن. مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن. بەگ مېنى كورسىلا ئۆلارنى ئۆلتۈرمەيدۇ. تۇتقۇن قىلىنغانلارنى قانداقلا بولمىسۇن قۇتقۇزۇۋالدۇرۇپ تاققا چىقىپ كېتىڭلار......

ئالماس ئوت يانغان كوزلىرى بىلەن ئۇغزىدىن سەكرەشكە ئىنتىلىپ، ئاسىمغا نىمىدۇ دىمەكچى بولۇۋىدى، لېكىن ئاسىم "يالت" قىلىپ ئۇنىڭغا قارىدى:

— ھودۇقما، سەن دۇڭ داشى توغرىلىق ئېيتتىڭغۇ. ئار-ۋلا قۇربان بەرمەي بولمايدۇ. دۇڭ داشى بىلەن بىز ئوخ-شاش......يۇگۇر، دەرھال يىگىتلەرنىڭ قېشىغا بار......

ئاسىم شۇ گەپنى ئېيتتى-دە، "گۇپ" قىلىپ ئۇغزىدىن سەكرىدى. جامائەت بىردىن كەيىگە بۇرۇلۇپ ئاسىمنى كوردى.

ئاسىم كوپچىلىكنىڭ ئارىسى بىلەن بېشىنى ئىگىز كوتىرىپ، قەددىنى تىك تۇتۇپ، خاتىرجەم ۋە ۋەزمىنلىك بىلەن مېڭىپ كېلىپ، توختاخۇن بىلەن بايىز خالۋاپنىڭ ئالدىدا توختىدى.

ئاسىمنىڭ كوزى غەزەپ-نەپرەت بىلەن تولغان ئىدى. جاللاتلار تىترەشتى، ئاغامچىنى تارتىش ياكى تارتماس-لىقنى ئىلغا قىلالماي ئىتتىك بەككە قاراشتى. لېكىن ئاسىم جاسارەت ۋە سالماقلىق بىلەن كېلىپ، توختاخۇن بىلەن

بايىز خالۋاپىنىڭ بوينىدىكى سىرتماقنى ئېلىپ تاشلىدى. ئاندىن بەككە قارىدى:

— توختىكام بىلەن بايىزكامدا نىمە گۇنا بار؟...... سەن مېنى دارغا ئاسماقچى ئەمەسمۇ، مانا مەن ئۆزۈم كەلدىم......

سەيىنا قېتىپ قالغاندەك جىمجىت بولۇپ كەتتى، جامائەت ھەيرانلىق بىلەن ئاسمغا قارىدى. ھەممە كىشىنىڭ كوزىدە ئاسمغا نىسبەتەن بىر خىل ھورمەت ۋە بىمتاقەت بولۇش ئالامىتى قايىنايتتى.

ئەلۋەك سوپى بىلەن قۇربان ئاقساقال بەگنىڭ قۇلىغىغا نىمىنىدۇ پىچىرلىدى. بەگ جان-جەھلى بىلەن ۋاقىرىدى:

— ئاس! ئاسمنى ئاس!......

جاللاتلار ئالاقزادە بولۇپ، پىتىرىشىپ ئاسمغا يېپىشتى. لېكىن ئاسىم پۇتىنى كەڭ كېرىپ، ئىككى قولى بىلەن جاللاتلارنى ئىتتىرۋېتىپ:

— ياق!......تېخى مېنىڭ گېپىم بار، — دەپ كوپچەلىككە قارىدى.

— سەن جەدىت، سوزلىمەيسەن! — دەپ كاكىرىدى ئەلۋەك سوپى.

— مەن دار ئالدىغا ئۆزۈم كەلدىم، — دىدى ئاسىم ئەلۋەك سوپىغا نەپرەت بىلەن قاراپ قويۇپ، — دۇنيادىكى ئەڭ مۇستەبىت ساختا قانۇنمۇ ئولۇم ئالدىدا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىشقا يول قويىدۇ، ... ن ئەلۋەك سوپى قاپاقۋاش ئوزەڭنىڭ ئىپلاس نەقدىرىڭ ئۇستىدە ئويلا، ماڭا كاشىلا بولما!......

ئەلۋەك سوپى سوغا چۈشكەن مۈشۈكتەك شۈمشىيىپ، بەگنىڭ كەينىگە ئۆزىنى ئالدى ۋە ھە دەپ قوتراپ پىچىرلاپ كەتتى.

— قېرىنداشلار، — دېدى ئاسىم جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن جامائەتكە قاراپ، — سىلەر توختىكامنىڭ ئۈچ ئەۋلادىدىن تارتىپ مەخسۇت بەككە باغلىنىپ ئازاپ چېكىپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى بىلىسىلەر. بۇ، بىر يۇۋاش، مومىن، ھالال ئادەم. ئۇنىڭ گۇنايى نېمە؟ ئىسمىنىڭ توختاخۇن بولغانلىقىمۇ — ياق! بۇ يىل دەريادا چوڭ كەلكۈن بولدى. بەگنىڭ ئون مىڭ مولاپ يېرى سۇسىز قالدى. بۇ، زىيان! لېكىن "زىيان" نى وختاخۇن ئىسملىك كىشىنى سوغا بېسىپ، ئۇنىڭ خۇنىنى ئەلقەقە سېتىپ مال - دۇنيا توپلاپ تولۇۋېلىش — قايسى قانۇندا بار ئىكەن، "ئېلىش" بېشىدىكى ۋەقە ئەنە شۇ. توختىمىغان سوغا توختاخۇننى بېسىپ توختىتىش — چوڭ ئالدامچىلىق! خەقنى بوزەك قىلىپ بايلىق توپلاشتىكى قىپ - يالىڭاچ ھىلى - نەيرەڭ! ئۇتتۇمۇشتە سىلەر بىلەن بىز نادان چاغدا شۇنداق قىلىنغان. ھازىر زۇلۇم زەنجىرلىرى چېقىلىدىغان، مۇشتۇمزور - لۇقنى سۇپۇرۇپ تاشلايدىغان كۈنلەر ئاز قالدى. دارغا ھېچ - بىر گۇنايى يوق كىشىلەرنى ئەمەس، دەل ئۇنىلاپ، يۈزلەپ قان قەرزگە بوغۇلغان مۇشتۇمزورنىڭ ئۆزىنى ئېسىش كېرەك ۋە شۇنداق قىلىدىغان كۈنلەر، ئازاتلىق كۈنلىرى قۇچاق ئېچىپ كېلىۋاتىدۇ......

مەخسۇت بەگنىڭ سەپرايى ئۆرلەپ، خۇددى كالىسى ئېلىنىش ئالدىدىكى كالىدەك ھوكىرەپ ۋاقىرىدى:

— ئاغزىڭنى يۇم! — ئاندىن ئۇ جاللاتلارغا ۋاقىرىدى، — نىمە تۇرۇشىسەن، سىرتماقنى سال، جەددىتىنىڭ سوزىگە ئىرىپ كېتىشتىڭمۇ؟!

جاللاتلار سىرتماقنى ئاسمىنىڭ بېشىغا تەڭلەپ كەلدى، خەلق ئۇرە - توپە بولۇشتى، كېچىدىن تۇتقۇن قىلىنغان ئۇن نەچچە كىشى ئاسمىنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ، جاللاتلارنى ئۇنىڭغا يېقىن كەلگۈزمىدى.

— ئولتۇرمەيسەن، ئولتۇرسەڭ ھەممىمىزنى ئولتۇر!......

— تارت قولۇڭنى!......

— خۇدايىم سېنىڭ جاجاڭنى بېرىدۇ!......

— گورۇڭدە توڭگۇز قوپىدىغان چايان، ئاللا ئوزى سېنى دارغا ئاسار!......

— جەددال قوپتىمۇ - ھە؟ نىمە كۈن بۇ ئىزگە!......

— سارىخاننى يولە!......

— نىمە يىغلاش، تىمەن بول!......

— مەخسۇت بەگنى تۇت، قورقما!......

— .......

مەدرىس - مېچىت سەيناسىدا جىددى سۈركىلىش - نىقتاپ ئىتتىرىش، ئۇرە - توپە، قىيا - چىيا كوتىرىلىۋاتقان بىر پەيتتە، ھىچ كۈتۈلمىگەندە ناھىيە تەرەپتىن كېلىدىغان چوڭ يولدىن ياسىداق، ئالا - يېشىل زىننەتلەنگەن، ئالدى قىزىل دۇخاۋا پەردە بىلەن يېپىلغان، قىرىق كولدۈرمىلىق بىر مەپە جاراڭلاپ چىقىپ كەلدى.

خەلق "يالت" قىلىپ كەينىگە قاراشتى......

## 2. هەر ئىشنىڭ يولى بار...

ياسىن شاڭخەي — مەدىنى سودىگەر. ئۇنىڭ ئاكىسى ھىسا-مىدىن داموللا، ئىنىسى مەخسۇت بەگنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە يول تۇتۇپ، باشقا بىر خىل تەرەزدە ئوسكەنلىگىنى يوقۇرىدا بايان قىلىپ ئوتتۇق. بۇ يەردە، ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى—خۇش پىيىللىك، شىرىن سوزلۇك، ھىچكىمنى رەنجىتمەسلىك، جىد-دى ھىسداشلىق بىلدۇرۇش ۋە ئەلگە يېقىشنى ئىزلەيدىغانلىغىنى ئەسكەرتىمىز. شۇ سەۋەپتىن، پۈتۈن ياڭاقلىق يېزىسىدىكى خەلقنىڭ ئۇنىڭغا ئاز-تولا ئىخلاس قىلىدىغانلىغىنىمۇ قوشۇپ ويىمىز.

گەپنىڭ ئوزىگە كېلەيلى:

قىرىق كولدۇرمىلىق ياسىداق مەپە جاراڭلاپ چىقىپ كې-لىۋاتقاندا، كىشىلەر بۇ مەپىنىڭ ئوزلىرىگە ياخشىلىق ياكى يامانلىق ئېلىپ كېلىۋاتقانلىغىنى مولچەرلەشكە ئالدىرىدى:

— پاسار ىەگ كەلگەنمىدۇيا؟......

— ئۇنداقتا، ۋالىنىڭ ئاتلىق نوكەرلىرى يوققۇ......

— ھاكىم بولمىغىدى!......

— ياق، پاسار بەگمۇ ىىمە؟......

— خۇدا ئۇرسۇن ئۇنى!......

— ئۇ كەلسە، بەگنىڭ تۈگمىنىگە سۇ قويىدۇ، بىزگە نىمە پايدا؟......

— . . . .

كىشىلەر مەپە يېتىپ كەلگىچە، تېگىرقاپ-ئەجەپسىنىپ ئۈن-تىنسىز قاراپ تۇرۇشتى.

مەپە يىتىپ كەلدى، مەپكەش قامچىسىدىن تارسىلدىتىپ قاس چىقىرىپ ئاتقا ھەيۋە قىلىپ قويۇپ، دۇخاۋا پەردىنى كوتەردى.

مەپىدىن ياسىن شاڭخەي چىقىپ كەلدى. كاستۇم - شىم ئۈستىدىن ئاق چوچۇنكە دەريايى يەكتەك كىيگەن ياسىن خوجا ئۆزىگە ھەيران بولۇپ تىكىلىپ قالغان، چىرايلىرىنى تۇمان باسقان جامائەتكە قاراپ، ئەدەپ - قائىدە بويىچە ھورمەت بىلدۇرۇپ سالام بەردى:

— قانداق قېرىنداشلار، ھەممەڭلار سالامەتمۇ؟ — دىدى.

كوپچىلىك ھىچنىمە دەپ جاۋاپ بەرمىدى. ئەمما، سارىخان ئانا:

— خۇدا سىنى يەتكۈزگەن بولسا، ئەجەپ ئەمەس. بۇ بىزگە نىمە تارتقۇلۇق! — دەپ كوزىگە ياش ئالدى.

ياسىن خوجا سارىخان ئانا تەرەپكە بۇرۇلۇپ دىدى:

— خاپا بولما ئانا، كىم ساڭا، سىنىڭ چىچىڭنىڭ ئاپپاق ئاقارغانلىغىنى كورۇپ تۇرۇپ ھورمەتسىزلىك قىلغان بولسا، بىز ئۇنداق ئادەم بىلەن سوزلىشىمىز......

توپ ئىچىدىن بىرەيلەن:

— سوزلەش! ئۇ باشقا كىشى ئەمەس، سىنىڭ ئىنىڭ، بەگنىڭ ئۆزى! — دىدى.

ياسىن خوجا قاپىغىنى ھىمىرىپ قويدى:

— تىخى شۇنداقمۇ؟...... ئىنىم بولسىمۇ، بەگ بولسىمۇ ئوخشاش، ياشانغان ئانىغا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىمىز بىلىپ كورۇپ ئۇسكەن ئانىغا ئازار بىرىش قانداق مۇمكىن؟......

ياسىن خوجا خۇددى پىشقان ئەرتىستەك شۇ گەپنى قە-

لىپ تۇرۇپ، بىر باشتىن كىشىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ، دولا قېقىپ كورۇشتى.

ئۇ مويىسپىتلارنى بوۋا، دادا، ئانىدا ـ ساندا كوزگە چېلىقىپ تۇرغان ئايالالارنى يېشىغا قاراپ ئانا، ئاچا ياكى بولمىسا سىڭلىم ـ ھەمشىرە دەپ يۇرۇپ، خېلى بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن كورۇشۇپ بولۇپ، "سارغـايدى"نىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا تىكىلدى:

ــ مانى! بۇ "سارغايدى" غـۇ؟ بىـز كىچىك ۋاقىتلاردا قانداق پىقىرايتتۇق ـ ھە؟ مەن بىر قېتىم پىقىراۋېتىپ كوزۇم تىنىپ ئۇچۇپ چۈشكىلى تاس قالغان، شۇندىن بۇيان بۇنىڭغا قارايدىغان كوزۇم يوق...... بۇ نىمە قىلغان "سارغايدى"؟ ھـازىر نىمە، ھېيت ـ ئايەممۇ؟......"سارغايـدى" ئوينايـدىغان چاغمۇ؟......

كوپچىلىك ئىمىناس، لېكىن سارىخان ئانا:

ــ قانداق "سارغايدى" بولسۇن! دار، ئادەم ئاسىدىغان، ئولتۇرىدىغان دار! ــ دىدى ۋە كوزلىرىدىن ياش ئەگىپ كەتتى.

ياسىن خوجا چوچۇگەندەك بولدى:

ــ دار؟ قانداق دار؟ نىمە قىلغان دار؟ بولماپتۇ، زادى بولماپتۇ. يوقىتىڭلار دەرھال بۇنى. زادى كوزۇم كورمىسۇن!......

كىشىلەر بىر بىرىگە قاراشتى، بەزى قېرىسالالار:

ــ يا پەرۋەردىگار، چۈشتەكلا بىر ئىش! ياسىن خوجىنى سەن ئەۋەتتىڭمۇ؟......ئۇ يېتىپ كەلمىگەن بولسا، بۇگۇن "خۇدالىق مەدرىس" نىڭ ئالدى قىپ ـ قىزىل قانغا بويىلىپ كېتەتتى، خۇدا، ئوزەڭگە شۇكرى، ئاسايىشلىق بەر، ــ دىيىشتى.

ياسىن خوجىنىڭ كوزى بىردىن ئاسمىغا چۈشتى:

— سىز......بىز تولۇشمۇ - قالداق؟......

ئاسىم ياسىن خوجىنى بۇرۇن كورمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاڭلىغان ئىدى. تېخى بايىلا ئالماس "ياسىن خوجا سىلەردىن يە بۇرۇن، يە كېيىن ياڭاقلىققا بارىمەن، — دىدى، بۇ مۇتەھەممىنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ نىمە قىلىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ" دىگەن ئىدى. نىمە دىگەن كاززاپ نىمە - ھە؟ خۇددى پەرىزات تۇسىگە كىرگەن ئالۋاستىدەك كىشىلەرنى ئۆزىگە رام قىلىۋاتقىنىنى قارا، دەپ ئويلىدى ئاسىم.

— شۇندۇاق، بىز تونۇش ئەمەسقۇ دەيمەن؟ — ياسىن خوجا يەنە تەكرارلاپ سورىدى ئاسىمدىن.

— مەن سىزنى كورمەپتىكەنمەن، — دىدى ئاسىم.

— بۇ مۇئەللىم، جەددىت، — دىدى قۇربان ئاقساقال ئالدىراپ لوقما سېلىپ، — ھەممە ماجرانى شۇ چىقارغان!......

— يالغان سوزلىمە! — دىدى تويۇقسىز بايىز خالۋاپ قۇربان ئاقساقالغا تىكىلىپ، - سەن ئاقساقال، سىم قامچا بىلەن يۇز - كوزۇمگە ئۇرۇپ، بۇرنۇمدىن قان ئالمىغان بولساڭ، مەنمۇ سېنىڭ ئىڭىكىڭگە مۇشت بىلەن سالمايتتىم، جېدەلنى سەن چىقاردىڭ!......

ياسىن خوجا سولھى - سالا قىلدى:

— بولدى تالاشماڭلار. مۇئەللىم ئەمەسمۇ، ئاقارتقۇچى - دە! ئادەم ئۇرۇش يارىماس ئىش. مۇئەللىم سەۋرى قىلالمايدۇ. سىز مۇئەللىم رەنجىمەڭ......

مەخسۇت بەگ ياسىن خوجىنىڭ بۇ "تۇترۇقسىز قىلىغىغا" ئەمدى سەۋرى قىلىشنى توختاتتى ۋە بىردىن چېچىلىپ چاپارمەنلەرگە قاراپ، ئاسىمنى كورستىپ ۋاقىرىدى:

— نېمە قاراپ تۇرۇشىسەن، باغلا ئۇنى، دار ئالدىغا ھەيدە!......

چاپارمەنلەر يەنە ئاسمىغا يېپىشتى. ياسىن خوجا مەخسۇت بەگنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئۆكام، بۇ ھۆرمەتلىك مۆئەللىمنى نېمە قىلاي دەيسىز؟......

— نېمە قىلاي دەيسىز؟! — مەخسۇت بەگ تىترەپ تۇرۇپ ئۆزىنى بېسىشقا ئۇرۇندى ۋە ياسىن خوجىغا قاراپ، — ياسىن بەگ ئەپسىز ۋاقىتتا كېلىپ قالدىڭىز، قېنى سىز مەرھەمەت قىلىپ ئۆيگە...... ئارام ئېلىڭ. مەن بۇ ئەپەندىنىڭ قېنىنى ئىچىمەن، — ئۇ ئالدىراپ چاپارمەنلەرگە ۋاقىرىدى، — بولۇشە! نېمە تۇرۇشىسەن، باغلا! ئاپار دار ئالدىغا!......

ياسىن خوجا چىرايى ئۆڭگەن ھالدا ئىنىسىغا "يالت" قىلىپ قارىدى:

— ئۆكام!......

مەخسۇت بەگ جالاقلاپ تىترەپ يەرگە قارىۋالدى، ئۇنىڭ تەلەتى دات باسقان مىستەك قارىداپ كەتتى.

— ئۆكام! — ياسىن خوجا جىددى خىتاپ قىلدى، — ئۆكام، بۇ دولۇققا مەن تىلىۋالاي. ھەر ئىشنىڭ يولى بار-دە!...... سەۋرى قىلىڭ، ئاچچىغىڭىزنى بېسىڭ، ھەرقانچە گۇنايى بولسا ئۆتۈڭ......

كوپچىلىك چۇقان سالدى:

— نېمە قىلغان گۇنا ئىكەن!......

— گۇنايى يوق!......

— ئاسىم بەلەن ئادەم!......

ياسىن خوجا يەنە داۋام قىلدى:

— ئۇنداق بولسا تېخى ياخشى. خەقلەر ئېيتتىغۇ، قۇلاق سېلىڭ، بولۇپمۇ دارغا ئېسىش قارارىڭىزنى ئۇزگەرتمىسىڭ، ئۇزگەرتەمسىز؟ ......

مەخسۇت بەگ ئۇزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي، ئۇز ئورنىدا پىتىراپ چوگىلىدى:

— ياسىن بەگ، — دېدى ئۇ ياسىن خوجىغا زەردە قىلىپ، — سىز ھېچنەرسىنى چۈشەنمەيسىز، ئۇ مېنى ئۇلتۇرمەكچى ...... سىز ئارىلاشماڭ!......

بىر مويسىپىت كىشى ياسىن خوجىغا قاراپ ئېيتتى:

— ياسىن خوجا، پەرىشتىدەك ئاسماندىن چۈشتىڭمۇ، يەردىن چىقتىڭمۇ؟ ياپەرۋەردىگار، گەپ قىل سەن، ئۇ پەيلىدىن يانسۇن ......

مەخسۇت بەگ مويسىپىت كىشىگە كوزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ قارىدى ۋە لاغ - لاغ تىترەپ كەتتى.

ياسىن خوجا ئېيتتى:

— ئەگەر سىز بۇ مۇئەللىمنى مېنىڭ كوزۇمگە كورسىتىپ دارغا ئاسىدىغان بولسىڭىز، مەن سىز بىلەن ئادا - جۇدا بولىمەن. بۇ يۇرتتىن كېتىمەن ......

ھىسامىددىن داموللا بىلەن سوپى ئىشان شامالنى بايقاپ، ئارىغا چۈشۈپ، بەككە قارىدى:

— بوپتۇ، قويۇڭ. ياسىن خوجا مېھمان، يۈز - خاتىرىسى بولسۇن. جەددىتكە ئولۇم ھەرقاچان راۋا، كېچىكمەيدۇ، بۇگۈن تىلىدۇق، — دېيىشتى.

مەخسۇت بەگ ئېغىر پۇشۇلدىدى، تەلۋىلىگى تۇتۇپ، چاپارمەنلەرگە ۋاقىردى:

— ئاپار، ھەممىنى قاما! مەن تېخى سوزلىشمەن، مېنى مەخسۇت بەگ دەيدۇ، سۇلايمان توپپىشىنىڭ پۇشتى ئوز قارارىدىن قايتقان ئەمەس، ئاسمىنىڭ جېنى ھازىرغا ئامانەت!......

جامائەت يېنىك نەپەس ئېلىشتى ۋە ياسىن خوجىغا تەلمۈرۈشۇپ:

— نىمە بولسىمۇ قۇتقۇزدۇڭ، بەگ بىزنى يالجىتمىدى، ئەمدى ئۇلارنى قويغۇزۇۋەت، — دېيىشتى.

ياسىن خوجا گويا كوپچىلىك بىلەن بىرلىكتە، قاراڭغۇ زۇلمەت ئۇستىدىن غالىپ كەلگەن ئادالەت جارچىسىدەك، توختىماي سوزلەپ، ۋەدە بەردى ۋە ئىككى قولىنى جۇپلەپ ئىگىز كوتىرىپ:

— خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن بىر ئامالىنى قىلىمەن، — دىگەنىدەك، بېشىنى لىڭشىتىپ، مۇلايىم كۇلۇمسىرەيتتى......

## 3. جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا

ياسىن خوجا تومۇر دەرۋازىدىن كىرىپ، گۇلزارلىق ھويلىدىن ئوتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم، خۇش پېيىللىق بىردىنلا يوقالدى، پىشايۋانلىق مېھمانخانىغا كىرگەندىن كېيىن بولسا، ھىسامىددىن داموللا بىلەن مەخسۇت بەگ ياسىن خوجىنىڭ نىمىدىندۇ قاتتىق ئەپۇسلىنىۋاتقانلىقىنى بايقىدى.

— ھەي...... قېرىنداشلىرىم، ھازىر سىلەر نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر - ھە؟ نېمە گەپ بۇ! — ياسىن خوجا ئۈستىدىكى دەريايى بەكتەكنى سىلىپ تۇرۇپ، ھىسامىدىن داموللا بىلەن مەخسۇت بەككە قارىدى، — قانداق نادانلىق، نېمە دېگەن ئەخمەقلىق - ھە؟ ......

بۇ گەپ ھىسامىدىن داموللا بىلەن مەخسۇت بەككە ياقمىدى. مەخسۇ بەگ چېچىلدى:

— ئەخمەقلىق! قانداق ئەخمەقلىق؟ ياسىن خوجا سىز ......

— تازىمۇ ئەخمەقلىق، — ياسىن خوجا قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، رەڭدار گىلەم ئۈستىدە مېڭىشقا باشلىدى، — ھازىر كىشىنىڭ بوينىغا سىرتماق سالىدىغان چاغمۇ - ھە؟ يەنە كېلىپ، تېخى نەچچە يۈز ئادەمنىڭ ئالدىدا! ......

ھىسامىدىن داموللا بىلەن مەخسۇت بەگ بىر بىرىگە قاراشتى. ياسىن خوجا ئېيتتى:

— خاتا قىلىسىلەر قېرىنداشلىرىم، تولىمۇ خاتا قىلىسىلەر. سىلەر قۇدۇقنىڭ ئىچىگە چۈشۈۋېلىپ، ئاسماننى كۆرۈپ، ئالەمنىڭ ھەممىسى مۇشۇ دەيسىلەر. خاتا. ھازىر جاھاندا، مەملىكەت ئىچىدە نېمە ئىشلار يۈز بېرىۋاتقانلىقىدىن خەۋىرىڭلار بارمۇ - يوق؟ .....

مەخسۇت بەگ تېرىكتى:

— شۇمىدى! — دېدى ئۇ، — مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئىشىم نېمە! تالىشىۋەرسۇن. كىم رەئىس، كىم دوتەي بولىدۇ، بولسا تالىشىپ قان بولۇپ كېتىشسۇن، نان قېپى ئوغرىلار! لېكىن مەن زەرەپشان بەگلىكىنى تۇتۇپ تۇرۇشۇم كېرەك. ئەمما سىزيا سىن

خوجا. ھەي، ئۇقمايسىز ـ دە! ئاسىم دىگەن بۇ ئەپەندىنىڭ بۈگۈن ئەجىلى تولغان ئىدى. ماۋۇ يالاڭتوش قەلەندەرلەرمۇ بۇ ئىنسىز پىتنىچىگە كەمرەك ئەگەشسۇن ئۇچۇن، ئۇنى سازايى قىلماق لازىم ئىدى، مەن ئۇنىڭ قېنىنى ئىچمەي قويمايمەن!......

ياسىن خوجا بىئارام بولغان ھالدا گىلەم ئۇستىدە توختىماي ماڭاتتى، قوللىرىنى ئۇۋۇلايتتى ۋە ئىنىسىنىڭ جاھىلانە ئەخمەقلىقىدىن رەنجىيتتى. ئۇ، ئاخىر ھىسامىدىن داموللا بىلەن مەخسۇت بەگنى ئولتۇرۇپ، ئۇزىگە قۇلاق سېلىشقا تەكلىپ قىلدى:

— مەن بۈگۈنلا قايتىشىم كېرەك، سىلەر بۇنى چۇشىنىڭلار، ئىشنىڭ يولى شۇ، — دىدى ئۇ ئېغىر ۋە ئاچچىق ئۇھ تارتىپ تۇرۇپ، — ئەسلىدە مەن بۇ يەرگە كېچىدە، ھېچكىمگە كورۇنمەيلا كېلەي دىگەن ئىدىم. دەريادا كاشىلا بولۇپ، ئەتىگەندە مانا بۇ پالاكەتكە يولۇقتۇم. بۇمۇ بىر ھىساپتا ئوبدان بولدى، ھەر ھالدا بىر ئەقىلسىز ئىشتىن ساقلىنىپ قالدىڭلار......

ھىسامىدىن داموللا سەل ھودۇقۇپ:

— نىمە، كېتىمەن دەمسىزا؟...... نىمە گەپ ئۇزى، نىمە شۇنچە؟ — دىدى.

— ھازىر ۋەزىيەت چاتاق، ناھايىتى چاتاق، — دىدى ياسىن خوجا بىر خىل ئەنسىزلىك بىلەن، — ھازىر قاندافتۇ رەئىسلىك، دوتەيلىك تالىشىش كۇرىشى ئەمەس. دەل روسىيىدە بولغان ئالتوپىلاڭ، لېنىن قىلغان ئىش — پات - ئارىدا بىزدىمۇ بولىدۇ......

— يا ھەررەت، پەرۋەردىگار، — دىدى ھىسامىدىن داموللا ياقىسىنى تۇتۇپ.

— ئەسلىدە كوممۇنىستلارنىڭ بېسىپ كېلىشى شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئالتە تاغنىڭ ئېرىسىدىكى ئىش، يوق گەپ دەپ قارالغان ئىدى، — دىدى ياسىن خوجا، — ئەمما، ھازىر ۋەزىيەت تۈپتۈز ئۆزگەردى. رەئىس بۇرھان ئەپەندى بىلەن قوماندان تاۋسىيۇي تەسلىم بولۇپ تېلېگرام سوقتى. كوممۇنىستلارنىڭ ئەسكەرلىرى شىڭشىڭشادىن ئۆتتى...... مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا خەقنى دارغا ئېسىش قانداق مۇمكىن. شۇنچە كوپ خەقنىڭ كوزىچە بىراۋنىڭ بويىنىغا سىرتماق سېلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزەڭلارنىڭ بويىنىغا سالىدىغان سىرتماقنى تەييارلاپ قويۇشىڭلار كېرەك......

قۇيقا چېچى تىك بولۇپ كەتكەن مەخسۇت بەگ چىرايىنى پۈرۈشتۈردى:

— يوق گەپ، بۇ قانچىلىك ئىش؟ — دىدى ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ، — مىنى شۇنچە قاپاقۋاش دەپ ئويلامسىزا؟ ناھايىتى ھوكۇمەت ئالمىشىدىكەنغۇ! بۇنىڭ ئامالى بار!......

— نىمە ئامال؟ — ياسىن خوجا ئوز ئۆكىسىنىڭ مەمەدانلىقىغا خاپا بولۇپ سورىدى.

— مەن سىزگە ئېيتسام، — دىدى مەخسۇت بەگ مەيدىسىگە مۇشتلاپ كورەڭلىگەن ھالدا، — مىنىڭ ئالدىمدىن نەچچە ھوكۇمەت ئۆتتى. ھەممىسى پۇل قەلەندىرى، ئالتۇن-كۇمۇشنى كورسە كوزى قىزارمايدىغان بىرمۇ ھوكۇمەت يوق! زەرەپشان مىنىڭ قولۇمدا بولسىلا ھوكۇمەت دىگەن ئالقىنىمدا. ئاز-تولا

ئالتۇن - تىللا، يېتەرلىك ئاشلىق...... يەنە نىمە كېرەك ئۇلارغا!...... جاجىسى پارا......

— سىز ئۇكام، — دېدى ياسىن خوجا ئەپسۇسلانغان، ئېچىنغان قىياپەتتە، — سىز يەنە ھېچنىمىنى چۈشەنمەيۋاتىسىز، يەنە شۇ بايىقىدەكلا......

— مەن چۈشەنمەيۋاتىمەنمۇ، تازا چۈشەندىم، لېكىن......

— ياق، چۈشەنمىدىڭىز، — دېدى ياسىن خوجا، — سىز تولىمۇ خاتا ئويلايسىز. ھازىرقى گەپ، بۇ سىز ئېيتقاندەك قانداقتۇ ھوكۇمەت ئالمىشىشى ئەمەس. يەنە بىر قېتىم ئېيتاي. دوتەي، شيەنجاڭلىقنى دو چىقىشمۇ ئەمەس! نىمىشقا پەرەز قىلالمايسىز؟ بۇ، بايلار بىلەن نامراتلارنىڭ ئورۇن ئالمىشىشى...... روسىيەدە لېنىن بولشېۋىكلەرنى باشلاپ ئىنقىلاپ قوزغىغاندا، بارلىق بايلار، چوڭ - كىچىك سودىگەرلەر، يەر ئىگىلىرى، دىنىي موتىۋەرلەرنى ھەممە نىمىسىدىن گاڭسا - جىسا قىلىپ قويغان. چوڭ سودىگەرلەر، چوڭ يەر ئىگىلىرى ئېتىلدى. قالغان سودىگەرلەر ئىشچىغا، يەر ئىگىلىرى كەتمەن چاپىدىغان دېخانغا، موللا - ئاخۇنلار تىلەمچىگە ئايلاندۇرۇلدى. ھازىر شامىلى كېلىۋاتقان ئىشمۇ دەل شۇنىڭ ئۆزى! مېنىڭ مېلىم، سىزنىڭ يېرىڭىز قارىغاندا ئامانەت نەرسە. دەل سىز دارغا ئاسىمەن دىگەن نىملەر ئۇ نەرسىلەرنى مەن بىلەن سىزدىن بۇلاپ - تالاپ تارتىۋېلىش ئۈچۈن ھە دەپ چىشلىرىنى بىلىمەكتە، ئەمدى چۈشەندىڭىزمۇ؟......

مەخسۇت بەگ قاڭقىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، بۇ مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ئۇ چىقىراپ - جالاقلاپ تۇرۇپ، — مەن نىمە، ئەللىك يىلدىن

بۇيان بىر تال، بىر تالدىن يىغاي-ھە! خەق كېلىپ تارتى-
ۋالسۇن؟...... يوق گەپ! مېنى مەخسۇت بەگ دېدۇ، ئاناڭنى
نان قېپىلار، خەق بېشىڭدىكى ئالتۇن تاجىغا خىرىس قىلىپ،
ئويۇڭغا پوش دېمەي كىرىۋاتسا، قول كوتىرىپ تېلېگىرام
سوققىنىنى قارا!...... ياق، مەن نىمە، خاتىرجەم بولۇڭ ئاكا،
مەندىن زەرەپشانىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، ئاۋال مېنىڭ جېنىمنى
تارتىۋېلىشى كېرەك. لېكىن، خۇدا خالىسا مەن مەخسۇت
بەگنىڭ جېنى ئانچىلا ئاسان يەردە ئەمەس!......

ھىسامىدىن داموللا بايىدىن بېرى بۇ گەپلەرنىڭ
تېگىگە يەتمەكچى بولغاندەك جىمجىت ئولتۇراتتى. ئۇ، تۇيۇق-
سىز مەخسۇت بەگنىڭ گېپىنى بولدى:

— ئوكام، ياسىن خوجا، — دېدى ئۇ كوزلىرىنى يېرىم
يۇمغان ھالدا بېشىنى چايقاپ، — خەر...... ۋەسۋەسە، شۇ
خەۋەر، ئەمدى نىمە قىلماق لازىم، شۇنىمۇ دەڭ......

ياسىن خوجا بارماقلىرىدىن قاس چىقاردى، نېپىز كاپ-
كازچە بۇرۇتىنىڭ ئۈستىدىن بىگىز قولى بىلەن يۇمشاق
بېسىپ قويدى:

— مەن ئېيتىۋاتقان بۇ گەپلەر تېخى ئاۋامغا يېتىپ
كەلمىدى، — دېدى ئۇ، — ھازىر قەشقەردە بىر خىل ۋەھىمە
پەيدا بولدى. چاۋاك چېلىۋاتقانلارمۇ، چاۋاك چالغان قولىنى
كېسىۋاتقانلارمۇ بار، ئېغىر گەپ...... ھەربى ئەمەلدارلار،
جىڭساجۇي باشلىقلىرى ۋەسۋەسىگە چۈشتى. ھەر كىم ئوزىنى
غەملىمەكتە، بولۇپمۇ مائاۋىن رەئىس مەمتىمىن ھەزرەت، باش
كاتىپ ئەيسا بەگ جىمجىتلا چەتئەلگە ماڭدى دىگەن خەۋەر
تارقالغاندىن كېيىن شۇنداق بولدى. بۇ، زىيارەتمۇ، ھەج

تاۋاپ قىلىشىمۇ، قېچىشىمۇ؟ خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. ئىبىسكىنىڭ باردا ئىنىگىنى ياپ، دىگەن تەمسىل بار. مېنىڭ بۇ قېتىم، بەلكىم ئاخىرقى قېتىم بولار — بۇ يەرگە كېلىشىم، مانا شۇ گەپلەردىن سىلەرنى ۋاقىپلاندۇرۇش......

ھېسامىدىن داموللا ياسىن خوجىدىن ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە سوراپ بىلگەندىن كېيىن:

— دۇرۇس، ياسىن خوجىنىڭ ئېيتقىنى دۇرۇس، — دىدى ۋە ئۆزىچە تەھلىل قىلدى، — راست ئەمەسمۇ، مەن پەملىدىم. بىزنىڭ زەرەپشاندا بەگلەرگە، بايلارغا، بولۇپمۇ يەر ئىگىلىرىگە پۈت ئېتىپ، قول ياندۇرىدىغان ئىش ئەلۋەتتە ئەزەلدىن بولمىغان. مەن توپلىشىپ غەۋغا كوتەرگەن گادايىنى تېخى كورمىگەن. جاڭ ۋېيپۇەنجاڭ جاناپلىرى نەنجىننى تاشلاپ چىققاندىن كېيىن مانا بىر-ئىككى ئاي بولدى، خەقنىڭ ئەلپازى يامان بولۇپ كەتتى، ھە دىسە غەۋغا. دىندىن تايدى. كوزىگە تىكىلىپ قارىغىلى بولمايدۇ ھايۋانلارنىڭ! گەپ نىمىدە؟ پەملىدىمكى، ئۇ نىمىلەر قانداقتۇ بىر ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى بىلگەن...... شۇڭا ھوكىرەيدۇ. بولمىسا بۇ باشباشتاقلىق نەدىن كەلدى؟......

ئاكا-ئۇكىلارنىڭ مۇنازىرىسى تاكى پېشىن ۋاقتى بولغىچە سوزۇلدى. ياسىن خوجا جاھىلى قاتقان ئىنىسى مەخسۇت بەگنىڭ ئۆز پەيلىدىن ئالدىراپ يانالمايدىغانلىقىنى، تەلۋىلىگى تۇتقان ئىشىنى بەجا كەلتۈرمىسە كوڭلى تىنمايدىغانلىقىنى كوردى. ئۇنىڭ ئەقىل كورستىشلىرىدىن ھېچنىمە چىقمايۋاتقاندەك ئىدى...... ھېسامىدىن داموللا بولسا، ھە دەپ تىپىرلاپ قانداقتۇ يول ئىزلەيتتى ۋە يېتىپ كېلىۋاتقان ئۆزگىرىشتىن چوچۇپ، تولغىنىپ قاغايتتى......

ياسىن خوجا توش يانچۇقىدىن ئالتۇن سائەتنى ئېلىپ ئالدىراپ قارىدى-دە:

— شۇنداق، قېرىنداشلىرىم، يەنە مېنىڭ ئېيتىدىغىنىم، سەل-پەل ئەقىل بىلەن ئىش قىلىڭلار، — دېدى، ئاندىن دادىسىدىن قالغان، تېخى بولۇشمىغان مىراس ۋەجىلەر ئۈستىدە ئۇزاق سوزلىدى. — بىز ئۇز تەقدىرىمىزنىڭ نېمە بىلەن ئاخىرلىشىشىنى بىلمەيمىز. ھەر ھالدا خۇدا ئاسانلىق بەرسۇن. ئەمدى مېنىڭ ئېيتىدىغىنىم، مەن دادامدىن قالغان بارلىق تېرىلغۇ يەر، چارۋا مال، ئوي-ۋاقلارنى سىلەرگە تۇتتۇم. بوپتۇ. مەندىن كەتسە، سىلەرگە كېتىپتۇ. ساقلىنىۋاتقان ئېرىق مالنى ماڭا بېرىڭلار، ئۇ مەندە تۇرسۇن......

ئاكا-ئۇكىلار ئوكۇپ-تاتىرىشىپ، خېلى بىركەمگىچ خىقىراشتى، كوزلىرى قىزىرىشتى.

— ئالتۇن-كۇمۇشمۇ؟ ياخشى، — دېدى مەخسۇت بەگ بېشىنى سىلىپ تۇرۇپ، — بولۇشەمدۇق؟ ياخشى. لېكىن، بىزمۇ ھساپ بىلىمىز. قېنى ئېيتىڭا، سىزنىڭ سودىگەرچىلىك دەسمايىڭىز نەدىن كەلگەن، بۇنىڭ ھساۋى، پايدىسى توغرىسىدا قاچان ئېغىز ئاچسىز؟

— قاچان دېسەڭلار، شۇ چاغدا، مانا شۇ تاپنىڭ ئوزىدىمۇ ھساپلىشىۋەرسەك بولىدۇ، — دېدى ياسىن خوجا، — لېكىن، ئالدى بىلەن دادىمىزدىن قالغان تەۋەرۇكلەرنى بولۇشەيلى. ئاندىن كېيىن مەندىن سوراڭلار......

— ياق، بۇ نېمە گەپ، — مەخسۇت بەگ چىچاڭشىپ كەتتى، — نەدىمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش بارىكەن! گەپ يولى بىلەن، ھساپ چوتى بىلەن بولسۇن......

ئۇلار ھەم تاتىرىپ، ھەم قىزىرىپ خېلى بىركەمگىچە ئۆز ئالدىغا چوت سوقۇشتى. ھەر كىمنىڭ ھاۋاي ئۆزىگە ماقۇل ۋە يۈز-خاتىرە قىلىش پەقەت ئېغىزدىلا بولدى. ھەسامىدىن داموللىنىڭ سۆلەي-سالاسى بۇ ئىشنىڭ چىگىچىنى يەشكەندەك قىلدى ۋە ھەممىسى ئېغىز ھەم ئەلەم بىلەن تىنىپ قويۇپ، ئورنىدىن تۇرۇشتى.

ھەسامىدىن داموللا بىلەن ياسىن خوجا نامازدىگەرگە تەرەت ئېلىش ئۈچۈن ئاپتاۋا كوتىرىپ تالاغا ماڭغاندا، مەخسۇت بەگ ئۆزىنىڭ غەزنىچى سەيۋىنى ئەيسا پاششاپنى چاقىردى: كوزلىرى ياغلىشاڭغۇ، بويۇنلىرى بۇقىنىڭكىدەك توم كەلگەن ئەيسا پاششاپ ئىشىك تۈۋىدە كورۇنگەندە مەخسۇت بەگ:

— سەن ھىلىقىلارنى نىمە قىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەممىنى يەر ئاستى تۈرمىسىگە سېلىۋەتتۇق......

— ئەپەندىسىنىچۇ؟......

— ئۇمۇ شۇ يەردە، قاپتەك يۈرىگى بار نىمىكەن ئۇ، تېخى مەن بىلەن ئېلىشقۇسى بار، ئاللىنىملەرنى دەپ ۋەز ئوقۇۋاتىدۇ......

— بولدى قوي! — دىدى بەگ تېرىكىپ، — ۋەز ئوقۇغان بولسا، سەن قاپاقۋاش كوزۇڭنى پاقىرىتىپ تۇرۇۋەردىڭمۇ؟ ئاغزىغا قۇم تىق، كوزىنى ئوي، تىلىنى كەس!...... ھە، ھىلىقى قاچقۇنچۇ، ئالماس؟......

— يوقسۇ، — دىدى ئەيسا پاششاپ پۇشۇلداپ، — يۇرت ئىچىگە يىگىنە چۈشكەن بولسا، تېپىۋالاتتۇق، ئۇ، جىنىنى ئېلىپ قاچقان چېغى — يوق......

— ھەممە يۈز بېشلارغا ئېيت، تېپىشسۇن، ئاسىم بىلەن ئالماسنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆجۈقتۈرمىسام، مەن مەخسۇت بەگ ئەمەس.......

— خوپ.

— ماڭ، چىق.......

ھىسامىدىن داموللا بىلەن ياسىن خوجا نامىزىنى ئوتەپ بولۇپ، ئالدىراپ غىزالىنىشتى. ياسىن خوجا مەخسۇت بەگكە قاراپ:

— سىز ئېھتىياتلىغراق بولۇڭ، — دىدى داستىخان ئۈستىدە، — ئاڭلىشىمچە، پاسار بەگ چەتئەلگە چىقىشتىن يال-تىيىپتۇ. مەمتىمىن ھەزرەت، ئەيسا بەگلەر شۇنداق بۇيرۇغان-مىش. ئېھتىمال ئۇلارنىڭ چەتكە چىقىشى كۈچ توپلاپ يەنە كېلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك. پاسار بەگ نىمىشقا قېپقالدى؟ بۇ سىر ماڭا نامەلۇم، ئېھتىيات قىلىڭ.......

— پاسار بەگ دىگەن ئوغرى ئۇ! — دىدى مەخسۇت بەگ غەزەپلىنىپ، — ئاچكۆز مۇناپىق! مەندىن قارنى يېرىلغىچە ئالتۇن-كۈمۈش سۇزدى، بەرگىنى بەش مىلتىق! يەنە ئىككى پىلىمۇت، ئۈچ يۈز بومبا تېخىچە يوق، كاززاپ رەۋەندە، ياپما قاپاق مۇتىھەم!

— بۇ ئىشنى مەن سوزلىشىپ باقاي، — دىدى ياسىن خوجا ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — خەۋەرلەرگە قارىغاندا، كوممۇنىستلار كەلسە، ئالدى بىلەن يەر ئىگىلىرىگە تېگىمىش. ئىچكىرىدە كوممۇنىستلارنىڭ قەدىمى يەتكەن يەردە يەر بولۇش بولغانمىش. مەن بولسام سودىگەر، بۇ يەردە مېنىڭ يېرىم يوق. ھەتتا،

زورۇرىيەت بولۇپ قالسا، مەن ئۇلارنىڭ خىزمەتچىسى بولۇپمۇ قالارمەن. ئالاقىلاشقاندا پەخەس بولۇڭلار......

ئۇلار بىشىنى بىر يەرگە قىلىپ يەنە نىمىنىدۇ دىيىشتى.

شۇ كۈنى ياسىن خوجا كوز باغلانغان مەھەلدە خۇرجۇن-تاغىرىنى ئالتۇن-كۈمۈشكە تولدۇرۇپ، يۇرت ئىچى، كورگەن-بىلگەنلەر ئالدىدا مەخسۇت بەگ بىلەن ئارازلىشىپ قالغان قىياپەتتە، يامانلاپ يولغا چىقتى. مەيىگە چىقىپ، تاكى دەريا بويىغا بارغىچە كىشىلەرگە:

— مەن بىرئاز دەم ئالارمەن دەپ كەلگەن ئىدىم، لىكىن ئىنىمىز بىلەن بەزى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ماجىرا بار ئىكەن. ئىنىمىز هوكۇمەت ئادىمى، ئۇ هوكۇمەتنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈشكە مەجبۇر، مەن بولسام سىلەر بىلىسىلەر تىجارەتچى پۇقرا......هەي......بىز مەخسۇت خوجا بىلەن ئاكا-ئۇكا بولساقمۇ، باشقا-باشقا ئىككى كىمىدىكى ئادەم ئىكەنمىز، — دىگەننى سوزلەپ ماڭدى......

## 4. ۋەھىمىلىك يالقۇن

مەخسۇت بەگ ياسىن شاڭخەيىنى ئۇزىتىۋەتكەندىن كىيىن، بىردىن كەيپى ئۇچۇپ، ئىككى گوشلىرى تىترىگەن هالدا ئاكىسى هىسامىدىن داموللىغا كوزلىرىنى ئالايتىپ قارىدى. هىسامىدىن داموللا بولسا، بۇ چاغدا ياسىن خوجا ئىلىپ كەلگەن دەهشەتلىك خەۋەرنى ئوزىچە مۇلاهىزە قىلىپ كوزىنى يۇمغان هالدا تەۋرىنىپ تەسۋى سىرىپ ئولتۇراتتى.

— ھەممىگلار مېنى تالاشقا، شىلىپ يېيىشكە تۇرغان! — دىدى بەگ جاھىلى قاتقان، بويۇن تومۇرلىرى كوپكەن ھالدا تىترەپ، — مەن ياسىن خوجىغا بىر خۇرجۇن ئالتۇننى بېرىپ تولىمۇ ئەخمەقلىق قىلدىم. ئەگەر ئۇ پاسار بەگ بىلەن سوزلىشىپ، مەن تەلەپ قىلغان قورال-ياراقنى دەرھال يەتكۇزۇپ بەرمەيدىغان بولسا، تۇفى!...... مېنىڭ ئۇنداق ئاكام يوق! ئۇ زادى بىزگە نىمە قىلىپ بەردى-ھە؟ ئۇنىڭ سودىگەرچىلىك دەسمايىسى بىزدىن ئەمەسمۇ؟ پۇتۇن دىخانچىلىق ھوسۇلىنىڭ ئۇچتىن بىرى ئۇنىڭ بولۇپ كېلىۋاتىدىغۇ!...... ئۇ يەنە "تېرىلغۇ يەرنى سىلەرگە تۇتتۇم، ئالتۇن-كۇمۇش ماڭا بولسۇن" دەيدا! بۇ، كوتىگە پوق كەپلەشكەندە قىلىنغان مەرھەمەت ئەمەسمۇ! ۋاقتانى-ۋاق كەلسە، ئالتۇن كۇمۇش دىگەننى خالىغان يەرگە يوشۇرۇپ، زورۇر بولغاندا بىخىرامان ئېلىپ ئىشلىتىش شۇنچە تەسمىكەن؟...... يەرنىچۇ ئەلۋەتتە يانچۇغىڭغا تىقىپ قويالمايسەن-دە، مەرھەمەتمىش!...... بۇ، ئاپەتنى ئوز قېرىنىدىشىغا ئىشتىرىپ قويغانلىق ئەمەسمۇ؟...... ئەمما، بۇ شەھەر بايۋەچچىسى چوچۇرنى خام سانايدۇ. پىقىرنىڭ بىگىسىنى تېخى كەم مولچەرلەپتۇ! مەن كوممۇنىستلار كەلسە، "خوش تەخسىر توركە ئۇتسىلە، پېقىر خىزمەتلىرىگە ھەرقاچان تەييار" دەپ قۇيرۇق شىپاڭشىتىدىغانلاردىن ئەمەس! مېنى ئانام ئوغۇل بالا دەپ تۇققان! ئاسمىنى ئۇلتۇرۇش بەكمۇ زورۇر ئىدى......

ئاسىم تۇيۇقسىز يادىغا كېلىش بىلەنلا مەخسۇت بەگنىڭ كوزلىرى ئاچ بورىنىڭ كوزلىرىدەك يېنىپ كەتتى ۋە غەزەپلىنىپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ ۋاقىرىدى:

— پاششاپ! هوي ئەيسا پاششاپ!......

ئەيسا پاششاپ ئىككى بىسلىق ئۇزۇن خەنجىرىنى يالـ-پىشىدا پۇلاڭلىتىپ ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بولـدى، كوزلىرى قىپ-قىزىل بۇ ئادەم بەگنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىنى كورۇپ، قوچقارنىڭ مۇڭگۈزىدەك تولغىنىپ تۇرغان بۇرۇتلىرىنى ئۇچە-دىن تارتىپ قويىدى. بەگ سورىدى:

— ئالماستىن خەۋەر بارمۇ؟

— يوقـۇ، پـۈتـۈن يـۈزبىشىلار ئاختـۇرۇۋاتىدۇ، بايا، ئالماس بىر توپ ئەبگا مالايلارنى ئەگەشتۈرۈپ ئورمان ئىچىگە، ئاندىن قوشراپ تاغلىرىغا قاچتى، دىگەن خەۋەر كەلدى......

— قاچتى!...... قوشراپ تاغلىرىغا دەمسىنا؟! — تۇيۇقسىز ھىسامىدىن داموللا چوچۇپ كىتىپ ئەيسا پاششاپقا قارىدى.

— ئىنىق كورگەن ئادەم يوق، — دىدى ئەيسا پاششاپ، — لىكىن، خەقلەر "ئالماس بىر توپ باللار بىلەن بىرلىشىۋالدى، ئەمدى بەككە كورستىدۇ" دەپ پىتنە تارقىتىپتۇ. ئۇلارنى ئەپەندى يىغىپ بەرگەن ئىكەن......

— سەن بۇ گەپنى نەدىن ئاڭلىدىڭ-ھە؟! — مەخسۇت بەگ ئەيسا پاششاپنىڭ ئالدىغا ئىتىلىپ بىرىپ، ئۇنىڭ ياقى-سىدىن سىقتى، — ئىيت، هوي، خۇمپەر، ئۇنىڭ ئادەم ئەگەش-تۈرۈپ تاققا چىققىنى راستمۇ؟......

— راستە، بولمىسا مەن......

مەخسۇت بەگ ئەرۋايى ئۇچقان هالدا ئەيسا پاششاپنىڭ ياقىسىدىن ئىشتىرىۋەتتى:

— سەن بۇ گەپنى ئىيتقان جوهۇتنىڭ تىلىنى كەسمە-دىڭمۇ، نان قىپى! ماڭ، هازىرلا دارنى تەييارلاشسۇن. مەن

پۈتۈن خەلقى-ئالەم ئالدىدا كىمگە كىمنىڭ كورسىتىدىغانلە-
غىنى ئىسپاتلايمەن. ھازىرلا دار تەييارلانسۇن!......

ئەيسا پاششاپ ئوقتەك ئېتىلىپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.
لېكىن ھىسامىدىن داموللا:

— توختاڭ، ئەيسا بەگ توختاڭ، — دەپ ۋاقىرىدى.
ئەيسا پاششاپ بۇقىنىڭكىدەك توم بويۇنلىرىنى بۇراپ كەينىگە
قارىدى، ھىسامىدىن داموللا ئېيتتى، — سىز ھازىر "سارغايدى"
قېشىغا بارماي، ھىلىقى گۇناكارلارنىڭ قېشىغا بېرىپ كېلىڭ،
ھەممىسى بارمۇ قاراڭ، ساقلاشنى چىڭىتىڭ......

ئەيسا پاششاپ "قايسىلىرىنىڭ بۇيرۇغىنى بەجا كەلتۈ-
رەي" دىگەندەك مەخسۇت بەككە قارىدى. بەگ گەپ قىلماي
يەرگە قاراپ تۇراتتى. ئەيسا پاششاپ ئۇز تەجرىبىسىدىن دا-
موللىنىڭ بۇيرۇغىنى ئىجرا قىلىش كېرەكلىگىنى چۇشەندى.

— ئۇكام، سىز ياسىن خوجىنىڭ كېپىنىڭ تېگىگە تې-
خىچىلا چۇشەنمەيۋاتىسىز، ئۇ، ھەر ئىشىنىڭ يولى بار دىدىغۇ، —
ھىسامىدىن داموللا ئەيسا پاششاپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن،
مەخسۇت بەككە قاراپ ئېيتتى، — بۇ يەردىكى يالاڭتوشلەرنىڭ
دىندىنمۇ، قىندىنمۇ چىقىپ قۇترىشى بىكار ئەمەس. ئەپەندىسى
بۇ ئاپەتنى تېرىدى، ئۇنى ئۇز ۋاقتىدا ئۇجۇقتۇرۇۋەتمىگەن
ئەيىپ بىزدە. كوممۇنىستلارنىڭ ئولكىمىز شىنجاڭغا بېسىپ
كەلگىنى راست بولىدىغان بولسا — ھەي ...... بۇ گەپ تولىمۇ
قورقۇنچلۇق — بىز ھەر ھالدا ئەقىل بىلەن ئىش قىلغىنىمىز
تۇزۇك. ئاڭلىشىمچە، كوممۇنىستلار ساپلا ئاچ-ئورۇق، كەمبە-
غەللەرنى يولەيمىش. ئۇلار كەلسە، دوتەي، شيەنجاڭ بولۇشۇپ

ناھىيەدىلا تۇرۇشامدۇ، ياكى بىزنىڭ بۇ يەرلەرگىمۇ كېلەمدۇ؟ بۇنى خۇدا بىلىدۇ! شۇڭا، ياسىن خوجىنىڭ دىگىنى دۇرۇس، خەقنىڭ كوزىچە ئەپەندىنى قەتلى قىلغىلى بولماس. ئۇ ئىسلام شېرىپىنىڭ دۇشمىنى، ئۇنى قەتلى قىلىپ ئولتۇرۇش — ۋالىلامۇ ئەلەم بىساۋاپ، شۇنداق ئىكەن، ئۇنى ئاۋام ئالدىدا ئولتۇرمەي، كوزدىن يوقىتىش شۇلچە تەسمۇ؟......

ھىسامىدىن داموللا قايسىبىر كىتاپتىن نەقىل كەلتۇردى، قايسىبىر ئەقىللىق پادىشانىڭ زىرەكلىگىنى شىپە كەلتۇرۇپ مىسال قىلدى:

— مەن سىزگە ئېيتسام، — دىدى ئۇ، — جان — خۇدانىڭ. ئۇنى خۇدا بەرگەن ۋە ئوزى ئالىدۇ. نەتىجە - ھاسىلات ئوخ - شاش. بۇگۇن كېچە گۇناھكارلارنى بولۇۋېتىڭ. ئەپەندىنى سۇ تۇرمىسىگە يوتكەڭ، سۇدا تۇنجۇقۇپ ئولسۇن. ئەتە ئاللاتائالانىڭ ئۇنىڭ جېنىنى ئوزى ئالغىنىنى ھەممە كىشى بىلسۇن، ئولۇ - گىنى سازايى قىلىڭ......

شۇ چاغدا، ئەيسا پاششاپ كىرىپ كەلدى:

— تۇرمە چورىسىگە ئالتە جىسەكچى قويۇلدى، ئەپەندى - دىن باشقىسى نالىشىنى توختاتتى، پەقەت ئەپەندىلا جەددىت تەشۋىقاتىنى قىلىۋاتىدۇ، "كۇن چىقىدۇ، قۇياش نۇرى ھەممە يەرنى يورۇتىدۇ"، پالان - پۇستان دەپ خەققە چوچەك ئېيتىپ بېرىۋاتىدۇ، — دىدى.

ھىسامىدىن داموللا بۇ گەپكە ئىرەڭ قىلمىدى. كوزى بىلەن ئىما قىلىپ ئەيسا پاششاپنى ئويىدىن چىقىرىۋەتتى ۋە بەككە قاراپ (بۇ چاغدا مەخسۇت بەگ ئاكىسىغا كەينى

قىلىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، دەرىزىدىن قاراڭغۇلۇق بېسىپ كېلىۋاتقان تالاغا قاراپ تۇراتتى)؛

— سىز يەنە بىر ئىشقا دىققەت قىلىڭ، — دېدى ھەسامىدىن داموللا، — ئالماسىنىڭ ئادەم باشلاپ تاققا چىقىپ كەتكەنلىكى يامان بەلگە...... ئىلى ئوغرىلىرىمۇ ئىشنى مۇشۇنداق باشلىغان، دەسلەپ تاققا چىقىۋېلىپ مال ئىگىلىرىنى بۇلىغان، كېيىن ھاكىم ــ موتىۋەرلەرنى دەپسەندە قىلىپ، بەگلىكنى، ناھىيىنى ئۆز قولىغا ئېلىۋالغان...... ئالماس تاققا تاش غاجىلىغىلى چىقامدۇ؟ ياق. پەخەس بولۇش كېرەك. ئىسيان كۆتەرمەكچى...... شۇڭا، سىز دەرھال ناھىيىگە ئادەم كىرگۈزۈڭ. پاسار بەگ ۋالىنىڭ تاپىنىغا ئوت يېقىڭ، "قوراللىق ئىسيانچىلار پەيدا بولدى، ئۆزلىرىنى تۇتماقچى، ھوشيار بولۇڭ، دەرھال ئەسكەر ئەۋەتىڭ" دەپ تىلەپ قىلىڭ......

ھەسامىدىن داموللا سۆزلىمەكتە، مەخسۇت بەگ ئويلىنىپ قالدى. ئاكىسىنىڭ مەسلىھەتى دۇرۇس. مۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزىگە ھېچبىر زىيىنى يوق. ئۇ، دەرھال قۇربان ئاقساقالنى چاقىرتتى:

— ھازىرلا ناھىيىگە ئاتلىنىڭ، — دېدى ئۇ قۇربان ئاقساقال كىرىپ كەلگەندىن كېيىن، — پاسار بەگنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈڭ، ئاۋال بىزگە بېرىدىغان قورالنى چىڭ تۇرۇپ ئېلىڭ، قۇرۇق قول يانماڭ، ئاندىن ئەسكەر باشلاپ چىقىڭ، ئەسكەر......

قۇربان ئاقساقال چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مەخسۇت بەگ ھەسامىدىن داموللىنى ئۆيىگە يولغا سېلىپ قويدى، ئۆزى ئەيسا پاششاپنى ئەگەشتۇرۇپ، تۇرمە تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ئەتراپ قاپ - قاراڭغۇ، ئارقا ھويلا جىمجىت.

مەخسۇت بەگ ئىگىز پاشىنىلىق، تۇمشۇغى ۋە پاشىنىسىغا ناھال قېقىلغان دولان ئۆتۈكىنى "گۈس - گۈس" دەسسەپ، يەر ئاستى تۈرمىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئەيسا پاشاپ ۋە ئۇنىڭ قورالىق نوكەرلىرى يەكلىرسى تۇرۇپ، بەگنىڭ ئەتراپىدا قۇرۇقلاپ يۈرەتتى، چاپارمەنلەر گازۋاي لامپىنى كوتىرىپ تۈرمە ئىشىگىدە پەيدا بولدى.

يەر ئاستى تۈرمىسى — مەخسۇت بەگنىڭ بوۋىسى سۇلايمان توپپىبشىنىڭ زامانىسىدىن تارتىپ بار ئىدى. پىششىق خىشلىق پەلەمپەي بىلەن چۈشىدىغان، بەش مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى بۇ تۈرمىنى كىشىلەر "زىندان" دەپ ئاتايتتى. "زىندان" نىڭ ئۈستىدىكى تار ئۆيدە ئىشكەل، كويزا، تاقاق، ھەر خىل سىم قامچا، چويۈن چوماق قاتارلىق ھەر خىل جازا قوراللىرى ساقلىناتتى. "زىندان" نىڭ ئۆزى بولسا، توت ئەتراپى پىششىق خىش بىلەن پۇختا قوپىرىلغان، تورۇسىغا تۈنىكە مىخلانغان بولۇپ، ئالدىغا بىر قاناتلىق تومۇر ئىشىك بېكىتىلگەن ئىدى. ئۈستىدىن قارىغاندا، بۇ يەردە تۈرمە بارلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. كىشىلەر "زىندان" نى "كىرسە چىقماس دوزاق" دەپ چوچۇپ تىلغا ئالاتتى. ھەقىقەتەنمۇ، بۇ يەرگە كىرگەن ئادەم ئاسانلىقچە تىرىك چىقمايتتى، ھېچ بولمىغاندا ھېيىمناق بولۇپ قالاتتى، كوپىنچە قارغۇ بولۇپ قالاتتى.

مەخسۇت بەگ كېيىنكى يىللاردا "زىندان" نىڭ ئالدىغا يەنە بىر تۈرمە ياساتتى. ئەمىلىيەتتە ئۇ، سۇ تولدۇرۇلغان، ئۈستى يېپىق گوداڭ ئىدى. ھىسامىدىن داموللىنىڭ "سۇ تۈرمىسى" دىگىنى ئەنە شۇ، نۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈش مەقسەت

قىلىنغان تۈتقۈن ئاشۇ گوداڭغا ئىتتىرىپ كىرگۈزۈلۈپ، شوتىنى تارتىۋېتەتتى. تۈتقۈن قىلىنغان كىشى كوكرىكىدىن ئاشقىچە ئاچچىق، زەي سۇ ئىچىدە ئۆرە تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى، ئۆرە تۇرۇشقا بىر ياكى ئىككى سوتكا بەرداشلىق بېرەلەيتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ياكى چىداشلىق بېرەلمەي "گۇنايىنى تىلەپ" بەككە مەڭگۈ قۇل بولۇشقا رازى بولاتتى ـ دە، قۇتۇلاتتى، ياكى بولمىسا، سۈيدۈك ـ تەرەتلەر ئارىلىشىپ كەتكەن سۇغا ھالسىزلىنىپ يىقىلاتتى ـ دە، تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كېتەتتى...... بۇ تۇرمە ئادەتتە مەخپىي بولۇپ، ئۇنى بەگ ۋە ئۇنىڭ ئەڭ يېقىنلىرى ـــ بولۇپمۇ ئەيسا پاششاپتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى......

مەخسۇت بەگ "زىندان" نىڭ پىششىق خىشلىق پەلەمپەيدىن تۆۋەنگە چۈشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇرما ئاچقۇچلۇق بىلەكتەك تومۇر قۇلۇپى شاراقلاپ ئېچىلدى.

ئالدى بىلەن لامپا كوتەرگەن ئەيسا پاششاپ "زىندان" ئىچىگە چۈشتى.

زەي ۋە مۇزدەك سوغاق تۇرمە ئىچىدە ئون نەچچە كىشى تاملارغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. پەقەت ئاسىملا ئۆرە، ئۇ تىك تۇرۇپ، تومۇر ئىشىكتىن كىرىپ كېلىۋاتقان مەخسوت بەككە كوزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن قاراپ قويدى.

مەخسوت بەگ ئىشىكتىن كىرىپلا بوسۇغا تۆۋەندىرەك ئولتۇرغان ئىككى قىزغا ـــ لەيلىگۈل بىلەن ئانارگۈلگە كوزى چۈشتى:

ـــ ئەدەپسىز ھايۋان، ـــ دېدى بەگ قىزلارغا قاراپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ۋە ئۇلارنىڭ چېچىدىن تارتىپ ئۆرە تۇرغۇزدى، ـــ ئالدىڭغا ئادەم كەلگەندە ئورنىڭدىن تۇرۇشنى ئۆگەن!

ئەيسا پاشىشاپ خوشامەتكۆيلۈق بىلەن لامپىنى قىزلارنىڭ يۈزىگە يېقىن ئەكىلىپ تۇتتى. بەگنىڭ كۆزلىرىدە شەھۋەتپەرەسلىك ئوتلىرى يېنىپ كەتتى ۋە قىزلارغا ھاياسىزلىق بىلەن تىكىلدى...... قالغاچ قانىتىدەك قاپ-قارا قاش، بۇلاقتەك قارا كۆز، ئۇزۇن قارا كىرپىك، چىرايلىق - كېلىشكەن تەق - تۇرۇم، كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان ئالمىدەك كوكسى...... بەگ ئۇز ھاياتىدا ناھايىتى كوپ قىز - چوكانلارنى ئاياق ئاستى قىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ كورگىنى ئالتۇن - كۈمۈشكە پۈركىنىپ تۇرغان كىيىم - كېچەك ئىدى. ئەمما، بۈگۈن ئۇنىڭ يىرتقۇچ بورىنىڭكىدەك يېنىپ كەتكەن كوزلىرى ئۇز يېنىدا يوشۇرۇنۇپ قالغان بۇ ئىككى قىزنى بۇرۇنراق كورمىگىنىگە ھەسەت قىلغاندەك پاقىراپ كەتتى......

ئۇ، ئۇنىڭ قولى بىلەن لەيلىگۈلنىڭ ئىڭىكىدىن تۇتۇپ يۇقۇرىغا كوتەردى، ئۇزىگە تىكىلىپ قاراتماقچى بولدى. لېكىن قىز بېشىنى سىلكىپ قولى بىلەن بەگنى ئىتتەردى - دە، ئىتتىك كەينىنى قىلىۋالدى. قىزنىڭ كېلىشكەن ساغرىسىمۇ بەگنىڭ كوزىگە چۈشتى.

— ئەيسا پاشىشاپ، — دېدى ئۇ، — مۇنۇ ئىككى قىزنى بۇ يەردىن ئازات قىل، ئېلىپ كەت......

— خوپ، قېنى بۇياققا مېڭىش! — ئەيسا پاشىشاپ قىزلارنىڭ قېشىغا كەلدى.

تۇرمىدىكىلەر دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇشتى. قىزلار ئۇزلىرىنى قاچۇرۇپ، توختاخۇن بىلەن بايىز خالۋاپنىڭ كەينىگە ئوتۇشۇۋالدى. لېكىن، قوراللىق نوكەرلەر ئالدىغا كەلگەن

ئادەمنى سىم قامچا بىلەن تاراسلىتىپ سىلىپ، قىزلارنى ئاقىرىتىپ سورىگىنىچە ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

مەخسۇت بەگ ئاسىمنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— باللاخور جەدىت، — دېدى ئۇ ئاسىمغا گۆلىيىپ، — سەن كوممۇنىست، كوممۇنىست دىگەننى مەن بىلمەن، ئۇ دىننى يوقىتىدۇ......

— جويلۇمە، — دېدى ئاسىم، — كوممونىستلار خەقنىڭ ئۈستىدىكى زۇلمەت تاغلىرىنى، زۇلۇم كىشەنلىرىنى يوقىتىدۇ، ساڭا ئوخشاش......

— ئېپچىق بۇنى! — مەخسۇت بەگ ئەسەبىيلىك بىلەن ۋاقىرىدى، — مەن ساڭا كىم كىمنى يوقىتىدىغانلىغىنى كورسىتىپ قويىمەن!......

لەيلىگۆل بىلەن ئانارنى بەگ ھويلىسىنىڭ قازنىغىغا قاماپ قويۇپ كەلگەن ئەيسا پاشىشاپ ئۆزىنىڭ قورالىق لۈكچەكلىرى بىلەن ئاسىمغا ئېسىلدى.

دەل شۇ چاغدا تالادا بىردىنلا چۇقان كوتىرىلدى:

— ئوت كەتتى، ۋاي، ئوت!......

— بېسىپ كەلدى، قاچ!

— ۋاي ئەيسا پاشىشاپ، ئادەم بارمۇ؟!......

— ......

ئارقىدىن قىپ-قىزىل ئوت يالقۇنلىرى ۋۇرمە ئالدىدىكى دەرەخلەرنىڭ ئۇچلىرىنى قىزارتىپ شولا چاچتى.

مەخسۇت بەگ تېڭىرقاپ قالدى، تۇرمە پەلەمپىيىدە چىرايىدىن قېنى قاچقان شاتۇر دوغا پەيدا بولدى:

— پ ـ ۈت ـ ۈن يۇرت بېسىپ كەلدى، ھەممىسىنىڭ قولىدا ئۇت، يامان بولدى، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى ئۇ.

شاتۇر دوغىنىڭ سوزى تېخى تۈگىمەيلا، بەگ ھويلىسىنىڭ تومۇر دەرۋازىسىغا ئۇرۇلۇۋاتقان پالتا ـ كەكە، كەتمەنلەرنىڭ گۇلدۇرلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— تومۇر دەرۋازىنى تاقىۋالدۇق، لېكىن، ھە دەپ چاناۋاتىدۇ، — دىدى يەنە شاتۇر دوغا.

مەخسۇت بەگ ئەيسا پاششاپقا قاراپ:

— تۇرمە ئىشىگىنى قۇلۇپلا، بەش كىشى قوي، مىدىرلىماي باقسۇن! — دىدى ـ دە، قالغانلارنى ئەگەشتۇرۇپ گۇلزارلىق ھويلا تەرەپكە قاراپ يۇگۇردى……

بەگ ئاتخانىسىنىڭ ئۈستىدىكى چەللىگە ئوت قويۇلۇپ (چەللە توپىسىگە نەچچە ئون مىڭ باغ قورۇق بىدە بېسىلغان)، تومۇر دەرۋازا قىقاس ـ سۈرەن بىلەن ئۇرۇلۇۋاتقاندا، ئالماس قولىدا تاپانچا تۇتقان ھالدا ئون نەچچە يىگىتنى ئەگەشتۇرۇپ، بەگنىڭ شىپاڭلىق چوڭ بېغىنىڭ كەينىدىكى سۇڭگۇچتىن ئۆتۈپ باغنىڭ ئىچىگە كىردى. ئۇلار دەرەخلەرنىڭ دالدىسى بىلەن ئالدىراپ مېڭىپ "زىندان" نىڭ قېشىغا كېلەي دەپ قالغاندا، بەگ ھودۇقۇپ تېنەپ ئەيسا پاششاپ بىلەن گۇلزارلىق ھويلىغا كىرىپ كەتتى، غەزەپلەنگەن ئىلىقۇل:

— ئاپلا! خەپ توختاپتۇر…… سەل ئىلگىرى كەلگىنىمدە بەگنىڭ ئوزىنى مۇشۇ يەردىلا ئۇجۇقتۇرىدىكەنمەن، ئىست! — دەپ قولىدىكى جادو ـ قىڭراقنى يەرگە ئۇردى.

ئالماس گەرچە ئوزىمۇ شۇنداق ئويلاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئىلىقۇلنىڭ يېڭىدىن تارتىنى:

— ئالدىرىما، ھازىر "زىندان" دىكىلەرنى قوتقۇزايلى، — دىدى - دە، يۈگۈرۈپ كەتتى.

"زىندان" نى يىقىۋاتقان جىسەكچىلەرنى ئۇلار ھەش - پەش دىگىچە جايلىۋەي، ئىغىزلىرىغا لاتا تىقىپ، قوللىرىنى كەينىگە قايرىپ، مىدىرلىيالمايدىغان قىلىپ دەرەخلەرگە باغلىۋەتتى. ئالماس پالتىنىڭ چۆلتىسى بىلەن ئۇرۇپ "زىندان" قۇلۇپىنى چاقتى، تۆمۈر ئىشىكنى غەزەپ بىلەن تېپىپ ئاچتى ۋە ھەممەيلەننى باغرىغا بېسىپ دىدار كۆرۈشتى - دە:

— قېنى، ئىتتىكرەك بولۇڭلار، جۇما قىرغىز سىلەرنى باشلاپ ئېلىپ ماڭىدۇ، تۇرماڭلار، — دىدى.

نوختاخۇن، بېيىز خالۋاپ، سارىخان ئانا باشلىق بارلىق تۇتقۇن قىلىنغان كىشىلەر "زىندان" دىن سىرتقا چىقتى، جۇما قىرغىز ئۇلارنى ئالدىراتتى:

— يۈرۈڭلار، مېنىڭ كەينىمدىن ئەگىشىڭلار!......

سارىخان ئانا كوزىگە ياش ئېلىپ ماڭغۇسى كەلمىدى:

— ئوغلۇم، — دىدى ئانا ئالماسنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ، — بەگ لەيلىگۈل بىلەن ئانارنى بۇلاپ كەتتى، بۇ چىلبۆرە......

ئالماس تىترەپ كەتتى، كوزلىرىدە ئوت ياندى ۋە "يالت" قىلىپ ئاسىمغا قارىدى.

— سىلەر مېڭىڭلار، بىز ئىزلەيمىز، — دىدى ئاسىم توختاخۇن، بايىز خالۋاپ ۋە سارىخان ئانىغا قاراپ، — تۇرماڭلار، قېنى تېزرەك باغدىن چىقىپ كېتىڭلار......

ئۇلار باغدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاسىم تال بىدىش ئاستىدا بىر ئۇي خىزمەتكارىنى تۇتۇۋالدى. ئالماس بىلەن ئېلىقۇل:

— لەيلىگۈل، ئانار قەيەردە؟ بول ئىتتىكرەك ئېيت، — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

قىزلار ئىچكەركى قورانىڭ قازنىقىغا سولانغان بولۇپ، ئۇلارنى قوتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قاتمۇ-قات ئۈچ دەرۋازىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەرۋازىلارنىڭ ھەممىسى ئىچىدىن قۇلۇپلانغان بولۇپ، ئۇنى ئېچىشمۇ، تونەسىدىن ئارتىلىپ چۈشۈشمۇ تەس ئىدى.

ئۇلار قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى مەسلىھەت قىلىشىۋاتقاندا، بەگ ئۇگزىسىدىن ((راسلاپ ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازلىرى ئاڭلاندى، بىرنەچچە تال ئوق دەل ئالماسلارنىڭ بېشىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى.

— ھەي...... نېمە قىلىمىز؟ — ئالماس تىت-تىت بولۇپ كەتتى.

ئامال يوق، ئۇلار قايتتى.

ئاسمىلار باغنىڭ سىرتىغا چىققاندىن كېيىن، ئالماس شانىيازغا بۇيرۇدى:

— ...... يۈگۈر شانىياز، سەن تومۇر دەرۋازا ئالدىغا بار، ئەمدى قېرىنداشلار ئۆي-ئۆيلىرىگە قايتسۇن...... بىزنى ئورماندىن ئىزلە......

شانىياز تام بېغىرلاپ، قوناقلىقلارنىڭ ئىچى بىلەن يۈگۈرۈپ كەتتى.

— بۇ ئەقىلنى ئالماس تاپتى، — دىدى ئېلىقۇل ئاسمىغا قاراپ، — بەگنىڭ سىلەرنى "زىندان" دا ئۇچۇقتۇرماقچى بولغانلىقىنى بىز ياسىن خوجا قايتقاندىن كېيىنلا بىلگەن. شاتۇر دوغا كارغا كەلدي...... ئۇ يان ئويلاپ، بۇ يان ئويلاپ

ھېچنېمە تاپالمىدۇق. ئاخىرى ئالماس ئاتخانا ئۈستىدىكى بىدىگە ئوت قويۇپ، تۆمۈر دەرۋازا ئالدىدا ئاللا-چۇقان كۆتىرىپ، بەگنى تەمتىرىتىۋېتىپ، سۆڭگۈچ بىلەن كىرىپ سىلەرنى قۇتقۇزۇشنى ئويلاپ تاپتى...... مانا ئەمدى ھەممە ئىش جايىدا بولدى. ئەمما، سەل كېچىكىپتۇق. بەگنىڭ ئوزدىنى جايلايدىغان پۇرسەت قولدىن كەتتى......

تۆمۈر دەرۋازا ئالدىدىكى ئاللا-چۇقان ئاستا-ئاستا بېسىلدى. لېكىن، چەللە-بىدىش ئۈستىدىكى يالقۇن بارغانچە يۇقۇرى كۆتىرىلدى. پاراسلاپ لاۋۇلداپ ھەممە يەرگە يامراۋاتقان ئوت ۋەھىمىلىك گۈرۈلدەپ، ئەتراپنى سۈتتەك يورۇتۇۋەتتى......

## ئونىنچى باپ

## 1. غەنىمەت ئولجا

سۇبھى تاڭ......

شەرق ئاسمىنى ئاستا ـ ئاستا سۇزۇلمەكتە، يۇلتۇزلار يەر ـ نىپ ـ ئۇچمەكتە، جىلۋىلىك سەھەر قۇچاق ئېچىپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن، كوئېنلۇن ئېتىكى تېخى گۇگۇم.

قىرغاق قارىيىپ كورۈنەتتى، دەريانىڭ يۈزى كوكۇش چىمىرلايتتى ۋە ھازىر دەريادا سۇ خېلىلا پەسلەپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، يېنىك ۋە ئۈزۈلمەس دولقۇن شېغىل تاشلىق قىرغاققا تاراسلاپ ئۇرۇلۇپ، تىنىمسىز شاقىراپ تۇراتتى.

ئالماس كېمىنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدە ئورە تۇرۇپ، ئۈزۈن خادىنى سۇ ئاستىدىكى يەرگە قاتتىق تىرەپ، دەريا ئوتتۇرد- سىدىن كېسىپ ئوتتى. ئاندىن كېمە تۇمشۇغىنى ئاستا ـ ئاستا تاشلىق قىرغاقتىكى كاداك ياغاچ دەرىخىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرد- لىدى. كېمە تۇمشۇغى قىرغاققا تېگەي ـ تېگەي دەپ قالغاندا چاققانلىق بىلەن خادىنى سۇدىن تارتىۋېلىپ ـــ قىرغاقتىكى قورام تاشقا قاتتىق تىرەپ، كېمە تۇمشۇغىنى سۇنىڭ ئېقىمىغا بۇرىدى. ئوتكۈر ئېقىم كېمە قۇيرۇغىنى يان تەرەپتىن ئۇرۇپ سىلجىتىپ قىرغاققا ئېپكىلىپ چاپلىدى. ئالماس كېمىدىن سەك- رەپ چۈشۈپ كېمە ھالقىسىغا ئوتكۈزۈلگەن ئۈزۈن، تومۇر قىل

ئاغامچىنىڭ ئۇچىنى ياغاق دەرىخىنىڭ ئىچىلىپ قالغان ئەگرى يىلتىزىغا باغلىدى.

مەشرەپ بىلەن شانىياز كېمە بىلەن قىرغاق ئارىلىغىغا بىر تال شال قويۇپ، توختاخۇن، بايىز خالۋاپ، سارىخان ئانا باشلىق "زىندان"دىن قۇتۇلغان ئونچە كىشىنى كېمىدىن چىقاردى. جۇما:

— بولۇڭلار، باغرىم - قېرىنداشلىرىم، كەتتۇق ئەمسە، — دەپ ئالدىراتتى.

لېكىن ئۇلار ئالماسقا قاراپ جەمجىت تۇرۇشۇپ قالدى.

— بىز تاڭ سۈزۈلۈپ بولغىچە نېرىقى قىرغاققا ئۆتۈپ، ئاسىم ئەپەندىنىڭ قېشىغا بېرىۋېلىشىمىز كېرەك، — دىدى ئالماس دادىسى توختاخۇن بىلەن بايىز خالۋاپنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، — ئورمانلىقتا ئازراق تۇرۇپ، ئاندىن، يامىنى كەلسە تاققا چىقىپ كېتىمىز. جۇما قىرغىز سىلەرنى سالمان تاجىك-نىڭ قېرىندىشىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارىدۇ. مەيلى، بىرنەچچە ۋاقىت بەگنىڭ كوزىدىن نېرىراق تۇرۇڭلار، سىلەرنىڭ قېشىڭ-لارغا جۇما بېرىپ - كېلىپ تۇرىدۇ، بىز بەگنىڭ ئەدىۋىنى بەرمەي قويمايمىز......

كېتىۋاتقانلاردىن بىرەيلەن:

— شۇنداق قىلىڭلار، بەگنىڭ يۈلۈنىنى ئۈزمەي تۇرۇپ، بىزگە كۈن يوق، — دىدى ھەسرەت بىلەن.

سارىخان ئانا كوزىگە ياش ئالدى:

— ئوغلۇم، ئانار بىلەن لەيلىگۈلنى ئۇنتۇماڭلار، مېنىڭ يۈرىگىم بەگنىڭ دوزىخىدا قالدى، بەگ ئۇلارنى خارلاپ قوي-مىسۇن...... بۇ ئىپلاس چىلبورە......

— ئوغلۇم، — دىدى توختاخۇن سەل تىترىگەن ئاۋاز بىلەن ئالماسقا قاراپ، — سەن نىمىشقا بىزنى تاققا ھەيدەيسەن ...... سىلەر نىمە بولساڭلار، بىزمۇ شۇ. ئادەم كوپ بولغىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟ ......

— دادا، بىز بۇ توغرىلىق كېلىشكەنغۇ، — دىدى ئالماس، — بولۇڭلار، تۇرماڭلار. ئاز قالدى، پات - ئارىدا ئازاتلىق بولىدۇ. بەگ ئاسانلىقچە ھەيۋىسىدىن چۈشمەيدۇ، ئۇنى ئۇرۇپ چۈشۈرمەي بولمايدۇ...... يوتكىلىپ تۇرىدىغان ئىش. سىلەر بۇنى چۈشىنىڭلار، بىز جاننى تىكىپ قويدۇق......

ھىچكىمنىڭ ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى. ئالماس ئۇلارنى سوزلىگەچ مېڭىپ، كىچىككىنە قىيپاش تېقىر تاغنىڭ كەينىگە ئوتكۈزۈپ قويۇپ، كەينىگە ياندى. توختاخۇن بىلەن بايىز خالۋاپ ئۇزلىرىنىڭ كالا مۈڭگۈز ساپلىق پىچاقلىرىنى ئېلىپ ئالماسقا ئۇزاتتى:

— ئال ئوغلۇم، پىچاق — ھەمرا. بىرنى سەن ئال، بىرنى مەشرەپكە بەر، — دىيىشتى.

ئۇلار ئايرىلىشتى.

ئالماس كېمە يېنىغا كېلىپ، مەشرەپ بىلەن شانىيازغا:

— بولۇڭلار ئاغىنىلەر، يورۇق چۈشۈۋاتىدۇ، كېمىنى بۇراڭلار، — دەپ كېمىگە سەكرەپ چىقتى.

ئۇلار ئەمدىلا خادىنى قولغا ئالغاندا، يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك، تۇيۇقسىز ياڭاق دەرىخى ئالدىدا ئۈچ ئاتلىق كىشى كورۈندى. ئاتلار پۇشقۇرۇپ، ئېغىر ۋە تېز - تېز خارتىلدايتتى، تاقىلىرىنى تاشقا ئۇرۇپ، تىپىرلاپ ھە دەپ شوخشۇيتتى.

ئالماس ئاتلارنىڭ ئۇزاق يەردىن توختىماي چېپىپ

كەلگەنلىكىنى بىر قاراپلا بايقىدى. ئاتلارنىڭ ئۈستىدە قورال-لىق ئىككى ئەسكەر ۋە قۇربان ئاقساقال بولۇپ، ئۇلار تۈيۈق-سىز ئۇچراشقان بۇ "كېمىنچىلەر"نىڭ كىملىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئالدىراپ باشلىرىنى سوزۇپ قارىشىۋاتاتتى.

ئالماس قۇربان ئاقساقالنى بىر قاراپلا تونۇدى. ئەھۋال جىددى ۋە خەۋپلىك ئىدى. ئۇ، مەشرەپنىڭ قۇلىقىغا نىمە-نىدۇ پىچىرلىدى-دە، خاتىرجەملىك بىلەن قىرغاقتىكى ئاتلىق كىشىلەرگە قاراپ:

— كىم بۇ قىرغاقتىكى، يولۇچىمۇ سىلەر؟ — دەپ ۋاقى-رىدى.

شۇ گەپ بىلەن تەڭ، مەشرەپ كېمىنىڭ قۇيرۇغىدىن ئۆزىنى دەرياغا ئاتتى......

قۇربان ئاقساقال "پولدۇڭ" قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئىتتىك ئەسكەرلەرگە قارىدى. ئاتلىق ئەسكەرلەر بولسا، مىلتىقلىرىنى "شاراق-شۇرۇق" قىلىپ قوللىرىغا ئېلىشىپ:

— قاچقان قايسىڭ؟ توختا! — دەپ ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى.

مەشرەپ سۇ ئىچىگە شۇڭغۇپ كوزدىن غايىپ بولدى.

قۇربان ئاقساقال كېمە ئۈستىگە پايپاسلاپ چىقىپ، ئال-ماسنىڭ قولىدىكى خادىغا ئېسىلدى ۋە شۇ چاغدا ئالماسنى تونۇپ، چوچۇگەن هالدا:

— ھە!...... ئالماس ئىكەنغۇ، — دىدى-دە، ئەس-كەرلەرگە قاراپ، — تۇتۇڭلار بۇنى!......قاچقۇن، ئالماس قاچقۇن دىگەن مۇشۇ، — دەپ ۋاقىرىدى.

ئۇككى ئەسكەر كىيمە ئۈستىگە ئالدىراپ چىقىشىپ، مىلـ
تىقلىرىنى ئەگلەپ، ئالماس بىلەن شانىيازغا:
— قولۇڭنى كوتەر، جىم تۇرۇش! — دەپ كورەڭلىدى.
ئالماس پىسەنت قىلمىغاندەك قوشۇمىسىنى تۇرۇپ قويدى.
— سۇغا ئوزىنى ئاتقان كىم؟ — دەپ قۇربان ئاقساقال
ئالماسنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى، — ئېيتە قاچقان كىم،
سەن قاچۇردۇڭغۇ دەيمەن؟......
— مەن نىمە، يولۇچى ئۇ! — دىدى ئالماس.
— يولۇچى؟ قانداق يولۇچى!......
— مەن نىمە بىلەي. ئوزىدىن سوراڭلار......
قۇربان ئاقساقال ئىشەنمىدى ۋە ئوتكۇر ئېقىمغا ئەگە-
شىپ بىر چومۇپ، بىر لەيلەپ يىراقلاپ كەتكەن "يولۇچى"
غا زەردە بىلەن قاراپ تۇرۇپ، سەپرايى ئورلىگەن ھالدا
ئەسكەرلەرگە ۋاقىرىدى:
— نىمە تۇرىسىلەر، ئېتىڭلار، ئۇمۇ بالاخور، ئىسيانچى......
ئەسكەرلەر خۇشياقماسلىق بىلەن سۇ ئېقىمىغا قارىتىپ
بىر قانچە پاي ئوق ئاتتى - دە، توختىدى.
قۇربان ئاقساقال:
— ھەي...... ئۇنى تۇتساق بەكمۇ ياخشى سوغىسى قوش
بولاتتى، خەپ، — دەپ قوللىرىنى ئۇۋۇلىدى.
ئىگىز قاسقان شەپكە كىيگەن، ياپىلاق يۈز، ئىلمەك
بۇرۇن، شاپ بۇرۇتلۇق قىرى ئەسكەر قۇربان ئاقساقالغا قارىدى:
— قېنى ئاقساقال، بىزنى بەنت قىلما. بىز بۇ قورالّلار-
نى بەككە تاپشۇرۇپ، تاپان ھەققىمىزنى ئېلىپ دەرھال قايتە-
شىمىز كېرەك. جاھاننىڭ نىمە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمىسەڭغۇ

ئۆزەڭ. بۇ كېمىچىلەرنىڭ ئىشى چاغلىق، ئىسيانچىلارنى بولسا، كېيىن كېلىدىغان ھەربىلەر ئەدەپلەيدۇ، — دېدى.

قۇربان ئاقساقالنىڭ سىدام قاشلىرى لىكىلداپ، قىيسىق كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. "سىرنى ئاشكارىلاپ قويدۇڭ ئەخمەق، نېمە سەن دوت-كالۋا بۇ مەخپىيەتنى قالايمىقان چايناپ يۈرسەن" دېگەندەك قىلىپ، قاسقان شەپكىلىك ئەسكەرگە بىر گۆلەيدى-دە، تۆكۈرۈگىنى ئىچىگە يۇتتى.

قاسقان شەپكىلىك ئەسكەر يەنە ئالدىراتتى. قۇربان ئاقساقال شانىيازغا قاراپ:

— ھەي، كېمە ھەيدىيەلەمسەن؟ — دېدى.

ئا .اس ئىتتىك شانىيازغا قاراپ كۆزىنى قىستى، بېشىنى ئىغىتتى. شانىياز چۈشىنىپ، دەرھاللا:

— ياق، — دېدى.

قۇربان ئاقساقال ئالماسقا قاراپ ئاماللىزلىق بىلەن:

— قېنى سەن ھەيدە. تېزرەك بول، — دەپ ئىنجىقلىدى.

ئالماس خادىنى قولىغا ئالدى ۋە خاتىرجەملىك بىلەن:

— قېنى چىقىڭلار. مەن سىلەرنى قىرغاققا ئۆتكۈزۈپ قويسام ئىشىم تۈگەمدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بەگنىڭ ئالدىغا بېرىپ گۇنايىڭنى تىلە، — دېدى قۇربان ئاقساقال ئالماسقا خۇدۇكسىنغان ھالدا ئەنسىز قاراپ، — ئىشقىلىپ يۇۋاش بول. بەگنىڭ ئالدىغا بېرىپ گۇنايىڭنى تىلىسەڭ، مەنمۇ ھە-ھۇ دېيىشىمەن...... لېكىن، قاچساڭ، جاجاڭ بىر پاي ئوق!......

ئەسكەرلەر ئۈچ ئاتنى كېمىگە چىقىرىشتى. قۇربان ئاقساقال شانىيازنىڭ قولىنى كەينىگە قايرىپ باغلاپ، كېمىنىڭ

ئالدىغا ئەكىلىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئالماس ئۇزۇن خادىنى سۇ ئاستىغا قاتتىق بېسىپ، كېمە تۇمشۇغىنى دەرياغا بۇرىدى.

بۇ چاغدا تاڭ خېلىلا سۈزۈلۈپ قالغان بولۇپ، نېرىقى قىرغاق ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قۇربان ئاقساقال ئاتلارنىڭ چۇلۋۇرىنى ئىككى قولى بىلەن چىڭ تۇتۇپ كېمە تۇمشۇغىدا ئۆرە تۇردى. بىر ئەسكەر كېمىنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدە مىلتىغىنى ئالماسقا بەتلىگەن ھالدا كۆزەت قىلماقتا، يەنە بىر ئەسكەر بولسا، قولى باغلانغان شانىيازنى كۆزەتكەچ، ئۆزىچە دەرياغا قاراپ ھوزۇرلىنىپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشقا كىرىشتى.

ئالماس كېمىنى قەستەن سۇنىڭ دولقۇنلىنىپ تۇرغان ئۆتكۈر ئېقىمىغا تارتتى. كېمە داۋالغۇپ قايىنام ئىچىدە كېتىۋاتقاندا، ئالماس پات - پات كۆزىنىڭ قۇيرۇغى بىلەن ئاتلارنىڭ ئۈستىگە غانجۇقلانغان تاغارلارغا ۋە تاغارنىڭ ئاغزىدىن ئۇچلىرى چىقىپ تۇرغان مىلتىقلارغا ھەمدە ئۈچىنچى ئاتتىكى يەشىكلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ تۇردى، "يەشىكلەردىكى ئوق بولسا كېرەك" دەپ ئويلىدى.

كېمە دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، ئالماسنىڭ قولىدىكى خادا ئەپچىللىك بىلەن تېز ھەركەتلىنىشكە باشلىدى. كېمە لەپپەڭشىپ، ئۆرە تۇرغانلار ئۆز تەڭپۇڭلۇغىنى يوقاتتى، ئاتلار كىشنەپ، قۇلاقلىرىنى شىڭگىتىپ تىپىرلاشتى. ئالماسقا مىلتىغىنى تەڭلەپ تۇرغان ئەسكەر ئالدى - كەينىگە دەلدۈگىنىپ ئۆزى بىلەنلا بولۇپ قالدى. ئالماس خادىنى پەم بىلەن سۇدىن تارتىۋالدى - دە، چاققانلىق بىلەن ئالدىدىكى ئەسكەرنىڭ بېشىغا "قارس" قىلىپ بىرنى سالدى. ئەسكەر قولىدىكى مىلتىق بىلەن سۇغا ئۇچۇپ چۈشتى. ئىككىنچى خادا



قۇربان ئاقساقالنىڭ بېشىغا تەگدى. لېكىن ئاتنىڭ چۇلۋۇرىغا مەھكەم يېپىشىۋالغانلىقتىن قۇربان ئاقساقال سۇغا موللاق ئې-تىشتىن ساقلىنىپ قالدى. بۇ چاغدا، قولى باغلانغان شانىياز بىخرامان ئۇلتۇرغان ئەسكەرنىڭ بېشىغا كەينىچە بىر كاللا قويۇپ ئۈگدىسىغا چۈشۈردى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى. ئەمما، قۇربان ئاقساقال توملەپ قوپۇپ، شانىيازنىڭ ئاستىدا ياتقان ئەسكەرنىڭ مىلتىقىنى قولىغا ئېلىۋالدى ۋە ئارقا - ئارقىدىن ئالماسقا قارىتىپ ئۈچ پاي ئوق ئاتتى. كېمە داۋالغۇپ تۇر-غانلىقتىن ئوق ئالماسقا تەگمىدى. ئۇ، توتىنچى پاي ئوقنى ئاتاي دېگەندە، ئالماس بىر كۈچىنىپ، قۇربان ئاقساقالنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى - دە، ئاچ بىقىنىغا بىر پەشۋا تېپىپ، ئۇنى دەرياغا ئۇچۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتتى.

شانىيازنىڭ ئاستىدا ياتقان ئىلمەك بۇرۇن، شاپ بۇرۇتلۇق ئەسكەر:

— جان ئۇكىلار، ئولتۇرمەڭلار، بىر قوشۇق قېنىمنى تە-لەي، خۇدا ھەققى، ئولتۇرمەڭلار، — دەپ نالە قىلىشقا باشلىدى.

ئالماس ھۈركۈۋاتقان ئاتلارنىڭ چۇلۋۇرىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ، شانىيازنىڭ باغلانغان قولىنى يېشىۋەتتى ھەمدە شاپ بۇرۇتلۇق ئەسكەرگە قاراپ:

— جىم يات، مىدىرلىما! — دېدى.

ئۇ ئەسكەر جالاقلاپ تىترىگىنىچە:

— ماقۇل، ماقۇل، مەن...... — دەپ يىقىلغان يېرىدە بېتىۋەردى.

بۇ چاغدا دەريادا بايىقى غالجىر ئەسكەرنىڭ ئۆلۈكى نەيلەپ كورۈندى. لېكىن، ھېلىگەر قۇربان ئاقساقال بولسا،

كېمىدىن كوپ ئۇزاپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلە ـ تىرىلىشىگە قارىماي دەريانىڭ ئاياق تەرىپىگە ئۇزۇپ كېتىۋاتاتتى......

— خەپ مۇناپىق! تېخى سەن قولغا چۈشىسەن، — دىدى ئالماس ئۇنىڭغا قاراپ.

ئۇلار ئون ئىككى تال مىلتىق، تۆت يەششىك ئوق، ئۈچ ئاتنى ئولجا ئېلىپ، شاپ بۇرۇتلۇق ئەسكەرنىڭ قولىنى باغلاپ، كېمە بېشىنى دەريانىڭ يۇقۇرى تەرىپىگە بۇرىدى......

ئاسىم ئوز يىگىتلىرى بىلەن توغراق ئورمانلىقىنىڭ چىتىدىن ئېتىۋاتقاندا، ئۇشتۇمتۇت دەريانىڭ ئۇ قېتىدا قالايمىقان ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئاپلا، توختىكاملار پالاكەتكە ئۇچرىدىمۇ ـ نىمە؟ — دەپ چوچۇپ سالمان ئاسىمغا قارىدى.

ئاسىم يىگىتلەرنى ئەگەشتۇرۇپ، دەريا تەرەپكە يۈگۈردى ئۇلار قىرغاق بويلاپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقاندا، ئالدى تەرەپتىن هول كىيىملىرى بىلەن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان مەشرەپ چىقىپ كەلدى. ھەممەيلەن تەرەپ ـ تەرەپتىن سوراشتى:

— مەشرەپ نىمە گەپ؟

— مەشرەپ!

—مەشرەپ ئالماس قېنى؟

مەشرەپ ئەھۋالنى يەتكۈزدى:

— جۇما قىرغىز توختىكاملارنى ئېلىپ كەتتى...... ئالماس كېمىنى بىر ئىلاج قىلىپ يۇقۇرى تەرەپكە تارتىمەن. قىرغاقتا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇڭلار دىدى، — دەپ سوزىنى تۈگەتتى.

ئېلىقۇل قۇربان ئاقساقالنىڭ شەھەردىن قورال ـ ياراق

ئېلىپ چىققانلىغىنى ئاڭلاپ، خوشاللىقتىن سەكرەپ كەتتى:

— مىلتىق!...... مىلتىق دەمسىنا؟...... تىلىڭغا شېكەر، ياشاپ كەت مەشرەپ!...... شۇ قارا كوسەي بىزدە بولمىغانلىقتىن بەگ هوكىرەپ يۇرتقا پاتماي كەتتى. بەگنىڭ هويلىسىدىن بىز شۇ قارا كوسەينىڭ دوقى بىلەن ئىككى قېتىم يېنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدۇق...... قالتىس گەپ، نىمە بولسىمۇ مىلتىقنى قولغا چۈشۈرۈۋالايلى......

ئاسىم جادۇ-قىڭراق، كالتەك-توقماق تۇتقان يىگىتلەرنى بىرنەچچە گۇرۇپپىغا بولۇپ، ئالماسنىڭ كېمىنى هەيدەپ كېلىشى ئېهتىمال بولغان جايغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. ئاسىم كېتىۋېتىپ:

— هودۇقماڭلار، مىلتىقلىق ئەسكەرنىڭ ئالدىغا كالتەك-توقماق بىلەن ئېتىلىپ بارغىلى بولمايدۇ، پەم بىلەن، تۇيۇقسىز قولغا چۈشۈرىمىز، قاراملىق قىلماڭلار، ماڭا قاراپ هەركەت قىلىڭلار...... — دەپ سوزلەپ ماڭدى.

ئەمما، ئۇلار تېخى كېمە بويىغا بارا-بارمايلا دەريادا شىددەت بىلەن ئۈزۈپ كېلىۋاتقان كېمە كورۈندى.

ئالماس خوشال بولۇپ، قولىنى پۇلاڭلاتتى.

هەممەيلەن قىقاس-چۇقان كوتىرىپ، دەرياغا ئوزىنى ئېتىپ، كېمىگە چىقىشتى.

— ئالماس ئىنىم، بۇ بىزنىڭ تۇنجى غەلىبىمىز، — دىدى ئاسىم ئالماسنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، — ئازاتلىق كۈنلىرىنى ئەجرى قىلىپ كۈتۈۋېلىشىمىزدىكى تۇنجى جەڭ سىگنالى......

يىگىتلەر داۋالغۇپ تۇرغان كېمە ئۈستىدە ئالماس بىلەن

شائىيازىنىڭ زىرەكلىك بىلەن قولغا چۈشۈرگەن كۈرەش مېۋە-سىگە قاراپ تەنتەنە قىلىشتى......

يىگىتلەر ئاتلارنى قىرغاقتا ئېلىپ چىقىپ، مىلتىق ۋە ئوقلارنى بولۇشۇۋاتقاندا، ئاسىم بىلەن ئالماس ھېلىقى قاسقان شەپكە، شاپ بۇرۇتلۇق ئەسكەرنى بىر چەتكە تارتىپ سوراق قىلدى:

— ئېتىڭ نىمە؟

— مەتۋاقى.

— قورالنى كىم بەردى؟

— ۋالى پاسار بەگ......

— بۇ يەرگە يەنە ئەسكەر چىقىدىغىنى راستمۇ؟

— يولدا، ئاقساقال شۇنداق دېدى. ئۇنىڭدا ۋالىنىڭ مەخسۇت بەككە يازغان بىر خېتى بار......

— خەت دەمسىنا؟......

— ۋالى بەگنىڭ ئۆزىگە يېزىپتۇ......

— ......

ئاسىم بىلەن ئالماس بىر بىرىگە قاراشتى. تەھقىق بۇ ناھايىتى مۇھىم خەت ئىدى...... ئالماس قۇربان ئاقساقالنى قاچۇرۇپ قويغىنى ئۈچۈن ئېچىندى ۋە ئۇلار قۇربان ئاقساقال بۇ كەمگىچە بەگنىڭ قېشىغا يېتىپ بارالىدىمۇ-يوق، دىگەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ دەريانىڭ ئاياق تەرىپىگە قاراشتى......

## 2 . ئەجەل ھودۇقۇشدا

قۇربان ئاقساقال ھاسىراپ-ھومىدەپ، چىرايىدىن قېنى قاچقان، ھالدا بەگنىڭ تومۇر دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلگەندە،

هويلا خىزمەتكارلىرى هاك - تاك بولۇشۇپ، ئۇنىڭغا ئەيمىنىپ قاراشتى.

شاتۇر دوغا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىۋېتىپ، قۇربان ئاقسا-قالنىڭ پۈتۈن كېيىم - كېچەكلىرىنىڭ چىلىققىدا سۇ بولۇپ، ئىشتەك شۇمشىيىپ كەتكەنلىكىنى، كىر سۇيىدەك سېرىق كوز-لىرىنىڭ ۋەھىمە - قورقۇش ئىچىدە تېخىمۇ خۇنۇكلىشىپ، پۈتۈن بەدىنىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى بايقىدى.

— شاتۇر، بېگىم قېنى؟ — قۇربان ئاقساقال هولۇقۇپ سورىدى.

— بېگىممۇ؟...... بار، قېنى مەن باشلاي، — شاتۇر ئۇنى ئاتخانا تەرەپكە ئېلىپ كەتتى.

مەخسۇت بەگ بۇ چاغدا ئوت قويۇۋېتىلگەن ئاتخانىنىڭ چەللىسىگە قاراپ، قوللىرىنى كەينىگە تۇتقان هالدا كىمنىدۇ غەزەپلىنىپ تىللاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا مۇرىسىگە مىلتىق ئېسىۋالغان بىرنەچچە چاپارمەن ۋە بەزى يۇرت ئاقساقاللىرى سايىگە ئوخشاش ئەگىشىپ يۈرەتتى. بەگ خوتۇنلىرى، ئۇششاق-چورىلەر قورقۇپ - تىترىشىپ ئالاقزادىلىق بىلەن بىر چەتتە بەككە قارىشىپ تۇراتتى.

مەخسۇت بەگ ئۆزىنى كورۇپلا تىزلانغان قۇربان ئاق-ساقالغا كوزى چۈشۈپ ئەرۋايى ئۇچتى، گوشلۇك يۈزلىرى تار-تىشىپ، جاهىلى قېتىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئىتتىك باردى.

— مەن ...... مەن ...... چاتاق بولدى...... گۇنا-يىمنى ......— قۇربان ئاقساقال تىزلانغىنىچە ئورنىدىن تۇ-رالمىدى.

مەخسۇت بەگ غەزەپلىنىپ، ئۇلىنىڭ ياقىسىدىن بوغۇپ تۇرۇپ سىلكىدى:

— ھە، تۈزكور! قورال قېنى؟ قېنى ئەسكەرلەر؟

قۇربان ئاقساقال قورقۇش ۋە خورلىنىش ئىچىدە كې-مىدىكى پاجەنى ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سوزلىدى:

— خۇدا مەدەت قىلىپ، ئوزلىرىگە سادىق بولغانلىقىمدىن دەرياغا ئوزەمنى ئېتىپ قۇتۇلدۇم، — دىدى ئۇ، — لېكىن، ئون ئىككى مىلتىق، توت يەششىك ئوق، ئۈچ ئات، يەنە ئەسكەر...... ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى......

— ئۇلار؟ ئۇلار دىگىنىڭ كىم؟

— ئالماس. يەنە جىق ئادەم......بەك جىق......

— بەك جىق، بەك جىق! — بەگ قۇربان ئاقساقالنىڭ ساقىلىدىن تارتىپ ئورە قىلدى، — ئېيتە، جىق، جىق! زادى قانچىلىك جىق!......

قۇربان ئاقساقالنىڭ كوزى ئالىيىپ كەتتى:

— جىق، يۈزچە بار......

مەخسۇت بەگ قۇربان ئاقساقالنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىر-ۋېتىپ، تەستىگىگە "چاك" قىلىپ بىرنى سالدى:

— پاسار بەگ ئەسكەر چىقارتىمەن دىمىدىمۇ؟!

— دىدى، تەس دىدى. خەت، مانا...... خەت......

قۇربان ئاقساقال بىر كانۋېرتنى توش يانچۇغىدىن ئې-لىپ بەككە سۇندى. سۇدا ئوۋسىپ كەتكەن قەغەزدىن ھېچنە-مىنى ئوقۇپ چۈشەنگىلى بولمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ھىسامى-دىن داموللا:

— خەت تۇتۇق ئىكەن، ئەسكەر چىقارتىش يوق گەپ-

تەك قىلىدۇ، ئۇزەڭلار...... ئېيتىپ، چاناپ يوق قىلىڭلار...... دېگەندەك سۆزلەرنى ئوقۇيالىدىم، — دېدى.

— ئاناڭنى...... كارغا يارىماس لايغەزەل. مەن ئۆزەممۇ ئۈنچىلىك كەپنى بىلىمەن، — دېدى مەخسۇت بەگ، خەتنى ھىسامىدىن دامولّىنىڭ قولىدىن يۇلۇپ ئېلىپ، يىرتىپ - يىرتىپ تاشلىۋەتتى ۋە كەينىگە قاراپ ۋاقىرىدى، — ھوي، ئەيسا پاششاپ، دەرھال ئات تەييارلا، چاپسان، شاتۇر سەنمۇ ماڭ، بولۇش!

ئارىدىن بىرنەچچە مىنۇت ئوتكەندىن كېيىن، تومۇر دەرۋازىلىق ھويلىدىن مەخسۇت بەككە ئەگىشىپ، بىرنەچچە ئاتلىق لۈكچەك قويۇندەك چىپىپ چىقىپ كېتىشتى......

مەخسۇت بەگ شۇ كۈنى پېشىن بولغان مەھەلدە ۋالى پاسار بەگنىڭ ئۆزى بىلەن كورۇشۇش ئۈچۈن، دوتەي يامۇلنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىپ ئاتتىن چۈشتى.

قارا دەرۋازا ئالدىدا مىلتىقلىرىنىڭ ئۇچىغا نەيزە بېكىتىپ لاغايلاپ يۈرگەن تۆت قوراللىق ئەسكەر بۇ قېتىم نىمە ئۈچۈندۇ مەخسۇت بەككە ئىلتىپاتسىزلىق قىلدى:

— رۇخسەت يوق! سىزگە كىم كېرەك؟ — دېيىشىپ تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئالدىنى توستى.

— ۋالى بىلەن كورۇشىمەن، مۇھىم ئىش، — دېدى بەگ ئەلەم بىلەن مىلتىقلىق ئەسكەرگە ھومىيىپ ۋە بىر ئاز ئۆزىگە ئىشەنچ قىلغان ھالدا.

— رۇخسەت يوق، ۋالى بۇ يەردە ئەمەس!

مەخسۇت بەگنىڭ دوتەي يامۇلغا كىرىش ئىنتىلىشلىرى

بىكارغا كەتتى. ئادەتتە، بۇ ئەتىۋالىق بەككە خېلىلا خوشامەت قىلىدىغان ئەسكەرلەر بۈگۈن چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ھە دەپ: „رۇخسەت يوق، بۇيرۇق شۇنداق“ دېگەننى تەكرارلاۋەردى.

مەخسۇت بەگ جىلى بولۇپ، غەزەپ بىلەن كەينىگە يالدى - دە، ئېتىغا مىندى.

ئۇ سۇرلۇك ۋە جىمجىت كوچىدا كېتىۋېتىپ، تېخى كوز باغلانماستىنلا تاقىلىپ كەتكەن دۇكانلارغا، ئالدىراپ ئۆي - ئۆيلىرىگە كېتىشىۋاتقان سودىگەر - تىجارەتچىلەرگە، ساپايى چېپىلىپ بەگنىڭ ئالدىغا پەرۋاسىز كېلىۋاتقان دەرۋىشكە، نالە قىلىپ قول سوزۇۋاتقان تىلەمچىلەرگە ھومىيىپ قاراپ ئۆتتى، ئاتنىڭ ئالدىنى توساپ قولىنى سوزغان بىر قېرى تىلەمچىنىڭ بېشىغا قامچا بىلەن „تارس“ قىلىپ سېلىپ، ئۆزىگە يول ئاچتى ۋە شۇ چاغدا، ئۇدۇلدىكى دوقمۇشتا چوخچىيىپ تۇرغان سېپىلغا، سېپىل ئۈستىدىكى پوتەيلەرگە قاراپ، كونا بۇرادىرى جاڭ تۆەنجاڭنى ئېسىگە ئالدى - دە، ئەيسا پاششاپقا:

— يۈرۈڭلار، لەڭزىگە! — دېدى.

قېلىن سېپىل ۋە پوتەيلەر بىلەن ئورالغان لەڭزە دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى. كۆزەتچى ھەربىلەر مەخسۇت بەگنىڭ جاڭ تۆەنجاڭ بىلەن كورۇشمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن دەرھال تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئېلىپ كىم بىلەندۇ بىر نەچچە ئېغىز سوزلەشتى - دە، بەگنىڭ ئۆزىنى ئىچكىرىگە كىرگۈزۈۋەتتى.

بەگ لەڭزە ئىچىدە ئانچە تېنىمەيلا تونۇش ئۆينى ئاسانلا تاپتى. ئۆينى ئىشىك ئالدىدا جاڭ تۆەنجاڭ ئۆزى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن:

— ئوھۇ...... فەدىناس دوستۇم، مانا ھۆرمەتلىك بەگنىڭ بىزنى ياد ئېتىدىغان كۈنلىرىمۇ بولىدىكەن - دە! — دەپ جاك تۇەنجاك مەخسۇت بەگنى قارشى ئالدى ۋە ئۇنى قولتۇغىدىن ئېلىپ ئۆيگە باشلىدى.

جاك تۇەنجاك سىدام باش، پاكار، سېمىز، پىستە كوز ئادەم ئىدى.

— بەگنىڭ بىزنى يوقلىغىنى بىز ئۈچۈن تېپىلغۇسىز خوشاللىق ئەمەسمۇ؟ — دىدى ئۇ يەنە ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن بەككە قاراپ.

— ھەي......جاك تۇەنجاك، بىزنىڭ تىنچ - خاتىرجەملىگىمىز سىزگە باغلىق تۇرسا، نىمىشقا ياد ئېتىپ يوقلىمايدىكەنمىز، — مەخسۇت بەگ نىمىندۇ ئويلاپ شۈك بولۇپ قالدى، ئاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ ئېيتتى، — سىز فۇتۇەنجاك ۋاقتىڭىزدا بىزنى يوقلاپ تۇراتتىڭىز، تۇەنجاك بولۇپ مەرتىۋىڭىز ئاشقاندىن كېيىن...... خەير...... بىزنى تاشلاپ قويدىڭىزمۇ قانداق؟ بۇنىڭدىن ئىككى - ئۈچ يىل ئىلگىرى ھىلىقى تاغ باندىتلىرىنى باستۇرۇپ، شوھرىتىڭىز ئالەمگە تارالغاندىن بۇيان، تەرىپىڭىز تىلىمىزدا ھىكايە بولۇپ قالدى. ئۆزىڭىز بىز تەرەپلەرگە ئۆتمىگەن بولسىڭىزمۇ، لىكىن، مۇبارەك قەدىمىڭىز تەككەن يەرلەرنى ھىلىمۇ تاۋاپ قىلىپ يۈرۈپتىمىز......

— يوقسۇ، يوقسۇ...... ھەي، ئاشۇرۇۋەتتىڭىز بەگ، — دىدى جاك تۇەنجاك كېرىلىپ، — نىمىسىنى ئېيتىسىز، ئۇ كەمدىكى توپىلاڭچىلارنى ئەدەپلەپ، ئىلى ئوغرىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىشتا، جانابىڭىزنىڭ توھپىسى ئاز ئەمەس، خىللانغان يىگىتلىرىڭىز

بارده، بەگ...... ها، ها، ها...... خوش، بۇ قېتىم نوزىگىزگە
قانداق خىزمەت كېرەك بولۇپ قالدى؟......

جاڭ تۇەنجاڭ غاڭزىسىنى تارتىپ تۇرۇپ، سىناش نەزىرى
بىلەن مەخسۇت بەككە قاراپ قويدى.

— بېشىمىزغا كۈن چۈشتى، ئېغىر ئەھۋال......— مەخسۇت
بەگ ئۇھ تارتىپ قويۇپ، زەرەپشان ئىسيانچىلىرىنىڭ ئۈزىگە
كۆن بەرمىگەنلىگىنى ئالدىراپ بايان قىلدى.

— يامان بوپتۇ،— دىدى جاڭ تۇەنجاڭ ۋە قوشۇمىسىنى
تۈرۈپ، غاڭزىسىنى ئۇزاق شوراپ، ئۇنىڭ تۈتۈنىنى تورۇسقا
لەيلىتىپ پۈلىدى، — راستىنلا يامان بوپتۇ، كوممۇنىستلار يېتىپ
كەلسە نىمە بولاركىن - تاڭ؟ كوممۇنىستلارنىڭ قەدىمى تېخى
يەتمەي تۇرۇپلا، نەدىكى سولتەك گادايلار جانابىڭىزغا مۇشت
كوتىرىپ قوپقان بولسا، ئىش چاتاق ئىكەن. ھىم......ئىسيان-
چىنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتۇپ، باستۇرۇۋېتىش كېرەك......

— ئىلاج بولمىدى،— دىدى ئۇ جاڭ تۇەنجاڭغا ئىلتىجا
قىلىپ،— ئۇلار دولەت قورالىنى بۇلاپ كەتتى......

— قورالنى دەرھال قايتۇرۇۋېلىڭ......

— شۇنداق، سىز مەدەت بېرىپ ئىلتىپات قىلىڭ......

جاڭ تۇەنجاڭ بېشىنى چايقىدى ۋە بەگنىڭ كوزىنىڭ
ئىچىگە سىناپ قاردى:

— بۇ، تەس ئىش، خېلىلا تەس......

— بۇ، سىزنىڭ قولىڭىزدىن كېلىدۇ تۇەنجاڭ، ياق دې-
مەڭ، قانداق تەس؟

جاڭتۇەنجاڭ ئورنىدىن تۇردى، قولىنى ئىشتىنىنىڭ ياد-
چۇغىغا سېلىپ، دەرىزىدىن تالاغا قارىدى. لەگزە سەيناسىدا

لاغايلىشىپ يۈرگەن، تاۋكا قۇرۇپ قىمار ئويناۋاتقان، نىمىندۇ تالىشىپ ياقا سىقىشىپ بوغۇشۇۋاتقان ئەسكەرلەرگە قاراپ قويدى.

— ئاناڭنى!...... بىزنىڭ باشلىقلار كالۋا، ئەسكەرلەرگە ئاسلىق قىلدى، — دىدى ئۇ بەككە قارىماي تۇرۇپ، — يىرىم يىل بولدى، تەمىنات بەرمىدى. مائاش ئالمىغان ئەسكەرنى قانداقمۇ ئىشقا سالغىلى بولسۇن؟ سىز بىلىسىز، مىنىڭ قولۇم-دىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر باللىرى، قىنى قىزىق، ئوت. تىخى قايسى كۈنى خوشنا لۈيدىكى ئەسكەرلەر زوتالىق قىپتىكەن، راسا بىر قەپەس ئىلىشتۇق، تىرە-پىرەك قىلىۋەتتى، شۇنداق قىزىق ئىلىشىش بولدىكى، بىر ھەپتە يەتكۈدەك خەج-خىراجەت غەملەپ كىلىشتى. قىسقىسى......

مەخسۇت بەگ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، يۈرىگىگە زىخ سانچىغاندەك بىر تولغىنىۋالدى. "ھىلىگەر تۈلكە، ماڭا قۇرۇۋاتقان قىلتىقىنى قارا، — دەپ ئويلىدى بەگ، — ھە قايسىڭنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى كىم بىلمەيدۇ؟ كۈندۈزى لەڭزىدە قىمار ئويناپ، يەپ-ئىچىپ، ۋاقىراپ-جاقىراشقىنىڭ بىلەن، كىچىسى خەقنى بۇلاپ-تالاپ باندىتلىق قىلدىغىنىڭ ھەممە كىشىگە ئايان. پۈتۈن ناھىيىنى بۇلاپ-تالاپ ئوزەڭنى سەمرىتىۋاتساڭمۇ، يەنە بەر، ئالتۇن-كۈمۈش بەر دەپ قول سوزۇۋاتقىنىڭنى!......"

مەخسۇت بەگ شۇنداق دەپ ئويلىسىمۇ، لىكىن ئۇ خوشامەتكۈيلۈق بىلەن مۇنداق دىدى:

— جاڭ تۈەنجاڭ، بۇ نىمە دىگىنىڭىز؟ قاراڭ سىزنى، ئەسكەرنى بىقىش، كىيىندۇرۇش پۇقرانىڭ ئىشى. ئەلمىساقتىن تارتىپ شۇنداق، شۇنداق بولۇپ كىلىۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە سىز

ماڭا، بۇرادەر ئىشىنىڭ يولى مۇنداق، بىر نىمە قىل، دەپ بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قويماپسىز! شۇمۇ دوستلۇقمۇ؟ بىزنىڭ بۇرتنى ئوتتۇز ئىككى بەگلىك دېيىشىدۇ، كوپ تۇكۇرسە، كول بولار دىگەن گەپ بار، قاراپ تۇرارمىدۇق، مانا پېقىرنى ئالسىڭىز سىزگە قاچانمۇ بېخىللىق قىلغان ـ ھە......

مەخسۇت بەگ كوڭلىدە جاڭ نۇەنجاڭنى مىڭنى تىللاپ قاغىسىمۇ، لېكىن، قوللىرى تىترەپ موۋۇت چاپىنى ئىچىدىكى يەكتەكنىڭ توش يانچۇغى بىلەن ئۇزاق ھەپىلەشتى. ئۇنىڭدىن سېرىق ئەتلەسكە ئورالغان ئەللىك دانە تىللانى ئېلىپ جوزا ئۈستىگە قويدى:

— قېنى، جاڭ تۇەنجاڭ، پېقىرنىڭ كوڭلىنى يېرىم قىلماي ئېلىپ قويۇڭ. خىجالەت قىلماڭ، قۇرۇق قول كېپقاپتىمەن. خەپ، ھىلىقى ئىسيانچىلار جىمىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ ئاز نەرسىنىڭ ئالدىڭىزدىكى چوڭ سوغىنىڭ ئەرزىمىگەن زاكالىتى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسىز، قېنى، كوڭلۈم يېرىم بولمىسۇن، ئېلىپ قويۇڭ......

جاڭ تۇەنجاڭنىڭ كىچىككىنە پىستە كوزلىرى ئىچىدىكى سازاڭ قۇرۇتتەك مىتىلداپ تۇرغان كوز قارىچۇقلىرى پاقىراپ، پاناق بۇرۇنلىرى پۇشۇلداپ، جاۋغايلىرى كېرىلىپ كەتتى ۋە باشقا بىرەرسى كىرىپ قېلىپ، شىرىك بولۇۋېلىشتىن ئەنسىرىگەندەك:

— قۇللۇق، قۇللۇق بەگ، سىز نىمىشقا؟...... مېنى خىجالەت قىلىپ قويدىڭىز...... ھەي، ئۇز ئىشتە. زادى لازىم ئەمەستى ـ دە!ـــ دەپ تىللانى دەرھال قولىغا ئېلىپ، ئىتتىك يانچۇغىغا سالدى.

ئاندىن ئۇلار ئىچىلىپ ـ يېيىلىپ، تاغدىن ـ باغدىن

سوزلەپ بىر بىرىگە خوشامەتكۈيلۈق قىلىشتى. ئىسيانچىلارنى باستۇرۇش ۋە "ئەسكەر ھەققى" توغرىسىدا كېلىشتى. مەخسۇت بەگ نوكچا ئالتۇننى ئايىمايدىغانلىقى ھەققىدە، جاڭ تۇەنجاڭ ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ بەردەملىكى توغرىسىدا ماختاندى.

— ئەسكەردە گەپ يوق، — دېدى جاڭ تۇەنجاڭ، — مەن ئۆزەم ئۆگەتكەن - دە! سىزنىڭ كۆزىڭىزگە قادالغان تىكەننى يۇلۇپ تاشلاشتا بۇنىڭدىن قاۋۇل يىگىتلەر ئالەمدە يوق ئەمما، لېكىن، بىر نازۇك ئىش بار. ۋالى پاسار بەگ قوشۇمچە جېڭبېي سىلىڭ. ئۇنىڭ يازما بۇيرۇغىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. پاسار بەگ قەدىناس دوستىڭىز - دە! شۇ خەتنى ئېلىۋېلىڭ، قالغىنى بىزدىن، بولامدۇ؟......

مەخسۇت بەگ بۇ يەرگە قانداق ئۇشتۇمتۇت كىرگەن بولسا، شۇنداقلا تېز ئايرىلدى.

مەخسۇت بەگ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن جاڭ تۇەنجاڭ ئۆزىچە ئويلىدى: ۋاي ئەخمەق بەگەي! جاھان نىمە كويدا، سەن نىمە كويدا؟...... بۇ ئەخمەق بەگ ۋەزىيەتنىڭ نىمە بولۇۋاتقانلىقىنى تېخى سەزمىسە كېرەك. ساڭا ئۆرخشاش دوت - كالۋالارنىڭ كاساپىتىدىن بولغىنىمىز مۇشۇ! مەيلى، نىمە بولسا بولامدۇ. پاسار يازما ئىلتىماس قىلسا، دولەت قورالىنى بۇلىغان بەڭۋاشلارنى ئەدەپلەپ، ئون ئىككى مىلتىقنى قايتۇرۇپ ئەكىلىش — ماڭا نىمە زىيان. بۇمۇ شىنجاڭنى تېچلىق بىلەن ئازات قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغانلىغىم، توھپە قوشقانلىغىم. مۇبادا كوممۇنىستلار ئۆز ۋەدىسىگە ۋاپا قىلسا، ئەلۋەتتە بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ماڭا مۇكاپات بېرىشى كېرەك. ئىش

ئەپلەشمىسە، جاۋاپكارلىق مەندە ئەمەس، يازما بۇيرۇق بەرگەن جىگىبي سىلىڭمىدا بولىدۇ، مەن بولسام، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلدىم، دەيمەن. جىگىبي سىلىڭنىڭ يازما بۇيرۇغىنى ساقلاپ قويۇش كېرەك......

مەخسۇت بەگ بۇ قېتىم دوتەي يامول ئالدىغا بارغاندا، ئىشىكتە تۇرغان قوراللىق كۆزەتچى ئەسكەرلەر نىمە ئۈچۈندۇ خېلىلا يۇمشاپ قالغان ئىدى. ئۇلار بەگنى كورۇپ:

— ۋالى تېخى بايىراق قاغىلىقتىن قايتىپ كەلدى. ئوز - لىرىنى ئايرىم چاقىرتماقچى. ھە، راست، ئوزلىرىنى ئىزلەپ تېپىش توغرا كەلسە، نەدىن سورايمىزكىن، — دىدى.

مەخسۇت بەگ تەرىنى بىر تۇردى - دە:

— خەپ، يەنە كىرگۇزمىدىڭمۇ — مەيلى! مېنى ئىزلىسەڭ كونا شەھەردىكى يەڭگەڭنىڭ قېشىغا بار، گۆلھەسەل خېنىمنىڭ ئويىدىن تاپ، — دەپ چالۋاقاپ ئاتقا مىندى.

بەگ ئوز چاپارمەنلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ، شەھەر رەستە - سىدىن چىپىپ كەتتى......

شەھەر ئەتراپى ۋە يىراق يېزىلاردىكى ئابرويپەرەس ھەشەمەتچى بەگلەرگە ئوخشاش، مەخسۇت بەگمۇ شەھەرگە كىرگەندە ساراي - ھوجرىلارغا چۈشكەندىن ياخشىراق دەپ، بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرى كونا شەھەردىن بىر قورا جاي سېتىۋالغان ئىدى. كېيىنرەك بىر كىچىك خوتۇنلۇق بولدى. ئەمما، ئۇ بۇ يەرگە كىرىپ - چىقىپ يۇرگەندە ئەتراپتا تۇرغۇن شەھەر گۇزەللىرىنىڭ بارلىغىنى كورۇپ، بىردىن كوزى قىزاردى......

خۇددى شۇ مەھەللىدە "ئوردا خېنىملار" دەپ ئاتىلىدى-
غان، قاچاندۇ بىر چاغلاردا ئوردا ئىچىدە ئۆسكەن ۋە كېيىنرەك
ئوردا ئىچىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، ئەمما، ھېلىمۇ چوڭ
ئىمارەتنى ئىگەللەپ، "ئوردا خېنىم" دىگەن نام بىلەن ئۆزىنى
يەكەن جەمىيىتىنىڭ "قېنى تازا" شوھرەتلىك ئالى تەبىقىسى
ھىساپلايدىغان گۈلھەسەل خېنىم تۇيۇقسىز بەگنىڭ كوزىگە
چۈشتى.

دادىسى ۋاڭ بولغان ۋە "خوجا" مەرتەۋىسى بىلەن
بارلىق ئالۋاڭ - ياساقتىن ئازات قىلىنغان بۇ خېنىم كوپتىن
بۇيان تۇل ئىدى. ئۇ، ئادەتتىكى يەر ئىگىلىرى، سودىگەر ۋە
ئاخۇن - ئىشانلارغا قايتا ياتلىق بولۇشنى ئوز تەبىقىسىنىڭ
شەنىگە باپ ئەمەس دەپ قاراپ ئەرگە تەگمىگەن ئىدى.
مەخسۇت بەگ ئەلچى ئەۋەتكەندە، گۈلھەسەل خېنىم بەگنىڭ
ئۆزىدىنمۇ، ئۇ ئەۋەتكەن ھىممەتلىك سوغا - سالاملارغا ھەۋەس-
لىنىپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ، بىر يىلغىچە مەخسۇت بەككە
تېگىش - تەگمەسلىكنى جەزىم قىلالماي، ئۇنى خۇپىيانە
ئويناش قىلىپ يۈردى. كېيىن ئوغرىلىقچە نىكالاندى. ئارىدىن
ئۈچ يىل ئوتكەندە، ئۆزىنى بەگنىڭ ئاشكارا خوتۇنى دەپ
ئېلان قىلىپ، جامائەتكە داستىخان سېلىپ رەسمىي چاي
تارتتى......

مەخسۇت بەگ پىششىق خىشلىق "ھىندى سارىيى"نىڭ
ئالدىدىن ئوتۇپ، گۈلھەسەل خېنىمنىڭ بوۋىلىرى كالىلىسى
جادودا توغرىلىدىغان ياكى دارغا ئېسىلىدىغان "گۇناكار"غا
ھوكۈم جاكالايدىغان "رىگىستان" مەيدانىغا كەلدى ۋە ئۇ يەر-
دىن توغرا كېسىپ ئوتۇپ، ھوكۈم ئىجرا قىلىنىدىغان

"دەۋرىلىقازا" مەيدانىنىڭ بىر چېتىدىكى چوڭ ئىمارەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى.

بۇ چاغدا، گۇگۇم چۈشكەن ئىدى. بەگنى گۇلھەسەل خېنىمنىڭ مۇكچىيىپ قالغان ئايال خىزمەتكارى كۈتۈۋالدى ۋە قېلىن ئەتلەس كورپىلەر سېلىنغان، دەرىزىلىرىگە دۇخاۋا پەردە تۇتۇلغان چوڭ مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى.

لامپا يېقىلغان مېھمانخانىنا بەگ كىرىپ جايلاشقاندىن كېيىنمۇ خېلىغىچە بوش تۇردى، خىزمەتكار ئايال كۈمۈش تۇرۇبىلىق كەشمىر چىلىمنى بەگنىڭ ئالدىغا قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئادەتتە، بەگ بۇ ئۆيگە كىرىپ بولغىچە، ئالتۇن بىزەكلەر بىلەن ياسالغان گۇلھەسەل خېنىم دەرھال بوسۇغا تۈۋىدە پەيدا بولۇپ، ئىككى قولىنى كوكرىكىگە ئالغان ھالدا زەر تۇتقان ھەلىلە ياغلىغىنىڭ ئۇچى بىلەن يۈزىنىڭ يېرىمىنى توساپ تۇرۇپ، ھە دەپ بەگدىن ھال سوراشقا باشلايتتى، بۈگۈن نىمە ئۈچۈندۇ بۇ نازلىق خېنىم كورۇنمەيتتى.

مەخسۇت بەگ چىلىمنى تارتىپ تۇرۇپ، پات - پات ئىشىك تەرەپكە قاراپ قويدى. خىزمەتكار ئايال داستىخان كوتىرىپ كىرگەندە، بەگ:

— خېنىم...... تاۋى يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يوقسۇ، — دىدى خىزمەتكار ئايال، — خېنىم سادى بەدەن، ئوبدان. تېخى بايىراق قەشقەردىن بىر زات كېلىپ، خېنىمنىڭ ھورمەتلىك بوۋىلىرى شەرىپىگە دۇئا - تەكبىر قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاغىچا خېنىم كىمنىندۇ يوقلاپ سالام بېرىش لازىم ئىكەن، دەپ ئويىدىن چىقىپ كەتتى. كېلىپ قالار......

بەگ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويلىنىپ قالدى. ئەمما، خىزمەتكار ئايال مېھمانخانىدىن چىقىپ كېتىپ، بىردەمدىلا ئەندىككەن ھالدا قايتىپ كىردى:

— ھۆرمەتلىك بېگىم،— دېدى ئۇ،— ۋالى جاناپلىرى ئۇز-لىرىگە يوچتا ئەۋەتىپتۇ، تەخىرسىز دوتەي يامۇلغا كېلىش-لىرىنى بۇيرۇپتۇ......

بەگ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئالدىراپ قاما تو-مىغىنى بېشىغا كىيىپ، تالاغا ماڭدى......

"ئاناڭنى ئوغرى!...... مەن ئاخىر كېرەك بوپتى-مەن-دە!......"

## 3. "ھېكمەتلىك ئۆزۈك"

مەخسۇت بەگنىڭ ۋالى پاسارنى ھەممىشە "ئوغرى" دەپ تىللىشى بىكار ئەمەس.

پاسار كەسپىي جىڭسا ئەمەلدارى سۈپىتىدە ئىنتايىن ھىلىگەر-تۈيغۇنلۇغى، ناھايىتى زور ئىشپىيونلۇق تورىنى ئۇز قولىدا چىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن تىرىلمۇ ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىدىغانلىغى، سىياسەت ئالمىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە غەلىتە تېز، سىرلىق تۈردە ماسلىشىپ، زورۇر تېپىلسا ئۇز رەقىپ-لىرىدىن قان چىقارماي جان ئالىدىغان ئاجايىپ رەڭۋازلىغى سەۋەپلىك پۈتۈن ۋىلايەتكە مەشھۇر ئىدى.

ئۇ، جىڭساجۇيگە جۇيجاڭ بولۇپ تۇرغان مەزگىل-لىرىدە "خەلقنى قوغداش" دېگەن ساختا نام بىلەن ھەممە يەردە قاتمۇ-قات چوماقچىلار ئەتىرىدى قۇرۇپ، شەھەر-

يېزىلاردا مىسلىسىز تېنىتىش - ئۈتقۈن قىلىشنى غالجىرلىق بىلەن يۈرگۈزۈپ، "خەلقچىل سىياسەت بولسۇن" دېگەن تەلەپ-كارنىڭ ئۇخۇمىنى قۇرۇتۇۋېتىشكە جار سېلىپ قەسەم قىلدى...... كېيىن ئۇ، قوزغىلاڭچى تاجىك قەھرىمانى نايىك باتۇرنى تۇتۇۋېلىپ، بويىنىدىن جادودا توغراپ، كاللىسىنى شەھەر دەر-ۋازىسىغا مىخلاپ، شەھەر ئاھالىسىنى "كېسىلگەن كاللا"دىن ئىبرەت" ئېلىشقا مەجبۇر قىلغاندا، بىردىنلا گومىنداڭ دائىر-لىرىنىڭ ئالاھىدە كوزىگە چۈشۈپ، كەم تېپىلىدىغان ئەتىۋالىغى بولۇپ قالدى.

پاسار دەل مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، 1948 - يىلى 9 - ئايلاردا ئۇزىنىڭ ئەسلىدىكى كۈچلۈك ھىماتى قورچاق ۋالى جۇفاڭ-گاڭ بىلەن تۇيۇقسىز رىقابەتلىشىپ، "ئومۇمخەلق سايلىمى" دېگەن بىرخىل ساختا نىقاپ بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، جۇفاڭگاڭنى غۇلىتىپ تاشلاپ، ئەپچىللىك بىلەن ۋالىلىق تامغىسىنى تارتىۋالدى......

مەخسۇت بەگ بۇ "سايلام"غا قاتناشتى ۋە پاسار ئۈچۈن ئاۋاز بەردى. ئەسلىدە مەخسۇت بەگنىڭمۇ پاسار تالىشىۋاتقان بۇ ئورۇندىن خېلىلا تامايى بار ئىدى. بىراق، ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن بىر ۋەقە ئۇنى گاڭگىرىتىۋەتتى ۋە پاسار بىلەن "ئېلىشىش" نىيىتىدىن ۋاز كەچتى.

بۇ ئىش مۇنداق بولغان:

كوپتىن بىرى، "ئاغزىدا شەمشىرى، تاپىنىدا قانىتى بار ئۇچار ئوغرىلار" دەپ نامى تارالغان ئالتە "نوچى" بۇ شە-ھەردە ئۇز مەيلىچە تاجىسىز پادىشالىق قىلاتتى...... پاسار ۋالىلىق تاجىنى كىيىشتىن ئالتە ئايچە ئىلگىرى، كۇتۇلمىگەندە ئۇلار پاسارنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا بولۇپ قالدى......

"ئۈچار ئوغرىلار" كۈندۈزى "قاتتىق تەھقىپ قىلىنىپ، قاماپ قويۇلاتتى"، كېچىسى قويۇۋېتىلەتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىش - ھەر-كىتىنى ھېچكىمنىڭ سۈرۈشتۈرۈشىگە رۇخسەت قىلىنمايتتى...... دەل ئالتە ئاي ئۆتكەندە، بۇ ئىشنىڭ سىرىنى پاسارنىڭ شەخسى مۇھاپىزەتچىسى ئاستا - ئاستا پەملەپ قالدى...... ئەسلىدە، پاسار بۇ ئالتە ئوغرىنى كۈندۈزى ھېچكىم ئىزلەشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان تۈرمىنىڭ بىخەتەر ئۆيىدە بېقىپ - يىگۈزۈپ، كېچىسى ئوۋغا قويۇۋېتىپ، ئالتۇن - كۈمۈش "يىغىپ كېلىش"كە سېلىۋاتقان ئىدى.

"دىمەك، جۇيجاڭنىڭ ئۆزى ئوغرىنىڭ سەركەردىسى!" — مۇھاپىزەتچى ئۆز خىيالىدىن چوچۇپ، ئۆز ئۆزىگە "كۆزۈم كورمىدى، قۇلىقىم ئاڭلىمىدى" دەپ قەسەم بەردى.

بىراق، ھېلىقى "سايلام" رىقابىتى كەسكىنلىشىۋاتقاندا، پاسارنىڭ ئۆزى، خۇدۇكسىنىپ قالدى......ئىزنى يوقىتىش كېرەك ئىدى. بولمىسا، رەقىپلىرى سېزىپ قالىدىغان بولسا، مانا ئوت!...... پۇرسەتنى تۇتۇپ، شەرمەندە قىلىۋېتىپ، ئالتۇن تاجىدىن ۋالىيلىقتىن قۇرۇق قالدۇرۇشى تۇرغان گەپ!......

پاسار ھېچقانچە باش قاتۇرمايلا ئۆز مۇھاپىزەتچىسىنى قۇربان قىلىشنى قارار قىلدى. بىر كۈنى كېچىسى ئادەت بويىچە "ئۈچار ئوغرىلار" "ئوۋغا" چىقىش ئالدىدا پاسار مۇھاپىزەت-چىنى ئۆزىنى "قوغدىتىپ" بىخەتەر تۈرمە ئالدىغا كەلدى-دە، كەينىدىن پىچاق سېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئاندىن ئالتە ئوغرىنى "مېنىڭ مۇھاپىزەتچىمگە قەست قىلدى" دېگەن نام بىلەن تۈرمە ھويلىسىدىكى كېردىكسىز قۇدۇققا بىر - بىرلەپ سورەپ چىقىپ تىرىك كومۇۋەتتى......ئالتە ئوغرىنىڭ يامىنى قادىر

ئالتۇن دېگەن نەرسە ئىدى. ئۇ قانداقتۇ تەلىيى ئوڭ كېلىپ قېلىپ، كېچىسى قۇدۇقتىن قوتۇلۇپ چىقىپ قېچىپ كەتتى......

قادىر ئالتۇن (ئۇ، مەخسۇس ئالتۇن ئوغرىلايدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى كىشىلەر "قادىر ئالتۇن" دېيىشەتتى). شۇ قاچقانچە ئۇز نەزىرىدە بارلىق بەگلەر ئىچىدىكى نوچىسى مەخسۇت بەگنىڭ ئۆيىنى ئۆزىگە پانا قىلماقچى بولدى ۋە ھەممە ئەھۋالنى بەككە ئېيتىپ بەردى......

مەخسۇت بەگ بۇ ئاجايىپ ئامەتتىن خوش بولۇپ: "مانا، پاسار، ئەھەي......ئەمدىغۇ قوناغا چۈشكەنسەن، ئوغرىنىڭ پادىشاسىنى ۋالى قىلىدىغان ئەخمەق ئەمەستە بىز، ۋالىلىق نوۋىتى پېقىرغا كەلگەن بولسا ئەجەپ ئەمەس" دەپ، قولىغا تۇكۇرۇپ، ئېتىنى ئىگەرلەۋاتقاندا، پاسارنىڭ ئۆزى ئاسماندىن چۈشكەندەك، تاڭ سەھەردە بەگنىڭ تومۇر دەرۋازىلىق ھويلىسىغا ئۇشتۇمتۇت ئاتلىق يېتىپ كىردى ۋە ئۇ، ئاتتىن چۈشە-چۈشمەيلا قادىر ئالتۇننى ئۈچ پاي ئوق بىلەن جىمىقتۇرۇۋې-تىپ، مەخسۇت بەككە تىكىلدى:

— جانابى بەگ، ئەپۇ قىلىڭلا. جىڭساجۇيىنىڭ ئىشى مۇشۇنداق ئىجازەتسىز بولىدۇ. چۈشىنىشلىرى كېرەككى، ۋەزىپە ئوتەۋاتقاندا، باشقىلار بىلەن ھىساپلىشىپ ئولتۇرۇشقا بىزدە ۋاقىت بولمايدۇ. خوش، قادىر ئالتۇن جاناپلىرىنى ئۆز شىرىكلىرىنىڭ يەتتىنچىسى قىلاي دېمىدىمۇ؟— دەپ تۇيۇقسىز سورىدى.

بەگ تاتىرىپ كەتتى:

— يوقسۇ، يوقسۇ، بۇ ئەبلەخ تېخى بايىلا بۇ يەردە پەيدا بولۇپ قالدى، ھېچنىمە دېمىدى......

— ئۇ زادىتا......ياخشى. دېمەك سىلى شىرنىڭ ئەمەستە!......

— جۇيجاڭ، قانداقچە سىلى؟ مەن بولسام......

— بوپتۇ......ئۇنداقتا مەنمۇ سىلىنى ئۇنىڭ يەتتىنچى شىرىنگى دەپ ھېساپلىمايمەن......خوش......

پاسار سەھەر گۈگۈمدە بۇ يەردە قانداق تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بولسا، شۇنداقلا تېز غايىپ بولدى......

شۇندىن ئېتىۋارەن مەخسۇت بەگ ئۇنى زەردىسى قاي-نىسىلا خوجىسى يوق يەردە ئالىيشۋاپتۇ دىگەندەك كەينىدىن "ئوغرى" دەپ تىللاپ قوياتتى......

مەخسۇت بەگ ھازىر گۈلھەسەل خېنىمنىڭ ئۆيىدىن پاسار ئەۋەتكەن پوچتىغا ئولتۇرۇپ كېتىۋېتىپ، ئەنە شۇلارنى خۇشياقماسلىق ۋە بىر يەرلىرى ئېچىشقاندەك بولۇپ ئويلىدى.

ۋالى پاسار مەخسۇت بەگنى سەل ھودۇقۇپ-تەمتىرىگەن، نىمىگىدۇ بىتاقەت بولۇۋاتقاندەك بىسەرەمجان ھالدا ئۆزىنىڭ مەخپى ئۆيىنىڭ ئىشىگىدە قارشى ئالدى.

پاسار تۇلۇمدەك سېمىز، گەۋدىلىك، قارا چوقۇر، ياپما قاپاق، ئاتمىش ياشلارغا كىرگەن ئادەم بولۇپ، ھەمىشە تۆت يانچۇقلۇق كالتە چاپان كىيىپ، يانچۇق سائىتىنىڭ ئالتۇن زەنجىرىنى ئوڭ كوكرىگىنىڭ ئۈستىدە پۇلاڭلىتىپ يۈرۈشنى ياخشى كورەتتى.

ئۇ، مەخسۇت بەگنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، كوزىنىڭ ئىچىگە ئىمتىھان ئېلىۋاتقاندەك تىكىلىپ قارىدى-دە:

— قېنى بەگ، مەرھەمەت، ئويگە،— دىدى.

مەخسۇت بەگ خاس ئويگە كىرىپ، چىنار، ياڭاق ياغاچ-

لىرىدىن ئىشلەنگەن پۇرژىنىلىق يۇمشاق ساپاغا كېلىپ جايلاشقاندىن كېيىن، پاسار دەرىزىسىنىڭ ئاق شايى پەردىسىنى چۈشۈردى. ئاندىن ئۇ، يان ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئۇلۇق ئېچىپ، كىمگىدۇ:

— قېنى مەرھەمەت، ئابدۇللا دامولللام، مەخسۇت بەگ بىلەن تونۇشسىلا، — دىدى.

يان ئۆيدىن دەسلەپ قۇرۇق يوتەلگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، كېيىن ئىشىكتە بېشىغا چىلگىدەك يېپەك سەللە ئورىغان، كوزلىرى كوپ - كوك، قاشلىرى ئۇزۇن، ئىككى ئىلىك قارا ساقاللى ئېڭىكىنى يېپىپ تۇرغان ئۇرۇق بىر گەۋدە كورۇندى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بەگ، — دىدى ئابدۇللا دامولللا دەپ ئاتالغان كىشى مەخسۇت بەككە قاراپ.

بەگ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە قول باغلاپ قۇللۇق قىلدى.

پاسار بىلەن ئابدۇللا دامولللا نېرى - بېرى پاراڭغا چۈشتى، مەخسۇت بەگ "بۇ زاتنى مەن نەدە كوردۇم، ئەجەپ بىر تونۇش چىراي" دىگەندەك، يەر ئاستىدىن ئابدۇللا دامولىغا سەپسالدى ۋە "دۇرۇس، دۇرۇس، بۇ كىچىك ئادەم ئەمەس......كوككوز ئابدۇللا دامولللا دىگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ" دەپ كوڭلىدىن ئوتكۇزدى ھەمدە بۇنىڭدىن ئىككى - ئۈچ يىل ئىلگىرى قورچاق ئولكە رەئىسى مەسئۇتقا ھەمرا بولۇپ بۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇنىڭ كونا شەھەردىكى "جامائە"نىڭ پەشتىغىدا جاڭ ۋېيۈەنجاڭنىڭ ھىممەتلىرى ۋە قانداقتۇ دۇنيانى ئارىلاپ يۈرگەن كوممۇنىزىم ۋەھىمىسى دىگەن نىمە ئۈستىدە چىقىراپ ۋەز ئېيتقانلىقىنى ئەسكە ئالدى......

پاسار ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇرغان رەڭلىك گىلەم ئۈستىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مەقسەتسىز مېڭىپ تۇرۇپ، ئۇز خىياللىرىنىڭ چىگىش ئۇچىنى تاپقاندەك سەل كېرىلىۋېلىپ، مەخسۇت بەگنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختىدى:

ــ مېنىڭ ئۇزلىرىنى چاقىرتىشىمنىڭ سەۋەبى ئۈچ، ــ دىدى ئۇ مەخسۇت بەككە جىددى قاراپ، ــ بىرسى، مەمتىمىن ھەزرەت، ئەيسا بەگلەرنىڭ ئۇزلىرىگە يوللىغان سالىمىنى يەتكۈزۈش......

ــ خۇداغا شۈكۈر، سالامەت بولسۇن، ــ مەخسۇت بەگ كوز-لىرىنى پاقىرىتىپ قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ قويىدى.

ــ ئىككىنچىدىن، ئابدۇللا داموللام بىلەن ئۇزلىرىنى يۈز كورۇشتۇرۇش......

ــ مەن ھورمەتلىك ئابدۇللا داموللامنى تونۇغاندەك قىلىمەن، ــ مەخسۇت بەگ ئالدىراپ لوقما سالدى.

ــ شۇنداق، ھورمەتلىك ئابدۇللا داموللام دىنى ئىلىمدا كامالەتكە يەتكەن ئالىم. ئۇلكىلىك ھوكۇمەت دىنىنى مۇھاپىزەت قىلىش باشقارمىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىپ كەلگەن ۋە مۇندىن كېيىنمۇ ئۇزلىرى بىلەن بۇ ئىش يولىدا جان تەسەددۇق......

ــ قۇللۇق، قۇللۇق، ــ دەپ مەخسۇت بەگ ساپانىڭ پۇر-ژىنىلىرىنى غاچىرلىتىپ سەل مىدىرلاپ قويىدى.

ــ ئۈچىنچىدىن بولسا، ــ دىدى پاسار ياپما قاپاقلىرى ئاستىدىكى مىتىلداپ تۇرغان سوغاق، مۇدھىش كوزلىرى بىلەن مەخسۇت بەككە سىنىغاندەك ئۇزاق تىكىلىپ، ــ ھازىرقى ۋە مۇندىن كېيىنكى ئىشلىرىمىز ھەققىدە مەسلىھەتلىشىۋېلىش......

مەن بۇ ھەقتە ئابدۇللا دامولامنىڭ دانا پىكىرلىرىگە قۇلاق سېلىشلىرىنى تەكلىپ قىلىمەن......

پاسار شۇنىڭدىن كېيىن يانچۇق سائىتىنى قولىغا ئېلىپ، ئېمىگەندۇ ئالدىراۋاتقاندەك، ئابدۇللا دامولىغا بېشىنى لىڭشىتىپ قاراپ قويدى.

ئابدۇللا دامولا "كوممۇنىزىم ۋەھىمىسى" توغرىسىدا، بەگلەرنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئۇزاق ۋە ئېچىنىشلىق قىلىپ سوزلەدى، يېتىپ كېلىۋاتقان خەۋپنى چوچۇپ، قايتا - قايتا تىلغا ئالدى:

— شۇنداق قىلىپ، كوممۇنىستلارنىڭ يېتىپ كېلىشى ئېنىق بولۇپ قالدى، — دېدى ئۇ، — لېكىن ئۇممەت مەشئەلىنى ئىشەنچلىك ياندۇرۇشىمىز ئۈچۈن، ئاللا بىزگە مەدەت قىلدى، جاڭ ۋېييۈەنجاڭ جاناپلىرى قىلىچىنىڭ ئۇچىنى تەيۋەن ئولكىسىگە قاداپ چىڭ تۇرۇپ، يەتتە ئىقلىمدا تەڭدىشى يوق قۇدرەتلىك ھەربى دولەت ئامېرىكا بىلەن بىرلىشىپ، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئوتۇپ، پۈتۈن جۇڭگونى قولغا ئېلىشىنىڭ پىلانى ئۈستىدە باش قاتتۇرماقتا. مەمتىمىن ھەزرەت جاناپلىرى بولسا، ئافغانىستان ئارقىلىق تۈركىيىگە بېرىپ، ئاندىن جاڭ ۋېييۈەنجاڭ جاناپلىرىنىڭ سايىسىدا 2 - فورونت ئېچىپ، تېز ئارىدا قايتىپ كېلىش ئۈچۈن چەتئەلگە ماڭدى. ئۇنىڭغا كېچە بىز قاغىلىقتا مەمتىمىن ھەزرەت جاناپلىرىنىڭ ھوزۇرىدا بولۇپ، كېيىنكى ئىشلىرىمىز ئۈچۈن باش قاتۇردۇق. ئەمدى بىزنىڭ ۋەزىپىمىز جاڭ ۋېييۈەنجاڭ جاناپلىرىنىڭ ھەركەت پىلانىغا ماسلىشىپ، كوممۇنىستلار بۇ يەردە تىزماقچى بولغان چاڭگىنى بۇزۇپ - كويدۇرۇش ۋە دولەت

ئاتىسىنىڭ پەرمانلىرىنى سادىقلىق بىلەن بەجا كەلتۈرۈش بو-لۇشى لازىم......

مەخسۇت بەگ ئابدۇللا داموللىنىڭ سوزلىرىنى ئۈزىچە ھەزىم قىلاتتى، ئۇمىتلەندى ۋە تاقىتى تاق بولۇپ قولىغا تۇكۇردى.

— مەن توپپىشىنىڭ ئوغلى، مىنى مەخسۇت بەگ دەيدۇ، — دەپ غالجىرلىق بىلەن مەيدىسىگە مۇشتلىدى ئۇ. — قورال! قورال بىرىڭلار...... مەن تەلەپ قىلىمەن، ماڭا قورال كىرەك......مەن كوممۇنىستلارنىڭمۇ، ھەممىسىنىڭمۇ قىنىنى ئى-چىشكە تەييار ......

— ھەممىسى بولىدۇ، — دىدى پاسار، — زەرەپشان بولسا كوئىنلۈن تىزمىلىرىغا يىقىن، بىپايان كوئىنلۈن زورۇر تىپىلسا بىزنىڭ ئاساسي ھەركەت ئورنىمىز. لىكىن، سىلى يالغۇز زە-رەپشانىلا ئويلىماسلىقلىرى كىرەك. بىز يەنە خوتەن، قەشقەر، يېڭىساردىمۇ ئوز قولداشلىرىمىز بىلەن ئالاقە باغلايمىز. مۇھىمى، بارلىق بەگلەر، يەر ئىگىلىرى، ئەمەلدارلار، دامولللارنى توپ-لىشىمىز كىرەك...... كوممۇنىستلار يىتىپ كىلىشتىن ئىلگىرى، بارلىق ئىش بۇزارلارنى، كوممۇنىستپەرەسلەرنى دەرھال تۇجۇقتۇرۇۋىتىش كىرەك......

— ھەببەللى، ئاسىم، ئالماسلارنى ھەممىدىن بۇرۇن ئول-تۇرۇش كىرەك، — دىدى مەخسۇت بەگ، — ھەممىدىن يامىنى شۇلار!......

— بىزنىڭ ھەممەپىلانىمىزنى بۇزىدىغانلار ئاشۇ ئىسياند-

چىلار، — دېدى ئابدۇللا داموللا، — كوممۇنىست، خۇدا كورسەت-
مىسۇن دىنىمىزنىڭ دۈشمىنى. ئوتنى مۇشۇ يەردىن ياقىمىز.
بارلىق دىنىي موتىۋەرلەرنى قوزغاپ، كوممۇنىستلار يېتىپ كېلىش-
تىن ئىلگىرى، كىمكى كوممۇنىستلارنىڭ سوزىنى ئاڭلىسا قۇل-
غى پاك بولىدۇ، سوزلەشسە تىلى تۇتۇلىدۇ، گورىدە توڭگۇز
سۇرىتى بولۇپ قوپىدۇ، دەپ ۋەز ئوقۇشىمىز لازىم. كوممۇنىستلار
كەلگەندىن كېيىن بولسا، ئۇلارغا يېقىنلىشىشنى ئىزلىگەنلەر-
نى مەخپىي ئولتۇرۇش، مال-مۈلكىگە ئوت قويۇش، دادىسىنى
قىزىغا، ئوغلىنى ئانىسىغا ئارتىلدۇرۇپ قويۇپ جېنىنى ئېلىش
يولى بىلەن قارا خەقلەرگە تەربىيە-تەنبىھە قىلىشىمىز
زورۇر......

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئاۋازلىرىنى پەسەيتىپ، بېشىنى
بىر يەرگە ئەكىلىپ ئۇزاق مەسلىھەتلەشتى، نىمىنىدۇ ۋەدە
قىلىشتى، ئوزئارا مەدەت بېرىشىپ، دوست تارتىپ دولا
قېقىشتى.

— مەن بىلەن بولغان ئالاقە بۈگۈندىن باشلاپ كېسى-
لىدۇ، — دېدى پاسار مەخسۇت بەككە قاراپ، — ئەتىدىن باشلاپ
مەن كوممۇنىست قوشۇنىنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىنىمەن. مېنىڭ
بىرىنچى پەرمانىم كوممۇنىستلارغا سوغا تەييارلاش! پۈتۈن قارا-
خەقتىن ئون ئويدە بىرەر-يېرىم تىنسىنىمۇ قويماي كىگىز-گىلەم،
ئات-كالا، توخۇ-تۇخۇم، ئانار-ئالما...... بارلىق ئىسىل
نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىش كېرەك. كوزىدىن قان-يېرىڭ
ئاققۇزۇپ تۇرۇپ يىغىش كېرەك. بۇ مېھمان كۈتۈش قائىدى-

سى دە! كوممۇنىستلار شۇنچە ئۇزاق يەردىن كەلسە......
ئەلۋەتتە بىرىش كېرەك. ئاندىن مەخپى ھالدا توققۇز ياشتىن
ئاشقان قىزلىرى بار ھەممە كىشى كوممۇنىستلارغا قىزلىرىنى
سوغا قىلىپ تۇتۇش كېرەك ئىكەن، دەپ خەق ئىچىگە تارد-
تىۋېتىش لازىم...... ئابدۇللا داموللام بولسا، خەلق ئىچىدە
پانالىنىدۇ ۋە پۈتۈن ئىشىمىزنىڭ تىزگىنىنى تۇتىدۇ. بۇگۈن-
دىن ئېتىۋارەن ئۇزلىرى، — دەپ پاسار مەخسۇت بەككە قارد-
دى، — ئابدۇللا داموللامنىڭ ئىختىيارىدا بولىلا...... ئەمما،
ئالاقىلىشىش توغرا كەلسە، سىلى ھەرگىز ئىزلەپ ئاۋارە
بولمىسىلا، ئابدۇللا داموللا ئۇزى چارە قىلىدۇ......
شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇللا داموللا توش يانچۇغىدىن بىر ئال-
تۇن قۇتىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن سەدەپ كۆزلۈك ئۈچ دانە
كۇمۇش ئۈزۈكنى چىقاردى. ئۈزۈكلەرنى پىشانىسىغا تەككۈزۈپ،
ئاندىن سويدى. بىرنى مەخسۇت بەككە تەقدىم قىلدى، بىرنى
گۈلھەسەل خېنىم ئۈچۈن دەپ ئايرىپ قويدى، بىرنى ئۇزى
چىمچىلاق قولىغا سالدى.
— بىز بۇ "ھىكمەتلىك ئۈزۈك"نىڭ سىرىنى كېيىن
بىلىشىمىز مۇمكىن، — دېدى ئابدۇللا داموللا، — مەن بايا
مۇھتىرەم ۋاڭ پۈشتى گۈلھەسەل خېنىم بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ،
كېيىنىرەك ئۇزلىرىگە مەدەت قىلىدۇ، زورۇر خىزمەتلە. كورسە-
تىشى مۇمكىن. بۇ ئۈزۈكتىن بىرسى شۇ كىشىدە بولىدۇ. تەخ-
مىنەن يېرىم يىللاردىن كېيىن ئۇزلىرىنى سىلى ھېچقاچان
كورمىگەن باشقا بىر كىشى ئىزلەپ كېلىدۇ ۋە بۇ ئۈزۈكتىن

بىرسى ئەنە شۇ كىشىدە بار...... ئەلۋەتتە ئۇ تولىمۇ يىراق-
تىن، چەتئەللەردىن كېلىۋاتقانلىقىنى ئەستە تۇتسىلا......

ئابدۇللا ئاموللا ئۇزۇككە قاراڭغۇدا سىنچىلاپ قارىغاندا،
ئۇنىڭدا يىگىنە ئۇچىدەك يالقۇن چىلۋىلىنىۋاتقانلىقىنى، يالقۇن
ئىچىدە قىزىل تىللىق بىر ئەجدىھا نامايەن بولۇپ قىمىرلاي-
ۋاتقانلىقىنى، ئەگەر قارشى تەرەپنىڭ ئۈزۈكىدىمۇ مۇشۇنداق
ئالامەت كۆرۈلسە، "ئۆز ئادەم" دەپ بىلىشكە ئاساس بارلىقىنى
ئەسكەرتتى......

مەخسۇت بەگ پاسارنىڭ خاس ئۆيىدىن قوزغالغاندا،
تۈن تەڭ بولاي دىگەن ئىدى......

## ئون بىرىنچى باپ

### 1. لەيلىگۇل ۋە ئانارگۇل

لەيلىگۇل بىلەن ئانارگۇلنىڭ يەر ئاستى تۈرمىسىدە ئۈچ-تۆت ئۇچرىشىشى مەخسۇت بەگنىڭ كوزىگە ئىلىنىشىپ قىلىپ، ئۇنىڭ خورلاش نىشانىسىگە ئايلانغانلىقى ۋە شۇ سەۋەپتىن بۇ ئىككى قىزنى ئۇز قوراسىدىكى قازناققا يوتكەپ قامىغانلىقىنى يۇقۇرىدا كورۇپ ئوتتۇق.

بىراق، مەخسۇت بەگنىڭ ياۋۇز نىيىتى كۇتۇلمىگەندە ئالماسنىڭ دەريادا قورالىق ئۈچ چېرىكنى پەم بىلەن ھالاك قىلىپ، ئون ئىككى تال مىلتىقنى قولغا چۇشۇرۇۋالغانلىقى تۇپەيلىدىن، دەھشەتلىك تۇردە ئوز ئوزىدىن بەربات بولدى ۋە قىزلار بىلەن "مەشغۇل" بولۇشنى ھازىرچە تاشلىدى......

قىزلار بولسا، تېخىچە غەزىۋىنى ئىچىگە يۇتۇپ، نىمە قىلىشنى بىلمەي، قازناقنىڭ ئىشىگىنى ئىچىدىن مەھكەم تاقىۋېلىپ ئىككى كۇننى ئوتكۇزدى.

مەخسۇت بەگنىڭ خوتۇنى — "بەگ سىياقىنى ئالغان چىشى بورە" ئەيسا پاشاپ لەيلىگۇل بىلەن ئانارگۇلنى قازناققا سولاپ قويۇپ، ئىشىكنى تېشىدىن زەنجىرلەپ قايتقاندىن كېيىن، بىردىنلا تەرى تۇرۇلۇپ، غالجىر مۇشۇكتەك ئېتىلىپ ئىككى قىزغا چاڭ سالدى:

— تېرەڭنى تـەتۈر سويۇۋەتسە ئـاز، چىشىڭنىڭ ئېقىنى چىقىرىپ كـورۈشكـىنە قېنى! تـۈزكۈرلار، بـېگىمنىڭ بېشىنى قـايمۇقتۇرغـالى كېلىشتىڭمۇ؟! — دەپ زەھەرخەندىلىك بىلەن گۈلەيدى.

ئانار غەزەپلىنىپ نېمىندۇ دېمەكچى بولۇۋىدى، لەيـ-لىگۈل ئۇنىڭ بىلىگىدىن تارتتى. لېكىن بەگ خوتۇنى ئانار-نىڭ دەرغەزەپ بولغانلىقىنى كورۇپ:

— ھە، نېمە ئـومچىيىسەن، بېگىمگە كوز قىرىڭنى سېلىپ باققىنا، چېچىڭنى يۇلۇپ تاز قىلىۋېتىمەن. سـەنلەرنى بـەككە ئەمەس، ئىتقا بېرىش كېرەك، — دېدى.

— سەن ئوزەڭ ئىتقا بـار، يۈزسىز، — دەۋەتـتى ئـانار پوكاندەك ئېـلىپ، — بېگىڭنىمۇ ئوزەڭ ئال. بىزنى بۇ گور-دىن قويۇۋەت!......

— نېمە، مەن ئىتقا بارىمەنما، ھوي بولۇمسىز، — دېدى "بەگ سىياقىنى ئـالغان چـىشى بورە" غـالجىرلىشىپ، — سەن جىلدىرۋالاق تېخى تىل ياندۇرۇۋاتىسەنما، توختا سېنى، مەن كىم، سەن كىم — ھە؟.. ..

بـەگ خـوتۇنى ئـانارنىڭ مـۇرىسىنى قاپلاپ تـۇرغان، چۇۋۇلغان قوڭۇر چاچلىرىغا قول سېلىپ، خۇددى مۇشۇك مور-لىغاندەك يۈزلىرىنى تاتىلاپ، تەستەكلىرىگە چاڭگىلدىتىپ ئۇرۇپ كەتتى، قىزلارمۇ بوش كەلمىدى. لەيلىگۈل ئۇنىڭ ئـانارنىڭ چاچلىرىغا چىماق سېلىۋالغان قوللىرىنى قايرىپ چىقاردى - دە، گەجگىسىدىن غەزەپ بىلەن ئىتتەردى. ئانار ئۇنى "ۋەسـقىسى يوق ساراڭ، بورە قـانجۇق!" دەپ تىللاپ ئـۇردى ۋە ئـۇنى قازناقتىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلىپ تاقىۋالدى.

شۇ تاقىۋالغانچە ئىشكىنى ئىككى كۈنگىچە زادى ئاچمىدى
بەگ خوتۇنى:

— ئىشكىنى ئاچ، چاقىمەن، ئوت قويىمەن! — دەپ ۋاقى-راپ-جاقىراپ ئۆيىنى بېشىغا كىيگەن بولسىمۇ، لېكىن دېگىنىنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

خىزمەتكار ئايالالار بەگ خوتۇنى بار يەردە قىزلارنى قاغاپ ھە-ھۇ دېيىشىپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكەن ئۇ باشقا ئۆيگە چىقىپ كېتىش بىلەنلا قىزلارغا كوكۇل ئېيتىپ، ئۇنى-بۇنى سۇنۇپ بېرىپ، قولىدىن كېلىشىچە ھالىدىن خەۋەر ئالدى.

قىزلار غەزەپلىنىپ كەچكىچە بەگنى ۋە "بەگ سىياقىنى ئالغان بېچىشى بورە"نى تىللاشتى. شۇ كۈنى ئۇششتۇمتۇت بەگ مېھمانخانىسىنىڭ پېشايۋىنى ئالدىدا دۈپۈرلىگەن ئاياق ئاۋازلىرى، كىشنىگەن ئات ۋە مىلتىقلارنىڭ شاراق-شۇرۇق-لىرى، "ئاھھاي، بەگ ھويلىسى كارامەت ئىكەن، راسا بىر ھوزۇر قىلايلى، قېنى!......" دېگەن غەلىتە ئادەملەرنىڭ ئىگىز-پەس ئاۋازدا گۇدۇڭشۇشلىرى ئاڭلاندى.

لەيلىگۈل بىلەن ئانارگۈلنىڭ قۇلىغى دىڭ بولدى. ئۆي خىزمەتكارلىرى، دوغىلارنىڭ ئالدىراپ تىنىشىپ:

— قولىغا سۇ ئال، لوڭگە ئەپكەل!......

— قويلار سويۇلۇپ بولدىمۇ، زىخلار قېنى؟!......

— تونۇرغا ئوت ياق، تونۇر كاۋۇشىنىڭ پەيزىنى كور-بىۇن:......

— ھوي، داستىخاننى مەيەرگە ئېپكەل!......

— ئايغىڭنى تېزلەت، ئېزىلمە!......

— قىنى چىلىم، بىگىم چىلىم دەيدۇ، سەيخانىسىنى قاق،
چاپسان، — دىگەن ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇشتى.

ئارىدىن ئىككى سائەتچە ئۆتكەندىن كىيىن، ئەيسا
پاششاپ قازناق ئۆيىنىڭ ئىشىگىنى كۈچ بىلەن ئىچىپ، لەي-
لىگۇل بىلەن ئانار گۈلنى ئالدىغا سىلىپ بەگ مىھمانخانە-
سىغا ئىلىپ ماڭدى. قىزلار مىھمانخانىغا كىرگۈزۈلۈپ، ھويلىدا
مىلتىقلىرىنى تال بىددىشكە يۆلەپ قويۇپ، ئەگرى قىلىچلىرىنى
يانپاشلىرىدا پۇلاڭلىتىپ، قولىغا بەش - ئون تالدىن زىخ
كاۋاپلارنى ئىلىۋىلىپ، ھەدەپ ئاچكوزلۇك بىلەن كاۋاپ يىيە-
شىۋاتقان ئەسكەرلەرنى كوردى.

ئەسكەرلەر بولسا، دەسلەپ قىزلارغا دىققەت قىلمىدى.
لىكىن قىزلار ئالدىلىرىدىن ئۆتكەندە بىردىن كوزلىرىنى پاقى-
رىتىشىپ:

— ئاھھاي، چىرايلىق يىزا گۈزەللىرى!...... تەلەي-
تەلەي...... جۇيىڭجاڭ كاساپەت، ئاۋال باھا ئۆچىنى سەتەڭ
قىزلاردىن باشلايدىكەندە، ھوزۇر - ھوزۇر، — دىيىشىپ، تاماق-
لىرىنى چىكىپ بويۇنلىرىنى سوزۇشتى......

قىزلارنى مىھمانخانىغا ئىلىپ كىردى.

مىھمانخانىدا مەخسۇت بەگ ۋە يەنە ئىككى ھەربى
ئىمىنىدۇ مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇراتتى، كاپىتان پاگۇنلى تاقىغان
ئىگىز بوي، چوقۇر كەلگەن بىرسى قىزلارنى ئىلىپ كىرىۋات-
قانلىقىنى كورۇپ، يىنىدىكى ھەربىگە:

— ئوسمان لىيەنجاڭ، سىز ئەسكەرلەرنى تىزىڭ، تەي-
يارلىنىڭ، — دەپ بۇيرۇدى.

لىيەنجاڭ چىقىپ كەتتى. قىزلارنى كورگەن مەخسۇت بەگ كاپىتان پاكۇلى تاقىغان ھەربىگە قاراپ:

— جۇيىڭجاڭ، كوردىڭىزمۇ پەرىلەرنى! ئۇلارنى سەت كورسىتىۋاتقىنى ئەسكى كىيىم، — دىدى.

جۇيىڭجاڭ قولىدىكى زىخنى تاشلاپ، يەر ئاستىدىن قىزلارغا مۇغەمبەرلىك بىلەن قاراپ قويدى، ئاندىن ئىككى قولىنى جۇپلەپ، بەككە كوزىنى قىسىپ بىشىنى ئەگدى:

— يارايدۇ بەگ، يارايدۇ. ئىسيانچىنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتۇش كېرەك، — دىدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ دەلدەڭشىپ قىزلارنىڭ ئالدىغا كەلدى، لەيلىگۇلنىڭ ئىڭىكىدىن قولى بىلەن كوتەردى، — ماڭا قارا خان قىز، خوش، سەن ئاز-دىڭمۇ؟......

لەيلىگۇل جۇيىڭجاڭنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتى. جۇيىڭجاڭ:

— جان بار، چىرايلىق قىزدا جان بار، — دەپ قاقاقلاپ كۇلدى.

مەخسۇت بەگنىڭ نەزىرىدە جۇيىڭجاڭغا لەيلىگۇل ياردىغاندەك قىلدى، شۇڭا ئۇ:

— جۇيىڭجاڭ، سىزگە تارتۇق بولسۇن، ئېلىڭ، ئايدەك خوتۇن بولىدۇ، — دىدى.

جۇيىڭجاڭ ھىجايدى ۋە بۇرۇلۇپ ئانارگۇلگە قاربدى:

— سەن ئالماستا ئۇكامۇ؟......

— شۇنداق!......

— ئالماس قانداق يامان نەرسە — ھە؟ ئۇ ھازىر نەدە؟......

— ئاكام تاغدا......

— تاغ كوپ، — دىدى جۇيىڭجاڭ سوراق قىلىشنى داۋام قىلىپ، — قايسى تاغدا، سەن ئالماسنى تېپىپ بېرەمدۇ؟

ئانار بېشىنى ئىرغىتىپ چەتكە قارىدى.

جۇيىڭجاڭ ئالداش غەرىزى بىلەن قىزنىڭ مۇرىسىنى تۇتتى. ئانار مۇرىسىنى سىلكىپ ئۇنىڭ قولىنى چۈشۈرۈۋەتتى. جۇيىڭجاڭ چوقۇر يۈزلىرىنى پۈرۈشتۈردى:

— بوپتۇ، مەن سېنى تۇتمىسۇن، — دىدى ئۇ، — ئاڭلى-سام ئالماس سېنى تولا ياخشى كورىدۇ، راستمۇ؟ سەنمۇ ئالماسنى ياخشى كورىدۇ، ئالماسنى بىز ئۇلتەمىسۇن. سەن بىزگە ئاكاڭنى تېپىپ بەر، بولامدۇ؟ سەندە يەنە كىيىم يۈرتۇق، بىز پۇل، مۇكاپات بەرسۇن......

ئانار قوشۇمىسىنى تۇردى ۋە گەپ قىلمىدى. جۇيىڭجاڭ:

— سەن گاچا ئەمەسمۇ، گەپ قىلامدۇ-يوق؟ — دەپ دىۋەيلىدى.

— مەن كېتىمەن، مېنى قويۇۋەت، — دىدى ئانار غەزەپ-لىنىپ.

جۇيىڭجاڭ ئانارنىڭ تەستىگىگە "چاڭ-چۇڭ" قىلىپ بىرنەچچىنى سالدى-دە:

— سەن ئاكاڭنى تۇتۇپ بېرىشكە مەجبۇر، دولەت قورا-لىنى بۇلاشقا قانداق جۇرئەت قىلدى-هە؟ — دەپ ۋاقىرىدى.

قىزلارنى سوراق قىلىشتىن هېچنىمە چىقمىدى. پوپۈزد-مۇ، ئالداشمۇ كارغا كەلمىدى. مەخسۇت بەگ ئەيسا پاششاپقا قىزلارنى قاماپ قويۇشنى بۇيرۇدى.

— مەن باشقىنى بىلمەيمەن، — دىدى جۇيىڭجاڭ قىز-لارنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەخسۇت بەككە

قاراپ، — جاڭ تۈەنجاڭنىڭ بۇيرۇغى بويىچە جەزمەن ئىسيان-چىنىڭ قوراللىنى تارتىۋېلىشىم كېرەك. قورالى يوق ئىسيانچىنى باستۇرۇش سىزنىڭمۇ قولىڭىزدىن كېلىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟......

—شۇنداق، مۇھىمى قورال...

— ئۇنداقتا بىز ئىشقا كىرىشتۇق......

ناماز دىگەر ۋاقتىدىن باشلاپ، پۈتۈن يېزا بويلاپ تىنتىش، تۇتقۇن قىلىش باشلاندى. مەخسۇت بەگ باشلاپ چىققان بىر لىيەن، ئەسكەر جۇيىڭجاڭنىڭ قوماندانلىغىدا پەي-پەيلەر بويىچە بولۇنۇپ، ئۇيمۇ-ئۇي يۈرۈپ تۇتقۇن قىلدى، ئاسىم ۋە ئالماسقا ئەگىشىپ پارتىزان بولۇپ كەتكەنلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويدى. يېزا ئىچى دەھشەتلىك قىيا-چىيا ۋە ئوق ئاۋازلىرى بىلەن تولدى......

ئەتىسى چۈشكىچە پارتىزانلارنى قىدىرىپ، دەريا بويىدىكى توغراق ئورمانلىغىنى ياپسىغا ئوققا تۇتۇپ، سەپ بويىچە ئاقتۇردى. لېكىن، پارتىزانلاردىن دېرەك يوق ئىدى. شۇ كۈنى پېشىن ۋاقتىغىچە توغراقلىق ئورمانغا تۇتاش بولغان تېقىر تاغنىڭ ئەتراپىنى چوگىلىدى، ئۇدۇلدىكى يوتا تاغنىڭ ئېغىزىغا كېلىپ ئۇزاق بويۇن سوزۇپ قاراشتى. لېكىن، تاغ ئىچىگە بىردىنلا ئۇسۇپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى.

جۇ يىڭجاڭ دەر غەزەپ بولۇپ، تاغ ئېغىزىغا قارىتىپ بىر-نەچچە پاي ئوق ئاتتى-دە، مەخسۇت بەگ بىلەن ئىمىنىدۇ كۇسۇرلىشىپ، پارتىزانلارنى تاغدىن چۈشۈشكە مەجبۇر قىلىدىغان قائىداقتۇ بىر پىلان ئۈستىدە ۋاقىراپ-جاقىراشتى. ئەسكەرلەر جۇ يىڭجاڭنىڭ ئالماسنى تۇتۇشنىڭ نەرقىنى يەنە بىر ھەسسە

ئاشۇرغانلىقىنى، مەخسۇت بەگنىڭ ئىلاجىسىز ماقۇل بولغان-لىقىنى سېزىشتى......

ئۇلار ۋاقتىنچە، سالپايغان ھالدا كەينىگە يېنىشتى......

## 2. تاغ ناخشىسى

كۆن كوپىنلۈن ئۈستىگە ئېگىلگەن پەيت. ئالماس ئىگىز قىيا تاش ئۈستىدە تۇرۇپ، ئورمان ئىچىدىن كېلىدىغان چىغىر يولدىن كوزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تۈگۈلگەن قوشۇمىسى، غەزەپ قايناپ تۇرغان چوڭ كوزلىرى كىمەنىدۇ تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئالماس شۇ تەقلىتتە تۇرۇپ، قولىنى چىكىسىگە ئېلىپ چىغىر يولنى سىنچىلاپ تەكشۈرەيتتى، تۇرۇپ ئىككى قولىنى بېلىگە تىرەپ، ئورمان يوللىرىغا قادىلاتتى. خېلى بىركەمگەچە چىغىر يولدىن ھېچكىم كورۈنمىدى. ئالماس لوم تومۇرنى ياپىلاق قىلىپ سوقۇۋالغان جادو قىلىچىنى ئىختىيارسىز قولىغا ئېلىپ، "شارت-شۇرت، شارت-شۇرت" قىلىپ تاشقا سۇركەپ بىلەشكە باشلىدى. قىلىچ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان مۇشۇنداق بىلىنىۋېرىپ ئۇستۇرىدەك ئىتتىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئالماس قىلىچىنى كۈچ بىلەن تاشقا سۇركەۋېتىپ، ئوز-ئوزىگە: "شەمشىرىم، ئىتتى، سېنىڭ ماڭا قانات، كۈچ-ماغار بولىدىغان كۈنلىرىڭ ئاز قالدى، مېنىڭ ھەممە غەزەپ-نەپرىتىم سېنىڭ تىغىڭدا، ئوتكۈر بىسىڭدا......" دەپ شۇۋىرلايتتى......

ئالماس مەخسۇت بەگنىڭ ياڭاقلىق يېزىسىغا بىر لەن

ئەسكەر باشلاپ چىققانلىقىنى قوراللىق چېرىكلەر مەخسۇت بەگنىڭ گۈلزارلىق ھويلىسىغا جايلىشىپ، قولللىرىغا زىخ كاۋاپلارنى ئالماستىن بۇرۇنلا ئاڭلىدى ۋە شۇ زامات ئاسىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئۆز يىگىتلىرىنى دەرھال ئالدى تەرەپ قويۇق توغراقلىق ئورمان، كەينى بىپايان كونىنلۇن تىزمىلىرى گىرەلىشىپ ياتقان ئەپچىل تىقىر تاغ ئېغىزىنىڭ كەينىگە يوتكىدى.

جۇ يىڭجاڭ غالجىرلىق بىلەن يۈرت ئىچىدە تۇتقۇن قىلىشنى باشلاش بىلەنلا چوڭقۇر دەرت ـ ئەلەم چەككەن دىخان يىگىتلەر يۈرت ئىچىدىن قېچىپ چىقىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن پارتىزانلارغا قوشۇلدى، ھەتتا، ئېلىشامۇ ئۆز راۋابىنى ئېلىپ جىلغا ئىچى بىلەن كېلىپ پارتىزانلارنى تاپتى. بۇ چاغدا، پارتىزانلارنىڭ سانى ئون نەچچە كىشىدىن ئوتتۇزچە كىشىگە كېڭەيگەن ئىدى. ئۇلار ئاسىمنىڭ ياردىمىدە ئوقلىرىنى ئايىغان ھالدا مىلتىقتىن پايدىلىنىشنى ئۆگىنىشتى، مىلتىق يېتىشمىگەنلەر نەيزە ـ چوماق تەييارلاشتى، بەزىلەر لوم تومۇرلەرنى ياپىلاقلاپ قىڭراق ـ قىلىچ سوقۇشتى.

غەزەپلەنگەن يىگىتلەرنىڭ كوپىنچىسى مەخسۇت بەگنى ئۇجۇقتۇرۇپ، ئۇنىڭ زۇلمى ئاستىدا قالغان ئاتا ـ ئانىلىرى، ئاچا ـ سىڭىللىرىنى قۇتۇلدۇرۇشنى، كۆڭلىنىڭ سىرىغىنى كورۇپ، ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن مەشغۇل بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى ۋە قىڭراق سوقۇۋېتىپ، قىلىچلىرىنى بىلەۋېتىپ، ھە دەپ مۇشۇ ھەقتە تالاش ـ تارتىش قىلاتتى.

مۇنداق چاغدا ئاسىم، ئىشچى قۇربان تەقدىم قىلغان، ئالماس قەشقەردىن ئېلىپ كەلگەن تەشۋىقات ماتېرى-

ياللىرىنى ئوقۇپ بېرەتتى، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى قوراللىق
كۆرەشنىڭ مەقسىدى ۋە پات-ئارىدا يېتىپ كېلىدىغان
ئازاتلىق توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىپ، ئۆچ-ئىنتىقام ئېلىپ
پۈخادىن چىقىشقا قارىتىلغان، پارتلاپ تۇرغان شەخسى غە-
زەپلىرىنى ئاستا-ئاستا ئومۇمى غەزەپكە ئايلاندۇرۇپ، سې-
غىنغان ئازاتلىق كۆڭۈللىرىنى ئەجرى قىلىپ كۆتۈۋېلىشقا يې-
تەكلەيتتى.

— دۈشمەن يالغۇز مەخسۇت بەگلا ئەمەس، — دەيتتى
ئاسىم ئۈزلۈكسىز كېلىپ قوشۇلۇۋاتقان ياش يىگىتلەر بىلەن
مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ، — مەخسۇت بەگ — گومىنداڭدىن ئىبارەت
غالجىر بۆرىنىڭ بىر تال تومۇر تىرنىغى. خەلق ئازاتلىق
ئارمىيىسى غالجىر بۆرىنىڭ ئومۇرتقىسىنى سۇندۇرۇپ، ئۆلەر
هالەتكە كەلتۈردى. خەلق ئازاتلىقى ئىشىنىڭ مەقسىدى
مەخسۇت بەگنىمۇ، گومىنداڭنىمۇ ۋە ئۇلار ۋەكىللىك قىلغان
كونا ئىجتىمائى تۈزۈمنىمۇ يوقىتىش، بىز جەزمەن مەخسۇت
بەگ ھەم ئومۇم دۈشمىنىمىز گومىنداڭ ئەبلەخلىرىنىڭ يېتىپ
كېلىۋاتقان ئازاتلىق ئىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولغان
جىنايى شۇملۇقلىرىغا قاتتىق زەربە بېرىپ، ئازاتلىق كۆڭۈللىرىنى
راۋۇرۇس كۆتۈۋېلىشقا بەل باغلىشىمىز لازىم......

ئالماس جادو قىلىچىنى ئوت چىقىرىپ تۇرۇپ "شارت-
شۇرت، شارت-شۇرت" قىلىپ باش كوتەرمەي بىلەۋاتقاندا،
قىيا تاشنىڭ كەينىدىن ئاسىم بىلەن ئېلىقۇل چىقىپ كەلدى.
ئاسىمنىڭ قولىدا ئالماس تەقدىم قىلغان، قاسىم جىڭسادىن
تارتىۋېلىنغان تاپانچا بولۇپ، ئېلىقۇلنىڭ قولىدا شەمشەردەك
ئۆتكۈر جادو قىلىچى يالتىراپ تۇراتتى. ئاسىم ئالماسقا قاراپ:

— ئالماس، شائنىياز ئىمىشقا كەلمەيدۇ، يا بىرەر پىشكەلچىلىككە ئۇچرىغانمىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— كېلىدۇ، شائنىياز چاتاققا ئۇچرىغان بولسا، سالمان تاجىك بۇ چاققا خەۋەر ئېلىپ كېلەتتى، ئۇ يەردە يەنە قىسمەت چورۇقمۇ بار......

ئىسىم ئويلىنىپ قالدى. ئېلىقۇل ئۆزىنىڭ جادۇ قىلىچىنى قورام تاشقا يۆلەپ قويۇپ، ئالماسنىڭ قىلىچىنى قولىغا ئالدى، قىلىچنىڭ تىغىنى سىناپ ئالقىنىغا سۈركەپ كۆردى ۋە قانائەتلەنگەندەك بولۇپ ئالماسقا قارىدى:

— ھەي...... مەخسۇت بەگنىڭ كاللىسى بۇ ئىككى قىلىچنىڭ قايسىسىغا نېسىپ بولاركىن......

— خاتىرجەم بول، ئېلىقۇل، — دېدى ئالماس قوشۇمىسىنى چىڭ تۈرۈپ ئويلانغان ھالدا، — سەن بۇرادەر ئېسىڭدە ساقلا، قىلىچلارنىڭ ئىشى باشقا، بىز مەخسۇت بەگنى قانداقلا بولمىسۇن تىرىك تۇتۇۋېلىشىمىز كېرەك. بۇ قانخور چىلبۆرە تىرىك تۇتۇلمىسا، ئۇنى قېرىنداشلارنىڭ ئايىغىغا تىرىك تاشلىيالمىساق، مەن بىر ئۆمۈر داغدا قالىمەن......

مەخسۇت بەگنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىش بىلەنلا ئېلىقۇلنىڭ زەردىسى قايناپ، مۇشتلىرى تۈگۈلۈپ، چىشلىرى كىرىشىپ كېتەتتى. ھازىرمۇ شۇنداق بولدى.

— بولدى قوي، نېمە بولسا مەيلى، — دېدى ئېلىقۇل جادۇ قىلىچىنى قورام تاشتىن يۆلۈپ ئېلىپ، — بىز نېمە، خوتۇن كىشىدەك تاغ كەينىدە موكۇپ يۈرەمدۇق! بولدى. شائنىيازغا قارىمايلى. ئازاتلىق ئارمىيە بوسۇغىمىزغا كېلىپ قالغان تۇرسا، بىز يەنە نېمىدىن قورقاتتۇق. ھەي...... سىلەر ئا-

جايىپ…… مەخسۇت بەگ ھىلىقى چىرىكلەر بىلەن كېچىچە مەھەللە ئىچىدە قانداق بىشەملىك قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىڭلار – غۇ…… چىداش يوق، بولدى، بىزنىڭ نەرىمىز ئەر؟ يۇرت ئىچىگە باستۇرۇپ بارىمىز، يۇرۇڭلار……

ئېلىقۇل شۇ گەپنى ئېيتىپ توۋەنگە قاراپ يۈگۈردى، لېكىن، ئاسىم ئۇنىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى:

— ئېلىقۇل ئالدىرىما. چىرىكلەر بىزنى تۇتماقچى ئە- مەسمۇ، چىرىكلەر چۈش كورۈۋەرسۇن، كەچ كىرسۇن، ئاز قالدى، شانىياز كەلسۇن، مانا شۇ چاغدا ئەرلىكىمىزنى كورسىتىش پۇرسىتى كېلىدۇ…… ئوزەڭنى باس!……

ئېلىقۇل غەزەپلىنىپ نېمىنىدۇ دېمەكچى بولۇۋىدى، بىردىن جىلغا ئىچىدىن ئېلىشانىڭ راۋابى سايراپ دولقۇنلە- دى. ئاسىم، ئالماس، ئېلىقۇل تەڭلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراشتى. ئېلىشا بىرنەچچە پارتىزان يىگىتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇپ، راۋاپ چېلىپ ناخشا باشلىدى:

ئەجەپ زەردە گوش بولدۇق،
چىدام - تاقەت تۈگەپ ئەمدى.
قەھرىمىز يالقۇنلىدى،
تاغ بىزگە ماكان ئەمدى.

ئەي تاغلار، ئېگىز تاغلار،
دۈمبىڭنى چال ئەمدى.
غەزەپ ئوقياسىنى ئالدۇق،
مەخسۇت بەككە تەس ئەمدى.

بوران - چاقماق گۈكرىدى،
يامغۇرى ياغار ئەمدى.
ئىنچ تەقدىر مەيلىڭ ئەمەس،
باتۇرنى سىنا ئەمدى.

كۆرمىگ دەرت، ئېغىر يىللار،
ئالدىمىزدىن كەتتى ئۆتۈپ.
كۆن چىقىشتىن كوز ئۈزمىدۇق،
تەشنا بولۇپ تاڭنى كۈتۈپ.

كوئېنلۈندىن زەرەپشان —
شاقىراپ ئوخچۇپ كېلەر.
ئارمان قىلغان شۇ كۈنلەر،
پات - ئاردىدا يېتىپ كېلەر.

ئاھ، تاغلار، سىرداش تاغلار،
ھەممىمىز دەرتمەن باللار.
پىچاق سۆيۈپ جەم بولدۇق،
جان تىكىپ كۆرەشچانلار ........

ئېلشانىڭ ناخشىسى بىردىن ئومۇمخورغا ئايلىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئاخىرقى كۇپلېتىنى تاغ يىگىتلىرى خىلىدىن بىرى تاغ ناخشىسى قىلىپ ئېيتىپ يۈرەتتى.

ئاسىممۇ، ئالماسمۇ بۇ ئاخىرقى كۇپلېتىنى زوق بىلەن قوشۇلۇپ ئېيتتى، بىراق، ئېلىقۇل يەنە تەرسالىق قىلىشقا باشلىدى:

— تاغنىڭ كەينىدە موكۇپ ياتتى دىگەن نومۇس ئىش!

چېرىكلەر خوتۇنلارنى قاقشىتىپ يۇرت ئىچىدە خالىغانچە بىشەملىك قىلىشىۋەرسۇن، بىز بۇ يەردە ھەي...... ئۇنداقتا مېنى قويۇپ بېرىڭلار، مەن بېرىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ كېلەي......

— بولمايدۇ، كەچ كىرسۇن،— دېدى ئاسىم،— كېچىسى چېرىكلەرنىڭ كۆزىگە دەرەخمۇ ئادەم كۆرۈنىدۇ، ئاندىن، شانىيازدىن ئەھۋالنى بىلىش كېرەك.— ئاسىم ئېلىقۇلنىڭ مۈرىسىگە قولىنى ئېلىپ تۇرۇپ، دۆڭ داشنىڭ ھەربى ھالەت بولغان قاراڭغۇ كېچىدىكى تەمكىنلىكىنى سۆزلەپ بەردى،— مانا، دۆڭ داشى قەشقەر تۇرمىسىدە ئۆز سەپداشلىرىنى قانداق پەم بىلەن قۇتقۇزغان، قانداق مەرتلىك قىلغان-ھە؟ دۈشمەن چىش-تىرنىغىچە قوراللانغان، غالجىرلاشقان. ئۇ، ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىۋاتقان بۆرە. بىز پەم بىلەن مەقسەتكە يېتىشىمىز لازىم...... مانا، ئالماس دەريادا ئون ئىككى تال مىلتىق بىلەن توت يەشىك ئوقنى قانداق ئەپچىللىك بىلەن قولغا چۈشۈردى-ھە؟ ئەگەر باتۇرلۇق بىلەن پەمنى بىرلەشتۈرمىگەن بولسا، ھېچنىمە چىقمايتتى، ئۆزى ھالاك بولۇشىمۇ تۇرغان گەپ......

شۇنىڭدىن كېيىن، ئاسىم ئالماس بىلەن ئېلىقۇلغا قاراپ:

— يۈرۈڭلار، ئېلىشا گوھەردەك ئادەم، ئۇنىڭ قەلبى ئەزىم دەريا، شانىياز يېتىپ كەلگىچە، بىردەم ئۇنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلايلى،— دېدى.

ئېلىقۇل خېلىغىچە تەرسالىق قىلدى. لېكىن ئالماس ئۇنى تارتىپ ئالدىغا سالدى.

ئۇلار تاغ بېغىرلاپ تۆۋەنگە چۈشۈپ، ئېلىشانىڭ يې-

نىغا يېتىپ كەلگەندە، ئېلىشا راۋابىنى قورام تاشقا يۆلەپ قويۇپ، تەمكىن ئولتۇرۇپ، "زېرەك دېخان" توغرىسىدا ھېكايە سۆزلەشكە باشلىغان ئىدى.

— بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، يۇرتىمىز زەرەپشاندا، — دەپ ئېلىشا ئۆز ھېكايىسىنى بايان قىلىشقا كىرىشتى، — چوڭ دەريانىڭ نېرىسىدا، ئالتە تاغنىڭ بېرىسىدا بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. پادىشا ئاچكۆز بولۇپ، ۋەزىرى پىخسىق ئىكەن، پادىشانىڭ دەيدىغىنى ھە دېسە ئالۋاڭ ئىكەن، پادىشانىڭ ۋەزىرى دېتى يوق گالۋاڭ ئىكەن. دېخان شېرىن مېۋە-چېۋە ئۆستۈرىدىكەن، پادىشا باش-بۇرنىنى يېيىشكە خۇشتار ئىكەن، ياراپ قالسا ئۆزىگە، ئاز-تولا ئىنئاممۇ بېرىدىكەن......

ئېلىشا پادىشا بىلەن ۋەزىر توغرىسىدا بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھېكايىنىڭ ئۆزىگە كۆچتى:

— يىراق بىر يېزىدا نامرات دېخان ئۆزىنىڭ ئالقانچىلىك كاندۇك يېرىگە بالدۇر پىشىدىغان چىلگە-شىكەرشىن تېرىپتۇ. كويۇپ-پىشىپ ئەجرى قىلغانلىقتىن چىلگە ھەممىدىن بۇرۇن تەييار بوپتۇ. دېخان خوشنىلىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە چىلگىنىڭ باش بۇرنىنى پادىشاغا تەقدىم قىلىپ، ئازراق ئىنئام ئېلىشنى ئويلاپتۇ. شۇ خىيال بىلەن بىر خۇجۇن چىلگىنى يۇدۇپ شەھەرگە كەلسە، كەچ كىرىپ قالغانلىقتىن شەھەر دەرۋازىسى تاقىلىپ قاپتۇ. دېخاننىڭ راسا ئاچچىقى كەپتۇ.

شۇ كۈنى كېچىسى پادىشا ئۆز كۆزەتچىلىرىنى تەكشۈرۈپ دەرۋازا يېنىغا كەلگەن ئىكەن، ئۇ سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ، دەرۋازا ئالدىدا ئىككى خىيال بولۇپ قالغان دېخاننى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە سوراپتۇ:

— هوي...... سەن نىمە قىلىدىغان ئادەم؟

— مەن ئاۋارىكەش، — دەپتۇ دىخان چىچىلىپ، — ئاغرىمىغان بېشىمغا ئالتە تاياق...... پادىشاغا سوغا ئېلىپ كەلگەن......

— سوغا دەمسىنا؟ قانداق سوغا؟

دىخان ئېيتىپتۇ:

كاندۇك يېرىمدىن،
مېھنەت تېرىمدىن،
ئۇستۇردۇم چىلگە،
شەربەتتۇر تىلگە،
بىلمەيمەن ھازىر،
بېرىشنى كىمگە؟......

پادىشانىڭ ئاغزىدىن شولگەي ئېقىپتۇ، دىخاننىڭ سوزى تازىمۇ يېقىپتۇ. پادىشا دىخاننىڭ ئۇززىنى تونۇمىغانلىغىنى بىلىپ:

— سېنىڭ ئۇ نەرسەڭ پادىشاغا يارامدۇ؟ — دەپتۇ.

بۇ گەپتىن دىخان رەنجىپتۇ:

— يارىسا يارا، يارىمىسا مانا......، — دەپ زەردە بىلەن مۇشتۇمىنى كورسىتىپتۇ.

پادىشا ئۇز كوزەتچىلىرىگە:

— قېنى، كىرگۈزۈۋېتىڭلار، ئۇنىڭدا بىر گەپ بار، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

دىخان دەرۋازىدىن كىرىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى پادىشا تېخىمۇ شولگەيلىرىنى ئېقىتىپ ئولتۇرسا، دىخان كىرىپ

كەپتۇ، چىلگىنى پادىشانىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ، پادىشا يەنە:

— سېنىڭ ئۇ نەرسەڭ پادىشاغا يارامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

دېخان سوئالنىڭ ئورامىدىن ئاخشامقى كىشىنىڭ مۇشۇ پادىشا ئىكەنلىكىنى سېزىپ قاپتۇ، گەپكە گەپ كەلسە، ئاتاڭ-غا قارىما، دىگەن تەمسىلنى ئەسكە ئېلىپ:

— يارىسا يارار، يارىمىسا مانا......— دەپ ئاخشامقى جاۋابىنى تەكرارلاپتۇ.

پادىشا دېخاننى سىنىماقچى بوپتۇ. قولى بىلەن يۈزىنى سىلىغان ئىكەن، دېخان گېلىنى تۇتۇپ قويۇپتۇ. پادىشا بېشىنى تۇتقان ئىكەن، دېخان ئاغزىنى سىلاپتۇ، پادىشا قوسىقىنى سىلىغان ئىكەن، دېخان پۇتىنى تاتلاپ قويۇپتۇ. يەنى ئۇلار زۇۋان سۇرمەيلا:

— يۈز نىمىدىن كېتىدۇ؟

— نەپسىدىن......

— باش نىمىدىن كېتىدۇ؟

— ئېغىز قازاسىدىن......

— قوساق نىمىدە تويىدۇ؟

— ئاياق يېنىك بولسا......

دېيىشىپ، سوئال-جاۋاپ قىلىشىپتۇ. پادىشانىڭ دېخانغا ھەق بەرمەي چىلگىنى ئېلىش نىيىتى بولسىمۇ، لېكىن ئامالسىز قاپتۇ، ئىلاجىسىز بىر تاۋاق ئالتۇن بېرىشنى بۇيى-رۇپتۇ. دېخان ئالتۇننى ئېلىپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

ئەمما، بايىدىن بېرى ھېچنىمىنى چۈشەنمەي ئولتۇرغان ۋەزىرنىڭ قوسىقى كوپۇپتۇ.

— ئەرزىمىگەن ئالتە چىلگىگە بىر تاۋاق ئالتۇن

زايا كەتتى، ياندۇرۇۋالايلى، — دەپتۇ ۋەزىر پادىشاغا.

— تەس، قولىڭىزدىن كەلمەيدۇ، — دەپتۇ پادىشا.

— نېمە؟ — دەپتۇ ۋەزىر سەكرەپ قوپۇپ، — مەن ئۇنى بىر ئېغىز سوز بىلەنلا مات قىلىمەن......

بىر تاۋاق ئالتۇنغا پادىشانىڭمۇ بىر يەرلىرى ئېچىشقان ئىكەن، ئارتۇقچە گەپ قىلماپتۇ.

ۋەزىر ئۇستىۋاشلىرىنى كىيىپ، ئېتىغا مىنىپ، قامچىنى ئېلىپ دىخاننىڭ كەينىدىن قوغلاپتۇ. قارىسا دىخان شەھەر سىرتىدا بىخىرامان كېتىۋاتقىدەك.

— توختا، — دەپتۇ ۋەزىر دىخانغا يېتىشىپ كېلىپ، — سەن بىر تاۋاق ئالتۇننى بىكارغىلا ئالامسەن؟ ھالال ئىش قىلىشىڭ لازىم......

— قانداقچە بىكارغا؟ مەن چىلگە بەردىم......

— چىلگەڭ نېمىتى؟ يوق گەپنى قوي، — دەپتۇ ۋەزىر، — مەن سەندىن ئۈچ سوئال سورايمەن، جاۋاپ بېرەلىسەڭ ئالتۇن سېنىڭ، بولمىسا، ھازىرلا قايتۇرىسەن......

— ئوبدان، — دەپتۇ دىخان، — قېنى سورىسىلا......

— بىرىنچى سوئال، — دەپتۇ ۋەزىر، — سەن ئېيت، كۈن چىقىش بىلەن كۈن پېتىشنىڭ ئارىلىقى قانچىلىك؟

— تەس ئەمەس، — دەپتۇ دىخان، — بىر كۈنلۈكلا......

— نېمە؟ قانداقچە بىر كۈنلۈككەن؟

— ئەتىگەندە چىققان كۈن بىر كۈنلا مېڭىپ كەچتە ئۈز قارارگاھىغا يېتىدۇ، يەنە قانداق ھېساپ بولسۇن؟

ۋەزىر ئىلاجىسىز ئىككىنچى سوئالنى سوراپتۇ:

— ئېيتە، ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئارىلىقى قانچىلىك؟

— شۇمىدى، — دەپتۇ دىخان، — بىر دەقىقە.

— بىر دەقىقە؟ بۇ قانداق ھىساپ؟

— ئاددى، — دەپتۇ دىخان، — بىشىمىزنى كوتەرسەك ئاسماننى كورىمىز، ھاۋا گۇلدۇرلىسە، شۇ ھامان ئاڭلايمىز، ئاسماندىن توكۇلگەن يامغۇر شۇ زامات يەرگە چۈشىدۇ. يەنە قانداق ھىساپ بولسۇن؟

ۋەزىر يەنە ئىلاجىسىز قىلىپ ئۈچىنچى سوئالنى سوراپتۇ:

— بوپتۇ، بۇ ئىككى جاۋاۋىڭمۇ ھىساپقا ئوتسۇن، — دەپتۇ ۋەزىر، — ئەمدى ئېيتە، يەنە بىر سوئال: ھازىر، شۇ تاپىنىڭ ئوزىدە، دەل مۇشۇ تۇرقى، خۇدايىم نىمىش قىلىۋاتىدۇ؟......

دىخان بېشىنى تاتىلاپتۇ، ئويلىنىپ قاپتۇ.

— بۇ سوئال سەل چىگراق ئىكەن، — دەپتۇ دىخان، — سىلى خۇدانى تىلغا ئالدىلا. خۇدا تىلغا ئېلىنغان ئىكەن، لايىغىدا ھورمەت بولۇش لازىم. ئەزەلدىن قائىدە شۇنداق، سوئال سورىغۇچى پەستە، جاۋاپ بەرگۈچى يۇقۇرىدا بولىدۇ، قېنى ئەمىسە، بىردەملىككە ئىككىمىز ئورۇن ئالماشتۇرايلى......

ۋەزىر دىخاننى مات قىلىدىغان بولدۇم دەپ ئويلاپتۇ، خالار-خالىماس ئاتتىن چۈشۈپتۇ. دىخان ۋەزىرنىڭ سار-پايلىرىنى كىيىپ، قامچىنى قولىغا ئېلىپ ئاتقا مىنىپتۇ.

— قېنى سورىسىلا، نىمە دىگەن ئىدىلا؟ — دەپتۇ دىخان.

— ھازىرنىڭ ئوزىدە، شۇ تاپتا خۇدايىم نىمىش قىلىۋاتىدۇ؟ — دەپتۇ ۋەزىر سوئالنى تەكرارلاپ.

— سىلى بىلەن مەن مۇسۇلمان، تەقدىرنىڭ ئەمرىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ، — دەپتۇ دىخان، — ھازىرنىڭ ئوزىدە، شۇ

تاپتا خۇدايىم شۇنداق كارامەت قىلىۋاتىدۇكى، ھېچ شۈبھىسىز شاھنى گادايى، گادايىنى شاھ، ئاتلىقنى پىيادە، پىيادىنى ئاتلىق قىلىۋاتىدۇ. يەنە نېمىش قىلاتتى!......

دېخان شۇ گەپنى قىلىپ، قانچە بىلەن ۋەزىرنى راسا سىلىپ، ئالدىدا ئۇسلەتكەن پېتى پادىشانىڭ ئوردىسىغا ھەيدەپ بېرىپتۇ، پادىشا ئەھۋالنى ئۇقۇپ بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپتۇ، زىرەك دېخان ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ......

ئېلىشا ھېكايىنى تۈگىتىپ، ئېلىقۇلغا قاراپ قويدى:

ــ مانا شۇنداق، قارامىنىڭ بېشى تاشقا، زىرەكنىڭ ئېغىزى ئاشقا دېگەن گەپ بار، پەمى يوق كىشىنىڭ، مەزىسى يوق ئېشىنىڭ. يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر. بىلىگى چوڭ بىرنى يېڭەر، بىلىمى چوڭ مىڭنى...... دېگەنلەر زىرەك دېخاننىڭ سوزلىرى ئىكەن......

ئېلىشانىڭ ئاخىرقى سوزلىرى تۈگە - تۈگىمەي، جىلغا ئېغىزىدىكى توغراقلىق تەرەپتىن ئارقا - ئارقىدىن ئېتىلغان ئوق ئاۋازلىرى ياڭراپ كەتتى. ئاسىم، ئالماس، ئېلىقۇل چاچراپ ئورنىدىن تۇردى، ھەممىيلەن "يالت" قىلىپ كوزلىرىنى توغراقلىقتىن چىقىدىغان چىغىر يولغا تىكتى ۋە يۈگۈرۈپ يوتا تاغ تەرەپكە ياماشتى.

چىغىر يولدىن بىر كىشى ئوقتەك ئېتىلىپ تاغ تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى، توغراقلىق ئىچىدە شاخلارنىڭ ئۇچلىرى ئىغاڭلايتتى ۋە ئاندا - ساندا ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى.

يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان كىشى يېقىنلاشقاندا، ئالماس ئۇنىڭ شانىياز ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئالماس يۈگۈرۈپ بارماقچى بولۇۋىدى، ئاسىم ئۇنىڭ مۈرىسىدىن باستى. دەل شۇ چاغدا توغراقلىقتىن قاسقان شەپكىلىك ئىككى ئەسكەرنىڭ بېشى

كورۈندى. ئەسكەرلەر شانىيازنى قوغلاپ كېلىۋاتاتتى، ئۇلار يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان شانىيازغا كۆزى چۈشۈپ، مىلتىقلىرىنى قولىغا ئالدى، ئاڭغىچە ئاسىم چەنلەپ تۇرۇپ مىلتىقتىن ئوق ئۈزدى. ئوق قاسقان شەپكىلىك ئەسكەرلەرگە تەگمىدى، بىراق، ئۇلار توغراقلىق ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىۋالدى-دە، ئىككىنچى قېتىم كورۈنمىدى.

شانىياز يېتىپ كېلىش بىلەن ئالماس ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ مۈرىسىدىن تۇتتى:

— بول، ئىتتىك ئېيت، نېمە گەپ؟ — دېدى.

شانىياز نەپەسى بوغۇلغان ھالدا:

— دەھشەت، دەھشەت!......قانخورلار بىر مۇنچە ئويگە ئوت قويۇۋەتتى، پارتىزانلارنى تاپ دەپ ئىككى خوتۇن، بىر كىچىك بالىنى ئېتىۋەتتى، مەخسۇت بەگ چېرىكلەر ئېتىۋەت-كەن بالىنىڭ ئانىسىنى ئۆز قولى بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈردى. چېرىك باشلىقى جۇ يىڭجاڭ لەيلىگۈلگە چاڭ سالماقچى بوپتى-كەن، لەيلىگۈل چېرىك باشلىقىنىڭ قولىنى چىشلەپ ئۈزۈ-ۋاپتۇ ھەمدە "ياشىسۇن ئازاتلىق! قانخورلارنى يوقىتايلى!" دەپ توۋلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جۇ يىڭجاڭ "بۇ ماڭا تارتۇق قىلىنغان قىز، ئۇنىڭ تەقدىرى ماڭا مەنسۇپ، لېكىن بۇنىڭ گېپىدىن قارىغاندا ئىسيانچىنىڭ شېرىگى ئىكەن، ھازىرلا شەھەر تۆر-مىسىگە ئاپىرىپ قاماڭلار، كېيىن مەن ئۆزەم تېپىۋالىمەن" دەپ ئىككى ئەسكەرنى قوشۇپ شەھەرگە كىرگۈزۈۋېتىپتۇ...... مەخسۇت بەگ ئانارنىڭ قېنىنى ئىچىمەن دەپ ئۇنىڭ-غا...... — دېدى-دە ئۇنى بوغۇلۇپ، جىلى بولۇپ، مەھەللە تەرەپنى كورسىتىپ قولىنى شىلتىدى......

ئالماس ئوتتەك يېنىپ، جادو قىلىچىنى يۇلۇپ ئېلىپ غەزەپ بىلەن تاشقا ئۇردى، جادو قىلىچىنىڭ زەربىدىن يوتىدەك بىر تاش ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى. ئاسىم:

— قېنى يىگىتلەر تەييارلىنىڭلار، — دەپ بۇيرۇق بەردى.

## 3. قانلىق قىساس

مەخسۇت بەگ ئۇزىنىڭ پۇل ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، نوكچى ئالتۇننى كورسە كوزى قىزارمايدىغان بىرمۇ ھوكۇمەت يوق دەيدىغان پەلسەپىسى بويىچە، ۋەزىيەتتىكى ھەرقانداق ئوزگىرىشنى ئوز دىتىغا لايىقلاشتۇرۇشقا، ھەممىنى سېتىۋېلىشقا شۇبھىسىز ئىشىنەتتى، شۇ سەۋەپلىك ئالەمدە نىمە بولۇۋاتقانلىغىنىڭ ئۇنىڭغا ھېچبىر ئەھمىيىتى يوقتەك كورۇنەتتى. لېكىن، ۋالى پاسارنىڭ ئىشخانىسىدا ئابدۇللا كوككوز دامولىنىڭ سوزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، "كوممۇنىزىم" دىگەن بۇ سوزدىن ئوزىگە تۇتىشىپ كېلىۋاتقان ئوتنىڭ كولەڭگۈسىنى كورگەندەك بولدى. ئۇنىڭغا ھەممىدىن ئەلەم قىلغىنى نىمە ئۈچۈندۇ پات-ئارىدا "ئالمىشىدىغان ھوكۇمەت" نىڭ ئوزى بىلەن ھىساپلاشمايدىغانلىغىنى غوۋا سېزىش ئىدى.

"ھەممىدىن بۇرۇن ئوزىگە پوت ئاتىدىغانلارنى جىمىقتۇرۇۋېتىش" — مەخسۇت بەگ ئابدۇللا كوككوز دامولىنىڭ بۇ سوزىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن ئەسكە ئالاتتى-دە، غالجىرلىشىپ ئوزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالاتتى. ھازىر بولسا ئۇنىڭغا قولىغا قورال ئېلىۋالغان، دەھشەتلىك تەھدىت بولۇپ قالغان ئاسىم بىلەن ئالماسنى يوقىتىشلا كېرەك ئىدى. ئۇ بۇ تەھ-

دىتنى يوقىتىپ، كوزىگە قادالغان مىخنى يۇلۇپ تاشلاپ، پارتىزانلارنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتىشلا "ئاۋام - قارا خەلق" نىڭ كارى چاغلىق. باشقا ئىشلار توغرىسىدا ئويلاشقا پۇرسەت چىقىدىغاندەك ئىدى. لېكىن......بۇ "لېكىن" ئۇنىڭغا دەھشەت - لىك ۋەھىمە بولۇپ قادىلىپ تۇراتتى......

جۇ يىڭجاڭ پارتىزانلارنى قېدىرىپ توغراقلىق ئورمانىنى كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئەسكەرلىرىگە مەدەت بېرىپ:

— مۇكاپات بار، قالتىس مۇكاپات!......پارتىزانلارنى تىرىك تۇتۇشنىڭ ئەھمىيىتى يوق، ئۇچرىغانىنى ئېتىپ يوقىتىڭلار، قولغا چۈشكەنىنى نەيزە تىقىپ ئۆلتۈرۈڭلار، چاناپ بۇردا - بۇردا قىلىڭلار، ھېچكىم تىرىك قالمىسۇن. پارتىزان تۈگىگەندىن كېيىن، يېرىم كۈن ۋاقىت بېرىمەن، خالىغانچە بۇ - لاپ - تالاپ ئاختۇرۇڭلار، ئۇزەڭلارنى غەملەيسىلەر. بۇ مۇ - كاپات!......شۇندىن كېيىن دەرھال قايتىمىز، — دەپ بۇيرۇق بەردى.

— بۇ تېخى ئاز، — دېدى مەخسۇت بەگ جۇ يىڭجاڭنىڭ بۇيرۇقىدىن كېيىن، — مېنىڭ يەنە ئىنئامىم بار. ئەگەر كىمدە - كى ئاسىم بىلەن ئالماسنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كەلسە ۋە باكى بىرىنچى بولۇپ ئېتىپ چاناپ ئۇجۇقتۇرسا، گەپ يوق بىگىرمىدىن قىرىق تىللا مۇكاپات بېرىمەن. نەق گەپ! شۇ ئىككىسىنى يوقات، قورالىنى يۇل، بولدى قالغىنىنى ماڭا قويۇۋەت!......

مەخسۇت بەگ شولگەيلىرى ئاققان جاللاتلارغا قاراپ، ھەميانىنى قويىندىن ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى تىللالارنى شاراقشىتىپ قويدى. كوزلىرى پاقىرىغان، بىر بىرىدىن قىز -

ھىنىشقا باشلىغان ئەسكەرلەرگە ھىجىيىپ، ھەمىياننى قولىدا ئويناشقا باشلىدى......

بىراق، ئۇلار غالجىرلىق بىلەن قىزغىنىش ئىچىدە توغراقلىق ئورماننى ياپىسىغا ئۇوققا تۇتۇپ، ھەممە يەرنى پۇراپ قىدىرىپ ئاختۇرغان بولسىمۇ، پارتىزانلارنىڭ قارىسىنى كورەلمىدى. "پارتىزانلار بار" دەپ گۇمان قىلىشقان يوتا تاغنىڭ ئىغىزىغا كەلگەندە بولسا، جۇ يىڭجاڭ بىلەن مەخسۇت بەگنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىردىن كەسكىن تالاش-تارتىش پارتىلىدى. مەخسۇت بەگ تەلۋىلىك بىلەن چىقىردى:

— يۇز ئەسكەر-ھە؟......ئاز ئەمەس. قورقۇش يوق! تاققا چىقىمىز، ئۇ نىمىلەرنىڭ ئۇلۇگىنى قاغىغا يەم، بورىگە ئوزۇق قىلىش كىرەك......

— بولمايدۇ، ئىش چاتاق، — دىدى جۇ يىڭجاڭ.

— نىمە بولمايدۇ؟ نىمە چاتاق؟......

— ھودۇقماڭ، تاغ بىزگە قاراڭغۇ......

— نىمە قاراڭغۇ؟ سىز قورقتىڭىز......

جۇ يىڭجاڭ چىچاڭشىپ كەتتى:

— بۇ نىمە گەپ، مەن ھەربى ئادەم، — دىدى ئۇ تىرىكىپ، — تاغ كوپ، ساپلا ئوڭكۇر، ھەممىسى پانا جاي. مەن تاشنى ئاتامدۇ؟ پارتىزاندا ئون ئىككى مىلتىق بارلىغىنى ئۇنتۇدىمۇ؟ ئەسكەر غايىپ ئوقتا ئولۇپ تۇگىسە، ئىككىمىز نەگە قاچىدۇ! يا سىزگە جان لازىم ئەمەسمۇ؟

مەخسۇت بەگ سەكرەپ كەتتى:

— مەن قورقمايمەن!......

— سىز قورقمايسىز، — دىدى جۇ يىڭجاڭ تەنە بىلەن، —

لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ، ئەڭ ياخشىسى پارتىزانلىنى تاغدىن چۈشۈرۈش كېرەك......

— ئۇلار قاچتى، چۈشمەيدۇ.

— نىمە چۈشمەيدۇ؟ چۈشۈرۈش كېرەك!

— قانداقچە؟ سىز......

— مەن بىلمەيدۇ، سىز ئۇيلاڭ، ئۇلار چۈشمىسە، مەن ئۇ يەرگە قانداق چىقسۇن؟......

ئۇلار خېلىغىچە خىقىراشتى. مەخسۇت بەگ ئۇزىنىڭ قوراللىق لۈكچەكلىرىنى ئالدىن تاقىقا چىقارماقچى بولدى:

— ھەممەڭ چىق، نان قېپىلار! — دەپ قامچىنى قولىغا ئېلىپ دىۋەيلىدى مەخسۇت بەگ، ئۇزىنىڭ قورالىق لۈكچەك-لىرىگە.

لېكىن، قوراللىق لۈكچەكلەر ئەسكەرلەر تىترىشىۋاتقان خەۋپكە تەۋەككۈل قىلىشنى خالاشمىدى، پاتىپاراق بولۇشۇپ، ئەسكەرلەرنىڭ كەينىگە سىلجىپ، بويۇنلىرىنى سوزۇپ، كوز-لىرىنى پاقىرىتىشتى.

— بەگ، — دىدى جۇ يىڭجاڭ مەخسۇت بەككە قاراپ، — بىزدە ۋاقىت ئاز، ئىش مۇنداق بولسۇن. پارتىزان ئۇيلىرىنى كويدۇر، خوتۇن - بالىلىرىنى سورەپ چىق، بىرنەچچىنى چانا - ئۇلتۇر......ئاھھاي......مانا شۇ چاغدا پارتىزان تاغدىن چۈشىدۇ!......

— ھەببەللى، مانا ئەقىل، — مەخسۇت بەگ مەيدىسىگە ئۇردى، — جەزمەن شۇنداق قىلىمىز. مېنىڭ قولۇمدا ئالماس-نىڭ جېنى بار......لەيلىگۈل بىلەن ئانارنى ئاتقا سورىتىپ تاقىقا

قويۇپ بىرىمىز......ئالماس ئاشىغى بىلەن سىڭلىسىنىڭ ئۇلۇغىنى كورسۇن......مانا پۇخادىن چىققۇدەك چارە......ئۇلار تاغدىن چۈشىدۇ......تاغدىن چۈشۈپ كورگىن......

ئۇلار سەت ئاۋازدا ۋاقىرىشىپ- جاقىرىشىپ كەينىگە يېنىشتى.

مەخسۇت بەگ ئۈچ تىللىق سىم قامچىنى قولىدا ئوينىتىپ، تومۇر دەرۋازىدىن كىرىپلا:

— ئەيسا پاششاپ، هوي......ئەيسا پاششاپ! — دەپ ۋاقىرىدى.

ئەيسا پاششاپ پەيدا بولغاندا، بەگ:

— ماك، لەيلى بىلەن ئانارنى ئەچىق، ئات تەييارلا! — دەپ بۇيرۇدى.

— ئانار بار، لەيلى يوق، — دىدى ئەيسا پاششاپ.

— نىمە! يوق دەمسىنا، هۇ......خۇمسى، قاچۇردۇڭمۇ؟ — بەگنىڭ بويۇن تومۇرلىرى ئىتىلىپ چىققۇدەك كوپتى.

— كايىماك بەگ، — دىدى جۇ يىڭجاك ھىجىيىپ، — كېرەك يوق، لەيلى ماڭا تارتۇق قىلىنغان-دە! ئۇ ئىسپانچەنىڭ شىرنگى. ئۇنىڭدا سىياسى گەپ بار، ئۇنىڭ جايى تۇرمە......كىيىن مەن ئۆزەم ئۇنى......

بەگ لەيلىگۇلنى جۇ يىڭجاڭنىڭ شەھەرگە كىرگۈزۈۋەتكەنلىگىنى ئەسكە ئالدى ۋە ئەيسا پاششاپقا قاراپ:

— ماك، هازىر ئانارنى ئەچىق! — دەپ ۋاقىرىدى.

ئەيسا پاششاپ ئانارگۇلنى ئېلىپ چىقتى.

ئانارگۇل هەيرانلىق بىلەن قەدەم تاشلاپ تال-بىدىش ئاستىغا كەلدى. گۇلزارلىق هويلىدا پىتىراپ يۈرگەن، مىلـ

تىقلىرىنىڭ ئۇچىغا نەيزە بېكىتكەن قاسقان شەپكىلىك ئەسكەرلەرگە نەپرەتلىنىپ، تومۇر دەرۋازا ئالدىدىكى چىنار ۋە يول ياقىسىدىكى ئۈژمە دەرەخلىرىگە ئېسىپ قويغان قېرىنداشلىرىغا ھەم تونۇگۇن - بۈگۈن تۇتقۇن قىلىنىپ، قورالللىق پايلاقچىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا تال - بىدىش تېگىدە غەزىۋىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئورە تۇرغان يۇرتداشلارغا تەمكىن ۋە ھەمداشلىق بىلەن قاراپ قويدى.

قىزنىڭ تال - تال ئۆرۈلگەن ئۇششاق بوستان چاچلىرى يەلكىسىنى قاپلاپ تۇراتتى. قىز ئالدىغا سىرىلىپ چۈشكەن چاچلىرىدىن ئالتە - يەتتە تالنى بىر قولى بىلەن تۇتۇپ كورۈپ، ئەپچىللىك بىلەن ئىرغىتىپ كەينىگە تاشلىدى. بۇ چاچلارنى مېھرىۋان ئانا سارىخان تېخى بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى بەگنىڭ يەر ئاستى تۈرمىسىدە قۇرۇقلا ئۆرۈپ قويغان ئىدى، توختاخۇن ئاكا بولسا، شۇ كۈنى بۇ چاچلارنى مېھرىۋانلىق بىلەن ئاخىرقى قېتىم سىلىغان ئىدى.

ئاه، ئانا، دادا! سىلەرنىڭ قوللىرىڭلار نىمە دېگەن ئىسسىق، نىمە دېگەن يېقىملىق - ھە؟......

مەخسۇت بەگ ئۆز ئالدىغا ھەيدەپ كېلىنگەن ئانارگۈلگە قاراپ، قىزنىڭ كوزلىرىدە ئۇچقۇنداپ تۇرغان كىمگىدۇ تەلپۈنۈشنىڭ بىردىنلا ئۆزىگە كوزى چۈشۈش بىلەن غەزەپ ئوتىغا ئايلانغانلىقىنى كوردى.

— سەن ئۆلۈشنى خالامسەن؟ — مەخسۇت بەگ تۇيۇقسىز ئېتىلىپ بېرىپ قىزنىڭ كوينىكىنىڭ ياقىسىدىن بوغۇپ تۇرۇپ سىلكىدى، — گەپ قىل، ئۆلۈشنى خالامسەن - يوق!......

ئانارگۈل بەگنىڭ ئامبۇر قوللىرىنى قايرىپ تۇرۇپ، دادىللىق بىلەن ئېيتتى:

— ياق! مەن ئۇلۇشنى خالىمايمەن......

بۇ گەپنى ئاڭلاپ جۇ يىڭجاڭ قىزنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ياخشى، ياخشى، سەن ئەخمەق بولما، ئۇلگەندىن پايدا يوق، سەن ئاكاڭنى تېپىپ بېرەمدۇ؟......

ئانارگۈل "يالت" قىلىپ جۇ يىڭجاڭغا قارىدى ۋە گەپ قىلمىدى. مەخسۇت بەگ قىزنىڭ ياقىسىنى يەنە سىقتى:

— ئېيت، سەن ئاكاڭنى تاپامسەن - يوق؟

— ئاكام ئۆزى كېلىدۇ!

— نىمە؟

— ئاكام كېلىپ قىساس ئالىدۇ، ھەممىڭلارنى قۇتقۇزىدۇ...... ئاكام يەنە......

مەخسۇت بەگ ئۇنىڭ گېپىنى كېسىپ تاشلاپ، سىم قامچا بىلەن يۈزىگە تارسىلدىتىپ بىرنەچچىنى ئۇردى، قىزنىڭ مەسۇم يۈزىدە زەھەرلىك قامچىنىڭ باشمالتاقتەك قىپ-قىزىل ئىزى كۆتىرىلىپ چىقتى.

— ماڭ، سەن بېرىپ ئاكاڭنى تاۋاپ قىل! — مەخسۇت بەگ قولىدىكى قامچىنى پىقىرىتىپ تاشلىۋېتىپ، ئەيسا پاششاپقا ۋاقىرىدى، — ئات ئېپكەل، دەرھال!......

بوينىغا تاش باغلاپ دەرياغا چۆكتۈرۈپ ئۆلتۈرۈش، "سارغايدى" غا ئېسىپ سازايى قىلىپ ئۆلتۈرۈش — مەخسۇت بەگنىڭ بوۋىسى سۇلايمان توپبېشىنىڭ زامانىسىدا ئەۋج ئالغان قاتىللىق ئۇسۇللىرى ئىدى، 1947 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت پارتىزانلىرى قاغىلىق، پوسكام ناھىيىلىرىنى ئىشغال قىلىپ

كومىنداڭچىلارنىڭ ئەدىۋىنى راسا بەرگەندە، يەرلىك باندىتلار قولغا چۈشكەن پارتىزانلارنى ئاتقا سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈشنى ئىجات قىلدى. بۇ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە خەلققە ئىبرەت قىلىش، پارتىزانلارنى چوچۇتۇش ئۈچۈن ئىدى.

بايا، جۇ يىڭجاڭ مەخسۇت بەككە "پارتىزانلارلى تاغدىن چۈشۈرۈشنىڭ ئىلاجىنى قىلىڭ" دېگەندە، پارتىزانلارنىڭ قېنىنى قىزىتىدىغان بۇ ئۇسۇلدىن نەپ ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى. مەخسۇت بەگ جۇ يىڭجاڭنىڭ مۇددىئاسىنى ئۇنچىلىك چۈشىنىپ يەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش خۇمارى مەقسەتكە لايىق ھەركەتكە ئېلىپ كەلدى......

تومۇر دەرۋازا ئالدى ئوپۇر-توپۇر بولۇپ كەتتى، ئانارگۈلنى "ئاتقا سۆرىتىپ سازايى قىلىش" خەۋىرى يۇرتقا يېيىلىپ، دەرتمەن خەلق تەرەپ-تەرەپتىن يىغىلىشتى، كېلە-ۋاتقان دېخانلار ئىچىدە چىشلىرى كىرىشكەنلەرمۇ، ھەيران بولۇۋاتقانلارمۇ، چاپىنىنىڭ ياقىسىنى تۇتۇپ تووۋە-ئىستىغپار ئېيتىۋاتقانلارمۇ، كوزۇم كورمىسۇن دەپ، تومۇر دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ، يەنە كەينىگە قايتىپ كېتىۋاتقانلارمۇ بار ئىدى. لېكىن، غەزەپلەنگەن خەلق باھار كەلكۈنىدەك يامراپ كېلىشكە باشلىدى......

مەخسۇت بەگنىڭ بۇيرۇغى بويىچە ئانار گۈل ئوڭدى-سىغا ياتقۇزۇلدى، ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ، ئۇشۇغىدىن قارا ئاغامچا بىلەن باغلىدى. ئاندىن قىزنىڭ پۇتىغا باغلانغان ئاغامچا دىۋەك قارا ئاتنىڭ قۇيرۇغىغا چىگىلدى. مەخسۇت بەگ ياققا چېلانغان پىلىكنى قىزنىڭ بۇرنىغا تىقتى. بەگ

پىلىككە ئوت يېقىش ئۈچۈن، قولىغا سەرەڭگە ئالغاندا، بىردىن تۆمۈر دەرۋازا ئالدىدا كىشىلەر دەۋرەپ، دەھشەتلىك قىيا-چىيا كۆتىرىلدى. خەلق باستۇرۇپ كىرىشكە ئىنتىلەتتى، قوراللىق لۈكچەكلەر ئۇلارنى قالايمىقان دۇمبالاپ كەينىگە ئىتتىرەتتى.

جۇ يىڭجاڭ ئۆز ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق بەردى:

— كىم دەرۋازىدىن كىرىشكە ئۇرۇنسا ئات!......

قاسقان شەپكىلىك ئەسكەرلەر سەپ بولۇپ، مىلتىقلىرى-نىڭ نەيزىسىنى دەرۋازا تەرەپكە بەتلەپ تىك تۇرۇشتى.

توپ ئارىسىدىن ئىمام خاتىپ بولۇنۇپ چىقىپ، مىل-تىقلىق ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، مەخسۇت بەگنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— خۇدا بىر، پەيغەمبەر بەرھەق، — دېدى ئۇ، — قىز ئارىسىدە، مەسۇم گۇدەك. ئاللا راۋا كۆرمەيدۇ، تىلەيمىز، خۇدا ھەققى كېچىرىسىلە، يۇرت مېنى ۋەكىل قىلدى، مەن تىلەي. شۇ قىز......

جۇ يىڭجاڭ تۇرۇپكىنى تارتىپ تۇرۇپ، چىرايىنى بۇرۇشتۇرۇپ قويدى. مەخسۇت بەگ ئىمام خاتىپنىڭ كۆزىگە قارچۇغا كۆزلىرى بىلەن زەھەردەك تىكىلىپ تۇرۇپ:

— سەن ئىمام خاتىپ، ئالماس مېنىڭ قورالىمنى بۇلاپ كەتكەندە نەدە قېلىۋىدىڭ، سەنمۇ مېنى تالىماقچىمۇ، ھۇ، دەيۈز! — دەپ شالىنى چاپتى.

— توپىلاڭچىغا جازا بەرمەك كىتاپ ھىكمىتى، — دېدى ھىسامىدىن داموللا پىشايۋاندا تۇرۇپ.

— تەقدىر، تەقدىر، ھوكۇمەت ئەمرى ۋاجىپ، — دەپ غودۇڭشىدى سوپى ئىشان.

— بىز ھەممىمىز مۇسۇلمان، ئىنساپ - دىيانەت مۇسۇلمان ئەقىدىسىنىڭ جەۋھىرى......

ئىمام خاتىپنىڭ سوزى تۈگىمەي، مەخسۇت بەگ ئۇنىڭ ئېغىزىغا مۇشت بىلەن بىرنى سالدى، ئىمام خاتىپنىڭ بىر چىشى ئېزىلىپ، ئېغىزىدىن ئۇقتەك قان كەتتى......

تومۇر دەرۋازا تېشىدىكى كىشىلەر قىقاس - چۇقان كوتەردى، غەزەپلەنگەن خەلق دەرۋازىغا قىستاپ كەلدى. چاكىلدىغان قاتار ئوق ئاۋازى بىرنەچچە كىشىنى يىقىتتى، خەقلەر كەينىگە چېكىندى......

مەخسۇت بەگ غالجىرلىق بىلەن تىترەپ تۇرۇپ سەرەڭگىنى ياقتى - دە، پىلىككە ئوت ئوتاشتۇردى.

ئەيسا پاششاپ ئانارگۇل سورۇتۇلگەن ئاتنىڭ بېشىنى تاغ تەرەپكە توغرىلاپ، قامچا بىلەن راسا بىرنى سالدى.

چاچراپ تۇرغان ئات قىزنى سورەپ تاغ تەرەپكە قۇيۇندەك ئېلىپ ماڭدى. ئات قۇيرۇغىغا سورىتىلگەن قىز بوران ئۇچۇرغان يوپۇرماقتەك يەرگە تېگىپ - تەگمەي، ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ، ئات تۇيىغىدىن كوتىرىلگەن چاڭ - توزاڭ ئىچىدە كوزدىن غايىپ بولدى......

جۇ يىڭجاڭ ئەسكەرلەرگە قاراپ بۇيرۇق بەردى.

— ئاتقا، ئىسيانچىنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتۇشقا!......

لېكىن، ئەسكەرلەرنىڭ ئالدى دەرۋازىدىن چىقىش بىلەن تەڭ، قولىغا كالتەك - توقماق ئالغان، غەزەپلەنگەن يۇرتداشلار مەھەللە - مەھەللە، كەنت - كەنتلەردىن باستۇرۇپ

كەلدى، قوراللىق لۈكچەكلەر بىلەن خەلق ئىرماش-چىرماش بولۇپ، گىرەلىشىپ ئېلىشىش باشلاندى......

## 4. ئالماسنىڭ قىلىچى

مەشرەپ شەھەردىن قايتتى. ئۇ، لەيلىگۈلنىڭ تەقدىرىنى بىلىش ئۈچۈن شەھەرگە ئەۋەتىلگەن ئىدى. لەيلىگۈلنىڭ نەدە، نىمە قىسمەتنى كۆرۈۋاتقانلىقىنى بىلىش مۇمكىن بولمىدى. ئەمما پۈتۈن شەھەردە ئاجايىپ يېڭى خەۋەر تارقالغان، كىشىلەرنىڭ مېڭىش-تۇرۇشى تېتىكلەشكەن، كۆزلىرىنىڭ يالتىرىشىدىن نىمىگىدۇ تەقەززا بولۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

مەشرەپ خوش خەۋەرنى قېرىنداشلارغا تېزرەك يەتكۈزۈش ئۈچۈن، دەرھال كەينىگە ياندى، ئۇنىڭ قەلبى خۇشاللىق بىلەن تولغان، ئۇزىنى تاغ لاچىنى، چۆل كىيىكىدەك يېنىك سېزەتتى. ئۇركەشلەپ تۇرغان دەريادىن غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈپ ئۆتتى، توغراقلىق ئورماننى توغرىسىغا ئۇچقان ئوقتەك كېسىپ ئۆتتى-دە، ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ، ئۇدۇل تاغ تەرەپكە يۈگۈردى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ: "......مۇتەھەم ئەمەلدارلار پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ قاپتۇ، خەقلەر خوشال، ئىككى-ئۈچ كۈن ئىچىدە ئازاتلىق ئارمىيە ناھىيىمىزگە يېتىپ كېلىدۇ!......قانداق خوشاللىق، قانداق خۇرسەنچىلىك!...... ئاسىم، ئالماس، ئېلىقۇل ئاڭلىسا جېنى يايراپ كېتەرمىدى!......" دەپ ئۆز ئۆزىگە شۇۋىرلايتتى.

مەشرەپ كىچىككىنە تاشلىق ساي ئىچى بىلەن يۈگۈرۈپ مېڭىپ، جىلغا ئېغىزىغا يېقىنلىشاي دەپ قالغاندا تۇيۇقسىز

مەھەللە تەرەپتىن ھۈركىگەن كىيىكتەك پاراسلاپ چىپىپ كېلىۋاتقان بىر يايداق ئاتقا كۆزى چۈشتى. ئات ھايت-ھۇيت دىگىچە مەشرەپنىڭ ئالدىدىن چىپىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئاتنىڭ قۇيرۇغىغا سورۇتۇلگەن قانداقتۇ بىرنىمە لەپپەڭشىپ تۇراتتى......

مەشرەپ ھاڭ-تاڭ بولدى ۋە ئاتنىڭ كەينىدىن ئېتىلدى......

دەل شۇ چاغدا ئالماس ئۆزىنىڭ شەمشەردەك ئىشتىپ كەتكەن ئۇزۇن، يوغان، ئالتە جىڭلىق جادو قىلىچىنى مۈرىسىگە سېلىپ، تاغدىن ئالدىراپ چۈشۈۋاتاتتى. ئاسىم، ئېلىقۇل ئۇنىڭ كەينىدە بولۇپ، ئاسىمنىڭ قولىدا مىلتىق، ئېلىقۇلنىڭ قولىدا قىلىچ بار ئىدى. پارتىزانلار تاغدىن دۈپۈرلىشىپ چۈشۈۋېتىپ، تاشلىق ساي تەرەپكە قارى-غىنىچە جىددىلىشىپ:

— ئات، ئات كېلىۋاتىدۇ، ئاتنىڭ كەينىدە بىرنىمە سورۇتۇلگەن-ھە؟ — دېيىشىپ كەتتى.

ئات — چاپقىنىچە جىلغا ئېغىزىغا كېلىپ، ئۆز يولىنى يوقىتىپ، قەيەرگە مېڭىشىنى بىلمەي ئىختىيارسىز خارتىلداپ توختىدى.

ئالماسلار تاشتىن-تاشقا سەكرەپ، جىلغا ئېغىزىدىن چىقىپ ئاتنىڭ قېشىغا يۈگۈردى. قارا تەرگە چۆمگەن ئات ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئالماس، ئېلىقۇل، جۇما، سالمانلارنى تونۇپ، قۇلاقلىرىنى شىڭگىتايتىپ پۇشقۇرۇپ كىشنىدى-دە، جىم بولدى.

ئالماس ئاتنىڭ كەينىگە ئۆتۈپلا ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي

قالدى، كۆزى قاراڭغۇلاشتى، بەدىنى جىغىلدىدى. ئىختىيارسىز
بىر پۈتى بىلەن تىزلىنىپ تۇرۇپ، كويىنەك-تامباللىرى
تىتىلىپ قىپ-يالىڭاچ بولۇپ قالغان، پاچاقلىنىپ، مىجىلغان،
ئۇستىخانلىرى تېرىسى ئىچىگە تۈلۈمدەك قاچىلىنىپ قانغا
مىلىنىپ ياتقان گەۋدىگە تىكىلىپ، قوشۇمىسى قاتتىق تۈ-
رۈلگەن ھالدا قېتىپ قالدى.

قانلىق گەۋدىنىڭ كىملىگىنى بىر قاراپلا تونۇغىلى
بولمايتتى. گەۋدىنىڭ كۆزلىرى چانىغىدىن چاچراپ چىقىپ
كەتكەن، بۇرۇنلىرى يانچىلىپ تۈزلەنگەن، يۈزلىرى تىتىلغان،
ئورۇم — تال-تال چاچلىرى يۇلۇنۇپ، بىر قولى ئۈزۈلۈپ نە-
گىدۇ چۈشۈپ قالغان ئىدى.

لېكىن، ئۇ قىز ئىدى.

ئاسىم دەرھال چاپىنىنى سېلىپ، قىزنىڭ ئېچىلىپ
قالغان ئەۋرىتىگە يېپىپ قويدى.

ئالماس يۈرىكى مۇجۇلغان ھالدا ئىختىيارسىز قىزنىڭ
قانغا مىلەنگەن بېشىنى بىلىكى ئۈستىگە ئالدى ۋە تۇيۇقسىز
ئۇنىڭ يۈرىكىدىن پارتلاپ چىقىدىغان بىر سادا جىلغا
ئىچىنى دەھشەتلىك قايغۇ نالىسى بىلەن تولدۇردى:

— سىڭلىم، جان ئۇكام، قېرىندىشىم، سەن ئانار ئە-
مەسمۇ؟!......

— ھە؟!......

— نېمە؟!......

— ئانار؟!......

ھەممىيلەن ئىختىيارسىز تىزلاندى ۋە بۇ دەھشەتلىك

پاچە ئۈچۈن پارتىزانلارنىڭ يۈرىكىدىن مىسلىسىز زەھەرلىك بىر خەنجەر تېشىپ ئۆتتى.

ئالماس يېنىپ باشقا گەپ قىلمىدى، قىزنىڭ مىجىلغان بېشى تېخىچىلا ئۇنىڭ قولىدا ئىدى. يىگىتلەرنىڭ قەلبىدە ئۈنسىز ئاچچىق غەزەپ — كۆيدۈرگۈچى يالقۇن لاۋا بولۇپ ئۇركەشلەيتتى. ئوچ ئېلىش ئىستىكى ئوت بولۇپ ياناتتى، مىلتىق، قىلىچ، نەيزە، تۇقماقلىرىنىڭ دەستىلىرىنى ئېزىپ ئۇن قىلىۋەتكۈدەك غەزەپ بىلەن قىسىپ تۇتاتتى ۋە ھە دەپ مەھەللە تەرەپكە قاراپ ئىنتىلەتتى......

ئاسىم ئالماسنىڭ مۈرىسىنى ئاستا تۇتتى. كۆزلىرىدىن تامچىلىغان ياش قىزنىڭ بەدىنىگە ئاقتى. بىرنىمە دەپ تەسەللى بېرىش ناھايىتى تەس ئىدى. پارتىزانلار ئەترىدى ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە غەزەپتىن تولغانماقتا، گويا ھەممەيلەن نەپەس ئېلىشتىن توختىغاندەك جىمجىت ئىدى. ئاسىم قىز-نىڭ مىجىلغان بېشىنى ئالماسنىڭ قولىدىن ئېلىپ، يېشىل چىم ئۈستىگە ياتقۇزدى ۋە يانچۇقىدىن ياغلىق ئېلىپ قىزنىڭ يۈزىگە ياپتى.

— قېرىنداشلار! — دىدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆزلىرى-دىن تاراملاپ ئېقىۋاتقان يېشىنى كۆينىكىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، بوغۇلغان ھالدا، — بىز مۇنداق ئىنسان قېلىپىدىن چىققان پاچەنى بىر قېتىملا كۆرۈۋاتقىنىمىز يوق. پۈتكۈل جاپاكەش خەلقىمىز ئۆمۈر بويى مۇشۇنداق دەپسەندە قىلىنىپ، خارلىنىپ كەلمەكتە. زالىم بايلار، مۇشتۇمزور بەگلەر، قانخور يەر ئىگىلىرى ئاشۇنداق ياۋۇزلۇق بىلەن بىزنى ئېزىپ - چەيلەپ بوزەك قىلىپ كەلدى، بۇ، نەچچە يۈز - نەچچە مىڭ يىللىق

تارىخ، ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ كۆلپەتلىك تارىخى! لېكىن، ئۈزۈن تۈن تۈگىدى، تاڭ پەردىسى يىرتىلدى، مۇستەبىت گومىنداڭ ۋە ياۋۇز، مۇناپىق بەگلەر سەكراتقا چۈشتى. يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بىز تەشنا بولغان خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى يېتىپ كېلىدۇ......ئەمما، ئۆلۈم ئالدىدىكى ئىلان بەك چاقىدۇ، بۈگۈن قانخور گومىنداڭ ۋە مەخسۇت بەگ كەنت ئىچىدە ئۇز قولى بىلەن ئۆلتۈرگەن ئادەم ئانارگۈل بىلەن بەش كىشى، بەلكىم، بۇ چاققىچە يەنە قانچە كىشىنى ئۆلتۈردىكىن! بىز بۇ جاللاتلارنىڭ قانلىق قولىنى كېسىپ تاشلاپ، قېرىنداشلار ئۈچۈن ئىنتىقام ئالايلى!......

ئالماس يولۋاستەك سىلكىنىپ ئورنىدىن دەس تۇردى-دە، ئانارنى سورەپ ئېلىپ كەلگەن يايداق ئاتقا ئىرغىپ مىندى. ئۇ جادو قىلىچنى قولىغا ئالغاندا، پۈتۈن ۋۇجۇدى غەزەپ ئوتى بىلەن يالقۇنلاۋاتقاندەك ئىدى. ئالماس ئاتنىڭ كوكسىگە چۈشۈپ تۇرغان يايلىنى بىر قولى بىلەن قاماللاپ تۇتۇپ، ئاتنىڭ بېقىنىغا قاتتىق بىرنى تەپتى. شوخشۇپ تۇرغان ئات يېزا تەرەپكە قاراپ بوراندەك ئۇچۇپ كەتتى.

ئېلىقۇل بىلەن مەشرەپ ئولجا ئېلىنغان ئىككى سافچى ئېتىغا سەكرەپ مىنىپ، قىلىچلىرىنى قولىغا ئېلىپ، ئالماسنىڭ كەينىدىن ئات قوبدى.

ئاسىم ھىلىلا تاغدىن چۈشكەن ئېلىشا بىلەن قىسمەت چورۇققا ئانارنىڭ جەسىدىنى تاپشۇرۇپ، پارتىزان يىگىتلەرنى ئەگەشتۈرۈپ، يېزا تەرەپكە يۈگۈردى.

ئالماس بوراندەك ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ ئۈستىدە

تۇرۇپ ئويلىدى: سىڭلىم ئانار ئۈچۈن، گۇناسىز ئۆلتۈرۈلگەن قېرىنداشلار ئۈچۈن، قىلىچىمنىڭ تىغى قىپ-قىزىل قانـ-غا بويالمىسا ھېساپ ئەمەس...... زالىملار سېنىڭ كۈچۈڭ پەقەت نارەسىدە قىزغا، ئاجىز بوزەكلەرگىلا يېتىدۇ. بىر ئۆمۈر يىغلىغان دەرت-ئەلەمسىز، غەزەپ-نەپرىتىمىزگە ھېساپ بېرىدىغان ۋاقتىڭ كەلدى. ئاھ......قېرىنداش، ئاھ، نادامەت چەككەن يۇرتداشلار، سىلەرنىڭ ھىجران ئوتلىرىڭلار مەدەت بەرسۇن، سىلەر ئۈچۈن قانلىق قىساس ئالماسلىق خۇمپەرلىك بولسۇن!......

ئالماس مەھەللە بىلەن توغراقلىق ئورمانىنى ئايرىپ تۇرىدىغان تاشلىق سايدىن ئۇچۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، بوراندەك ئېتىلىپ مەھەللىگە يېقىنلاشتى. دەل شۇ پەيتتە، دۈپۈرلەپ كېلىۋاتقان جۇيىڭجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى كۆرۈندى. ئالماس دەرھال ئاتنىڭ يايلىغا ئېگىلىشتى.

بۇ چاغ كوئېنلۇن ئېتىگە گۈگۈم چۈشكەن پەيت بو-لۇپ، چېرىكلەر چۆلنى يېرىپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ئاتقا قا-راپ، ھاڭۋاقان ھالدا سۆرىتىپ قويۇۋېتىلگەن قىز ئاتنىڭ كەينىدە بارمۇ-يوق، دىگەندەك بويىنىنى سوزۇپ، يىراقتىن ئاتنىڭ كەينىگە قارىشاتتى.

ئالماس ئۇنىڭ قولىدا تۇتقان جادو قىلىچىنى ساڭگىلى-تىپ پەسكە چۈشۈرۈپ، سول قولى بىلەن ئاتنىڭ يايلىنى چىڭ تۇتۇپ، ئاتنىڭ قۇلىقى ئارىسىدىن قاراپ، چېرىكلەرنىڭ سېپىنى ئېنىق كۆردى ۋە چېرىكلەرگە يېقىنلىشىش بىلەن تەڭ، ئاتنىڭ بىقىنىغا بىرنى تەپتى-دە، قەددىنى دەس كۆتىرىپ، جادۇ قىلىچنى بېشىنىڭ ئۈستىدىن پىقىرىتىپ

تۇرۇپ، چېرىكلەرنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى......

جاسارەت شەمشىرى باش ئۈستىدە پەرۋاز قىلىپ يال-تىرايتتى. ئۇپۇر-توپۇر بولۇشۇپ مەگدەپ كەتكەن چېرىكلەر قارشىلىق كورسىتىش ئىمكانىيەتلىرىنى يوقىتىپ، تىزۈپ كەتتى. ئالماس ئىككى تەرىپىدە پىتىراپ يۈرگەن چېرىكلەرنى تال چىۋىقنى كەسكەندەك چاناۋەردى. ئۇنىڭ ئوتكۈر جادو قىلىچى گاھ ئوڭ تەرەپكە، گاھ سول تەرەپكە ئۇرۇلاتتى. بەزى چې-رىكلەرنىڭ كاللىسى تېنىدىن جۇدا بولۇپ، توپتەك قاڭقىپ ئۇچۇپ چۈشسە، بەزىلەرنىڭ كاللىسى تېنى بىلەن يەرگە مول-لاق ئاتاتتى. بەزىلىرى جان ئاچچىقىدا "ئاھھا" دەپ چىقىرىسا، بەزىلىرى، جالاقلاپ تىترەپ ئوكدىسىغا چۈشەتتى. ئالماس ئىككى تەرىپىدە ساراسىمگە چۈشكەن چېرىكلەرنى سۈرۈپ. توقاي قىلىپ، سەپنىڭ ئاخىرىغا يەتتى.

— ئالماس! ئاھا......ئالماسنىڭ دەل ئۆزى!......

ئالماس قىلىچ چېپىپ كېلىۋېتىپ، "يالت" قىلىپ قا-راپ، ئوز ئىسمىنى تىلغا ئالغان كىشىنىڭ مەخسۇت بەگ بىلەن جۇيىڭجاڭ ئىكەنلىگىنى بايقىدى-دە، ئېتىلىپ ئات سېلىپ ئۇلار تەرەپكە ئوزىنى ئۇردى. ئالماسنىڭ قولىغىنىڭ تۈۋىدىن بىرنەچچە تال قىزىق ئوق ۋىڭىلداپ ئوتۇپ كەتتى. جۇيىڭجاڭ بىر تەرەپتىن ئالماسقا قاراپ تاپانچىسىدىن ئوق ئۇزۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن جان-جەھلى بىلەن چىقىراپ:

— ئات، تۇت، قاچما، قاچقىنىڭنى ئاتىمەن، ھۇ...... ھارامزەدىلەر! — دەپ، پىتىراپ، نىمە قىلىشىنى بىلمەي يۈر-گەن ئەسكەرلىرىگە ھەيۋە قىلىپ تۈۋلايتتى.

شۇ پەيتتە، قىلىچلىرىنى ئۇيىنىتىپ ئېلىقۇل بىلەن مەشرەپ كورۇندى، چىرىكلەرنى سۇرۇپ توقاي قىلىپ ئالماسقا يېقىنلاشتى. شىددەتلىك گىرەلىشىپ ئېلىشىش بولۇۋاتقاندا، تاشلىق ساي تەرەپتىن ئاسىم يېتەكلەپ كېلىۋاتقان پارتىزانلار بىلەن ئۆي - ئائىلىلەردىن، مەھەللە - كەنتلەردىن قوللىرىغا كەتمەن، ئوغاق، كالتەك - توقماق ئېلىپ، "ئۇر، باغلا! تۇت ئەدىۋىنى بەر!" دىگەن ئاللا - چۇقانلار كوتىرىپ يامراپ - ئېتىلىپ كېلىۋاتقان دىخانلار قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ جاسارەتلىك ياڭراق سادالىرى پۈتۈن ياغاقلىق يېزىسىنى زىلزىلىگە كەلتۇردى……

ئالماس مەخسۇت بەگ بىلەن جۇ يىڭجاڭنىڭ كەينىگە چۈشۈپ، ئۇلارنى تومۇر دەرۋازىنىڭ ئالدىغىچە قوغلاپ باردى. ئۇ، مەخسۇت بەككە يېقىنلىشىپ، گەجگىسىدىن راسا قامللاپ تۇتۇپ، قوشباش ئىگەردىن يۇلۇپ ئالماقچى بولغاندا، ھىلىگەر مەخسۇت بەگ "شارت" قىلىپ ئاتتىن ئوزىنى تاشلىدى - دە، يان تەرەپتىكى جىگدىلىك باققا ئوزىنى ئۇرۇپ، كوزدىن يوقالدى. ئالماسنىڭ قولىغىنىڭ تۇۋىدىن يەنە بىرنەچچە پاي ئوق ئۇچۇپ ئوتۇپ كەتتى. ئوق بىلەن تەڭ ئالماس ئالدىدا قېچىپ كېتىۋاتقان جۇ يىڭجاڭغا قاراپ ئات سالدى، جۇيىڭجاڭغا يېقىنلىشاي دىگەندە ئۇ قاقۋاش ئېتىنىڭ بېشىنى تېز بۇراپ يان تەرەپكە ئوتۇۋالدى - دە، تاپانچىسىدىن تاراسلىتىپ ئارقا - ئارقىدىن ئوق ئۈزدى. ئوق ئالماسنىڭ ئوڭ مۇرىسىنى سىجاپ چىقىپ كەتتى.

جۇ يىڭجاڭ غالجىرلىشىپ، ئالماسقا قارىتىپ ئىككىنچى قېتىملىق ئوق ئۈزگەندە، ئوقتەك ئۇچۇپ كەلگەن مەشرەپ دەل

جۇيىڭجاڭ بىلەن ئالماسنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتتى. ئوق ئالماسقا ئەمەس، مەشرەپنىڭ يۈرىكىدىن تېشىپ ئۆتتى...... ئالماس شىددەت بىلەن بېسىپ بېرىپ، جۇيىڭجاڭنىڭ يان تەرىپىدىن ئۇنىڭ ئىت كاللىسىنى جادو قىلىچ بىلەن غازاڭنى سىپىرغاندەك سىپىرىپ چۈشۈرىۋەتتى. "ئەييا......" دېگەن نالەش ئاۋازى بىلەن تەڭ، جۇيىڭجاڭنىڭ قان پۇراپ تۇرغان ئىپلاس تېنى زەھەرلىك ئىلاندەك ئاچچىق تولغىنىپ، ئاتتىن سىيرىلىپ، يەرگە "گۈپ" قىلىپ دومىلاپ چۈشتى. ئۇنىڭ رەزگى تېنىدىن جۇدا قىلىنغان مەرەز كاللىسى ئۈزن ئىككى شوئار بېكىتىلگەن كېلەڭسىز قاسقان شەپكىسى بىلەن بىللە، ئالماسنىڭ ئېتىنىڭ ئايىغىدا تىنىمسىز خارتىلداپ سەكرەشكە باشلىدى......

ئالماس كۆڭلى ئايىنغان ھالدا جۇيىڭجاڭنىڭ قىمىرلاپ تۇرغان كاللىسىدىن ئىشتىك كۆزىنى ئېلىپ، يان تەرىپىگە قارىغاندا، مەشرەپ مىنگەن ئاتنى كۆردى. مەشرەپ ئاتنىڭ ئۈستىدە، ئىككى قولىنى ئىككى تەرەپكە ساڭگىلاتقان، بىر قولىدا ساقچىدىن ئولجا ئالغان قىلىچنى قىسىپ تۇتقان ھالدا ئاتنىڭ يايلىغا مۈرىسىنى تىرەپ چاپلىشىپ ياتاتتى......

ئالماس سەكرەپ ئاتتىن چۈشۈپ، قەدىردان تەڭ-تۇش دوستىنى قۇچاقلاپ ئاتتىن ئالدى، ئاۋايلاپ يەرگە ياتقۇزدى، مەشرەپ جان ئۈزگەن بولۇپ، نىمە ئۈچۈندۇ سەل-پەل كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك ئىدى.

ئالماس مەشرەپنىڭ جۇيىڭجاڭنىڭ ئوقىغا ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىپ، ئالماسنى ساقلاپ قالغانلىقىنى چوڭقۇر ھاياجان ئىچىدە ھېس قىلاتتى. كىچىكىدىن بىللە ئۆسۈپ چوڭ بولغان ھالال، پاك، سەممىي، كەم سۆز، ئىشلەم-

چى دوستىنىڭ گەۋدىسىنى باغرىغا بېسىپ، كوزلىرىدىن ئىس-
سىق ياشلىرىنى توكتى......
قانچىلىك ۋاقىت ئوتكەنلىكى نامەلۇم. ئالماس مەشرەپنى
قۇچاقلاپ، ياشلىرىنى توكۇپ، ۋىدالىشىپ ئورنىدىن تۇرغاندا،
ئەتراپىدا ئوزىنى ئوراپ تۇرغان، قوللىرىغا كالتەك-توقماق
ئېلىپ جىمجىت بېشىنى سىلىپ تۇرۇشقان نەچچە يۇزلىگەن
دەرتمەن قېرىنداشلىرىنى كوردى. مەشرەپنىڭ جەسىدىنىڭ
سەل نېرىسىدا تېخى بايىلا ئېلىپ كېلىنگەن، يۇزى قىزىل
ياغلىق بىلەن يېپىلغان ئانارگۇلنىڭ جەسىدى ياتاتتى......
ئالماس سەپنى يېرىپ ئوزىگە قاراپ كېلىۋاتقان
شانىيازنى كوردى ۋە دەرھاللا:
— شانىياز، ئاسىم ئەپەندى قېنى، مەخسۇت بەگنى
تۇتتۇڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— مەن ھازىر دەريا بويىدىن كەلدىم، — دېدى شانىياز
ئالماسنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — مەخسۇت بەگ ئونچە يالاقچىنى
ئېلىپ تاققا قاراپ قاچتى، ئاسىم ئەپەندى، ئېلىقۇل پارتە-
زانلار بىلەن ئۇنى قوغلاپ كەتتى. دەريا بويىدا بىر چېرىك
بىلەن ئىككى يالاقچىنى تۇتۇۋالدۇق. ئۇ سىملەرنىڭ ئىقرار
قىلىشىچە، چېرىكلەر بىلەن مەخسۇت بەگنىڭ يالاقچىلىرى
ئالدى-كەينىگە قارىماي ئۇدۇل كەلگەن يەر بىلەن يۇرتتىن
قېچىپ چىقىپ، تۇيۇقسىز ھەممىسى دەريا بويىدا ئۇچرىشىپ
قاپتۇ. مەخسۇت بەگ بىلەن چېرىكلەر بىر قەپەس جاڭجالل-
شىپتۇ، چېرىكلەر مەخسۇت بەگنى بولاپ، ئۇنىڭ ھەميانىنى
تارتىۋاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن چېرىكلەر شەھەرگە قاراپ قېچە-
شىپ كېتىپتۇ، مەخسۇت بەگ بولسا، ئوزىنىڭ قوراللىق لۆك-

چەكلىرى بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ، تاققا قاراپ كېتىپتۇ...... تاققا قاراپ كېتىۋاتقاندا، مەخسۇت بەگ ئىككىلەنگەن يالاقچىسىدىن بىرىنى پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، ئىككى يالاقچى دەرياغا ئۆزىنى تاشلاپ، قېچىپ كېلىۋاتقان ئىكەن، ئۇلارنى بىز تۇتۇۋالدۇق......

ئالماس نىمىنىدۇ ئويلاندى-دە، مەشرەپ بىلەن ئانارگۈلنىڭ جەسىدىگە قاراپ، كوينىگىنىڭ يېڭى بىلەن كۆزىنى سۈرتۈپ، جادو قىلىچىنى قولىغا ئالدى، سەكرەپ ئاتقا مىندى:

— يۇرۇڭلار، مەخسۇت بەگ ئاسماننىڭ قەھرىگە چىقىپ كەتتىمۇ، تەھتى ئەسراغا كىرىپ كەتتىمۇ، بۇ مۇناپىقنى ئىزدەپ تۇتىمىز، — دەپ دەريا تەرەپكە قاراپ، بوراندەك چېپىپ كەتتى......

تاللانغان يىگىتلەر دۇررىدە قوزغالدى......

## ئون ئىككىنچى باپ

### 1. سىرلىق خەت

10 - ئاينىڭ ئاخىرى، 11 - ئاينىڭ باشلىرى پۈتكۈل زەرەپشان يېزىلىرى قىزغۇچ ئالتۇن رەڭگىگە كىرىپ، قەھرىۋادەك تاۋلىنىپ كۆزگە تاشلىنىدۇ، تېرەك، سۆگەت، شاپتۇل يوپۇرماقلىرى بىر - بىرلەپ بەرگىدىن ئاجراپ، يېنىك كۈز شاماللىرى بىلەن شىلدىرلاپ ئويىنىشىدۇ، لېكىن، ياڭاق، بادام، بېھى يوپۇرماقلىرى بولسا، كوئېنلۇن چوققىلىرىنى چۈمكەپ تۇرغان ئاپپاق قار تاكى ئۆز داستىخىنىنى كېڭەيتىپ، يۇرت ئىچىگە سىلجىپ كىرگىچە ياپ - يېشىل تۈسىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. شۇڭا، كۈز پەسلىدىكى زەرەپشان يېزىلىرىنى تىنىمسىز ئورکەشلەپ تۇرغان دېڭىز دولقۇنىغا ئوخشاتساق، بۇ دولقۇن بەزىدە قىزغۇچ ئالتۇن رەڭگىدە چاقناپ جىلۋە قىلسا، بەزىدە يېشىل مەرۋايىتتەك يالتىراپ، ياپ - يېشىل بولۇپ كۆزگە چۈشىدۇ.

ئەكسىچە، بۇ مەزگىلدە دەريانىڭ باش تەرىپى ۋە يېزىغا تۇتاشقان كوئېنلۇن تىزمىلىرى لېپىز ئاپپاق قار ھەم چوكا مۇزلار بىلەن قاپلانغان بولىدۇ، ئېدىرلىقلار، تىزما تاغلار ۋە چوڭقۇر جىلغىلارنى ئارىلاپ، يەر بېغىرلاپ ئاچچىق شىۋىرغان ئۇشقىتىشقا باشلايدۇ، ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى تېنى-

گەن بورىنىڭ ئېغىر ۋە ھالسىز ھۆۋلىشى بارغانچە ئېنىق ئاڭلىنىدۇ......

ئېلىقۇل ئۆزىنىڭ جادۇ قىلىچىنى سۇرەپ، تىت-تىت بولغان ھالدا مەخسۇت بەگنى بىر كېچە، يېرىم كۈندۈز قوغ-لىدى، چوڭقۇر جىلغا، تىك، ئۇچلۇق قىيا تاشلاردىن يامى-شىپ ئۆتتى، قارلىق دالىنى، مۇز ئۆڭكۈرلىرىنى قېدىردى. قار بىلەن قاپلانغان قاراڭغۇ غار ئالدىدا غار ئىچىدىن ئۇشتۇمتۇت خىرىس قىلىپ ئېتىلىپ چىققان بورە كۈچۈكىنى جادۇ قىلىچ بىلەن چاناپ ئۆلتۈردى، كەينىدىن چىققان ئانا بورە ئۆزىنىڭ قىزىل كۆزلىرى بىلەن ئېتىلغاندا، جادۇ قىلىچ ئۇنىڭ سول تەرىپىدىن ئۈچ تال قوۋۇرغىسىنى ئۈزۈۋەتتى، بىراق، بورە دەھشەتلىك بىر ھۆۋلىدى-دە، ئۆز كۈچۈكىنىڭ ئۆلۈكىنى قالدۇرۇپ، قۇيرۇغىنى ئىچىگە تىقىپ، بەدەر تىكىۋەتتى......

ئېلىقۇل "خەپ، مىلتىق بولغان بولسا ئىدى، خۇمپەر!" دەپ ئويلىدى ئايدالادا بېلىنى سورەپ قېچىپ كېتىۋاتقان بورىگە قاراپ. بىراق، مىلتىق تۇتقان پارتىزانلار ناھايىتى كېيىن قالغان ئىدى.

ئېلىقۇل شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ سەپداشلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى، قوسىقىنىڭ تازىمۇ ئاچقانلىقىنى، قاتتىق مۇز-لىغانلىقىنى ھېس قىلدى. "ياق، نىمە بولسىمۇ مەيلى، مەخسۇت بەگنى قولغا چۈشۈرمەي قويمايمەن! ئاسىم ئەپەندى چوقۇم يېتىشىپ كېلىدۇ، بورە ئۇۋىسىغا كىرمەي تۇرۇپ، بو-رىنى تۇتۇش قانداق مۇمكىن؟......"

ئۇ، خارتىلداپ ياتقان بورە كۈچۈكىگە قاراپ قويۇپ،

مۇز چوكىلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان جىلغىغا ماڭاي دەپ تۇرغاندا، جىلغىنىڭ يۇقۇرىسىدىن سالۋا تۇماق كىيگەن، ئاشلادمىغان تېرە چاپىنىنىڭ ئۈستىدىن تانا بىلەن بېلىنى تارتىپ باغلىغان، پۇتىدا يىرتىق چورۇغى بار بىر يىگىت قار كەچكەن هالدا چىقىپ كەلدى.

ئىبلىقۇل بىر قاراپلا بۇ يىگىتنىڭ تاجىك ئوغلى ئىكەنلىكىنى، ئۇنى بۇ چاقىچە كورمىگەنلىكىنى پەرەز قىلدى. يىگىت يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىبلىقۇل جادو قىلىچىنىڭ ئۇچىدىكى قاننى بورە كۈچۈگىنىڭ يۇڭىغا سۇرتۇپ تۇرۇپ سورىدى:

— سەن نىمە ئادەم؟

— مەنمۇ؟ پادىچى......

— كىمنىڭ پادىچىسى سەن؟

— مەخسۇت بېگىمنىڭ......

— سەن ئۇنى كورگەنمۇ؟......

— كورگەن، تېخى بۇگۇن ئەتىگەنمۇ كوردۇم......

— نىمە؟ بۇگۇن ئەتىگەن دەمسىنا؟......

— شۇنداق......

— قانداق كوردۇڭ؟ ئۇ هازىر نەدە؟

پادىچى يىگىت ئىبلىقۇلنىڭ تەقەززالىق بىلەن ئالدىراۋاتقىنىغا هەيران بولدى، تۇرۇپ ئۇنىڭ كوزىگە، تۇرۇپ قولىدىكى جادو قىلىچقا قاراپ قويىدى هەمدە بورە كۈچۈگىگە قىزىقىپ:

— ئۇنى سەن ئولتۇردۇڭمۇ؟ — دەپ سورىدى، — هازىرلا

تېرىسىنى سويۇۋال، بولمىسا، مۇزلاپ كېتىدۇ، تېرىدىن قۇرۇق قالىسەن......

— مەيلى، — دېدى ئېلىقۇل ئالدىراپ، — ئېيتە، سەن مەخسۇت بەگنى قانداق كوردۇڭ، ئۇ هازىر لەدە؟......

— ئۇنۇگۇن كېچە، — دېدى پادىچى يىگىت مۇزلىغان قولىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ، — بېگىم ئوزىنىڭ ئونچە لەشكىرى بىلەن پەيلى بۇزۇلغان هالدا مال قوتىنىغا يېتىپ باردى. يۇڭى قىرقىلمىغان بىرنەچچە پاخلانى سويغۇزۇپ، كاۋاپ-شورپا قىلغۇزۇپ، ئون كۈن ئاچ قالغان بورىدەك يېيىشتى. ئاندىن ئوزىگە قاراشلىق بەش قوتاننىڭ پادىچىلىرىنى هەيدەپ كېلىپ، ئۇلاردىن ياش، تەمبەل يىگىتلەردىن ئونچىنى ئايرىۋېلىپ، قالغان پادىچىلارنى ماللارنىڭ بىرسىنىمۇ قويماي تاغ ئىچىگە كوچۇرۇشكە بۇيرۇدى. بۇگۇن تېخى تاڭ سۇزۇلماستە بېگىم ئوزى ئېلىپ كەلگەن ئادەملەر بىلەن تاللىۋالغان يىگىتلەرنى ئەگەشتۇرۇپ، كوكتاغ جىلغىسىدىكى چوڭ قوتانغا يۇرۇپ كەتتى......

— سەن ئوزەڭ نېمىگە كەلدىڭ؟ — ئېلىقۇل پادىچى يىگىتنىڭ باش-ئايىغىغا قاراپ قويۇپ سورىدى.

— مەنما؟ — پادىچى يىگىت بېشىنى چايقىدى، — مېنىڭ ئىشىم بار......

— نېمە ئىش؟ ئېيتە......

— ساڭا نېمە هاجەت، ئېيتمايمەن......

— ئېيتىپ باقە، نېمىگە كەلدىڭ؟

— ياق......

— ياق ؟! — ئېلىقۇلنىڭ بـويۇن تومۇرلىرى كۆپـتى، — هوي.......سەن، بىرنىمىنى چۈشىنەمسەن - يوق ؟ تـۇرقـۇڭ بىر گاداي. گاداي پادىچى تۇرۇپ سـەن يـەنە.......هازىر ۋاقـىت قىس. مەخسۇت بەگنى تۇتۇش كېرەك.......

"تۇتۇش كېرەك" دىگەن سوزنى ئاڭلاپ، پادىچى يىگىتـ-نىڭ كوزلىرى يالتىراپ كەتتى، ئەمما، يەنە ئېلىقۇلغا ئىشەنـ-مىگەندەك قاراپ قويدى:

— يوق گەپ، تۇتالمايسەن.......

— تۇتالمايسەن ؟

ئېلىقۇل نىمىنىدۇ دىمەكچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، جىلغىـ-نىڭ جەنۇپ تەرىپىدىكى خەنجەردەك تىك چوققىنىڭ كەينىدىن چاڭىلدىغان مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. هەر ئىككىيلەن "يالت" قىلىپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراشتى. پادىچى يىگىت چوچۇ-گەندەك بولۇپ، ئىشتىك ئېلىقۇلغا قارىدى:

— چېرىكمۇ ؟

— ياق، قورقما، ئۆز ئادەم.......

ئـاڭغـىچە، قـىيپاش تاغـنىڭ چوقـقىسىدا بىرنـەچچە "قارا" كورۈندى، قىمىرلىدى، ئادەمگە ئايلانـدى ۋە يـۈگۈرۈپ پەس تەرەپكە چۈشۈشكە باشلىدى.......ئاسىم ئۆزىنىڭ پارتىزان يىگىتلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى.

پادىچى يىگىت پارتىزان تاجىك سالماننىڭ بىر تۇۇقـ-قان جىيەنى بولۇپ چىقتى ۋە ئۇلار قـۇچاقلىشىپ كورۇشۇپ كەتتى.

ئېلىقۇل، كوپـچىلىكتىن ئايرىـلىپ قالـغىنىم ئـۈچۈن، ئاسىم ئېىنى، ھەقىچان يەنە ئازراق ئۇچۇغدايدۇ، دەپ ئـويلىـ-

غان ئىدى. لېكىن، ئاسىم ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن بۇرۇ-
لۇپ پادىچى يىگىتكە قارىدى:
— ماڭا قارا، قېرىنداش، سەن راستىڭنى ئېيتقىنا،
زادى بۇيـاققا نـېمە ئىش بىلەن مـاڭغان ئىدىـڭ، — دەپ
سورىدى.
پادىچى يىگىت ھازىر خاتىرجەم ئىدى:
— مەخسۇت بەگ مېنىمۇ تالالىغان، — دىدى ئۇ، — لېكىن،
نىمىسى نىمە بولدى، بۈگۈن تـاڭ سـەھەردە ئۇزىچە مېنى
باشقا پادىچىلاردىن ئايرىۋېلىپ: سەن ھازىر دەريا بويىغا چۈش.
كۈن ئولتۇرغىچە ئەيسا پاششاپ كېمە يېنىدا پەيدا بـولىدۇ.
ئەيسا پاششاپ يېتىپ كـەلگەندىن كـېيىنلا ئۇدۇل كوكتاغ
جىلغىسىغا — مېنىڭ قېشىمغا باشلاپ كـەل، — دەپ بۇيرۇدى.
مەن تېخى كېمە بويىغا بارماستىن سىلەرگە يولۇقتۇم......
— ئەيسا پاششاپنىڭ نەگە كەتكەنلىگىنى ئۇقتۇڭمۇ؟ —
ئاسىم پادىچى يىگىتنىڭ دولىسىنى تۇتتى، — بەگ باشقا
ھېچنىمە دىمىدىمۇ؟
— ياق، دىمىدى، ھە، راست، ئەيسا پاششاپنى شەھەر
تەرەپتىن كېلىدۇ، پەخەس بول، يۇرت ئىچىگە بارما، ئۇمۇ
بارمىسۇن، ھېچكىمگە ھېچنىمە دىمە دىگەن......
ئاسىم ئويلىنىپ قالدى. بەگ تاققا قاراپ قاچقاندا،
ئەيسا پاششاپنى شەھەرگە كىم بىلەندۇ ئالاقە باغلاشقا ئەۋەت-
كەنلىگىنى پەرەز قىلدى: "ھەلىگەر تۈلكە، ئۇ تېخى شەھەردىن
مەدەت كۈتۈۋېتىپتۇ-دە!"
ئاسىم پادىچى يىگىتكە سىناق نەزىرى بىلەن قارىدى.

ئۇنىڭ بىلەن ئەزەلدىن ئۇچراشمىغانلىقىنى پەرەز قىلدى.
لېكىن، پادىچى سەممى، قاۋۇل يىگىت كورۈنەتتى.
— سەن تاغلىقمۇ؟
— تاغلىق، — دېدى پادىچى يىگىت، — مەنمۇ، ئاتا - بو-
ۋاممۇ تاغلىق. سالمان بىلىدۇ، تاغدا تۇغۇلۇپ، تاغدا ئوستۇق.
لېكىن، كەنت ئىچىگە مۇشۇنىڭ بىلەن ئۈچ قېتىم كەلدىم.
بىر قېتىم قۇربان ھېيت ئالدىدا بەگنىڭ قورۇۋانلىقىغا سويە-
دىغان قويلىرىنى ھەيدەپ كەلگەن، كېيىنكى قېتىمدا چارۋىلار
قار كوچكۈنى ئاستىدا قېلىپ، پادىچىلار روزىغارسىز قالغاندا،
دادام بىلەن ئىككىمىز ئوزۇق - تۈلۈك ئىزلەپ كەلگەن......
— ئۇنداقتا، بۇ قېتىم مەخسۇت بەگنىڭ ئۇ يەرگە
قانداق سەۋەپ بىلەن قېچىپ بارغانلىقىنى بىلمەيدىكەنسەن - دە؟
— مەن نىم بىلەي......
ئاسىم ئەپەندى پادىچى يىگىتكە چۈشەندۈردى، بەگ
ناج - تەختىنىڭ سورۇلغانلىقىنى، ئازاتلىق كۈنلىرىنىڭ يېقىنلى-
لىشىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى......
پادىچى يىگىت ھاڭ - تاڭ بولغان ھالدا جىمجىت
ئاڭلىدى.
— ئۇنداق بولسا، بىز ھازىرچە بەگنى قوغلاشنى توخ-
تىتىمىز، — دېدى ئاسىم پارتىزان يىگىتلەرگە قاراپ، — ئەيسا
پاششاپنى بىرئاز ساقلايمىز، بۇ غالچا جەزمەن بەگنىڭ شۇم
غەرىزى ئۈچۈن شەھەرگە كىردى، بەلكىم، قۇربان ئاقساقال
قارتتۇرۇپ قويغان قورالنىڭ ئورنىنى تولدۇرماقچىدۇ، بىر ئىش
بار، ئەيسا پاششاپنى تۇتقاندىن كېيىن، بەگنى نەدىن بولسىمۇ
تاپىمىز، — ئاسىم پادىچى يىگىتكە قاراپ قويدى، — خوش يىگىت،

سەن بىزگە ياردەم بېرەمسەن؟

— جېنىم بىلەن، — دېدى پادىچى يىگىت، — بەگنىڭ ئەدىۋىنى بېرىدىغان ئىش بولسا، مەن تەييار...... ھەي، بۇ بەگنىڭ گېپىنى بىر دېمەك، مەن دادام بىلەن بەگنىڭ ئىشىگىگە بېرىپ: ماڭ قار كوچكۇنى ئىچىدە قالدى. پادىچىلارنىڭ جېنىغا ئۇۋال، بالا-چاقىلىرى ئاچلىقتىن قىرىلىپ كېتىۋاتىدۇ، روزىغار بېرىڭ دېگىنىمىزدە، بەگ: قار كوچكۇنى! تىلەپ تاپقىنىڭدۇ، گوش يېگىڭ كېلىشتىمۇ، ناۋادا بىر تۇياق مالنى زايە قىلىدىغان بولساڭ، كۆلۈڭ كوكتە، بېشىڭ چوپتە بولسۇن. ماڭ، كوزۈمدىن يوقال، دەپ قوغلىۋەتكەن. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن بىز بەگنى ئەزرائىلدەك ئوچ كورىدىغان بولدۇق. يول بويى دادام بىلەن قاغا جىگدىسى تېرىپ يەپ تاققا قايتتۇق. شۇ چاغدا، ئىنىم بىلەن سىڭلىم ئاچلىقتىن ئولگەن...... ھەي...... بەگنى تۇتىدىغان ئىش بولسا، مەن تېخى سىلەرگە خېلى ئەسقاتىمەن......

ئىلقۇل پادىچى يىگىتكە بىر پارچە نان سۇندى، يەنە بىرەيلەن چاپىنىنى ئۇنىڭ ئۇستىگە ياپتى. ئاسىم دىلكەش بولۇپ ئۇنىڭ قەلبىنى ئىسسىتتى......

پارتىزانلار تىزما تاغنىڭ غولى بىلەن كەينىگە يېنىپ، دەريا بويى تەرەپكە قاراپ كېتىشتى......

ئەيسا پاشاپنى تۇتۇش ئانچە قىيىنغا چۈشمىدى.

كۈن كوتۈرۈلۈن كەينىگە ئولتۇرۇپ كېتىشكە يىرىم سائەتچە قالغاندا، يوتا تاغنىڭ يان تەرىپىدىكى نان جىگدىلىكنىڭ ئارىسىدىن ئاتلىق ئىككى كىشى كورۇندى. ئۇلار جىگدىلىكتىن چىقماي تۇرۇپ، ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتقان ھالدا ئىگەر-

دىن كۆتىرىلىپ، بويۇنلىرىنى سوزۇپ، كىمە يېنىدىكى قىرى ياگاق دەرىخىنىڭ ئەتراپىنى سىنچىلاپ كۆزىتىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا ئاسمىلار قىرى ياگاق دەرىخىنىڭ كەينىدىكى بەل-نىڭ يان تەرىپىگە يوشۇرۇنغان بولۇپ، پادىچى يىگىت قىرى ياگاق دەرىخىدىن يۈز مېتىرچە نېرىدىكى بىر قورام تاشنىڭ ئۈستىدە يالغۇز ئولتۇراتتى.

پادىچى يىگىت ئاتلىق كىشىلەرنى كۆرۈپ، ئىشتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى.

نان جىگدىلىكنىڭ ئىچىدە بېشىنى چىقىرىپ تۇرغان ئىككى كىشىنىڭ بىرسى ئەيسا پاششاپ بولۇپ، يەنە بىرسى بېشىغا يېپەك سەللە ئورىغان ئورۇق، قارا قاش ئادەم ئىدى. پادىچى يىگىت ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى كورگەن ئەمەس.

ئەيسا پاششاپ پادىچى يىگىتنى كۆرۈپ، سەل ھودۇق-ياندەك بولدى-دە، چاپىنىنىڭ ئىچىدىن دەرھال كالتە ساپ-ىق كوك ئاپتوماتنى ئېلىپ، قوشباش ئىگەرنىڭ ئۈستىگە وغرا قويدى.

— ئۆزلىرى ئەيسا پاششاپقۇ دەيمەن، — دېدى پادىچى يىگىت بۇرۇتلۇق، بۇقا بويۇن ئادەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

— ھىم، سەن......

— مېنى بېگىم ئەۋەتتى......

— بېگىم؟......

— مەخسۇت بېگىم......

— بېگىم ھازىر نەدە؟ — ئەيسا پاششاپ كالتە ساپلىق كوك ئاپتوماتنى قولىغا ئېلىپ پادىچى يىگىتكە تەگىلدى،-پ

راست گەپنى ئېيت بولمىسا، ھېلى ئۆزەڭنى جەھەننەمدە كورىسەن! بول، بېگىم نەدە؟

— بېگىم كوكتاغدا......مال قوتاندا......مېنى ئۆزلىرىنى باشلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى، كەنت ئىچىگە بارمىسۇن، ھايال بولمىسۇن دىدى......

پادىچى يىگىت شۇ گەپنى ئېيتىپ، نىمە ئۈچۈندۇ كەيىنىگە قاراپ سالدى. بۇ ئىش يىپەك سەللىلىك يۈچۈن ئاخۇننىڭ دىققىتىنى تارتتى:

— سەن تاجىك، — دىدى ئۇ غەلىتە كوك كوزلىرىنى پاقىرىتىپ، — راست گەپنى دە. شۇ تاپنىڭ ئوزىدە يالغان سوزلەسەڭ تىلىڭ قېتىپ، مەڭگۈ ئىمانسىزلار دەپنىرىگە يېرلەسەن، كەيىنىڭدە كىم بار؟

— مەن نىمە، بېگىم مېنى يالغۇز ئەۋەتكەن، — دىدى پادىچى يىگىت.

ئەيسا پاششاپ بىلەن يىپەك سەللىلىك ئادەم كوز ئۇرۇشتۇردى. يىپەك سەللىلىك ئادەم پادىچى يىگىتنىڭ گېپىگە ئىشەنمىدى، بۇ يەردىن دەرھال يوتكىلىپ كېتىش كېرەك ئىدى. ئۇلار ئالدىراشتى. ئەيسا پاششاپ ئاپتوماتنىڭ زاتورىنى "شاراق - شۇرۇق" قىلىپ، پادىچى يىگىتكە بەتلەپ تۇرۇپ:

— يول باشلا، ئۇدۇل بېگىمنىڭ قېشىغا! — دەپ بۇيرۇدى.

پادىچى يىگىت بېشىنى ئېگىپ، كەينىگە ئۇرۇلدى.

نان جىگدىلىكتىن دەسلەپ ئەيسا پاششاپ، ئارقىدىن يىگىرمە قەدەمچە ئارىلىق قالدۇرۇپ يىپەك سەللىلىك ئادەم چىقتى.

پادىچى يىگىت ئۇلارنى قىرى ياغاق دەرىخىنىڭ كەينـ ىمدىكى بەلىنىڭ يېنى بىلەن ئېلىپ كەتتى. ئەيسا پاششاپ بەلدىن چۈشۈۋاتقاندا، يىپەك سەللىلىك ئادەم نىمە ئۈچۈندۇ خۇدۇكسىنغاندەك بولۇپ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى دەريا تەرەپكە تارتتى. ئەيسا پاششاپ بەلىنىڭ كەينىگە ئوتتۇس بىلەنلا پارتىزانلار بىرلا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈردى، ئەمما، پارتىزانلارنىڭ قارىسىنى كورۈش بىلەن تەڭ، يىپەك سەللىلىك ئادەم "شارت" قىلىپ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرىدى ـ دە، قويۇق نان جىگدىلىك تەرەپكە ئوزىنى ئۇرۇپ چىپىپ كەتتى. پادىچى يىگىت يىپەك سەللىلىك ئادەمنىڭ كېينى قىلغاندا پارتىزانلار بىردىن جىددىلەشتى. ئېلىقۇل يېتەكچىلىك قىلغان بىرنەچچە يىگىت قولىغا مىلتىق ئېلىپ ئۇنىڭ كەينىدىن خېلى يەرگىچە قوغلاپ باردى. بىراق، بۇ قوغلاش پايدىسىز بولۇپ چىقتى. يىپەك سەللىلىك يوچۇن ئادەم ئورمان ئىچىگە سالمىدەك شۇڭغۇپ كىرىپ كەتكەنچە، ئىككىنچى قېتىم كوزگە كورۈنمىدى. ئېلىقۇل ئورمان ئىچىدىن كېسىپ ئوتكەندە، ئۇ، گۆگۈم قاراڭغۇسى چۈشۈۋاتقان بىپايان دالا ئىچىدە ئاللىقاـ چان كوزدىن غايىپ بولغان ئىدى......

پارتىزانلار ئەيسا پاششاپنىڭ ئېتىغا غانجۇغىلانغان تاغاردىكى بىرنەچچە كالتە ساپلىق كوك ئاپتومات ۋە ئىككى يەششىك ئوقنى غەنىمەت ئالدى. ئاسىم ئەيسا پاششاپنى قىسقا سوراق قىلدى.

ــ قاچقان ئادەم كىم؟

ــ بىلمەيمەن، يولدا قوشۇلغان......

ــ قورالنى كىمدىن ئالدىڭ؟

— لېگىزىدىكى ئەسكەرلەردىن سېتىۋالدىم......

— يالغان! — دېدى ئاسىم، — قاچقان ئادەم كىم؟ شۇنى ئېيت......

ئاسىم سوراقنى داۋام قىلىۋاتقاندا، ئېلىقۇلنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى. ئەيسا پاششاپ مەخسۇت بەگنىڭ قۇراللىق لۈكچەكلىرىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئىككى قولى بىگۇنا خەلقنىڭ قىپ-قىزىل قېنى بىلەن بويالغان، سانسىز قان قەرزگە بوغۇلغان ئەبلەخ ئىدى. ئېلىقۇل تىت-تىت بولۇپ جادۇقىلىچىنىڭ سېپىنى چىڭ تۇتۇپ، سوراقنىڭ تېزرەك تۈگىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى......

سوراقتىن ھېچنېمە چىقمىدى. ئاسىم ۋاقىتنى سوزماسلىقنى قارار قىلدى ۋە ئىككى پارتىزان يىگىتكە قاراپ:

— سىلەر بۇنى يۇرتقا ئاپىرىپ ئالماسقا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار، بۇنىڭ بىلەن كېيىن ھېساپلىشىمىز، ھازىر مەخسۇت بەگنى قوغلايمىز، — دېدى.

ئەمما شۇ پەيتتە، ئەيسا پاششاپ تۇيۇقسىز ئۆزىنى بەلنىڭ غولىدىن تۆۋەنگە تاشلىدى ۋە تۈلۈقتاشتەك دومىلاپ، دومىلاپ بېرىپ، يان جىلغىغا كىرىپ كەتتى. پارتىزانلار غولدىن سىرىلىپ قوغلاپ يۈگۈردى. ئېلىقۇل جۇمانىڭ قولىدىن بەشئاتار مىلتىقنى يۇلۇۋالدى-دە، بەلنىڭ سول تەرىپىدىكى قىيا تاشقا ئېتىلىپ چىقتى ۋە جىلغا ئىچىدە ئۆلە-تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپ كېتىۋاتقان ئەيسا پاششاپقا قارىتىپ ئوق ئۈزدى. بىرىنچى پاي ئوقتىلا ئەيسا پاششاپنىڭ يەرگە دۈم چۈشكەنلىكى ئېنىق كۆرۈندى......

ئاسىملار يۈگۈرۈپ ئەيسا پاششاپنىڭ يېنىغا يېتىپ بار-

غاندا، ئەيسا پاششاپ دوم ياتاتتى، ئاسىم ئۇنىڭ مۇرىسىدىن تارتىپ ئويغا قىلدى. ئەيسا پاششاپ مەيدىسىنى ئىككى قولى بىلەن چىڭ تۇتۇۋالغان ئىدى. ئاسىم ئۇنىڭ قولىنى مەيدە-سىدىن ئاجرىتىپ، تۇش يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ، ئىچىگە يەملەنگەن بىر كونۋېرتنى سۇغۇرۇۋالدى.

بۇ "غىلاپلىق خەنجەر" ئىمزالىق بىر كىشىنىڭ مەخسۇت بەككە يازغان خېتى ئىدى، خەتتە: كوم-مۇنىست قوشۇن قەشقەرگە يېتىپ كەلدى، بۇ يەرگىمۇ پات-ئارىدا يېتىپ كېلىدۇ. "نامازشام خىزىرىسى" ئالدىڭىزغا چىقىپ كەتتى. ئۇ كىشى بىز بىلەن كورۇشكەندىن كېيىن دەرھال قايتىدۇ، نىيەت-پىلانىمىز ئاۋۋالقىدەك...... ئاللاكېرەم ئۆزى يار-يولەك بولسۇن، "ھىكمەتلىك ئۈزۈك" نى كۈتۈڭ، ئىلاھە-ئامىن...... — دېيىلگەن ئىدى.

ئاسىم ئويلىنىپ قالدى، قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى، خەتكە يەنە بىر قېتىم كوز يۈگۈرتۈپ تۇرۇپ، "غىلاپلىق خەنجەر"، "نامازشام خىزىرىسى"، "ھىكمەتلىك ئۈزۈك" دېگەنلەر كىملەر-ھە؟...... بۇ خەتنى جەزمەن ياخشى ساقلاپ قويۇش كېرەك، دېگەننى كوڭلىدىن ئوتكۈزدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭ قەلبىدە بىر خىل شاتلىنىش ھىسسىياتلىرىمۇ ئۇركەشلىدى. "غىلاپلىق خەنجەر" ھەر ھالدا ئازات-لىق ئارمىيە ئالدىنقى قىسىملىرىنىڭ قەشقەر ۋادىسىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق يەتكۈزگەن ئىدى.

— بۇ خەت ناھايىتى مۇھىم، — دېدى ئاسىم پارتىزان يىگىتلەرگە نەكشى قاراپ، — ئاڭلىدىڭلارمۇ، دۈشمەن نىمە

دىگەن قۇۋ، مەككار - ھە؟ بۇ ئىپلاسلار ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي يوسۇندا بەربات بولغانلىقىغا تەن بېرىشتىن تېخى يىراق ئىكەن. سەگەك بولۇشىمىز لازىم. مەخسۇت بەگ ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرى ئۇجۇقتۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ، ئۇلار يەر ئاستىدا ئۇزاققىچە قىمىرلىسا كېرەك. كۆرەش تېخى داۋام قىلىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن خەتنىڭ سىرى ئېچىلىدۇ. ئەمما، خەت بىزگە خۇش خەۋەرمۇ يەتكۈزدى. ئازاتلىق ئارمىيە قەشقەردە...... ئازاتلىق بايرىقى لەپىلدەپ كەلمەكتە......

ئاسىم ھاياجان بىلەن سوزلەۋاتقاندا، دەريانىڭ شىمالىدىكى تاغ غولىدىن ئالماس ۋە ئۇنىڭ يىگىتلىرى يۈگۈرۈپ چۈشۈپ كەلدى.

ئاسىم ئالماسنى قۇچاقلىدى. ئازاتلىق ئارمىيە توغرىسىدىكى خەۋەرنى خوشاللىق بىلەن يەتكۈزدى.

— مېنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرىم بار، ياخشى گەپ، — دىدى ئالماس ئاسىمنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ.

— سەن قانداق ئاڭلىدىڭ، — دىدى ئاسىم بىرئاز ھەيران بولۇپ، — بىزگە بۇ خەۋەرنى دۈشمەن يەتكۈزدى......

— ماڭمۇ شۇنداق، ھەتتا ناھىيە ئامباللىرى دەڭا! — ئالماس يانچۇقىدىن قانداقتۇ قىزىل توت چاسا تامغا ۋە قارا، يۇمۇلاق موھۇرلەر بېسىلغان بىر قەغەزنى چىقىرىپ ئاسىمغا تەڭلىدى، — مانا، ئوقۇپ كورۇڭ...... ناھىيە چاپارمىنى يۇرت ئاقساقاللىرىغا ئېلىپ چىققان، لېكىن، بىزنىڭ يىگىتلەرنىڭ قولىغا چۈشكەن. بۇ خەتنى قانداقتۇ "كوممۇنىست قوشۇننى كۈتۈۋالغۇچى خەلق ھەيئىتى" دىگەن بىرنىمە يېزىپ تارقىتىپتۇ...... ئەقلىغا سىغمايدىغان غەلىتە كۈتۈۋېلىش! ئازاتلىق

ئارمىيىنى قارشى ئېلىش ئالۋىڭى — توخۇ، تۇخۇم، گۆلە - قاق، كىگىز - گىلەم، قوي - كالا...... ھەر كىم جەزمەن بىرنىمە ئانە قىلىش، يىغىلغان نەرسىنى دەرھال ناھىيىگە يەتكۈزۈش بۇيرۇلغان...... ناۋادا، كىمكى خاسىيەتلىك سېلىقتىن باش تارتسا، يېڭى ھۆكۈمەتكە پۇت ئاتقانلار قاتارىدا يامان ئاقىۋەت كۆرىدۇ، دەپ پوپوزا قىلىنغان......

— شەرمەندە ئالدامچىلىق! — دېدى ئاسىم غەزەپ بىلەن قەغەزنى قولىغا ئېلىپ ۋە ئالدىراپ كۆز يۈگۈرتتى، — بۇ، ئازاتلىق ئارمىيىگە ھاقارەت. خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى مېھمان ئەمەس، بىزنىڭ ئۆز كىشىلىرىمىز. بۇ، ئېنىقكى، ئاشۇ مۇتەھەملەرنىڭ ئۆزىنى نىقاپلاش، خەلققە زىيان سېلىپ، ھۈركۈتۈش قەستى ئەمەسمۇ؟...... ئۇخلىماي چۈش كۆرۈش!...... دەرھال قېرىنداشلارغا يەتكۈزۈپ پاش قىلىش كېرەك!......

— مەن بۇنى شانىيازغا تاپشۇردۇم، — دېدى ئالماس، — ئۇ بىرنەچچە كىشى بىلەن يۇرتتا قالدى. ھەرقايسى يېزىلارغا يەتكۈزۈشنى، ئالدام خالتىغا چۈشمەسلىكنى، زورلۇق قىلغان ئاقسا قال - يۈزبېشىلارنى تۇتۇپ باغلاشنى بۇيرۇدۇم......

— ناھايىتى ياخشى، يىگىتتەك گەپ قىپسەن، — دېدى ئاسىم رازى بولۇپ، — ئازاتلىق ئارمىيىنى مانا بىز كۈتۈۋالىمىز، قېرىنداشلار بىلەن تەنتەنە قىلىپ ئالدىغا چىقىمىز...... ناھىيە ئامباللىرىنىڭ ئويۇن كۆرسىتىشى بىكار......

— ھازىر كۆكتاغدا ئىش چاتاق، مەخسۇت بەگنى دەرھال تۇتۇشىمىز كېرەك، — دېدى ئالماس نېمىگىدۇ ئالدىراپ تۇرۇپ، — ئۈگۈن كېچە بىز مەخسۇت بەگنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ بەش قوتاننىڭ ھەممىسىنى ئاختۇردۇق. تاڭ سەھەردە كوكتاغ

جىلغىسىغا كېتىپتۇ. ئۇنچە ياش پادىچى يىگىتنى زورلۇق
بىلەن ئۇزىگە ئەگەشتۈرۈۋاپتۇ، ئۇزى بىلەن مېڭىشنى خالىمى-
غان بىر پادىچىنى "بورە داۋان"دىن ئۆتۈۋاتقاندا ئېتىۋېتىپتۇ.
يول بويى چارۋىچىلارنى بۇلاپ-تالاپتۇ. تېخى بايىراق ئاڭ-
لىشىمىزچە، كوكتاغ جىلغىسىغا بارغاندىن كېيىن مەخسۇت بەگ
يەرلىك چارۋىچىلارنى ئۆيلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ، تۈزۈگرەك
ئۆي-ئوچكۆرلەرنىڭ ھەممىسىنى تارتىۋاپتۇ. ئۆيدىن قوغلاپ
چىقىرىلغان قېرىلار، ئايالار، بالىلار قارلىق دالىدا دۈگدىيە-
شىپ قاخشاپ يۈرۈپتۇ. تارتىۋالغان ئۆيلەرگە ئۇزىنىڭ ئادەم-
لىرىنى جايلاشتۇرۇپ، ئەيسا پاششاپنى ساقلاپ تۇرۇپتىمە-
مىش...... كوكتاغدىن قېچىپ كەلگەن بوۋاي مەخسۇت بەگ-
نىڭ قورالىلىق لۈكچەكلىرىنىڭ بۇلاپ-تالاپ، يەپ-ئىچىپ،
چارۋىچىلارنى خالىغانچە بوزەك قىلىۋاتقانلىقىنى، قارلىق دالىغا
ھەيدەپ چىقىرىلغان ئۆيسىز خەقلەرنىڭ خەتەر ئاستىدا
قالغانلىقىنى سوزلەپ بەردى...... چايان — نەگە بارسىمۇ
چايان...... بىز بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇدۇل كوكتاغ
جىلغىسىغا قاراپ ماڭغان. لېكىن، بايا تۇيۇقسىز ئېتىلغان مىل-
تىق ئاۋازى بىزنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى......

ئالماسنىڭ سوزى پارتىزانلارنىڭ غەزىۋىگە ئوت ياقتى.
ئېلىقۇل چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئاسىم قوشۇمىسىنى
بىر تۈردى-دە، يىگىتلەرگە قاراپ:

— باندىتلىق! مۇناپىق بەگ ئەمدى باندىتلىق كوچىسىغا
كىرىپتۇ-دە! يۈرۈڭلار، يولغا چىقتۇق. چاپسان ھەركەت قى-
لايلى، قېرىنداشلارنى قۇتقۇزايلى، — دېدى.

ھەش - پەش دىگۈچە پارتىزانلار قورالىنىشتى ۋە قار كېچىپ يولغا چىقتى......

## 2. كوك مۇز - ئاق قار

سارىخان ئانا، توختاخۇن، بايىز خالۋاپلار مەخسۇت بەگنىڭ يەر ئاستى تۈرمىسىدىن قۇتۇلدۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇما ئۇلارنى باشلاپ، كوكتاغدىكى بىر تاجىك بوۋاينىڭ ئويىگە ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى يۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئوتكەن ئىدۇق.

تاجىك بوۋاي قول - ئىلكىدە يوق بولسىمۇ، بېشىدىن ئىسسىق - سوغاق ئوتكەن، قىزغىن، مېھماندوس ئادەم ئىدى. ئۇ، ئوزىنىڭ ئاچچىق - ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى ھىكايە قىلىپ، ھەمىشە ئوزىنىڭ ئۇلار بىلەن تەقدىرداش — بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۇرەتتى، قولىدىن كېلىشىچە غەمخورلۇق قىلاتتى......

كۈن بىلەن تۈن ئالمىشىپ تۇردى. ئانا ئوزىنىڭ سۇيۇملۇك قىزى ئانارنىڭ تەقدىرىدىن قايغۇراتتى، ئالماسنى سېغىناتتى.... توختاخۇن بىلەن بايىز خالۋاپ بولسا، پارتىزانلارغا قېتىلىپ كېتىشنى قارار قىلىپ، قولىغا پالتا ئېلىپ، ئىككى قېتىم دەريا بويىغا، توغراقلىق ئورمانغا باردى، ئىزدىدى. لېكىن ئۇلارنى تېپىش ھېچبىر مۇمكىن بولمىدى......

جۇما ئارىلاپ - ئارىلاپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، پارتىزانلارنىڭ ئەھۋالىنى يەتكۈزۈپ كېتەتتى. ئۇ ھەر قېتىم كەلگىنىدە:

— سەۋرى قىلىڭلار، ئاسىم ئەپەندى شۇنداق دېدى.
يۇرتقا بېرىش — ئەجدىھاغا يەم بولۇش بولىدۇ، پارتىزانلار بولسا يوقىلىپ، بىر ئىزدا توختىمايدۇ...... ئاز قالدى، ئاز كۈندە ھەممىمىز جەم بولىمىز، — دەيتتى.
سارىخان ئانا ھەر كۈنى كەچلىك غىزادىن كېيىن، تاجىك بوۋاينىڭ كەپىسىدىن چىقىپ، ئىشىك ئالدىدىكى كىچىككىنە تۆپىلىككە كۆتىرىلىپ، يىراقتا قالغان ياغاقلىق يېزىسىغا تىكىلەتتى، بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەن مۇسىبەتلىك قېرىنداشلىرىنى ئەسلەپ، زارىقىپ كۆتكەن قۇتلۇق كۈنلەرنى سېغىنىپ خىيالغا چۆكەتتى......
ئۇ، بۈگۈنمۇ گۈگۈم چۈشۈش بىلەن شۇ ئادىتىنى تەكرارلىدى، كىچىككىنە تۆپىلىككە قاراپ ماڭدى. يېپىلىپ كېلىۋاتقان تۈن پەردىسى قارلىق دالىنى قارايتتى، يېنىك شۇۋىرغان شەپىسى كەلدى، ئىگىز - پەس تۆپىلىكلەر تۈن پەردىسى بىلەن تەكشىلىنگەندەك بولدى ۋە ھەممە يەر جىمجىت سۈرلۈك بولۇپ قېتىپ قالغاندەك ئىدى.
ئانا يىراق دالىغا تىكىلدى ۋە سۈرلۈك قاراڭغۇ دالا ئىچىدىن پىلدىرلاپ ئىككى تال ئۇچقۇننىڭ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كوردى، ئارقىدىن بورىنىڭ ھۇۋلىشى ئاڭلاندى.
ئانا تېنى شۈركىنىپ، تۆپىلىكتىن قايتتى ۋە ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك، يېپەك سەللىلىك بىر ئادەم خارتىلداپ تۇرغان ئات ئۈستىدە پەيدا بولدى.
— ھەي...... مەزلۇمە، — دېدى يېپەك سەللىلىك ئادەم سارىخان ئانىغا قاراپ، — بۇ يەر كوكتاغ جىلغىسى ئەمەسمۇ؟......

— يوقسۇ، — دىدى ئانا بۇ غەلىتە ئادەمگە ھەيران بولۇپ، — بۇ يەرمۇ كوكتاغ...... سىلى......جىلغا دىدىلىما......

گۈدۈگۈلاشقان ئادەم ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۆيدىن تاجىك بوۋاي ئىشىكنى ئېچىپ چىقتى.

— ئەسسالام مىھمان، قىنى ئۆيگە......

يىپەك سەللىلىك ئادەم ئۆزىنىڭدىن:

— بۇ قەيەر، كوكتاغ جىلغىسى يىراقمۇ؟ — دەپ ئۆز سوئالىنى تەكرارلاپ سورىدى.

— يىراق ئەمەس، — دىدى تاجىك بوۋاي، — ئەنە ئاۋۇ كورۇنگەن تاغنىڭ كەينى. قىنى موللا، ھازىر ھاۋا يامان، بىر دەمدىن كىيىن شىۋىرغان قوزغىلىدۇ، ئۆيگە كىرىڭ...... بۈگۈن تەس......

يىپەك سەللىلىك ئادەم ئىككىلەندى، بوزغۇرۇپ تۇرغان قاراڭغۇ ئاسمانغا قارىدى، شىۋىرغان شەپىسىگە قولاق سالدى ۋە ئامالسىز بىر قىياپەتتە ئاتتىن چۈشتى.

مىھماندوس تاجىك بوۋاي ئۆز ئەنئەنىسى بويىچە ئاتنى ئېغىلغا باغلاپ، يىپەك سەللىلىك يولۇچىنى ئۆيگە باشلىدى.

يىپەك سەللىلىك ئادەم گۈللۈك شىرداق ئۈستىگە چىقىپ جايلاشقاندىن كىيىن، خالار-خالىماس ھالدا پاتنەھە سورىسىنى ئوقۇپ، قولىنى يۈزىگە سۈرتۈپ دۇئا قىلدى. ئاندىن ئالدىغا سېلىنغان داستىخاندىكى نان، قۇرۇت ۋە بىر پارچە سوغاق گوشكە قول ئۇزىتىپ تۇرۇپ، بىردىن جىن چىراق يورۇغىدا توختاخۇن بىلەن بايىز خالۋاپىنى كوردى......

— سىلەر نىمە ئادەم؟ مەشەلىكمۇ؟

تاجىك بوۋاي ئۇلار ئۈچۈن جاۋاپ بەردى:

— مېھمان، مېنىڭ مېھمىنىم...... قېرىنداشلار......

يىپەك سەللىلىك ئادەم ئۆزىنىڭ نەشتەر كۆزلىرى بىلەن تاجىك بوۋايىنىڭ "مېھمانلىرى"نى كۆزدىن كەچۈردى ۋە داستىخان بىلەن تۇتۇش قىلدى، بىرنەچچە ھېجىر سۈتلۈك چاي ئىچكەندىن كېيىن، كېكىرىپ تۇرۇپ موۋۇت بەكتىگىنىڭ ئىچىدىن بېلىنى بوشاتتى.

— سىلەر تاغ خەلقى ھېچنىمە بىلمەيسىلەر، — دېدى ئۇ داستىخاندىكى ناننىڭ ئۇۋاقلىرىنى تېرىپ يەپ، دۇئا قىلغاندىن كېيىن، — پەرىشتە بىلەن ئەجۇز-مەجۇزنى ئايرىشنى بىلىش كېرەك. مۇسۇلمان كىشى جەننەت بىلەن دوزاقنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىم. ھازىر يۇرتىمىز زەرەپشانغا كوممۇنىست قوشۇن كېلىۋاتىدۇ، دىنىمىز ئىسلام ئۆز ئەقىدىسىنىڭ بەركاتى بىلەن بۇ قوشۇنغا تاقابىل تۇرۇش لازىم. ھۆرمەتلىك مەخسۇت بېگىم ئىسلام ئىچىش بايرىقىنى ئېگىز كۆتەردى، ئاللاتائالا ئۆز بەندىلىرىنى ئۇنىڭ كەينىدىن سەپ تارتىپ مېڭىشقا دەۋەت قىلماقتا...... سىلەر مەخسۇت بېگىمنى بەلەمسىلەر؟

توختاخۇنىنىڭ بەدەنلىرى تىكەنلەشكەندەك بولدى:

— مەخسۇت بەگنى ئىمىشقا بىلمەيلۈك...... بۇ خۇمپەر بىزنىڭ ئېلىكىمىزنى قۇرۇتتى، نارىسىدە پەرزەنتىمىزنى خورلاپ ئۆلتۈردى، ئۇ يەنە......

— سېنىڭ بۇ گېپىڭ كۇپۇرلۇق! — دېدى يىپەك سەللىلىك ئادەم جالاقلاپ تىترەپ، — سەن مۇسۇلمان كىشى يۇرتىمىزغا كوممۇنىست قوشۇنىنىڭ قانداق يامان ئىشلارنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلىشىڭ كېرەك...... سەن ئۇنىڭ ئالدىنى

توس، غازات ئاچ...... بولمىسا، دوزىغى بولسەن......

— بىز ئۈنىڭسىزمۇ دوزاقنىڭ كۈنىنى كۆرۈۋاتىمىز، ئاخۇنۇم، — دېدى بايىز خالۋاپ، — ئۆزلىرى نەدىن كېلىۋاتىلا ۋە قەيەرگە بارماقچى؟

ئانا ئىشىك تۈۋىدە ئۆرە تۇرۇپ گەپكە ئارىلاشتى:

— يوروق كۈنگە، قۇياش نۇرىغا تەشنامىز. ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ كوزلىرىمىز تېشىلدى، بىز ئۇ كۈنلەرنى سېغىنىپ كۈتۈۋاتىمىز......

يىپەك سەللىلىك ئادەم تولغىنىپ چىرايىنى پۈرۈشتۈردى:

— ئىمانىدىن تايغان بەتبەخ، — دەپ غودۇڭشىدى يىپەك سەللىلىك ئادەم، — كوممۇنىست قوشۇن ئەردىن خوتۇنىنى، ئانىدىن بالىنى ئايرىيدۇ، قىيامەت قايىم بولىدۇ، مىسلىسىز قورقۇنچلۇق ئىش بولىدۇ، ئىمانىڭىز كېتىسەن......

يىپەك سەللىلىك ئادەم شۇنىڭدىن كېيىن قانداقتۇ بىر ئەرەپچە، پارسچە سوزلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، تاغ خەلقىگە تونۇش بولمىغان «جاھاننامە» دىگەن كىتاپتىن سوز ئاچتى.

بىراق، ئۇنىڭ ۋەزخانلىغى يېقىنلا بىر يەردىن ئېتىلغان ملتىق ئاۋازى بىلەن كېسىلدى.

يىپەك سەللىلىك ئادەم چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— بۇ نىمە گەپ، بۇ نىمە مىلتىق؟......

توختاخۇن بىلەن بايىز خالۋاپ بىر بىرىگە قاراشتى. تاجىك بوۋاي جىن چىراقنى پەيلەپ، سارىخان ئانىغا قاراپ، هودۇقۇپ ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلدى.

ئەمما، يىپەك سەللىلىك ئادەم ئېغىر ۋەسۋەسە بىلەن تېپىرلاپ، ئىشىكنىڭ زەنجىرىنى تارتىپ ئاچتى - دە، يۈگۈرۈپ

تالاغا چىقتى. ئەتراپقا قولاق سالدى، يەنە سۇس مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى......

— ئىتىمنى بېرىڭلار، قېنى ئات؟ — يىپەك سەللىلىك ئادەم ئىتىنى ئىغىلدىن ئېلىپ چىقىپ، سەكرەپ مىندى-دە، قاراڭغۇلۇق باسقان دالا ئىچىگە ھۇقۇشتەك شۇڭغۇپ كىرىپ، كۆزدىن غايىپ بولدى......

توختاخۇن، بايىز خالۋاپ، سارىخان ئانا بۇ غەلىتە "مېھمان" توغرىسىدا سۆزلىشىپ، ئۇنى مەخسۇت بەگ بىلەن بىر ئۈۋنىڭ بورىلىرى بولسا كېرەك، دەپ جەزملەشتۈردى ۋە تۇتۇپ قالمىغانلىقىغا ئېچىندى. تاجىك بوۋاي بولسا:

— ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، دەل شۇ، ھېچبىر خاتا ئەمەس، — دەپ ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلەپ كەتتى، — بۇنىڭ-دىن ئۈچ يىل ئىلگىرى تاشقورغان، قاغىلىق، پوسكاملاردا پارتىزان يىگىتلەر پەيدا بولۇپ، تاغ ئىنقىلاۋى بولغىنى ئېسىڭلاردىمۇ؟ ھە، شۇنداق!...... شۇ چاغدا، بۇ يىپەك سەللە-لىك موللا بۇ يەردە بىر قېتىم پەيدا بولغان، ھوكۇمەت ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ، پارتىزانلارنى "ئىلى ئوغرىلىرى"، "ئۈچ ۋىلايەت باندىتلىرى" دەپ تىللىغان، بايىقىدەك گەپلەرنى ئېيتىپ ۋەزخانلىق قىلغان، كېيىن پارتىزانلارنى باستۇرغان...... دەل شۇ، ئۇنى شۇ چاغدا بىرنىمە دامولللام دېيىشكەن ئىدى. ئېسىمدە قالماپتۇ، يەر يۇتقۇر......

تاجىك بوۋاي ئېغىر ئۇھ تارتتى ۋە شۇ قېتىمقى قوز-غۇلاڭدا ئۆز سەپداشلىرى بىلەن بىللە نەيزە تىقىپ ئۆلتۈ-رۈلگەن ئوغلىنى تىلغا ئېلىپ، نىمىنىدۇ دىمەكچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، تۇيۇقسىز يەنە مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا

توپىلىكىنىڭ كەينىدىكى تار جىلغا ئىچىدىن دۈپۈرلەپ چىقىپ كېلىۋاتقان ئات تىۋىشى يېتىپ كەلدى.

تاجىك بوۋاي ئالدىراپ توختاخۇن، بايىز خالىۋاپ، سارىخان ئانىنى ئۆيگە كىرگۈزدى-دە، چىراقنى ئۆچۈرۈپ، ئىشىكنى سىرتىدىن قۇلۇپلىدى، ئۆزى ئۆينىڭ يېنىدىكى قاشانىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، كېلىۋاتقان ئاتلىقلارنى كۆزىتىشكە باشلىدى.

ئاتلىقلار يەتتە كىشى ئىدى. ئۇلار بۇرۇلۇشقا كېلىپ، قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلمىگەندەك، بىر مىنۇتچە توختىدى ۋە ئۇدۇلدا چوخچىيىپ تۇرغان تاجىك بوۋاينىڭ ئۆيىنى كوردى.

— ئاختۇرۇڭلار، ماڭا يول بىلىدىغان ئادەم كېرەك......

تاجىك بوۋاي بۇيرۇق چۈشۈرگەن ھوكۇمدارنىڭ مەخسۇت بەگ ئىكەنلىكىنى ئېنىق پەملىدى. ئاڭغىچە، ئۈچ نەپەر قورallıq لۈكچەك ئېتىلىپ بېرىپ، ئاجىز ئىشىكنى زەرپ بىلەن تېپىپ ئېچىپ، ئۆيگە باستۇرۇپ كىردى، سەرەڭگە يېقىپ توختاخۇن، بايىز خالىۋاپ، سارىخان ئانىنى كورۇپ، كوزلىرى چەكچەيدى. بىر لۈكچەك ئۆيدىن چىقىپ مەخسۇت بەككە:

— بېگىم، دەل ئۈستىگە چۈشۈپتۇق، توختى، بايىز ئۆيدە ئىكەن، ئالماسنىڭ ئانىسمۇ...... — دىدى.

— نىمە! توختى دەمسەن، بايىز؟...... — بەگ بورە كوزلىرى بىلەن تىكىلىپ، ئات بىلەنلا باستۇرۇپ ئىشىك ئالدىغا كەلدى، — ھەممىنى باغلا!...... ئاسىم، ئالماس مېنىڭ ئالقىنىمدا كىمنىڭ جېنى تۇرغانلىقىنى چۈشىدە كورسۇن...... ئالدىمغا سال، ئۆيگە ئوت قويىۋەت!...... بولۇشە، چاپسان!......

بەگ ۋاقىراپ تۇرۇپ، قولىدىكى تاپانچىدىن ھەيۋە قىلىپ ئوق ئۈزدى. شۇ ئارىدا ئارقا تەرەپنى كۆزىتىپ تۇرغان بىر قوراللىق لۈكچەك ھودۇقۇپ، ئېتى بىلەنلا بەگنىڭ قېشىغا كەلدى:

— بېگىم ئىش چاتاق، پارتىزانلار كېلىپ قالدى، — دەپ ۋاقىرىدى.

ئېيتقاندەك، تار جىلغا تەرەپتىن ئىزمۇ-ئىز قوغلاپ كېلىۋاتقان ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى تاراسلاپ ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز بارغانچە يېقىنلىشىپ كەلمەكتە ئىدى......

بەگ سەكراتقا چۈشكەن چېلبۆرىدەك تىپىرلاپ:

— بولۇشە، ئولدۇڭمۇ، ئاناڭنى!...... — دەپ ئۆيگە قاراپ ۋاقىراپ كەتتى......

ئۆي ئىچىدە قاتتىق ئېلىشىش بولۇۋاتاتتى. توختاخۇن ئىشىك كەينىدىكى دەمنى ئېلىپ بايىز خالۋاپنى تۇتماقچى بولغان لۈكچەكنىڭ كاللىسىغا بىرنى سېلىپ دۈم چۈشۈردى. بايىز خالۋاپ بولسا، قولىغا چىققان پۇچۇق تەڭنىنى توختاخۇنغا ئېسىلغان لۈكچەكنىڭ بېشىغا ئاتتى ۋە ئۇنى قۇچاقلاپ، كوتىرىپ ئاستىغا باستى. يەنە بىر غالچا تىترەپ ئۆيدىن قېچىپ چىقتى ۋە بەككە قاراپ:

— بېگىم، قاراڭغۇ...... ھېچنىمە كۆرۈنمىدى، توختى بىلەن بايىز...... تۇتۇق بەرمەيۋاتىدۇ، — دېدى.

مەخسۇت بەگ ئۇنىڭ گېپىنىڭ تۈگىشىنى كۈتمەيلا تاپانچىسىدىن ئارقا-ئارقىدىن ئوق چىقىرىپ، ئۆز غالچىسىنى ئۆز قولى بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈردى-دە، توپىلىكنىڭ ئۈستىدىن قىقاس بىلەن:

— پارتىزان يىگىتلەر چاپسان!...... — دەپ ۋاقىراۋاتقان تاجىك بوۋاينىڭ جاراڭلىق چاقىرىق ئاۋازلىرى ئىچىدە، ھولۇقۇپ - تەمتىرەپ بىر نەچچىلا شىرنگى بىلەنلا تاغ تەرەپكە قاراپ تىكىۋەتتى......

ئاسىم، ئالماس، ئىلىقۇللار يېتىپ كەلدى. ئۇلار كوكتاغ جىلغىسىدا چارۋىچى قېرىنداشلارنى بۇلاپ - تالاپ، ئادەم تۇتۇپ، قۇتراپ يۈرگەن مەخسۇت بەگ باندىسىنى ئىزمۇ - ئىز قوغلاش سەپىرىدە ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن مۇنداق ئاجايىپ ئۇچرىشىپ قېلىشنى ھېچبىر ئويلىمىغان ئىدى.

پارتىزانلار يېتىپ كېلىش بىلەن سارىخان ئانا ئالماسنى باغرىغا بېسىپ، ئانار توغرىسىدا "يۈرىگىم - كوز نۇرۇم، جىگە-رىم — مادارىم، قېنى سەن جان قىزىم، قېنى مېنىڭ ئانارىم......" دەپ، قوشاق قېتىپ ھازا ئاچتى. توختاخۇن بىلەن بايىز خالۋاپ ئاسىم بىلەن ئىلىقۇلنى قۇچاقلاپ، بوقۇلداپ كوز يېشىنى توكتى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىزان يىگىتلەرنى باغرىغا بېسىپ:

— ئاسماندىن چۈشتۈڭلىمۇ، يەر قەھرىدىن چىقتىڭلىمۇ، زالىم بەگنى قوغلاپ - سۈرۈپ، بىزنى قۇتقۇزغىلى كەلدىڭلىمۇ؟— دەپ يىغا قىلدى......

تاجىك بوۋاي پارتىزان يىگىتلەرنىڭ باش - كوزىنى سىلاپ:

— يەنە سەل - پەل كېچىككەن بولساڭلار مەخسۇت بەگ بىزنى قانغا بويىۋېتەتتى، تاپىنىڭلاردىن گۈل ئۈنسۇن، ئەزىمەت يىگىتلەر...... — دېدى.

ئاسىم توختاخۇن بىلەن تاجىك بوۋاينىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— مەخسۇت بەگ ھازىر قۇتۇرغان چىلبۆرە بولۇپ قالدى. ئۇ قەدىمى يەتكەنلا يەردە قانلىق ئۆچ ئېلىپ، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ خەقنى قاخشاتماقتا...... كوكتاغ جىلغىسىدا ئۇ ئۆز شېرىكلىرىنىڭ يېرىمىدىن ئايرىلدى. تۇتقۇن قىلىپ باغلاپ كەتكەن قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسىنى قۇتقۇزدۇق. بۇ يەردە سىلەر ئۈچ غالچىنى ئەدەپلەپسىلەر، ناھايىتى ياخشى. ئەمدى ئۇ ئۈچ-توت ئادەم بىلەنلا قالدى...... ۋاقىت قىس. بىز دەرھال قوغلايلى، كۆرۈشكىچە ئامان بولۇڭلار، — دېدى-دە، كوكتاغ چارۋىچىلىرىدىن ئارىيەت ئالغان يايداق ئاتقا سەكرەپ مىندى......

شۇ كۈنى كېچىچە كىچىك پارتىزان دۈيى كوكتاغنىڭ غەربىدىكى مال قوتانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاختۇرۇپ چىقتى، مەخسۇت بەگ ئۆز شېرىكلىرى بىلەن نەگىدۇ يوشۇرۇنغان ئىدى. جىگەرلىك تاجىك يىگىت سالمان تاڭ سۈزۈلۈش بىلەن تەڭ، سەزگۈر پادىچى ئىتلىرىدىن ئىككىنى تاللىدى-دە، ئىز تاپىدىغان پىشقەدەم چارۋىچىلار بىلەن بىللە، پارتىزان دۈيىنى كوئېنلۇن تىزمىلىرىنىڭ ئىچكىرىسىگە ئېلىپ ماڭدى......

كوك مۇز، ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغان تىزما تاغلار، توپىلىكلەر، ئېدىر-جىلغىلاردا ئات تۇياقلىرىنىڭ كۆلتۈك ئىزلىرى بەزىدە كورۇنۇپ، بەزىدە يوقاپ كېتەتتى، لېكىن تەجرىبىلىك ئىزچىلار ئىرماش-چىرماش بەلگىلەردىن ئىزلارنى دەرھال تېپىۋالاتتى ۋە خاتاسىز ئالغا ئىلگىرىلەيتتى......

ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئىز قوغلاپ، كوكتاغ جىلغىسىنىڭ ئاخىرىغا — ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرغان مۇز چوققىغا ئىلىپ بارىدىغان تىك قىيانىڭ پاسىلىغا كەلدى. قىيانىڭ ئالدى بىپايان ئاق دالا، كەينى قارلىق تاغ ۋە ئەتراپى دوڭلۇكلەر ئىدى. پادىچىلار قىيانىڭ تۋۋىندىكى ئويماتنى كورسىتىپ، بۇ يەردە ئوي ۋە بۇلاق بارلىقىنى ئىيتتى. ئۇلارنىڭ سوزى تۇگمەيلا، چوخچىيىپ تۇرغان قىيانىڭ جەينىكىدىن ئاتنىڭ كىشنىشى ئاڭلاندى.

ئاسىم بىلەن ئالماس بىر بىرىگە قاراشتى - دە، پارتىزان دۇيىنى ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىپ، ئەتراپنى قورشاپ شىددەت بىلەن يۈگۈرۈشتى.......

بۇ چاغدا كۇن چۇش بولغان ئىدى. مەخسۇت بەگ ئۇزىنىڭ بورە جۇۋىسىغا ئورىلىپ، قىرى چارۋىچىنىڭ ئويىدە، ئوچاق ئالدىدا يۈگلۈك مەيدىسىنى ئوتقا قاقلاپ، تاپانچىنى ئوقلىغان هالدا پۇشۇلداپ ئولتۇراتتى. قالغان ئۇچ شېرىكى مىلتىقلىرىنى بېشىغا قويۇپ، بولۇڭغا تىقىلىپ ئۇخلا- ۋاتاتتى. ئۇلار ھېچنىمىنى سەزمەيتتى. لېكىن، مەخسۇت بەگ دۇپۇرلىگەن ئاياق تىۋىشىنى ئاڭلاپلا ئالمان - تالمان ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى - دە، ئوي ئىگىسى بىرۋايىغا بىر گولۇيۇپ، ئىشىك تۋۋىدە مۇگدەپ ياتقان غالچىنى تېپىپ ئويغىتىپ، تالاغا چىقتى ۋە تىك قىيانىڭ ئالدىدىكى قىيپاش بەلدىن شىددەت بىلەن بىسىپ كېلىۋاتقان ئاسىم بىلەن ئالماسنى كوردى.......

بەگ دەرھال ئوزىنى دالدىغا ئالدى ۋە ئاتلىرىنى تاشلىۋىتىپ، ئويىنىڭ كەينى بىلەن ئاخىرقى بىر غالچىنى ئەگەشتۇرۇپ تاققا قاراپ قاچتى.

ئاسىم بىلەن ئالماس ئۆيگە بېسىپ كىرىپ، ئۇپۇر-تۇپۇر بولۇشۇپ ئورنىدىن تۇرغان ئىككى لۈكچەكنى قورالسىزلاندۇرۇپ، پادىچىلارغا تاپشۇردى-دە، ئوقتەك ئېتىلىپ بەگنىڭ ئىزىغا چۈشتى......

مەخسۇت بەگنى تاغدىن-تاققا يامىشىپ قوغلاش كۈن پىشىن بولغىچە داۋام قىلدى. ئۇنى ئىرىك تۇتۇش قارار قىلىنغان ئىدى. ھىلىگەر بەگ ئۆزىنى گاھ سول تەرەپتىكى قىيا تاشنىڭ كەينىگە يوشۇراتتى، گاھ تىك قىيانىڭ يان باغرىدىن ئۆمىلەپ قاچاتتى ۋە توختىماي تاپانچىسىدىن ئوق ئۈزەتتى، تۇرۇپ پەيدا بولۇپ، تۇرۇپ كوزدىن غايىپ بولۇپ كېتەتتى......

ئاسىم بىلەن ئالماس ئىز بېسىپ شىددەتلىك قوغلاپ يۈرۈپ، ئۆز يىگىتلىرىدىن خېلى بەك ئۈزاپ كەتتى. ئاخىرى ئۇلار بىر توسما تاغ ئالدىغا كېلىپ توسالدى ۋە مەخسۇت بەگنىڭ ئۆز غالچىسى بىلەن ھولۇقۇپ-تىترەپ توسما تاغنىڭ ئىگىز بېلىدىن يۇقۇرىغا چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كوردى.

مەخسۇت بەگ توسما تاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كەتسىلا، ئۆزىنىڭ قۇتۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى، چۈنكى، توسما تاغنىڭ ئارقىسى چەكسىز قارىغاي، ئارچا ئورمانلىقىغا تۇتۇشۇپ كېتەتتى......

ئالماس مىلتىقىنى تاشلىدى ۋە غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ تىك تاققا ياماشتى. ئاسىم ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، بىردىن، مەخسۇت بەگنىڭ تاپانچىسىنىڭ ئۇچى ئالماسقا قارىتىلغانلىقىنى كورۇپ قالدى — ناھايىتى ئېنىق نىشان!.....
ئاسىم كوزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئارىلىقتا ئالماسنى قوغداپ قۇچاق-

لىدى، "يات!" دەپ ۋاقىراپ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى.

مەخسۇت بەگنىڭ تاپانچىسىدىن ۋىڭىلداپ ئۇچقان ئوقنىڭ ئاسمىغا كېلىپ تەككەنلىكىنى ئاسىم خېلىغىچە سەز-مىدى ۋە ئىشتىنىڭ بېشىنى كوتىرىپ قارىغاندا، مەخسۇت بەگنىڭ ئوقى تۈگىگەن تاپانچىسىنى پىقىرىتىپ يەرگە تاشلە-غانلىقىنى كوردى. ئالماس ئاسىمنىڭ ئاستىدىن ئىرغىپ قوپۇپ، سەپدىشىنىڭ كوكرىكىدىكى قىپ-قىزىل قانغا قاراپ:

— ئاسىم...... سىز...... — دېگىنىچە قېتىپ قالدى.

ئوق ئاسىمنىڭ تاغىقىدىن تېگىپ، كوكرىكىدىن تېشىپ چىقىپ كەتكەن ئىدى.

— ئاسىم! — ئالماس پۈتۈن ۋۇجۇدى كويۇپ-پىشىپ ئۇنى قۇچاقلىدى.

ئاسىم كوزلىرى ئېلىشقان هالدا زورۇقۇپ:

— ئالماس، ئىنىم، چاپسان بول...... مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن! — دېدى.

ئالماس ئالدىراپ بەلۋىغىنى يېشىپ، ئاسىمنىڭ كوكرى-كىنى تاڭدى-دە، ئۇ چىشىنى-چىشلەپ غەزەپ بىلەن تاققا قاراپ يۈگۈردى......

بۇ چاغدا، مەخسۇت بەگ قارلىق تاغنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ بولايلا دەپ قالغان ئىدى، تىك، قورام تاشلىق توسما تاغ ئۈستىگە ئاياق بېسىش بىلەن تەڭ، ئالماسمۇ ئۇچقۇر كېيىكتەك تاشتىن-تاشقا سەكرەپ-ئېتىلىپ بەگنىڭ كەينىدىن يېتىپ چىقتى. ئالماسنىڭ تاغ ئۈستىگە چىقىشى بىلەن مەخسۇت بەككە ئەگىشىپ قاچقان غالچا بەگنى تاشلاپ، ئوڭ تەرەپتىكى بەلدىن سىيرىلىپ تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى.

لېكىن، مەخسۇت بەگ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن، چىشلىرى كىرىشكەن ئالماسنى كورۇپ، جالاقلاپ بىر تىترىدى ـ دە، كەينىگە بۇرىلىپ ئالماسقا ئېتىلدى......

بەگ ئېغىر پۇشۇلدايتتى، گوشلۇك يۈز ـ كوزىدىن شۇ تاپتا تەر ئەمەس، ساپ ـ سېرىق زەھەر تامچىلاۋاتقاندەك ئىدى......

گىرەلىشىپ شىددەتلىك ئېلىشىش باشلاندى. مەخسۇت بەگ ئالماسقا پۇشۇلداپ ئېتىلغاندا، ئالماس ئۆزىنى يانغا ئېلىپ، بەگ ئۆرۈلۈپ بولغىچە، ئۇنىڭ كەچكىسىدىن قاماللاپ، بويىنىدىن بىر بېسىپ ئاستىغا چۈشۈردى. ھېلىگەر بەگ بىرلا ئېغناپ ئالماسنى ئۈستىدىن ئارتىلدۇرۇپ، ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ، ئالماسنى تېگىگە بېسىۋالدى ۋە ئالماسنىڭ گېلىنى قولى بىلەن قىستى. ئالماس ئاستىدىن تېزى بىلەن بەگنىڭ جان يېرىگە قاتتىق بىرنى دەسلاپ ئۈستىدىن موللاق ئاتقۇزدى ۋە ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاستىغا باستى. لېكىن، بەگ ئالماسنىڭ قولتۇغىدىن ئىككى قولىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، قاتتىق قاماللاپ چاپلىشىۋالدى...... گاھ ـ ئۇ، گاھ ـ بۇ ئاستىغا چۈشۈپ، ئۈستىگە چىقىپ يۇمۇلىنىپ پومداقلىشىش شىددەتلىك داۋام قىلدى...... بەگنىڭ كوزى چەكچىيىپ ئېغىر ھاسىراپ قالدى. ئالماس ئۇنىڭ گىرە سېلىۋالغان يىرتقۇچ قولىنى كۈچ بىلەن تولغاپ ئۆزىدىن ئاجرىتىپ، ئۈستىدىن ئىرغىتىپ تاشلاپ، ئاستىغا ئوڭدا چۈشۈردى ۋە تېزى بىلەن بەگنىڭ مەيدىسىگە دەسلاپ تۇرۇپ، دادىسى توختاخۇن سوغا قىلغان خەنجەرنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ ئالدى......

دەل شۇ چاغدا ئاسىم ئوق تېگىپ يېتىپ قالغان بەل ـ

نىڭ سول تەرىپىدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئېلىقۇل كۆرۈندى، ئېلىقۇلنىڭ كەينىدىن پارتىزان يىگىتلەر چىقىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئاسىم تەرەپكە، بىر قىسمى ئالماس تەرەپكە يۈگۈردى. ئالماس ئۇلارغا بىر قاراپ، كۆزىنى ئالغىچە، قىرغاق لېۋىگە كېلىپ قالغان بەگ جان-جەھلى بىلەن بىر سىلكە-نىپ-ئالماسنىڭ ئاستىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى-دە، توسما تاغنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئورمانلىققا تۇتىشىدىغان سەل دارىسىغا سېرىلدى. بەگ يۇمىلاپ، تاشتىن-تاشقا سوقۇلۇپ، دارا ئىچى-دىكى قار دۆۋىسىگە چۆكۈپ، كۆزدىن غايىپ بولدى......

ئالماس ئىگىز قىرغاقنىڭ لېۋىگە كېلىپ، شۇۋىرغان ئۇشقۇيتۇپ تۇرغان سەل دارىسىنى كۆردى-دە، قىرغاق ئۈستىدىن چوڭقۇر قار دۆۋىسى ئۈستىگە ئۇچۇپ سەكرىدى......

شىددەتلىك قار دولقۇنلىرى ئىچىدە ھېچنىمىنى ئىلغا قىلىپ بولمايتتى. ئالماسنىڭ كۆز ئالدىدا ئاپپاق قار دېڭىزى چايقىلاتتى، قۇترىغان شۇۋىرغان چىقىراپ ھۇۋلايتتى ۋە ھەممە يەر قاتمۇ-قات ئاق پەردە بىلەن قاپلانغان ئىدى......

لېكىن، ئالماس ئۆز رەقىبىنىڭ كويىدا ئىدى، چۆككەن قار دۆۋىسى ئىچىدىن ئىرغىپ چىقتى، بېلىگىچە قار كېچىپ، سەل دارىسىنىڭ ئىچىنى قېدىردى...... ئېلىقۇللار يېتىپ كەلدى ۋە ئۇلار تەرەپ-تەرەپكە ئېتىلىپ، سەل دارىسىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىزلەشتى. بەگ يوق ئىدى...... ئۇلار خېلى نېرىدىكى بۆرە ئۆڭكۈرىنىڭ ئېغىزىدا تېخى بايىلا قېتىپ ئۆلگەن ئادەم گەۋدىسىنى كۆرۈشتى.

گەۋدىنى تونۇغىلى بولمايتتى. ئۇ قۇرۇق ئۇستىخان

ئىدى. كوزى چاناقلىرىدىن چىقىپ كەتكەن، يۈز، قۇلاق، بۇرۇن گۆش-لىرى تىتىلىپ، شىلىنغان، پۇت-قوللىرى سۇرۇلۇپ قانلار ئۇيۇپ قالغان ئىدى......

— بۇرە توپىغا يەم بوپتۇ-دە. مۇناپىق! — دېدى پارتىزانلاردىن بىرى ئۇنىڭغا قاراپ. — ھەقىچان بەگنىڭ ئوزى شۇ......

— ياق، بۇ بەگ ئەمەس، ھەقىچان بەگ بىلەن قاچقان غالچىدۇ، — دېدى يەنە بىرەيلەن.

— نىمە بولسا بولسۇن، بۇ بورە ئۇۋۇسى. بەككە ئەمدى قۇتۇلۇش يوق......

— بەلكىم بۇ چاقىچە قار تېگىدە قېتىپ ئولگەندۇ......

— ھەي، ئۇنى تىرىك تۇتىمىز دېمىسەك، قوغلاپ نىمە قىلاتتۇق......

— بەربىر تۇگىدى، ئالەم بىر قۇزغۇندىن تازىلاندى......

ئۇنىڭ ئولگەنلىكىگە گۇمان قىلمايمەن......

پارتىزان يىگىتلەر قانداقلا بولمىسۇن، بەگنىڭ ئولگەن-لىكىگە شەكلەنمىدى. لېكىن، ئالماس چوڭقۇر ئەلەم ئىچىدە تولغىناتتى ۋە ئوز كوڭلىدە "شۇنداقمىدۇ، ياق، ناتايىن......" دىگەن بىر سوئالنى تەكرارلايتتى......

شۇۋۇرغان كۇچەيدى، قاراڭغۇ تۇن پەردىسى ئاستا-ئاستا يېپىلىپ كەلمەكتە ئىدى. قېدىرىپ-ئىزلەش نەتىجىسىز بولۇپ چىقتى، يىگىتلەر بەگنىڭ ئولگەنلىكىگە ئالماسنىڭ تېخىچە دەر گۇماندا بولۇۋاتقانلىقىغا ئەجەپلەنەتتى ۋە ئىختىيارسىز ئەتراپنى سىنچىلايتتى......

شىۋىرغان كۆچەيدى، گۆكىرىگەن شىۋىرغان بىلەن بىللە، توسما تاغ ئۈستىدىن كىمىنىڭدۇ:

ــ ئالماس! ...... هوي ...... ئالماس! ــ دىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، ــ سىلەر نــەدە! ...... نەدە ــ سىلەر! ...... ــ دىگەن سادا جىلغا ئىچىدە تىنىمسىز جاراڭلاپ كەتتى......

## 3. "پارتىيىنى تىپىڭلار......"

تۈن تەگدىن ئاشتى. ئاسىم تىپىچە هۇشسىز، ئۇ تاجىك بوۋاينىڭ ئۆيىدە ــ گۈلــلۈك شىرداق ئۈستىدە جىمجىت ياتاتتى. جىن چىراق ئۈچ پۇتلۇق چىراقپاي ئۈستىدە سەهەر يۇلتۇزىدەك پىلدىرلاپ نۇر چېچىپ تۇراتتى، مورا ئوچاقتا ئارچا ئوتۇنى گۈرۈلدەپ ياناتتى. ئۆيدە يىگىرمىچە ئــادەم بولۇپ، ئۇلار گويا بىر تىنىقتىن نەپەس ئىلىۋاتقانــدەك، ئــاسىمدىن كــوزىنى ئــالماي جىمــجىت تــەلمــۈرۈپ ئولتۇراتــتى، پەقەت كــىمدۇ بىرەيلەن ئاسىمنىڭ ئايىغىدا ئولتۇرۇپ، ئــوز ئىچىدە بىلىنەر - بىلىنمەس پىچىرلاپ نىمىنىدۇ ئوقۇۋاتاتتى، بەلــكىم ئۇ، ئاسىمغا شىپالىق تىلەۋاتقاندۇ......

ئالماس بىلەن ئىلىقۇل ئاسىمنىڭ باش تەرىپىدە تىز- لىنىپ ئولتۇراتتى، ئۇلار كــوزلىرىدىن قۇيۇلۇۋاتــقان ياشــنىڭ ئاسىمنىڭ بېشى قويۇلغان تەكىنى هــول قىلغانلىغىنى ســەز- مەيتتى، مۇنداق ياش ئاسىمنى چورىدەپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇش- قان توختاخۇن، بايىز خالۋاپ، سارىخان ئانا ۋە تاجىك بوۋاي- نىڭ كوزلىرىدىمۇ يالتىراپ تۇراتــتى ۋە ئۇلارنىڭ هــەممىسى

ئاسىمنىڭ تېزرەك ھوشىغا كېلىشىنى، كۆزىنى ئېچىپ، بۇرۇن-
قىدەك مەردانە كۈلۈمسىرەپ، بىرنەچچە ئېغىز شېرىن گەپ
قىلىپ بېرىشىنى؛ شۇنىڭدىن كېيىن بولسا، ئورنىدىن دەس
تۇرۇپ، ئۆزلىرى بىلەن بىللە، قۇتلۇق يېڭى تاڭنى بىللە
كۈتۈۋېلىشىنى، ئازاتلىق تەنتەنىسى ئىچىدە خۇشال-خۇرام
يايراپ، يېڭى ھايات قۇرۇش يولىدا ئۆزلىرى بىلەن بىللە
بولۇشىنى ...... شۇنچە ئارزۇ قىلاتتى ......

لېكىن ئاسىم ھوشسىز، ئۇ گەپ قىلمايتتى.

ئاسىم تىنىك قىيا باغرىدىكى قېرى چارۋىچىنىڭ ئۆيىدىن تاجىك بوۋاينىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ كەلگىچە ئارىلىقتا بىر قېتىم كۆزىنى ئاچتى. ئۇ، ئېھتىمال كېچىلەپ ئۆز ئالدىغا ئىزلەپ كەلگەن توختاخۇن، بايىز خالۋاپ، سارىخان ئانىنىڭ ھەسرە-لىك سۆزلىرىنى، سارىخان ئانىنىڭ:

— ئاھ، ئوغلۇم ...... ئاسىم ...... سىز، — دېگەن پەرياتلى نالىشىنى ئاڭلىغاندۇ ......

شۇ بىر قېتىم ئاسىم كۆزىنى ئېچىپ، ئېلىشقان كۆزلە-رى بىلەن ئالماسنى ئاختۇردى ۋە قىينىلىپ:

— ئالماس ...... ئىنىم ...... بەگنى ...... تۇتتۇڭلە-مۇ ......، — دېدى.

بىراق، ئۇ ئالماسنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىيالمىدى، يەنە ھوشىدىن كەتتى ......

جىن چىراق پىلدىرلاپ يانماقتا، مورا ئوچاقتا ئارچا ئوتۇنى گۇرۇلدەپ كۆيمەكتە، ئېغىر ۋە قايغۇلۇق جىمجىتلىق ئىچىدە ھەر كىمنىڭ ئۆز خىياللىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ

ھەممىسى چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە ھورمەت ھىسسىياتلىرى بىلەن ئاسمىنىڭ ھاياتىنى كوزدىن ئوتكۈزەتتى ...... ئاددى، يېقىملىق، دىلكەش مۇساپىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوزلىرىگە بولغان قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى، زالىم بەگلەرگە نەپرەت، ئاچ - ئو ۋق، جاپاكەش خەقلەرگە بولغان مۇھەببەت ئۇرغۇپ تۇرغان خىسلەت - پەزىلەتىنى، يالقۇنلۇق، ھەققانى سوزلىرىنى، ئازاتلىق كۈنلىرىگە بولغان ئاجايىپ ئىشەنچ بىلەن تولغان قىزغىن ئىنتىلىشلىرىنى، چاقىرىقلىرىنى ...... ھاياجانلىنىپ خاتىرىلەيتتى ......

تاڭ سۇزۇلمەكتە، شەۋرغان بېسىقتى. ئالماسلار ئاسمىنى يۇرت ئىچىگە يوتكەپ كېتىش تەرەددۇتىنى قىلىشقا تۇتۇندى. شوتا تەييارلاپ، كىگىز - كوپە راسلىدى.

دەل شۇ چاغدا، ئاسىم ئىخىر بىر نەپەس ئالدى - دە، سەل قىينىلىپ كوزىنى چوڭ ئاچتى، ئويدىكىلەرگە بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى ۋە:

— يورۇق چۇشۇپتۇ — ھە ......؟ — دىدى. ئويدىكىلەر جانلىنىپ كەتتى:

— ئاسىم ......

— ئاسىم ئەپەندىم ......

— ئوغلۇم، ...... يا پەرۋەردىگار ...... شىپالىق بەرگىن ......

— كوزۇڭنى ئاچتىڭ ...... بىزنى بەختلىك قىلدىڭ......

— ئاسىم ...... بىز ساڭا تەلمۇرۇپ ......

تاجىك بوۋاينىڭ كەپىسى قىزغىن، ئۈمىتلىك پاراڭ بىلەن تولدى، يىگىرمە جۇپ كوزدە بىردىن خوشاللىق يېشى

ئەگدى، ئاسىمنىڭ قولىنى، پېشانىسىنى، پۇتىنى تۇتۇشتى.

ئاسىم تۈگۈلۈكتىن بولۇتسىز زۇمرەتتەك پاقىراپ تۇر-
غان ئوچۇق ئاسمانغا قارىدى:

— قېنى، مېنى تالاغا ئېپچىقىڭلار......

ئاسىمنى شوتا ئۈستىگە ئېلىشتى، توت كىشى كوتىرىپ
تالاغا ئېلىپ چىقتى. ئاسىمنىڭ كوز ئىشارىتىنى چۈشىنىپ،
كىمدۇ ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئاستىغا ئوز چاپىنىنى سېلىپ قوي-
دى. ئاسىم بېشىنى سەل ئورە قىلىپ ئەتراپقا قاراشقا
باشلىدى.

چىرايلىق، جىلۋىلىك سەھەر ئاسمىنى تىنىق دېڭىزدەك
ياپ-يېشىل، سۈزۈك ۋە تازا ئىدى. سەھەر قۇياشىنىڭ دە-
لەپكى قىزغۇچ ئالتۇن نۇرلىرى كوك ئاسمان باغرىدىن جىمىر-
لاپ كېسىپ ئوتمەكتە، ئاق باشلىق كوئېنلۈننىڭ ئاسمانغا
تاقاشقان ھەيۋەتلىك چوققىلىرى قىزىل نۇر ئىلكىدە بىردىن
رەڭلىنىپ، ئالماستەك يالتىراپ چاقنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن
ئاق تون كىيگەن تىزما تاغلار، توپىلىكلەر، ئېدىرلىقلار ۋە
كوئېنلۈن ئېتىكىدە قەد كوتىرىپ تۇرغان يېشىل قارىغاي،
سۇمباتلىق ئارچىلارمۇ تاڭ نۇرلىرى بىلەن جىلۋىلىنىپ
كەتتى......

— تاڭ ئاتتى...... گۈزەل تاڭ...... شىپالىق قىزىل-
نۇر......، — ئاسىم شۇ گەپنى ئېيتىپ، ئەتراپتىن كوزىنى ئې-
لىپ، ئالماسنىڭ قولىنى تۇتتى.

ئاسىمنىڭ ئەھۋالى ئېغىر ئىدى. نەپەس ئېلىشى تېز
ۋە نېمىدۇر يېتىشمەيۋاتقاندەك، كوكرىكىنى تۇتۇپ بىارام

بولاتتى. ھەلىدىن - ھەلىغا ھوشىدىن كېتەتتى. پېشانىسىدە پۇرچاقتەك تەرلەر غوژمەكلىشىپ قالدى، سارغىيىپ ئانا ئۇنىڭ كالپۇكلىرىنىڭ ئاقىرىۋاتقانلىقىنى، پۇتلىرىنىڭ مۇزلاپ قالغانلىقىنى سېزىپ، ئەندىشىلىك خىيال بىلەن ئازاپلىناتتى ۋە نېمە قىلىشىنى بىلمەيتتى.

— ئۇكام ...... ئالماس ......، — دېدى ئاسىم ئالماسنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتقان ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ. ئاندىن بىر قولىنى تەسلىكتە كوكرىگىگە ئېلىپ بېرىپ، توش يانچۇقىدىن خېلى بىر قىسمى قىپ - قىزىل قان سىڭىپ ئۇيۇپ قالغان بىر قەغەزنى ئېلىپ ئالماسقا تەڭلىدى، — مە ...... بۇنى ئال ...... يوقاتما ......يەنە بۇ تاپانچىنىمۇ، سېنىڭ تاپانچاڭ...

ئالماس ئاسىمنىڭ قولىدىن تاپانچا بىلەن قانلىق خەتنى ئېلىپ، ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى.

— ئۇكام ...... ئېسىڭدە بولسۇن، — دېدى ئاسىم زورۇققان ھالدا، — ئازاتلىق كۈنلىرى يېتىپ كەلدى ...... بۇ تاڭ تولىمۇ تەسلىكتە ئاتتى ......، دۆڭ داشىنىڭ قانداق مەرتلىك بىلەن قۇربان بولغانلىقىنى سەن ئۆز كوزۈڭ بىلەن كوردۇڭ ...... مەشرەپ، ئانار ...... يەنە قانچە - قانچە قېرىنداش مۇشۇ يولدا ئازاپ چېكىپ قۇربان بولدى ...... سىڭلىمىز لەيلىگۈل ھاياتمىكىن ...... ئۇ پەم - پاراسەتلىك قىز ...... قۇتقۇزۇڭلار ...... ئاخىر تاڭ ئاتتى ...... ھەممە دەرت - ئەلەمنىز چىقىدىغان كۈن كەلدى ...... لېكىن ئۇكام ...... سەن شۇنى ئۇنۇتما ...... بۇ خەتتە، "غىلاپلىق خەنجەر"، "ئامازشام خىزىرىسى"، "ھىمكەتلىك ئۈزۈك" دىگەن قوزغۇنلارنىڭ بىر بىرىنى ئىزلەۋاتقانلىقى ئېيتىلغان ...... دىمەك، مەخسۇت بەگ بەرپات بولغان

بولسىمۇ، دۈشمەن تېخى بار...... ئۇلار نىقاپلانغان، خۇپىيانە ھەركەتكە ئۆتكەن...... يېپەك سەللىلىك غەلىتە ئادەمنى قاچۇرۇپ قويدۇق، يامان ئىش بولدى...... كۈرەش داۋام قىلىدۇ...... سەگەك بولۇپ، دۈشمەن ئۇۋۇسىنى چۇۋۇڭلار......

شۇنىڭدىن كېيىن، ئاسىم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، بىر مەمۇتچە كوزىنى يۇمدى ۋە ئاچتى:

— يەتتە-سەككىز يىلدىن بۇيان مېنىڭ كوڭلۇمدە بىر نۇر كېزىپ يۈرىدۇ، — دېدى ئاسىم ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان قېرىنداشلارغا تەكشى كوز يۈگۈرتۈپ، — بۇ نۇر — جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى...... دۇك داشى بۇ نۇرنى مېنىڭ قەلبىمگە قويغان...... جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى جاپاكەشلەرنىڭ يولەنچۇگى، ئارزۇ-ئارمىنى، نىجات يۇلتۇزى...... سىلەر ئىزلەپ تېپىڭلار...... پارتىيىنى تېپىڭلار......

— ئاسىم ئەپەندىم، بىز تاپىمىز، نەدىن بولسىمۇ بىز پارتىيىنى، نىجات يۇلتۇزىنى ئىزلەپ تاپىمىز! — دېدى ئالماس كوزلىرىدىن ياش قۇيغان ھالدا قەسەم بېرىۋاتقاندەك شىۋىرلاپ.

— مېنىڭ ھېچنەرسەم يوق، — دېدى ئاسىم بارغانچە ھالى تۈۋەنلەپ، — مەن ئولۇپ — تارتىپ قالسام، مېنى ھېچنەگە يوتكىمەڭلار...... بىپايان كوئېنلۇن ئېتىكىدەك گۈزەل، ئەتىۋالىق يەر ھېچ قەيەردە يوق...... — ئاسىم كوزى بىلەن تاجىك بوۋاينى كورسەتتى، — مانا بۇ قېرىنداشنىڭ ئويىنىڭ كەينىدىكى دوڭگە...... بۇلاق تۈۋىگە قويۇڭلار......

شۇنىڭدىن كېيىن ئاسىم، ئالماسقا ئاخىرقى قېتىم قارىدى:

— ئالماس ...... دۈك داشنىڭ ئىنىسى ...... دۈك تېخەن يادىڭدىمۇ ...... ھە ...... ئازاتلىق ئارمىيە ئىچىدە بار ئىكەن...... يەنە ...... ئاڭلىكىم ...... ئىلىدىن كېلىدۇ ... .. ئۇلارنى كور-گىن ...... ئۇچرىشىپ قالساڭ ...... مەن ئۈچۈن قېرىنداش-دوست بول، قۇچاقلا ۋە ھەممىنى سوزلەپ بەرگىن، ...

ئاسىم قوشۇمىسىنى بىلىنەر - بىلىنمەس تۈردى، كۆلۈمە-سىردى ۋە مەڭگۈگە كوز يۇمدى ......

زەرەپشانلىقلار ئۇز ئادىتىنى قىلدى. بېلىگە ئاق باغ-لاپ، قولىغا نوغۇچ ئېلىپ، ئىككى پۇتىنىڭ بەشمالتىغى بىر بىرىگە چېتىلغان، ئىڭگى قوشۇلغان قەدىرلىك دوستىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، ئايلىنىپ - چوگىلەپ ھازا ئاچتى ......

يۇرت ئىچىدىن ئاتلىق قېرىنداشلار يېتىپ كېلىشتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە شانىياز، ئېلىشا ۋە قىسمەت چورۇقلار بار ئىدى ......

ئالماس ئاسىمنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە يېشىل قارىغايلىق قىيا تاش باغرىدىن — بۇلاق تۈۋىدىن يەرلىك ئېلىشقا بۇي-رۇدى ......

ئاسىم يەرلىكىدە قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئالماس گۈل چىقىرىپ ياسالغان تاش قەۋرىنىڭ ئالدىدا ئۇڭ قولىنى ئىگىز كوتىرىپ، تىك تۇرۇپ، كوزلىرىدىن تارام - تارام ياش توككەن ھالدا، ئوزىنىڭ كەينىدە سەپ تارتىپ تۇرغان قېرىن-داشلىرىنىڭ يۇرەك سوزىنى قەسەم قىلىپ ئېيتتى:

— قەدىرلىك سەپداش، سۇيۇملۇك قېرىنداش، سىز قىم-مەتلىك ھاياتىڭىزنى بىز زەرەپشان ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ ئازات-لىق ئىشلىرى ئۈچۈن مەرتلىك بىلەن تەقدىم قىلدىڭىز ......

سىز پارتىيە نۇرىسى، ئازاتلىق كۈرىشىنىڭ خەۋەرىنى تۇنجى قېتىم بىز حاپاكەش ئىشلەمچىلەر ئىچىگە يەتكۈزۈپ، كوڭلىمىزدە ئۈمىت چىرىغىنى ياندۇردىڭىز…… جاپالىق ئېلىشىش پەيتلىرىدە ھەممىدىن قورقمايدىغان جاسارىتىڭىز بىلەن بىزگە ئۈلگە بولدىڭىز…… بىز مەڭگۈ سىزنى ياد ئېتىمىز…… بىز جەزمەن سىزنىڭ پاك - سەممىي ۋەسىيىتىڭىز بويىچە، پارتىيىنى، سىز بىزنىڭ قەلبىمىزدە ئۆچمەس چىراق قىلىپ ياندۇرغان پارتىيىنى ئىزلەپ تاپىمىز…… پارتىيىنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتۇپ، سىزنىڭ، ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى ئۈچۈن ئاخىرغىچە ئېلىشىمىز……

ئالماس ئىگىز كۆتەرگەن قىزىل بايراق تاڭ قۇياشى نۇرىدا ئۇتقاشتەك جىلۋىلىنىپ لەپىلدىمەكتە……

ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۈتۈۋېلىشقا ئاتلانغان ئوتتۇز نەچچە كىشىلىك جاسارەتلىك قوراللىق قوشۇن چاپچىپ تۇرغان يۈگرەك ئاتلارغا مىنىپ يولغا چىقتى. ئاتلىقلار ئارىسىدا خوشال ھاياجانغا چۆمگەن ئېلىشا ئۇز راۋابىنى قولىغا ئالدى:

كەل قېرىنداش بارايلى،
باتۇر ئوغلان ئالدىغا.
چال راۋاپ، ئوينا ئۇسۇل
شاتلىنىپ قىزىل تاڭغا.

زارىقىپ كۈتكەن ئىدۇق،
شۇ ئۇلۇغ تاڭ ۋەسلىنى.

كۆزگە سۈرتەيلى بۈگۈن،
شۇ قىزىل تالڭ ھوسنىنى.
... ... ...
... ... ...

لەپىلدىگەن قىزىل بايراق، دۈپۈرلىگەن ئاتلىق قوشۇن، ياڭرىغان خوشال ناخشا بىپايان قارلىق دالىنى، لەرزان ئېقىۋاتقان زەرەپشان دەرياسىنى، ئالتۇن رەڭگىدە تاۋلىنىپ تۇرغان ياڭاق يېزىسىنى دولقۇنلىتىپ كېتىپ ئۆتتى.

سارىخان ئانا زۇمرەتتەك يالتىراپ ئېقىۋاتقان سىرداش ئەزىم دەريانىڭ ئىگىز قىرغىقىدا تۇرۇپ، شاتلانغان زەرەپشان ئوغۇل - قىزلىرى، ئاق باشلىق ئانىلار، مويسىپىت بوۋايلار بىلەن بىللە، شەرق ئاسمىنىدىن بالقىپ كوتىرىلىۋاتقان قۇياش نۇرىغا تەلپۈنگىنىچە، ئاتلىق قوشۇننى ئۇزىتىپ قالدى......

1978 - يىل، 12 - ئاي
يەكەن

# 战斗的年代

（维吾尔文）

柯尤慕·吐尔迪　著

（长篇小说）

新疆人民出版社出版
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂排版
新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米32开本14$\frac{5}{8}$印张
1979年5月第1版1981年2月第3次印刷
印数：10,001—15,000
统一书号：M10098·305　定价：0.81元

رەسىملەرنى غازى ئەمەت سىزغان
مۇقاۋىنى ئابدىكېرىم نەسىردىن ئىشلىگەن


书号：M10098·305
定价：　0.81元